مۇختار مامۇت مۇھەممەدى



ئۇيغۇر ئالىمى

# تەجەللى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى
مۇختار مامۇت مۇھەممەدى
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۇنيالىق ئىشلاردا پىغان چېكىپ ئولتۇرماي، خۇددى ھاجىلار ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يۈگۈرگەندەك چاققانلىق بىلەن قەدەم قويغىن .

— ھۈسەيىنخان تەجەللى

تەجەللى

ISBN 978-7-5469-1926-3

定价：80.00元

تۈزگۈچى: مۇختار مامۇت مۇھەممەدى



# ئۇيغۇر ئالىم تەجەللى

(ماقالىلەر توپلىمى)

(1)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

تۈپۈلۈك ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى

ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، ۋە نەشر

قىلىپ، خەلقىمىزگە تەقدىم قىلايلى.

تۆمۈر داۋامەت

2010-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق
مۇئاۋىن باشلىقى)



**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔学者泰剑立论文集：维吾尔文 / 穆赫塔耳·马穆提·穆罕穆德主编. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2011.11

ISBN 978-7-5469-1926-3

Ⅰ. ①维… Ⅱ. ①穆… Ⅲ. ①泰剑立(1856～1926)－人物研究－文集－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①K828.715

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 225819 号

**本书的出版得到叶城县人民政府的大力资助。**

**策　　划:** 亚森·吾不力哈斯木
**责任编辑:** 吐尔洪·吐尼亚孜
**责任校对:** 米热班·米尔艾合买提
**美术编辑:** 阿扎提·巴拉提
**审　　定:** 亚森·吾不力哈斯木

**维吾尔学者泰剑立** **(论文集)**

编　著: 穆赫塔耳·马木提

出　版: 新疆美术摄影出版社
地　址: 新疆乌鲁木齐市西北路 1085 号
发　行: 新疆新华书店
印　刷: 乌鲁木齐大路印务有限公司
开　本: 880mm × 1230mm　1/32
印　张: 14.125
版　次: 2011 年 11 月第 1 版
印　次: 2011 年 11 月第 1 次印刷
书　号: ISBN 978-7-5469-1926-3
定　价: 80.00 元

ئۇيغۇر ئالىمى ھۆسەيىنخان تەجەللى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئېنسىكلوپېدىك ئالىملىرىمىزدىن بىرى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مائارىپ، ئەدەبىيات، تېبابەت، ئاسترونومىيە ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قېزىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش، تەتقىق قىلىشنىڭ زور ئەھمىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

مۇختار مامۇت مۇھەممىدى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى» ناملىق بۇ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا تەتقىقاتچىلارنىڭ، جۈملىدىن ئاخبارات ـ نەشرىيات خادىملىرىنىڭ مېھنىتى سىڭگەن بولۇپ، بۇ ئەھمىيەتلىك كىتاب ئارقىلىق تەجەللىدىن ئىبارەت بۇ ئۇستازنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتنى ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئۆگىنىدىغان، ئۆگەنگىنىنى خەلقىمىزگە ئايىماي خىزمەت قىلدۇرىدىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنىپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ دىلىنى ئىلىم ـ مەرىپەت روھى بىلەن نۇرلاندۇرايلى!

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش كاتىپى)

2010 ـ يىلى 6 ـ سېنتەبىر ئۈرۈمچى



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش قەغىزى

新疆维吾尔自治区 叶城县人民政府用笺

我在叶城县委任职期间，经常听到当地群众反映，说十九世纪末出生在叶城的泰杰里，在化学、医学、文学等方面，都曾作过显著贡献，他的著作在东欧一些国家也出版过，后来我浏览了他的译作，觉得他是一位才华横溢的学者，应当受到重视。于是在我倡议下，立修他的坟墓，妥善安排他的后裔，成立专门组织搜集、整理他的著作，以表示纪念。

原叶城县委书记：贠安昌
2007.9.7.

قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى يۈن ئەنچاڭنىڭ بېغىشلىمىسى

مەن قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومدا ۋەزىپىدە تۇرغان مەزگىلدە، كىشىلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاغىلىقتا تۇغۇلغان تەجەللىنىڭ خىمىيە، تىبابەت، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەرگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەت-لەردە نەشر قىلىنغانلىقىنى دائىم ئىنكاس قىلاتتى. كېيىن، مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن ئالىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىكەن، دەپ قارىدىم. مېنىڭ تەشەببۇسۇم بىلەن ئۇنىڭ مازىرىنى ياسى-دۇق، ئەۋلادلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇق. مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىپ، تۇپلاپ، رەتلەپ خاتىرىلىدۇق.

قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى يۈن ئەنچاڭ
2007 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى





**تەجەللى** غازى ئەھمەد سىزغان

تەجەللىنىڭ كونىراپ كەتكەن ئەسلىي سۈرىتىگە ئاساسەن سىزىلغان. («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 15 ـ سانىدىن ئېلىندى)




ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى

ھەيكەلنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت ياسىغان






ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى

ھەيكەلنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت ياسىغان



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى قىزغىن قوللىدى ۋە قىممەتلىك پىكىر بەردى.



بۇ كىتابنىڭ تۈزگۈچىسى تۆمۈر داۋامەت بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.





ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش كاتىپى مۇھەممەت ئىسمائىل بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇھىم كۆرسەتمە بەردى.



قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى يۈن ئەنچاڭ بىلەن كىتابنىڭ تۈزگۈچىسى مۇختار مامۇت مۇھەممىدى بىللە.



تەجەللىنىڭ قاغىلىقتىكى نەۋرە - چەۋرىلىرى ۋە بىر قىسىم قەلەمكەشلەر



تەجەللىنىڭ دادىسى قۇتبىدىن شاھ (1760 ـ 1866) نىڭ قەبرىسى
(قاغىلىق ناھىيە زوڭلاڭ يىزا ئۇجمىلىك جاي مازىرى)





تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆرۈنۈشى



تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشى



تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ سىرتىدىكى ياغاچ پەنجىرە







تەجەللىنىڭ كۆھتامدىكى ئۆيىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى



تەجەللىنىڭ كۆھتامدىكى ئۆيىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى



تەجەللىنىڭ گۇما قوشتاغدىكى نەۋرىسى سەئىد قۇتبىدىنخان





**تەجەللىنىڭ گۇما ناھىيە كۆھتامدىكى خاتىرە ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخى**

بۇ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر، دىيامېتىرى 3 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ ئۈجمە دەرىخىنى تەجەللى ئۆزى تىككەنىكەن.





تەجەللى بىمارلارغا دورا بېرىشتە ئىشلەتكەن 9 خانىلىق (مۇسەللەس) شەكىل چېكىلگەن چىلان ياغ تەخسە (ئەرەب رەقىمى چېكىلگەن)، دۇۋەت ۋە تەجەللىنىڭ سەللىسى.



تەجەللىنىڭ دورا قۇتىسى

تەجەللى ھەزرەتنىڭ ھاسىسى خورما ياغىچىدىن ياسالغان، تە-جەللىگە دادىسى سەئىد قۇتبىدىن شاھ ھەزرەتتىن مىراس قالغان. بۇ ھاسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ناھايىتى خۇشبۇي پۇرايدۇ. ئەپسۇسكى، قالغان يېرىمى يىتىپ كەتكەن.








ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەر شەھەر تاختا كۆۋرۈك مازىرىدىكى مەقبەرىسى



تەجەللىنىڭ شاگىرتى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيسا شاكىرنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇۋاھىت قازى ئاخۇنۇم.

ئابدۇۋاھىت قازى ئاخۇنۇم 1874 - يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئۇششارباشتا تۇغۇلغان. قاغىلىقتا، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان ۋە ئالىم تەجەللىدىن بىلىم ئالغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇششارباشتا باش قازى بولۇپ، زور ھۆرمەتكە ئېرىشكەن. 1948 - يىلى 74 يېشىدا ئۇششارباشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.



تەجەللىشۇناسلىقنى قوللىغان ۋە تەشەببۇس قىلغان رەھبەر ئېيسا شاكىر





1. «تەجەللى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى
2. «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى
3. «بەرقى تەجەللى - سەبەق مۇجەللى» قۇياش مەتبەسىدە بېسىلغان.
4. «ئىرشادۇ سالكىن» تەجەللىنىڭ دادىسى سەئىد قۇتبىدىنخاننىڭ قول يازما نۇسخىسى





شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش باسما زاۋۇتى ئۇچمە قوۋزىقىدا ياسىغان قەشقەر قەغەز پۇلى.

# تەجەللىدىن قالغان چىراغ

ئالىم، شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىشلەتكەن چىرىغىنى ئۇنىڭ گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا 10 ـ مەھەللىدىكى نەۋرىسى ــ تەجەللىنىڭ 3 ـ ئوغلى سەئىد نۇرۇلمۇداخاننىڭ 2 ـ ئوغلى سەئىد قۇتبىدىنخان تا بۈگۈنگىچە ئاسراپ ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ چىراغ تۇچتىن ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 42 سانتىمېتىر، 11 بۇغماق، تۆت چەپچەكلىك، يەتتە پىلەكلىك، ئەڭ ئاستى تەرىپىدىكى يۇمىلاق قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 18 سانتىمېتىر بولۇپ، تەجەللى بۇ چىراغنىڭ يورۇقىدا نۇرغۇن كىتاب يازغاندى.

سەئىد قۇتبىدىنخاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چىراغنى تەجەللىنىڭ دادىسى قۇتبىدىن شاھ، ئۇنىڭ دادىسى ئاتا ئەلى، ئۇنىڭ دادىسى سەئىد بەركەت ئەلى، ئۇنىڭ دادىسى سەئىد غولام جىلانى، ئۇنىڭ دادىسى سەئىد ئەشرەپ، ئۇنىڭ دادىسى سەئىد ئابدۇلھەي، ئۇنىڭ دادىسى سەئىد زۇھۇرىدىن، ئۇنىڭ دادىسى سەئىد بەدرىدىن، ئۇنىڭ دادىسى خاجە ئەمنىددىن خۇدادادقىچە جەمئىي 13 ئەۋلاد ئىشلەتكەنىكەن.

بۇ چىراغنىڭ چەپچېكىدە ھەسەن ـ ھۆسەن ياقۇت بىلەن 330 گىرام ئالتۇن بولۇپ، كېيىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بىلەن نەۋرىسى سېتىپ خەجلىگەن.



تەجەللىنىڭ چىرىغى





قاغىلىق ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە.

تەجەللى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات.

تەجەللى ـ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن [illegible]

تەجەللى ـ مىلادى 1848 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ [illegible]

1927 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ [illegible]


خەجىيە، ماتقا تىكاۋە [illegible] قاتارلىقلاردا كىشىنى
ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ماھارەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن
ئۇز ۋاقتىدىكى ئالىم - ئەدىبلەر ئۇنىڭغا " تەجەللى، مۇجەللى "
( بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ — تەجەللى ! - جاقناپ تۇرغان نۇر،
مۇجەللى — [illegible]) دېگەن
تەخەللۇسنى قويغان.
شائىر [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى.
1989. 11. 25.

* بۇ دوكلاتنى يازغۇچى قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئىمىننىياز تۇردى.




ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ئىشخانىسى ھۆججىتى

ق پ ئى ( 1999 ) 1 - نومۇرلۇق

---

تەجەللى ئىلمىي مۇھاكىمە جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش.

يېزىلىق بازارلىق (مەيدان) پارتكوملارغا؛ باش ياچېيكا، ياچېيكىلارغا؛ ئىدارە، جەمئىيەتلەردىكى پارتكوملار باش ياچېيكا، ياچېيكىلارغا؛

تەجەللى ناھىيىمىزنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەتتىكى مەشھۇر ئەرباب، — تەجەللى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكوم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق تەجەللى ئىلمىي مۇھاكىمە جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرى تۆۋەندىكىلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

گۇرۇپپا باشلىقى: مەمتىمىن ئوسمان. (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى.)

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى: ئاتاۋۇللا غازى، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى.

باشقا ئەزالار: قادىر تۇردى. (ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئابدۇراخمان قۇددۇس (ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.)

ئىشخانا مۇدىرلىرى: ئىمىنىياز تۇردى، ھەبىبۇللا مەخسۇم ھاجى.

خىزمەتچى خادىملار: قاۋۇل ساۋۇر، ئابلا ئوسمان، تۇردى قاۋۇز، سىلىقات ئابلىز.

-1-

# «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى» ناملىق كىتابقا

هۆرىيەت تۇردىئەمەت

تەجەللى ــ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، كاتتا شائىر، داڭلىق پەيلاسوپ ۋە خەلقپەرۋەر تېۋىپ. ئۇ  مىلادىيە 1848 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە ئىسلام دىنى ئالىمى، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، مىلادىيە 1927 ـ يىلى كاسكا يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تەجەللىنىڭ ئەسلىي ئىسمى سەئىد ھۇسەينخان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، تەرەققىيپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىلغار دېموكراتىك خاھىشچانلىققا ئىگە ئەدىب. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغانلىقىدەك كۆۋرۈكلۈك رولى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدەك مۇھىم قىممىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئەدەبىي جەھەتتە كامالەتكە يېتىپلا قالماي، تىلشۇناسلىق، تارىخ، لوگىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، خىمىيە ۋە تېبابەت قاتارلىق ساھەلەردە ئۆزگىچە ماھارەتكە ئىگە بولغان




ئىشخانا ئورنى مەدەنىيەت ئىدارىسىدا تەسىس قىلىنىدۇ.

جكپ قاغىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ئىشخانىسى.
١٩٩٠ - يىل ١ - ئاينىڭ ٢ - كۈنى.

بۇ ئىككى پارچە ھۆججەتنى قاغىلىق ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سابىق باشلىقى مۇھەممەت ئېزىز ئەتىۋارلاپ ساقلىغان.

## مۇندەرىجە


ئالىم ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە مەقبەرىسى ........... مۇختار ماموت مۇھەممىدى 1

تەجەللىنىڭ ئاتىسى قۇتبىدىن شاھ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ........... ئابدۇلئەھەد ئالىم 33

ھۈسەيىنخان تەجەللى ئىجادىيىتىدە تەمىزلىك ۋە كۆڭلى يۇمشاقلىق ........... ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى 39

تەجەللىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ... شەرىپىدىن ئۆمەر 63

تەجەللى ئەسەرلىرىدىن مەلۇماتلار ... مۇختار ماموت مۇھەممىدى 106

تەجەللىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ... گۈلجامال مۇھەممەتئىمىن 116

ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى تەجەللى ھەققىدە ....... قاۋۇل ساۋۇر 135

شۈكۈر يالقۇن تەجەللى مازىرىدا ........... دىلشات ئابلىز 145

ھۈسەيىنخان تەجەللى ھەققىدە تەتقىقات ........... يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس) 159

تەجەللىنىڭ مائارىپ قارىشى ھەققىدە ئىزدىنىش ........... كامىل تۈنىياز 203

ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ «قارا» قەسىدىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار توغرىسىدا ........... مۇختار ماموت مۇھەممىدى 220

تەجەللى غەزەللىرىدىكى قارا رەڭ گۈزەللىكى ........... ئەھەت كەلپىن ئىنسانى 244

مەۋلانە ھۈسەيىنخان تەجەللى ........... ئابدۇللا ئوسمان 248

تەجەللىنىڭ قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرى ........... ئابدۇراخمان باقى 253




لىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «تەجەللى - مۇجەللى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس بېرىلگەن.

تەجەللى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت، تېببىي ئىلىم ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تەۋەررۇكلىرى قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بىز پارتىيەنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرى سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە تەجەللىنى ياد ئېتىش، تەجەللى ئەسەرلىرىنى قېزىش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، قاغىلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل يۇرتىمىزنىڭ سىماسىنى، خەلقىمىزنىڭ نۇرلۇق روھىي دۇنياسىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە، «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى (1)» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇردۇق.

ئىشىنىمىزكى، ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابتىن كۆپ تەرەپلىمە مەنپەئەتلىك روھىي ئوزۇق ئېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقۇسى.

2011 - يىلى 10 - ئىيۇن

(ھۆرمەت تۇردىئەمەت: قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

ئالىم تەجەللىنىڭ بەزى ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ............
........... مۇختار ماموت مۇھەممەدى 258
تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيەگە قوشقان تۆھپىسىدىن ئۇچۇر ............
........... مۇختار ماموت مۇھەممەدى 290
تەجەللىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە ....
.................... مۇختار ماموت مۇھەممەدى 300
شېپايى سىيادادى ....................... ھۆسەيىنخان تەجەللى 306
تەجەللىنىڭ جەرراھلىق (ئوپېراتسىيە) ماھارىتى ..................
............ ئابدۇلئەھەد ئالىم 335
تەجەللىنىڭ ياغلىقتا كەشتىلەنگەن قەسىدىسى ......................
............................ ئىسراپىل يۈسۈپ 339
تەجەللى بىلەن مۇزىكانت نازارىخان ھاجىمنىڭ دوستلۇقى ............
.................... مۇھەممەد ئەزىز 347
ئالىم تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ ياسىلىشىدىن قوغدىلىشىغىچە
................ دىلشاد ئابلىز 362
تەجەللى ئەسەرلىرىنى توپلاش، مازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدى-
كى بىلىدىغانلىرىم ................ ئوبۇل جامال 370
تەجەللى مەقبەرىسى .................. ئابدۇلئەزىز ماموت 373
تەجەللى مەقبەرىسىنى قايتا ياساشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ..............
.................... مۇھەممەت ئەزىز 376
كىبكەچ شېئىر .................. ھۆسەيىنخان تەجەللى 389
باشقىچە ... تېكىستى: تەجەللىنىڭ، مۇزىكىسى: مۇھەممەد ئەزىزنىڭ 392
فۇرقەت ساق بولسۇن ..............
....... تېكىستى: تەجەللىنىڭ، مۇزىكىسى: مۇھەممەد ئەزىزنىڭ 397
تەجەللى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ...............
............ مۇختار ماموت مۇھەممەدى 402
قوشۇمچە: تەجەللىشۇناسلىقتىكى تۆھپىكارلار .............. 405



# ئالىم ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە مەقبەرىسى

مۇختار ماموت مۇھەممەدى

(بۇ ماقالەمنى تەجەللى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقىغا، ۋاپاتىنىڭ 81 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

يېقىنقى زامان كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن جەدىتچىلىك ئەدەبىياتىغا ئۆتۈش باسقۇچىدىكى ئەدىبلەرنىڭ بىرى، مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ، مائارىپچى ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرىتىم 1848 ـ يىلى ① (ھىجرىيە 1264 ـ يىلى) قاغىلىق ناھىيە② زوڭلاڭ يېزا ئايباغ كەنتىدە ئىسلام دىنى ئالىمى، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا ـ ئانىسى تەجەللىنى مەكتەپكە ئېلىپ بارغان. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى مەكتەپنىڭ مەدرىسەلىرىدە ئالغان. ئوغلىنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىجتىھاتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئاتىسى سەئىد قۇتبىدىن شاھ ئۇنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ئىمتىھان بەرگۈزۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، «دېھلى

① ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەجەللىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى مۇشۇ ماقالىدا دېيىلگەن بويىچە بېكىتىلدى.

② ئۇ مەزگىللەردە قاغىلىق خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىدى.

دارىلئۇلۇم» دا، ئاندىن ئىراندىكى «ئىسفاھان دارىلفۇنۇن»[1] دا، ئافغانىستاندىكى «كابۇل دارىلفۇنۇن» دا ئوقۇتقان. تەجەللى ئوقۇش جەريانىدا ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، خىمىيە، تېبابەت، ئىلمىنۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملارنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئەدەبىياتقىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان. بۇ نەتىجىلىرى بىلەن «مەۋلىۋى»[2] لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، مەدرىسەنى تاماملىغان. تەجەللى ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، تۈركىيەلەرگە بېرىپ ساياھەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن خېلى بىر مەزگىلگىچە تۇرغان.

تەجەللى ھەج قىلىش ۋە ئىلىم ئېلىش پائالىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىندىستاندىن قايتىش يولىدا پاكىستاننىڭ گىلگىت دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئانىسى بۇبى گۇلسۇم خېنىم[3] بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەكەن دەرياسى باش ئېقىنىنىڭ چاتۇلى يولىدىكى كېچىكتىن ئۆتۈشىدە بارلىق بىساتلىرى دەرياغا غەرق بولىدۇ. تەجەللى قاتمۇقات مۇسىبەت، يول ئازابىدا غەم-قايغۇغا چۆمگەن ھالدا يەكەنگە كېلىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. بۇ چاغدا شائىر تېخى يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت بولۇپ، بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋر ئىدى. شائىر يېڭى كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ھەرقايسى پەنلەردىكى ئىلمىي ماھارىتى قابىلىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يۇقىرىلىقى

① بومبايدا دېگۈچىلەرمۇ بار.

② مەۋلىۋى: ئوقۇغان مەكتىپىدىن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان.

③ بۇبى گۇلسۇم خېنىم: يەركەندە ئۆتكەن سەئىد جالالىدىن ھەزرىتىمنىڭ قىزى.



ئۆلىمالار، زىيالىيلار ۋە ئاممىغا مەلۇم بولغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چاغدىكى يەكەن ۋالىيسى (نائىبى جامائەدەردادخاھغا) شائىرنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت-كامالەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاتىسى بىلەن بىرگە ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن تولغان سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كۆپلەپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ يۈكسەك ماھارىتىدىن خەۋەر تاپقان ياقۇپبەگ ئۇنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. تەجەللى قەشقەرگە بېرىپ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆپ ھۆرمەت-ئېھتىرامىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئېلىنىپ ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا، ئالىملار ۋە ئەدىبلەرگە سۆزلىگەن دىنىي، پەننىي، ئەدەبىي بايانلىرى تىللاردا داستان بولۇپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب خىسلىتى ھەر تەبىقە زاتلىرىنى، ئاۋام خەلقنى مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەكەندىكى «يېشىل مەدرىسە» گە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭ ئىلىم-مەرىپەت دەرياسىدىن قېنىپ سۇ ئىچىپ، شېئىرىيەت گۈلشەنىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇ مەزگىللەردە، ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كېسەلدىن ساقىيىشىغا يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولىدۇ، يوقسۇزلاردىن ھەق ئالمايدۇ. يەنە خىمىيە ئىلمى بويىچىمۇ تەجرىبە-تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تېبابەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇنداق ئوڭۇشلۇق شارائىت تەجەللىگە ئىنتايىن ئاز ۋاقىت خۇشاللىق ۋە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ. ئالىمنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا مۇنداق چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ يو-

رەكلىرىگە ھەسەت ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئالىمغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. ئاخىرى ئالىمغا ئىنتايىن رەزىل ۋاسىتىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش كويىغا چۈشىدۇ. تۆھمەت ـ بوھتان توقۇپ ۋە ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئالىمنىڭ ئىناۋەت ـ ھۆرمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەتتا، ئالىمنىڭ ئالدىدا يۈزمۇيۈز بىئەدەپلىك قىلىپ، ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئازاب كۈلپەت خەنجىرى بىلەن جاراھەتلەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق ھەسەتخور نادانلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىگە نىشان بولۇپ قالغان نازۇك تەبىئەتلىك، يۈكسەك غەيرەتلىك ئالىم خېلى ئۇزۇن مۇددەت يەكەن شەھىرىدە دەرت ـ ئەلەملەر بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ قەلەم شەمشىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىدا ساتىرا ـ ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخورلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ ساتىرا ـ ھەجۋىي شېئىرلار «بەرق تەجەللى ـ سەبەق مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەبى» ۋە «توھپەتۇل بەررەيىن» قاتارلىق ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ۋاقىتتا تەجەللىنىڭ يېقىن بۇرادىرى مۇتىئۇللا ئەلەم[1] ئاخۇنۇمنىڭ جاندىل بىلەن قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە بىر مەزگىل خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. بىراق، مەرىپەت ئەھلىگە ھەسەت قىلىش ۋە دۈشمەنلىك زەھىرىنى چېچىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئەبلەخلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى يەنە ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى مانجۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرىغا تەجەللى ئۈستىدىن نۇرغۇن تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىگە تەھدىت سالىدۇ. ئاخىرى

[1] مۇتىئۇللا ئەلەم (مىلادىيە 1823 ـ 1908) ئەسلىي تۇرپانلىق كىشى بولۇپ، قاغىلىقتا ئەلەم بولغان.



مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەكەننى تاشلاپ قاغىلىققا يۆتكىلىدۇ. مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق قاغىلىقتىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىنى قاغىلىق بازىرىدا ئولتۇرۇپ مۇدەررىسلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئالىم ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولغان زۇڭلاڭ يېزا ئايكەنت كەنتىگە ئورۇنلىشىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بورا كەنتىدە 4 يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇما ناھىيەسىنىڭ كۆھتام (ھازىرقى كىلياڭ) يېزىسىنىڭ دەريا بويىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە سۇپۇرگە ھاجىم[1] دېگەن كىشىدىن 82 تەڭگىگە بىر يۇرۇش ئۆي، يەر، ئورمان سېتىۋېلىپ، بۇ جايدا ئائىلىسى بىلەن يەتتە يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. شائىر ھەم خەتتات ئىسمايىل ھاجىمنىڭ قىزى ھەمراخاننى، ئوغلى ئوبۇل ھۇداخانغا ئېلىپ بېرىپ، ئىسمايىل ھاجىم بىلەن قۇدا بولۇشىدۇ. بۇ جەرياندا تېۋىپلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كېيىن قاغىلىقتىكى ئۇلىما، يۇرت ـ مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن كىلياڭ يېزىسىدىكى ئۆيىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە 50 تەڭگىگە سېتىۋېتىپ قاغىلىققا كېلىدۇ. قاغىلىق خەلقى ئۇنى مۇدەررىسلىك ياكى خاتىپلىققا ئوخشاش بىرەر خىزمەت ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما، ئالىم ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھاۋالىقراق يېزىلارنىڭ بىرىدە ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان قاغىلىق ناھىيە چارباغ يېزا شورئېرىق كەنتىدىكى مەرىپەتپەرۋەر شائىر، مۆتىۋەر زات نازارخان ھاجىم تەجەللىگە ئىخلاس قىلغانلىقتىن، يېڭىدىن سالغان يەتتە ئېغىز ئۆي ۋە بىر يۇرۇش باغلىق ھويلىسىنى بېرىدۇ. ئالىم بۇ جايغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، «بۇ جاينى

[1] سۇپۇرگە ھاجىم: ئۇيغۇر شائىرى قاسىمنىڭ ئوغلى

شورئېرىق دېمەي، شىرئېرىق[1] دەڭلار، شورئېرىق دېگەن سەت ئىسىم» دەيدۇ. ئالىمنىڭ ئايالى بۇۋى مەينىسا خېنىم ۋە ئۆزبېكىستاندىن قايتىپ كەلگەن شائىر فورقەت بىلەن تېبابەتچىلىك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ جايدا تۇرغان 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا ئاق ئاتقا مىنىپ قاغىلىقتىكى مەدرىسلەرگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەتنىڭ ئۇرۇغىنى ھەممە يەرگە دېگۈدەك چاچىدۇ. تەجەللىنىڭ ئىلىم - پەزىلىتى ۋە ئۆلىمالىقتىكى شۆھرىتىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر، يەكەن، پوسكام، گۇما، خوتەن قاتارلىق يىراق يېقىندىكى بىر قىسىم ئىلىم تەلەپكارلىرى ئۇنىڭ تەربىيەسىگە ھازىر بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن باشقا، ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلىرى دەپ سانالغان پېشقەدەم ئۆلىما - مۇدەررىسلەرمۇ تەجەللىنى ئۇستاز سۈپىتىدە تونۇغان. ئۇنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي تەلىماتلىرىدىن ئەڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى گۇمىلىق ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم مەشھۇردۇر. تەجەللىنىڭ پىكىرداش، مەسلەكداش ئۆلپەتلىرىدىن مەشھۇرلىرى جەدىتچى ئالىم ئابدۇقادىر دامۇللا، تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللا، يەكەنلىك سالىھ دامولللا، ئۆزبېك زىرىپ قارى ھاجىم، قەشقەرلىك ئابدۇقادىر زىيائى، پوسكاملىق ئىسرايىل دامولللام، تۇرپاندىن مۇتەئۇللا ئەلەم، قاغىلىقتىن ئابدۇۋايىت قازى ئاخۇنۇم قاتارلىقلاردۇر.

ئۇ ئۆز تېببىي ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل كېسەللەرنى، جۈملىدىن يۈرەك كېسىلى، ئۆپكە، سىل كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە داۋالاپلا قالماي، بەلكى ھالا بۇگۈنگىچە داۋاسى تېپىلمىغان راك[1] (سەرتان) كېسىلىنى يىلان

① سۈت ئاقىدىغان ئېرىق دېگەن مەنىدە.



گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان. تەجەللى يەرلىك چۆپ - دورىلارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بىمارلارنى كۆپىنچە ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالىغان.

دورىگەرلىك جەھەتتە، قەدىمكى تېببىي كىتابلاردىكى نۇسخىلار ۋە ئۆزى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ چىققان نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياق، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى، ئازاراقى سىستىرخىنىن كومۇلچى، پولات كۈشتىسى، سىماب كۈشتىسى، پۈتۈن بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بىزە قاتارلىق ياخشى دورىلارنى ئىجاد قىلىپ، بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەمدە تېببىي ئەسىرىدىن «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «شىپايى سىيادادى»[2]، «مۇجەررىباتى تەجەللى»[3]، «شىپايى شەيخ»[4]، «مۇرەببى تەجەللى»[5] قاتارلىق قول يازما كىتابىنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ ۋارىس قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خەلقىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى 125 يېشىدا ۋاپات بولغان مۇدىر ۋىراچ، داڭلىق تېۋىپ تۇردى ھاجىم (1983 - يىلى مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانى ئالغان) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، داڭلىق تېۋىپلاردىن قاغىلىقتىن يۇسۇپ ئەپەندىم،

① يەنە بىر ئېيتىشلاردا، شۇ زاماندىكى كۇچانىڭ چوڭ ئەمەلدارىنىڭ قىزىنىڭ بويۇن راكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋالىيالماي قاغىلىقتا ئەكىلىپ تەجەللىدە ئىككى ئاي داۋالىتىپ سەللىمازا ساقايتىپ ئەكەتكەنىكەن.

② شىپالىق مۇھىم رېتسېپلار

③ تەجەللىنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى

④ شىپائى ئۇستاز

⑤ غەمخور تەجەللى

ياسىن ئاخۇن داموللام، سەيدىنا ئەپەندىم، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن
مەھمۇت ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجىم قەشقە-
رى (سۆھبەتدىشى)، مۇسا ئاخۇنۇم (شاگىرتى) قاتارلىقلار ئۇنىڭ تىببى
ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان تېۋىپلاردۇر.
تەجەللى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ مەز-
مۇنلارنى توغرا ئىزاھلاش، توغرا شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىنى
يېتىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر
كىتابلىرىنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلىغان، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ
مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا ئۇنىڭغا شەرھ يازغان. مىلادىيە 1121 -
يىللىرى (ھىجرىيە 515 - يىلى) ياشىغان خۇراسانلىق مەشھۇر ئالىم ئەل-
لامە زەمەخشەرىنىڭ «تەپسىرى كەششاف» ناملىق كىتابىنى يېشىپ
يازغان «تەجەددى كەششاف»[①] دېگەن ئەسىرى ئەنە شۇ مەقسەتتە قىلغان
ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرىدۇر.
تەجەللى گەرچە ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتى-
دە تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادى-
يەتكە بېغىشلىنىپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تىبابەتكە دائىر مول
مەزمۇنلۇق گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقاندىن باشقا، شېئىرىيەت ساھەسى-
دىمۇ كۆچ سەرپ قىلىپ، ھىندى، ئەرەب، ئوردۇ، پارس، ئۇيغۇر تىللى-
رىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەدى-
ئىي تالانتىنى نامايەن قىلغان.
ئۇنىڭ تۈنجى شېئىرلار توپلىمى بولغان «بەرق تەجەللى -
سەبەق مۇجەللى» ناملىق دىۋانى 1899 - يىلى (ھىجرىيە 1317 -
يىلى) 51 يېشىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە با-

① كەشپىياتنى يېشىلاش



ھاۋۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن «مەتبەئى خۇرشىد»[①]
مەتبەئەسىدە مىڭ نۇسخا بېسىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ شان -
شۆھرىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسى-
ياغا تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.
تەجەللىنىڭ تالانتىغا قايىل بولغان نۇرغۇن ئەدىبلەر ئۇنى ئۇستاز
سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، خەت يېزىپ ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئالاقى-
سى ئورناتقان.
قوقەنلىك شائىر مۇھى، شائىر زاكىرجان خال مۇھەممەت ئوغلى
فۇرقەت[②] ، گۇمىلىق شائىر ئىسمايىل ھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئۆز-
ئارا يېزىشقان خەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.
تەجەللى مۇھىنىڭ دوستلۇق خېتىگە نەزمە يېزىپ، مۇنداق جاۋاب
قايتۇرىدۇ:[③]

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولىدىن،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزاتقاندەك،
سېنىڭ لەتىف مەكتۇبىڭنى بەردى سۆيۈندۇم.

① مەتبەئى خۇرشىد: قوياش مەتبەسى
② زاكىرجان خال مۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت: 1859 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 -
كۈنى قوقەن غىشتىن كۆيرۈك گۈزەرى (ئىشكى پىشرىق) مەھەللىسىدە كاسىپ
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1909 - يىلى 9 - ئايدا بوغۇز ئاغرىقى بىلەن يەكەندە ۋاپات
بولغان.
③ ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق
كىتابىدىن ئېلىندى.



شائىر فۇرقەت

فۇرقەت قەلبلەر تېۋىپىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بېرەلىدى دىللەرگە شىپاھ.
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلى سەن سايرام ۋە مۇدام،
بۇ ئالەمدە نەۋايىدەك بولۇپ قال يەكتا.

مانا بۇ جاۋاب خەتتىن تەجەللىنىڭ مۇھىمغا بولغان كۆڭۈل ئىزھا-
رى ۋە تەشەككۇرىنى، مۇھىمنىڭ نەتىجىسىگە بولغان قايىل بولۇش
ھېسسىياتىنى، تېلەكداشلىق پوزىتسىيەسىنى، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇر-
سىدىكى دوستلۇقنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ـ قويۇقلۇقىنى ھەم بۇ دوست-
لۇقنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە فۇرقەتنىڭ ۋاستىلىك رول ئوينىغانلى-
قىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەجەللىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنىڭ ئەينى دەۋردە يالغۇز قاغىلىق-
قىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرقىي ئاسىيا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقى-



لىشى ئۇنىڭ بىر قىسىم دۈشمەنلىرىنىڭ قاتتىق ھەسەتخورلۇقىنى
قوزغايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىم دىنىنىڭ زامان تەرەققىياتى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىدىن بەزى ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان، ئۇنى زامان تەرەققىياتى
بىلەن قارمۇقارشى قويۇپ، ھەممە نەرسىگە مۇتەئەسسىپلىك، سوپۇزىم-
لىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدىغان بىر قىسىم نادان، جاھىل، قارا-
قوساق روھانىي كۈچلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇلارمۇ تەجەللىگە نىسبەتەن دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراي-
دۇ. تەجەللىنى يوقۇتۇش كويىغا چۈشكەن، ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن
دۈشمەنلىرى بۇلۇڭ ـ
پۇشقاقلاردا ئىغىز ـ
بۇرۇن يالىشىپ، بىر-
لەشمە سۇيىقەست
پىلانلاپ، جاي ـ جايلار-
غا ئادەم ئەۋەتىپ، تە-
جەللىنىڭ كىتاب ـ ئە-
سەرلىرىنى يىغىپ يە-
كەندە ئوت قويۇۋېتىدۇ.
ئۇنىڭدىن
كېيىن، قاغىلىقتىكى
مۇھەممەت نىياز بېگىم
دېگەن كىشى تەجەللىگە
يېتىملىقۇم يېزىس-
نىڭ كاسكى مەھەللى-
سىدىكى كەڭ ـ كۇشادە



فۇرقەتنىڭ مەقبەرىسىگە كىرىدىغان دەرۋازا

باغلىق ھويلا، ئىككى ئات قوشۇلغان بىر مەپە قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىپ تەكلىپ قىلىدۇ. تەجەللى بۇ جايدا 25 يىلغا يېقىن تۇرۇپ، 1927 ـ يىلى (ھىجرىيە 1345 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى سەيشەنبە كەچ) كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئالىمنىڭ جەسىتى قاغىلىق ناھىيە بازىرى مەركىزىدىن 5 چاقىرىم يىراقلىقتىكى غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان كاسكا مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ.



فۇرقەتنىڭ مەقبەرىسى

بۇ چاغدا تەجەللىنىڭ يېقىن دوستى ھەم شاگىرتى شەمسىدىن داموللام[1] ئالىمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ 32 مىسرا مەرسىيە يازىدۇ.[2]

فاتەل مۇجەللى فاما تەسسىدقۇ ۋەل ئەدەبۇ،

ۋەل غەزلۇ ۋەددىينۇ ۋەل ئەليا ئۇ ۋەننەسەبۇ.

---

① شەمسىدىن داموللام (1882~1936) «تەجەللى ساھىب» دېگەن كىتابنى يازغان.

② «تەجەللى ـ مۇجەللى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.



(تەجەللى ۋاپات بولدى: شۇنىڭ بىلەن ساداقەت، ئىلىم، ئەدەپ، دىيانەت، ئالىي مەرتىۋە، نەسەبمۇ ۋاپات بولدى.)

ئەششا ئىرول مۇفلىقۇ مىتىقۇ ئەۋسەفوھۇم،

لىروقىيەتىل مۇستەفا دەررەت لەھۇسسۇھۇبۇ.

( ئۇ ـ ئاجايىپ ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن سۆز ئۇستىسى بولغان شائىر ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى كۆپ كۈيلىگەندى، ئاللانىڭ رەھمەت بۇلۇتلىرى ئاڭا رەھمەت يامغۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ تۇرسۇن.)

كانەل مۇجەللىيە فى فەزلىن ۋەفى دىيەنىن،

فەماشە ئەسبەقەنا نەھۇەل بەقا يەسبۇ.

(ئۇ، ئىلىم پەزىلەتتە، ياخشىلىقلاردا بىرىنچى ئىدى، ئەمدى باقى ئالەم تەرەپكىمۇ بىزدىن ئىلگىرى يۈرۈپ كەتتى.)

ۋەكانە تەبىەن ئەسسىيىەن ھازىقەن شەجىئەن،

يەسۇلۇ شەئفەتەلەيسىن مالەھۇ رەھەبۇ.

(ئۇ بەكمۇ غەمخور، ماھىر دوختۇر ئىدى. شۇنداق قەھرىمان ئىدىكى، يولۋاسقىمۇ قورقمىغان ھالدا ھەملە قىلاتتى.)

تىلكەل بەلىيەتۇ ئەنسەت كوللە فاقىئەتىن،

ۋە بىل ئەۋيى ئەمازەت توللەبەن سەھبۇ.

( ئاشۇ مۇسىبەت بالاسى بىزگە ئۆتكەن ھەرقانداق ھادىسىلەرنى ئۇنتۇلدۇردى، شائىرنىڭ سۆھبىتىدە بولغان بارلىق ئىلىم تەلەپ قىلغان نوچىلارنى ئاۋازلىق يىغلاتتى. )

ئەرافىلەن فىي بۇرۇدىنىنۇسەھى ۋەررەشەدا،

قەد كۈنتەقەر ئىلەيھى يەر جىئۇل ھەسەبۇ.

( ئەي، خەلققە نەسىھەت قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاشنى ئۆزىگە كىيىم قىلغان زات، سەن بارلىق شەرەپ ساڭا مەنسۇپ بولغان ئۇلۇغ

پېشىۋا ئىدىڭ.)

شەھرۇ سىسيامى ئەجەپتەل ھەققە فىھى ۋەبىك،
بەيتۇل ئەنامى بىدەمئىن ھەتلۇ ھۇررە جەبۇ.

( رامىزان ئېيىدا ھەقنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ دۇنيادىن ئۆتتۇڭ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلقنىڭ ئائىلىلىرى كاتتا مۇسىبەت بىلەن ياش تۆكمەكتە.)

نەجەۋ تەمىن دارىمەيىنىن سارەھا كەدەرۇن،
مەيلەن ئىلا دادى ئەيىنىن فەرۇشۇھا قۇرەبۇ.

( قايغۇ - ئەلەملىك ئالەمدىن تېز كېتىپ، نېمەت ۋە قۇربەت تۆشەكلىرى بىلەن تولغان ئالەمگە ئۇلاشتىڭ.)

مامەررە مىسلۇكە فىل ئىسلامى لاقەمىنۇن،
ئەداكە بىلئىلىم ۋەل ئەليا ۋەلا زىرەبۇ.

( ساڭا ئوخشاش پەزىلەتلىك بىر كىشى ئىسلام ئالىمىدە ئۆتمىگەن، ئىلىم ۋە ئالىي مەرتىۋىدە سەندىن ئاشىدىغان ھېچبىر ئەخلاقلىق ۋە پاراسەتلىك شائىرمۇ يوق.)

لاسىييەمافىي بەدىئىل ئەددى مىن ئەرەخىل،
ئەسسە جائى مالەكە مىسلۇن فىيھى ئەنتە ئەبو.

( خۇسۇسەن، ھەربىر مىسرا ۋە سەجئەلەردىن ۋەقەلىكنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىدىغان شېئىر ۋە چاچمىلارنى يېزىشتا سەندەك ماھىر كىشى قەتئىي يوق، سەن پەننىڭ ئاتىسىسەن.)

ۋەلئارىخۇنە ئىيالۇن ئەبسەئونە فەما،
يەھسۇنە جافەزلەتىن ئەنكۇم ۋلا ئەجەبۇ.

(بۇنداق شېئىر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئائىلە - بالىلىرىڭغا ئوخشاش سېنىڭ ئاتىقىڭنى سورايدۇ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.)

ۋە قەۋلوكە روھۇ مىن شېئرىن ۋەمىن فىقەرىن،



ھولۋۇن لەدەينا كەئەن فىي ئەبىھىمىز زەرەبۇ.

(سېنىڭ شېئىر ۋە چاچما، بەدىئىي سۆزلىرىڭ روھقا ئوخشايدۇ، بىزگە بەكمۇ شېرىن ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغاندەك بىلىنىدۇ.)

رەجائو مىللەتىنا فىيكوم نەرا ھەدەدەن،
ۋەشقۋەتاھۇ ۋەياكەيداھۇ ۋاتەئەبۇ.

( ئەپسۇسكى، مىللەتنىڭ جانابلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى بىكار بولدى، بۇنداق چوڭ بەختسىزلىك، قايغۇ مۇسىبەتكە قاتتىق ئېچىنىمەن.)

فەليەۋمە يەبكىيكە ئەينول فەزلى ۋەل ئەدەبا ،
ۋەششەسۇ في رەھەبىن لىررۇزئى ۋەسسوھۇبۇ.

( بۈگۈن ئىلىم - مەرىپەتنىڭ كۆزلىرى، ئەدىب، ئالىملارنىڭ كۆزلىرى ساڭا يىغلىماقتا. قۇياش، يۇلتۇزلارمۇ بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن قايغۇرماقتا.)

يەرسىكە يا مەۋلەۋىييە شىمشەمىسۇ يەندوبۇھۇ
جىرمىي يۇتەرجىمۇ ئەنھول مىقۋەلود دەئىبۇ

( ساڭا شەمسىدىن مەرسىيە قىلىدۇ: ئەي ئالىم ئۇستاز، يىغلىغان ھالدا ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى ئۈچۈن ئۆتكۈر تىل تەرجىمانلىق قىلىپ تەزىيە بىلدۈرمەكتە.)

تىكەل قەسىيدە تۇ ئەھرا كۇللۇ مىسرە ئىفىھا،
بىئامى فەۋتىل مۇجەللى مىرەتەن يەھەبۇ.

(بۇ قەسىدىنىڭ ھەربىر مىسراسى تەجەللىنىڭ ۋاپات يىلىنى تولۇقشا كامىل ئۇزۇق بېرىدۇ.)

دەپ يازغان.

دېمەك، بۇ مەرسىيە تەجەللى بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىش ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە يېزىلغانلىقتىن، تەجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ نەقەدەر بۈيۈك،

كۆپلىگەن ئىلىملەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بىر ئالىم ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ.

ئالىم ئوتتۇرا بوي، چاچ ـ ساقاللىرى قويۇق، ئۇستىخانلىرى چىڭ، قاڭشارلىرى ئىنچىكە ۋە تۈز، بۇغداي ئۆڭلۈك، گۈلدەك ئېچىلغان تەبەسسۇملۇق، چىرايىدىن مېھرى ـ مۇھەببەت جۇلالاپ، كۆزلىرىدىن تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان، جەسۇر ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، ئىلمىي مەشغۇلاتى كۆپ، تۇرمۇشى رىيازەت بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ۋۇجۇدى ئورۇقراق ئىدى.

تەجەللىلەر ئۈچ ئوغۇل بولۇپ، تەجەللىنىڭ ئىككى ئاكىسىنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى سەبدەر ئىلى، كىچىكىنىڭ ئىسمى ھەيدەر ئىلى ئىكەن. ئەنگلىيە ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. تەجەللىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئىسمى بۇبى خەدىچە خېنىم بولۇپ، تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئانا بۆلەك بىر تۇغقانلىرىدىن: مۇنىردىنخان ھەزرىتىم، نۇسرىدىنخان ھاجىم، سەئىد پارۇخخان ھەزرىتىم، مەختۇم خېنىم، مەپىزە خېنىم قاتارلىق ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزى بار. نۇسرىدىنخان ھاجىم گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىسلا كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن: ئىسراپىلخان بار، قالغان تۆت تۇغقىنىنىڭ ئەۋلادلىرى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زۇڭلاڭ يېزا دۆڭچاقار، ئايكەنت، قاغىچى، قاراڭغۇئېغىز قاتارلىق كەنتلىرىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تەجەللى ھەزرەت ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن. تۇنجى ئايالىدىن تۆت ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنت كۆرگەن. بۇ ئايالىنىڭ ئىسمى بۇۋى مەنىسا خېنىم بولۇپ، زۇڭلاڭ مازارنىڭ شەيخى يۇنۇس شەيخىمنىڭ قىزى، ئىككىنچى ئايالى زىننەت خېنىم گۇمىنىڭ پىشنا يېزىسىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى ئايالىدىن كارامەتنىسا خېنىم ئىسمى-



لىك بىر قىزى بولغان. بىرىنچى ئايالىدىن بولغان باللىرىنىڭ ئىسىملىكى: سەئىد ئەبۇلھۇداخان، سەئىد رۇھۇلھۇداخان، سەئىد نۇرۇلھۇداخان، سەئىد زورۇل ھۇداخان، قەمەرنىسا خېنىم، بۇبى ئالىي خېنىم، ھاسانى خېنىم، مەھبۇبە خېنىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تەجەللىنىڭ ئەبۇلھۇداخان ۋە نۇرۇلھۇداخان دېگەن ئىككىلا ئوغلى ھايات قېلىپ، باشقا پەرزەنتلىرى ۋابا، چېچەك كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. نۇرۇلھۇداخان دېگەن ئوغلى گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا ئىسمىسلا كەنتىدە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان. ھازىر تەجەللىنىڭ 45 نەۋرە، چەۋرىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم تېۋىپ ۋە بىلىملىك كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى.

## تەجەللىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

تەجەللىنىڭ ئىجادىيىتى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن گەۋدىلەنگەن. شۇنداقلا، مەلۇم تەرەققىيپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى بىلەن ئىلغار دېموكراتىك خاھىشچانلىققا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ تۇرغانلىقىدەك كۆۋرۈكلۈك رولى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدەك مۇھىم قىممىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەجەللىنىڭ ئەدەبىيات، تېبابەت، پەلسەپە، دىن ئىلمىگە دائىر

كۆپلىگەن مول مەزمۇنلۇق نادىر ئەسەرلىرى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تەر-
تىپىدىن كۆيدۈرۈلگەن ۋە كۆلگە ئايلانغان بولسىمۇ (ئاڭلاشلارغا قارىغان-
دا، تېبابەتكە دائىر ئەسەرلىرى قەشقەردىكى باۋۇدۇن باينىڭ مەتبەئەسى-
دە بېسىلىۋاتقاندا باسما زاۋۇتقا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن؛ تەجەللى
ۋاپات بولۇپ 7 يىلدىن كېيىن، چوڭ ئوغلى سەئىد ئەبۇلھۇداخان غوجام
كىتابلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان شۇ مەزگىللەردە جاھان مالىمانچىلىقى-
دىن بولاڭچىلار تەرىپىدىن ئوت كەتكەن. باۋۇدۇن باينىڭ ياكى تەجەللى-
نىڭ دۈشمەنلىرى ئوت قويغانلىقى نامەلۇم)، بىراق خەلق قولىدا ساقلى-
نىپ قالغان «بەرق تەجەللى[1] - سەبەق مۇجەللى»[2] ناملىق 144
بەتلىك چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي دىۋانى بىلەن خوتەن گۇمىدا ياشى-
غان مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن ۋە 20 - ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇلغارىيەدە نەشر قىلىنغان «دىۋان تەجەللى»
ناملىق ئەسىرى[3] ۋە شۇ زاماندىكى تۈركىيەنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئاب-
دۇلھەمىد خانغا يېزىپ تەقدىم قىلغان «تۆھپەتۇل بەررەيىن»[4] ناملىق
كىتابى، «دىۋان ئەرەبى»[5]، «مەجمەئەتۇل قەسائىد»[6]، «سەبدەر نامە»[7]،

---

① تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان يالقۇن؛

② مۇسابىقە جەريانىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى؛

③ تەجەللىنىڭ «مۇبارەك» ناملىق شېئىرىنى «ۋەسلى جانان» دېگەن بايازغا كىرگۈزۈلگەن بۇ كىتاب 1909 - يىلى بۇخارا كاگان مەتبەئەسىدە بېسىلغان، مۇ-ھەممەت بەدەخشانى قەلىمىدە روياپقا چىققان. بۇ شېئىرنى «يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى» دا پېشقەدەم شائىرىمىز جاپپار رەھمى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان.

④ ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە، بۇ يەردە تەجەللى شەرقتىكى تۈركلەر بىلەن غەربتىكى تۈركلەر زېمىنىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

⑤ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى.

⑥ قەسىدىلەر توپلىمى.

⑦ قەھرىمانغا بېغىشلانغان شېئىرلار.



«تىلسىمى ئىشق»[1] «ساقى نامە»، «مۇرەققى كەلىمە شېرف»[2] قاتارلىق
كىتابلىرى يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى مەلۇم بوشلۇقنى تولدۇرۇ-
پلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئە-
سىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى
چۈشىنىشىمىزگە يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. «بەرق تەجەللى - سەبەق مۇ-
جەللى» ناملىق توپلىمى ئالىمنىڭ ھىندىستاندىكى ئوقۇش مەزگىللىرى-
دىن تارتىپ تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەب-
چە ۋە ھىندى تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن 17
پارچە قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى شې-
ئىرلىرىدىن ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان نەزمىلىك سالام خەتلىرى-
دىن توپلانغان لىرىك شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت. ئالىم توپلىمىدىكى
شېئىرلىرىنى زور ئىجتىھات بىلەن بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەت-
كۈزگەنلىكتىن، ئەينى ۋاقىتتا ئالىمنىڭ ھايات چاغلىرىدىن باشلاپلا، ئا-
سىيانىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى مەدرىسەلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى
قىلىپ ئوقۇلغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ
چوڭقۇرلۇقى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مەنتىقە باغلى-
نىشچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكى، ئىپادى-
لەش ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇخىل رەڭدارلىقى ھەمدە بەدىئىي سۈپەتلەش
ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش، كۈچلۈك لوگىكا خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە
بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. مەسىلەن:

سەنسىز ئۆلسەم باغ ئارا، ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن باغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.

---

① ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تىلسىماتى.

② ئۇلۇغلار ھەققىدە كەلىمە.

(سەنسىز باغدا يۈرسەم، ئۇ باغ ماڭا زۇلۇمنىڭ تىغىدۇر، سەن
بىلەن تاغدا يۈرسەم، ئۇ تاغ ماڭا جەننەتنىڭ بېغىدۇر.)
بۇ مىسرالار بىلەن شائىرنىڭ يۇقىرىقى ھېسسىياتىنى قىسمەن
بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن، شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى بىلىم
ئۆگىنىش، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى خاسىيەتلىك ئىش دەپ بىلە-
دۇ. «دۇنياغا كېلىش ۋە ياشاشتىن مەقسەت، بەخت ـ سائادەت يارىتىش ۋە
بىلىم ئېلىش ئۈچۈندۇر» دېگەن ئىلغار قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.
جۈملىدىن، «ھايات گۈلىستانىغا»، «شامالدەك ئۇچۇپ كىرىپ»، «چىمەن
ئىچىدە بەزمە قۇرايلى» دەپ يېزىپ، ئەجىر ھەم مېھنەت بىلەن ھايات ھۇ-
زۇرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

ھەقايىقدە گاھ ئەجدىرھادەك ئۆرۈپ دەم،
مەئارىفدە گاھ ئارىسلاندەك يۈرەلىم.
باھاردا ۋە فايىق غەنىيمەتتۇر ئول كىم،
چىمەن ئىچرە، بىر بەزمە ئىشرەت① قۇرەلىم.
(ھەقىقەت ئىلمىدە ئەجدىھاغا ئوخشاش دەم تارتىپ، مائارىپتا
يولۋاس سۈپەت يۈرەيلى، باھارنىڭ ۋاپاسى يوق ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ،
گۈلشەن ئارا ئىشرەت بەزمىسى قۇرايلى.)

1895 ـ يىلى ئۇستۇن ئاتۇشتىكى مۇساباي ھاجى ۋاپات بولۇش
ئالدىدا، ئوغۇللىرىغا «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرىنى ياساپ چىقىش-
نى ۋە يېنىغا ئازادە مەكتەپ بىنا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. مۇشۇ ۋە-

① تەجەللى بۇ يەردە مۇقامشۇناس ئامانىساخاننىڭ «ئىشرەت ئەنگىز (قوز-
غىغۇچى)» مۇقامىنى كۆزدە تۇتىدۇ.



سىيەت بويىچە «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدى-
كى ھۈسەيىنىيە مەكتىپىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشىدا 1896 ـ يىلى رەسمىي
ئىش باشلىنىپ، 1898 ـ يىلى گۈمبەز مۇنارى ئاسمانغا بوي تارتقان
كۆركەم مازار بىلەن ئازادە سېلىنغان يېڭى مەكتەپ بىناسى ئىكساقتا
قەد كۆتۈردى. بۇنى كۆرگەن تەجەللى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرىدا بۇ
ئىككى چوڭ قۇرۇلۇشنى ياساشقا ۋەسىيەت قالدۇرغان مۇساباي ھاجىغا
(مۇسابايوف) ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بەجا كەلتۈرگەن
ھۈسەيىنباي بىلەن باھاۋۇدۇن بايغا ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى ماھىر ئۇس-
تىلارغا چوڭقۇر شېئىرىي تىل بىلەن ئاپىرىن ۋە تەشەككۇر ئېيتقان.
تەجەللى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يازغان بۇ قەسىدىسىدە «ھەبىب
ئەجەم مازىرى» ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تەسىس قىلىنغان «ھۈسەيىنىيە» مەك-
تىپىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئىككى بىنانىڭ قۇرۇلۇشىدا
مەردلىك كۆرسەتكەن مۇساباي ھاجى ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بۇ قۇ-
رۇلۇشقا بەل باغلىغان ئوغۇللىرى ھۈسەيىنباي، باھاۋۇدۇن بايلارنى ئىن-
تايىن يۈكسەك بەدىئىي تىل بىلەن مەدھىيەلىگەن.
ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپ-
لىمىغا كىرگۈزۈلگەن «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق قەسىدىسى
ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. تەجەللى بۇ قەسىدىدە ئۆتكۈر پەلسەپىۋى مۇ-
لاھىزىسى ئارقىلىق «قارا» بىلەن «ئاق» نىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىقىنى
ۋە زىددىيەتلىرىنى كۆركەم بىر بەدىئىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا ئېپادىلەپ
بەرگەن.
قەسىدىدە «ئاق»، «قارا» سۆزى باشتىن ـ ئاخىر مەجازىي ۋاستە
سۈپىتىدە قوللىنىلغان، بىز ئۇنىڭدىن پىشقان بىر پەيلاسوپنىڭ ئىج-
تىمائىي پەلسەپىۋى ئانالىزلىرىدىن ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە بولغان
ئوبيېكتىپ باھالىرىنى، مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئىلمىي چۈشەنچىلىرى-

نى ھېس قىلالايمىز.

ئى ساباھەت ئاسمانىنىڭ دورەخشان ئەختەرى،
قارە دېسەم قۇنماسۇن مىر ئاتى تەبىئىتىگە غۇبار.
سىدقۇ سەفۋەت كۆزلەرىڭ سەن قاراقى دەھر ئارا،
كۆز قاراقىغە قارا بولماق سۇپەتتۇر بىغۇبار.
ئەسلىگە راجىئ بولۇر ھەر شەيئى مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز،
ھەر شەيئىنىڭ ئەسلي قارادۇر كۆيدۈرۈپ كۆر ئاشكار.

(ئەي گۈزەللىك ئاسمىنىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى، قارا دېسەم تەبىئەتـ
نىڭ ئەينىكىگە چاڭ قونمىسۇن.

دۇنيادىكى راستلىق، پاكلىقنىڭ كۆز قارچۇغى سەن، كۆزنىڭ قارچۇقى قارا بولۇش ئېسىل بىر سۈپەت.

(خەلق ئارىسىدا راستلىق پاكلىقنىڭ كۆز قارچۇغىسەن، كۆزنىڭ قارچۇغى قارا بولۇش ئېسىل بىر سۈپەت)

ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ سۆزگە ھەممە تەسلىم بولىدۇ.

ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلي قارا، كۆيدۈرۈپ كۆرسەڭ ئاشكارا بولىدۇ.)

بۇ مىسرالارغا ئىلمى ۋە پەلسەپىۋى قاراش سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن تەجەللىنىڭ يېتىشكەن بىر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. ھۈسەينخان تەجەللى ئۆز شېئىرلىرىدا كىشىلىك ئەخلاققا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇ غەزەللىرىدە:

سورۇدىڭكى نە ئىستەرسىز سەرى كۆينىدە تەجەللى،
مىننەت كۆزىغە ئى گۈلى رەئنا تىكەن ئىستەر.

(تەجەللى كوچىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ نېمە ئىزلەيدىكەن دەپ سوراپسەن، ئەي گۈزەل رەنا، تەجەللى مىننەتنىڭ كۆزىگە سانجىلىدىغان تىكەن ئىزلەيدۇ.)

دەپ يېزىپ خالىس ياخشىلىق ۋە ئىزگۈنىڭ كۈشەندىسى بولغان مىننەتتىن ئىبارەت ناچار ئىللەتنى كەسكىن ئەيىبلەيدۇ.

تەجەللى ئىجادىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىشقا تېگىشلىككى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك ھېسسىيات چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ھايات ھادىسىلىرىگە بولغان چۈشەنچە ۋە باھالار بىرقەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەنمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۈبھە ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.
كەيمىش ئېردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مىھىر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار ـ تار.
چەشمائى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ،
يۇپ يۈزىدىن قارىسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

(سۈبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەن ئىدى، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇرۇھى قاچتى،

قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال ـ تال قىلىپ يىرتىۋەتتى.

قۇياشنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يۇيۇپ، سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى).

بۇ مىسرالاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش روشەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئىلمىي يەكۈن قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق

ۋاستىلەر ھەرقانداق كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ھۈسەيىنخان (تەجەللى) نىڭ ئىجادىيەتلىرىدە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ پارس تىلىغا ماھىر كىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدىمۇ ئەسەرلەر يارىتىشقا ئالاھىدە قابىلىيىتى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەجەللىنىڭ شېئىرلىرى مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئەللىرىدىكى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقتىن، بىر قىسىم شېئىرلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ۋە شەرق ئەللىرىنىڭ ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى جەملەنگەن «باياز» (ئەدەبىيات مەجمۇئەسى) گە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن ھەم ئالتۇن ھەل بىلەن بېسىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھىجرىيە 1328 ـ يىلى (مىلادىيە 1908 ـ يىلى) ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نەشرگە تەييارلاپ تۈزۈشى بىلەن تاشكەنتتە بېسىلغان «مىفتاھۇل ئەدەب»① ناملىق كىتابقا خېلى كۆپ شېئىرلىرى كىرگۈزگەن.

شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى ـ سەبەق مۇجەللى» ناملىق ئەسىرىمۇ ئاساسەن ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھايات، گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئازادلىق، ھۆرلۈككە ئىنتىلىشتەك ئىلغار ۋە جەڭگىۋار قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ساداقەت، سەمىمىيەت، مۇھەببەت قاتارلىق ئالىيجاناب ئىنسانىي پەز-

① «مىفتاھۇل ئەدەب» ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى، بۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇلغان، ھازىرمۇ دەرسلىك قىلىپ ئوقۇلماقتا.



لەتلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ساختىپەزلىك، زالىملىقتا ئوخشاش رەزىل، ئىپلاس قىلمىشلارنى كەسكىن قامچىلىغان.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى مىلادىيە 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللام، ھۈسەيىن باي ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن يازغان. گەرچە ئۇ تامالانمىغان بولسىمۇ، بىرنەچچە پارىسى شەمسىدىن داموللامدا ساقلانغان. شەمسىدىن دامولللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقۇتۇپ قويغان.

ئۇ يەنە «تېبىبىي ئەزەم» ناملىق پارسچە تېبابەت كىتابىنى قاغىلىقنىڭ زۇڭلاڭدا ياشىغان مەزگىلىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن.

## تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ قايتا ياسىلىشى، گۈمبىدىكى ئۆيدىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ رەتلىنىشى

1. تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېڭىلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تەجەللى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، قاغىلىق خەلقى ئالىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى بىلەن قەبرىنىڭ چۆرىسىگە ياغاچتىن پەنجىرە ياسىغان، قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىدىن بىر مو چامىسىدىكى دائىرىنى قورشاپ قورۇ تام ياسىغان ھەمدە قەبرە قورۇسىغا كىرىدىغان چوڭ ياغاچ دەرۋازا بېكىتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيەنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، سولچىل ئىدىيەنىڭ كاساپىتى، بولۇپمۇ 10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن دەرۋازا ۋە قەبرىنىڭ چۆرىسىدىكى ياغاچ پەنجىرىلەر نادان كىشىلەر تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلگەن.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيەنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتى پارلاق نۇرىنى چاچتى. خەلق ئاممىسى 36 يىلدىن بېرى، «كاسكى مازار غوجام» دېگەن سۆپەتلەر بىلەن ئېزىزلاپ كەلگەن ئالىم تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىمۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سابىق دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى مەرھۇم ئېيسا شاكىر[1] نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبارىغا ئىگە بولدى. 1984 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شۇجىسى يۈن ئەنچاڭنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش قاتارلىق 4 چوڭ ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلەش ھەمدە ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا 33 كىشىلىك ھەيئەت قۇردى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ھەيئەت ئالىمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش، مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قاغىلىق خەلقىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراجەتنامىسىنى چىقاردى. ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ ناھىيەدىكى زىيالىيلار، خىزمەتچىلەر، بازار ئىچىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر بولۇپ، 23 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ھۆكۈمەت مالىيەدىن 2 مىڭ يۈەن ئاجراتتى.

① مەرھۇم ئېيسا شاكىرغا 1980 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھۆججىتى چۈشكەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 274 ـ بەت.



لايىھەلەش، ماتېرىيال تولۇقلاش قاتارلىق تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئارقىسىدا، ئالىمنىڭ قەبرىسى قاغىلىق ناھىيەلىك بازارلىق ھۆكۈمەت 2 ـ بىناكارلىق ئەترىتىدىكى ئۇستا نەققاشچىلار، يەكەندىن چىققان ئۇستىكارلار ۋە قاغىلىقنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىكى ئۇستا نەققاشچىلار ئورنى يىتىپ كېتەي دېگەن مەقبەرىنى ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا رېمونت قىلىپ، 8 فۇڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پىششىق خىش بىلەن ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە قورۇ تام چۆرىدى. قەبرىنى كۆركەم قىلىپ ياساپ، گۈل ـ نەقىش چىقىرىپ، ياغاچ پەنجىرىنىڭ ئىچىگە ئالدى ھەمدە خىش، سېمونت، پولات چىۋىق بىلەن مىللىي ئۇسلۇبتا قەبرىگە كىرىش ئىشىكى ۋە گۈمبەز ياسىدى. چوڭ قاتناش يولىدىن قەبرىگە بېرىش ئۈچۈن، كەڭلىكى 4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 680 مېتىر يول ياساپ، شېغىل تۆكتى. تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېڭىلاش قۇرۇلۇشى 1985 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى رەسمىي پۈتتى. بۇ جاينى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن مەقبەرە ئالدىغا 200 تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىلدىكى مەنزىرە كۆچىتى تىكتى ۋە بىر كىشىنى قەبرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەخسۇس بېكىتتى. 1981 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر، بۇ جاينى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، بۇ ناھىيەنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن زىيارەت قىلىشقا كەلگەنلەردىن باشقا، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، قوشنا ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلار، تەتقىقاتچىلار ۋە چەت ئەلدىن ئۇرۇق ـ تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ساياھەتچىلەردىن بولۇپ، 560 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بۇ مەقبەرىنى زىيارەت قىلدى.

2. شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن خالىي بولۇش مەقسىتىدە، شائىر ھەم خەتتات ئىسمايىل

ھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن، گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلىياڭ يېزا كۆھتام مەھەللىسىگە كېلىپ، بۇ يەردىكى سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن كىشىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ۋە يەر سېتىۋالغان.

كۆھتام گۇما دەرياسى (تازغۇن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ يىپەك يولىنىڭ بىر تارمىقى مۇشۇ يەردىن كېسىپ ئۆتكەن. بۇ جاينىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەجەللى مۇشۇ جايدا تۇرغان مەزگىللەردە نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار بىلەن تونۇشقان، ھەمسۆھبەتتە بولغان. ئەتراپتىكى نۇرغۇن دېھقان ـ چارۋىچىلارنى داۋالاپ ساقايتقان، نۇرغۇن ياشلارنى ئوقۇتقان. تەجەللى كۆھتامدا 6 يىل تۇرۇپ، 1922 ـ يىلى ئۆيىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە سېتىۋېتىپ، قاغىلىقنىڭ كاسكى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگەن.

1967 ـ يىلى «4 كونا» نى يوقىتىش ۋاقتىدا قوشتاغ يېزىسىدىن گۇما ناھىيەلىك سابىق مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىگە بۇ ئۆي توغرۇلۇق خەۋەر كەلگەن. مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ «تەجەللىنىڭ ئۆيىنى ساقلاپ قالساق، كېيىنچە يېڭى ئۆي سالدىغانلارغا ئۆرنەك بولۇپ قالار» دېگەن مەزمۇندا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دوكلات يازغان. بۇ ئورۇنلار دوكلاتقا قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆينى كۆھتام مەھەللىسى كوللېكتىپىنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ساقلايدىغان ئامبىرى قىلىۋالغان. بۇ ئۆي ئىككى ئېغىز بولۇپ، ھەربىر ئېغىزى 42 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇستى ۋاسا بىلەن گۈل كەلتۈرۈلۈپ نەپىس ئىشلەنگەن. تاملىرىغا گەج بىلەن نەقىش چىقىرىلغان، ئۆينىڭ ئالدى شىمالغا قارايدۇ. ئۆينىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىرنەچچە تۈپ ئۈژمە دەرىخى بار. 1979 ـ يىلى، ناھىيە بۇ ئۆينىڭ تارىخنى



قايتا بېكىتتى ھەمدە خۇدابەردى مۇساقنى (ئۆينىڭ ئىگىسى) بۇ ئۆينى قوغداشقا بېكىتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ـ رەتلەش ئىشخانىسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسى ئادەم ئاجرىتىپ، بۇ ئۆي ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1988 ـ يىلى، گۇما ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئۆينىڭ تارىخى ئۈستىدە قايتىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى.

3. ئالىمنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى رەتلەش ئەسەرلىرىنى توپلاش خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەندى.

1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەجەللى ـ مۇجەللى»[1] ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى 15000 پارچە تارقىتىلدى. 2000 ـ يىلى9 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى مۇختار مامۇت مۇھەممىدى تۈزگەن «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» ناملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق توپلامنى 3000 پارچە تارقىتىلدى. مەرھۇم باتۇر روزى يازغان «شېئىرىيەت نۇرى ـ تەجەللى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، 5000 پارچە تارقىتىلدى. تەجەللىنىڭ ئەڭ يېقىن شاگىرتى بولغان خوتەن گۇمالىق ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ 1200 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرلار توپلىمىنى 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا تاپشۇرۇلدى ۋە شۇ يىلى

① ئەرەبچە سۆز بولۇپ، تەجەللى ـ چاقناپ تۇرغان نۇر، مۇجەللى ـ مۇسابىقىدە مەيداندا بىرىنچىلىكنى ئالغۇچى دېگەن مەنىدە.

«بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ توپلام ئاساسىي جەھەتتىن تە-
جەللى بىلەن ئابدۇجېلىل داموللا ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇلغان
سالام خەتلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى
- سەبەق مۇجەللى» ناملىق كىتابى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۈركىيە،
سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

4. تەجەللى ئەسەرلىرىنى قېزىش ئىشلىرىمۇ ياخشى ئىشلەندى.
يېقىندىن بۇيان، تەجەللىنىڭ ئاقكېسەل (تېرە كېسەللىكى. «پېسە»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) قاتارلىق كېسەللەر ئۈچۈن يازغان 80 پارچىغا يېقىن
يەككەم دورىلار رېتسېپى، «شىپايى سىيادادى»، «تەجەللى نۇسخىلىرى»،
«مۇجەررى باتى تەجەللى» ناملىق ئەسەرلىرى، دوست - بۇرادەرلىرىگە
يازغان 280 مىسرادىن ئارتۇق ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە،
خەنزۇچە شېئىرىي سالاملىرى، «تۆھپەتۇل بەررەئىن»، «دىۋان ئەرەبى»،
«بەرق تەجەللى - سەبەق مۇجەللى»، «مەجمەتۇل قەسەئىد» قاتارلىق كى-
تابلىرى، ھايات ۋاقتىدا بېشىغا ئورىغان مەللە رەڭ سەللىسى، يېزىقچە-
لىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن رەڭ چىلىغان دەۋىتى، كېسەل داۋالىغاندا
راك كېسىلىگە تاماق بەرگەن چىلان ياغىچىدىن ياسالغان تەخسىسى،
دورا قۇتىسى ۋە ھاسىسى قاتارلىق نەرسىلىرى تېپىلغاندىن باشقا،
ئاسترونومىيە ئىلمى ھەققىدە يازغان بىر قول يازما كىتابىنى يەكەن
ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلىغان. مەزكۇر قول
يازمىنى 1958 - يىلى بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن
كەلگەن خادىملارغا يەكەن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى
تاپشۇرۇپ بەرگەن.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئەسەرلەر تى-
زىملىكى» ناملىق كىتابتا يەنە مەۋلانە ھۈسەيىن ئىسىملىك بىر كىشى-
نىڭ مىلادىيە 1894 - يىللىرى «تەمەتىل ھەۋاشى ئىزلەتىل غەۋاش»



ناملىق بىر كىتابى توغرىسىدا ئۇچۇر بەرگەن. بۇنىمۇ مەن ھۈسەيىن-
خان تەجەللىنىڭ كىتابى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

دېمەك، تەجەللىي دۇنيانىڭ ئىلىم - پەن مۇنبىرىدىن ئورۇن ئې-
لىشقا لايىق ئۇلۇغ پەيلاسوپ، ئاسترونوم، ئالىم، ماھىر ئەدىب، شائىر،
قەدىرلىك خەلقپەرۋەر تېۋىپتۇر.

ئالىم تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى «4 كىشى-
لىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر دىن
سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. خەلقىمىزنىڭ ھا-
ياتىدىكى چوڭ ئىش — بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەت-
تۈردى. بۇلۇپمۇ، ئىلىم سۆيەر، ئەمگەكچان قاغىلىق خەلقىنىڭ يۇرتى-
نى گۈللەندۈرۈش، ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىغا زور ئىلھام بەردى. ئالىم
ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئۆمۈر بويى ئىلىم - مەرىپەت يولىدا، ئاۋام-
نىڭ روھىنى تۈزەش ئۈچۈن شېئىرىيەتنى، تەننى تۈزەش ئۈچۈن تېبا-
بەتنى ئۆزىگە قورال قىلغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىپ ھەم ئۇنىڭ-
غا ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈ-
رۈشكە ھەسسە قوشۇش ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىتتى.

نۆۋەتتىكى خۇشخەۋەر شۇكى، ئالىم تەجەللى ھەققىدە ئىلمىي مۇ-
ھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبى-
ياتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى مەخسۇس تەستىقلىدى. تەجەل-
لى مازىرىنىڭ قورۇسىغا قويۇلغان باشقا مېيىتلەر يۆتكۈۋېتىلدى. تە-
جەللى مازىرى بۇ يىل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدە-
نىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ تەستىقلاندى. ئالىم تەجەللىنىڭ «شىپا-
يى سىيادادى» ناملىق تېببىي كىتاب نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.
ئاخىرىدا كىتابخانلارنىڭ، ئالىم تەجەللىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ھا-

زىرغىچە تېپىلمىدى. بولۇپمۇ تېببىي ئىلمىگە دائىر رېتسېپلىرى ئاز تېپىلدى. ئالىم توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى ساقلاپ قويغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ياكى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «تەجەللى ـ مۇجەللى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 6 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

② ئابدۇرېھىم سابىت: 1985 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 2 ـ قىسىم 2 ـ كىتاب.

③ ئاتۇش ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەپ باسقان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنال، 12 ـ، 13 ـ بەتلىرى.

④ ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى نەۋرىلىرىدىن شەمھۇلداخان غوجا ۋە سەئىد قۇبىدىنخان تەمىنلىگەن ماتېرىياللار.



# تەجەللىنىڭ ئاتىسى قۇتبىدىن شاھ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە

ئابدۇلئەھەد ئالىم

ئۇيغۇر ئىسلام دىنى ئالىمى، ئاتاقلىق تېۋىپ ھەم شائىر قۇتبىدىن شاھ (تەجەللىنىڭ دادىسى) مىلادىيە 1760 ـ يىلى (ھىجرىيە 1181 ـ يىلى) قەشقەر ۋىلايىتى يەكەن ناھىيەسىنىڭ ساپال كوچىسىدا بىر شائىر ھەم ئاتاقلىق تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۆز ئاتىسى ئەكبەر شاھدىن دەرس ئالغان. ئۇ مەلۇم دەرىجىدە سەۋىيەگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىسىرغا بېرىپ، ئىلمىنۇجۇم ۋە تېبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن، كېيىن ئەرەبىستانغا بېرىپ مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئۆز يۇرتى يەكەنگە قايتىپ كەلگەن.

قۇتبىدىن شاھ ئەينى دەۋرلەردە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدا ئوقۇتۇلىدىغان مەۋجۇت ئىلىملەر بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تېببىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ بۇ جەرياندا تەكلىپ بىلەن ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، كۇۋەيت، ھىندونېزىيە، سىرى لانكا، بۇلغارىيە، بۇخارا، بېيجىڭ قاتارلىق 40 نەچچە دۆلەت ۋە شەھەرلەرگە بېرىپ كېسەل داۋالىغان ھەمدە ئىنگلىز، خەنزۇ تىللىرىنىمۇ خېلى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالغان.

ئۇ ئۆز يۇرتى يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسى قازا قىلىدۇ. ئۇ قاتتىق ئازابلىنىدۇ ھەم ھىجران ئازابى ۋە جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ داۋاملىق شېئىر، كىتاب يېزىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۇ يەكەندە بىر مەزگىل تۇرۇپ، مۇتەئەسسىپ بايلار ۋە ئىشانلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى، زالىملارنىڭ ئالۋاڭ - سېلىقلىرى قاتارلىق ئىككى تەرەپنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ كاسكى مەھەللىسىگە كۆچۈپ بارغان. بۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زۇڭلاڭ يېزىسى ئاچىما مەھەللىسىگە كۆچۈپ بارغان. كېيىنچە بۇ جايغا نىسبەتەن داڭلىق مەرىپەت ئىگىسى بولۇپ تونۇلغاندىن كېيىن، 1852 - يىلى قەشقەر ھاكىمبەگ ئوردىسىغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئۆستۈرگەن. ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئارقا - ئارقىدىن ئىلى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە ھۆكۈمرانلارغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. ئەينى ۋاقىتتا قۇتبىددىن شاھ بۇ قوزغىلاڭغا مەخپىي قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئوردىدىن ئۆز يۇرتىغا قاغىلىققا ھەيدىۋەتكەن.

ئۇنىڭ «ھەدىيە» (تۆمۈر) دېگەن (بۇ كىتاب مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن) ئەسىرىدە مۇنداق ئەپسانە بار: «مېنى چېرىكلەر ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر چەت باياۋانغا ئېلىپ چىققانىدى. مەن خۇددى تۆمۈر مۇناردەك تىك تۇردۇم، جاللاتلار مېنى ئۆلتۈرۈشكە قىلىچ تەڭلىگەندە، مەن: ‹ھەي ئىبلىسلار قاراڭلار!› دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر چەتتە تۇرغان يوغان تاشقا ‹تەۋەككۇل› دەپ بىر مىنگەن ئىدىم، تاش مېنى يۈدۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈشكە باشلىدى، مەن تاشنى مۇشتۇم بىلەن پارچىلاپ چېرىكلەرنىڭ بېشىغا تاشلىسام، ئۇلار پاناھلىنىدىغان يەر تاپالماي، دات - پەرياد قىلىشىپ توۋلىشاتتى. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ قاراقلىرى تارتىشقان ھالەتتە جان تالىشاتتى، بەزىلىرى بويۇنلىرىنى



ئاچ قالغان غازدەك سوزۇشۇپ ئاسمانغا تىكىلىپ قارىغىنىچە ئەس - يادىنى يوقىتىپ كېيىنگە قېچىشاتتى... شۇ ئارىدا تاش مېنى يۈدۈپ قاغىلىققا تاشلىغانىدى.

بۇ چاغدا قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپ، بالام تەجەللى بىلەن بىرگە بىر ناۋايخانا ئالدىغا باردۇق. يانچۇقۇمدا پەقەت بىر تەڭگە پۇل بولغاچقا، ئاران بىر نان سېتىۋالدىم. شۇنداق مېڭىشىمغا ناۋاي يەنە بىر ناننى بالام تەجەللىگە تەڭلىدى. بالام ئالغىلى ئۇنىمىسىمۇ ئۇنىماي، ‹ئۆزلىرى بىر ناننى يېسىلە، ماۋۇ بىر ناننى باللىرى يېسۇن› دەپ تۇرۇۋېلىپ بىر ناننى بىزگە ھەقسىز بەردى.

ئاخىرى بىز قاغىلىقتىن ئايرىلىپ خوتەنگە كېتىشنى پىلانلاپ، بىر سەھراغا چىقىپ ئاۋۋالقىدەك بىر تاشقا تەۋەككۇل دەپ بىر مىنگەن ئىدۇق، بىراق تاش قىمىر قىلمىدى. بىز يەنە تام ئۈستىگە مىنىپ باقتۇق. بىراق تاممۇ ھاۋاغا كۆتۈرۈلمىدى. ئاخىرى ئويلىنىپ باقسام، ھېلىقى ناۋاينىڭ نېنىنى ھەقسىز يېگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ بىزگە ھارامدىن سىڭىپ كەتكەنىكەن، بىز يەنە قاغىلىققا قايتىپ كەلدۇق» دەپ يازغانىكەن.

شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەققانىيەت يولىدا شۇم پەلەكنىڭ جاپالىرىنى ئاز تارتمىغانلىقى، خەلقنىڭ مىللىي كۈرىشى يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

1864 - يىلى ئەتىيازدا قۇتبىددىن شاھ يەكەنگە بېرىپ، بۇ جايدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە غۇلجىغا بىر شائىر دوستىنى يوقلىغىلى بارغان. غۇلجىدىكى شائىر دوستى ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ مېھمان قىلغان. قۇتبىددىن شاھ ئۆزى يەكەندىن ئېلىپ كەلگەن قوغۇننى پىچىپ بېرىۋاتقاندا، ھېلىقى شائىر دوستى قوغۇننى داستىخانغا تىزىپ، مېھمانلارغا قاراپ مۇنداق نەزمە ئوقۇغانىكەن:

ئۇشبۇ قوغۇن موللىلارنىڭ قوغۇنى،
ئەھلى ئىلمى ئالىملارنىڭ يوغۇنى.
ياخشى ئالىم تىللا قەلەمدە نەش ئۇرۇر،
چۆلدە بولسا ئۇل باياۋان يۇلغۇنى.

دوستىنىڭ ئۇنى تەسۋىرلىشىدىن قارىغاندا قۇتبىدىن شاھنىڭ ئالىم ھەم شائىر ئىكەنلىكىگە شەك ـ شۈبھە يوقتۇر.

1866 ـ يىلى قۇتبىدىن شاھنىڭ 106 يېشىدا قاغىلىق ناھىيە زۇڭلاڭ يېزىسىنىڭ دۆڭچاقا مەھەللىسىدە ۋاپات بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر.

قۇتبىدىن شاھنىڭ يەنە بىر ئىسمى سەئىد قۇتبىدىن شاھ دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئاتىسى ئەكبەر شاھنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئەلى ئەكبەر شاھ دەپمۇ ئاتىلىدىكەن.

ھازىر بۇ ھەقتە كىشىلەر ئارىسىدا خىلمۇخىل كۆز قاراشلارمۇ بار، بەزىلەر قۇتبىدىن شاھ يەكەنگە پادىشاھ بولغان دېسە، بەزىلەر قەشقەرگە پادىشاھ بولغان دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر، باشقا شەھەرلەرگە ۋاقىتلىق پادىشاھ بولۇپ، كېيىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەن دېيىشىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئاتىسى ئەلى ئەكبەر شاھ يەكەننىڭ پادىشاھى ئىدى، دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئېنىقراق مەلۇمات قۇتبىدىن شاھنىڭ قەشقەر ھاكىمبەگ ئوردىسىغا ئازراق ۋاقىت مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ئىشەنچىلىكرەكتۇر.

ئۇنىڭ بىرقەدەر چوڭراق ھەجىمدىكى شېئىرىي ئەسىرى «رىسالەھى ئىرشادى سالىكىن» (كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى) ۋە «ساقىنامە» ناملىق بىر توپلىمى ساقلىنىپ قالغان، بۇ ئىككى ئەسەر جەمئىي 298 بەت بولۇپ، 7 بابقا بۆلۈنگەن.

ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن قەغىزىگە مىلادىيە 1772 ـ يىلى



(ھىجرىيە 1193 ـ يىلى) يەكەندە يېزىلغان.

بۇ ئەسەردىكى شېئىرلارنىڭ بەزى ۋەزىنلىرىدىن قارىغاندا ئۇنى لىرىك شائىر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزى ئىجادىيىتىدە غايىۋى قارىمۇقارشىلىقلار بار. ئۇ شېئىرلىرىدا مەنسەپ يولىدىكى كۈرەشلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئايرىم ئىشلىرى دېموكراتىك روھتا بولۇپ، خەلق ھاياتىدىن قايغۇرۇش، جاھالەتنى قارغاش، كىشىلەرنى راستچىل، ئەدەپلىك، سەممىي بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

قۇتبىدىن شاھ 9 يېشىدىلا كىتاب، شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 777 پارچە كىتاب ۋە ھەر خىل ئەسەر يېزىپ قالدۇرغانلىقى مەلۇمدۇر. كېيىنچە ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسىم كىتابلىرى قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىكى تەجەللىنىڭ ئوغلى ئوبۇلھۇداخاننىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىدە (قاغىلىقنىڭ چاھارباغ يېزىسىدا) مەخپىي ساقلانغان.

تەخمىنەن 1926 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ھەسەتخورلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن بۇ ئۆيلەرگە ئوت كېتىپ، ئۆي ئىچىدىكى كىتابلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغان. بۇ كۆيۈپ كېتىلگەن كىتابلار ئىچىدە قۇتبىدىن شاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان «ھەببىل بەھىر»، «مۇرەققى كەلىمە شىرىف»، «ساقى نەۋم»، «شىرىكنامە پەلەك» دېگەن مەشھۇر كىتابلىرى ۋە تەجەللىنىڭ خېلى كۆپ قول يازما ئەسەرلىرىمۇ بار ئىدى.

قۇتبىدىن شاھ يازغان بەزى كىتابلار كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن، بەزى كىتابلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىكەن.

بۇ تەرجىمھالنى تەجەللىنىڭ نەۋرىسى سەئىد قۇتبىدىنخان ئاتىسى نوۋرىلھۇداخان سۆزلەپ بەرگەن ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن قۇتبىدىن شاھنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت ماتېرىياللىرى، ۋەسىيەتلىرىگە

ئاساسەن رەتلەپ چىققان. رەتلەش داۋامىدا كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، شۇڭا قېرىنداشلارنىڭ تەنقىدى ـ تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

سەئىد قۇتبىددىنخان خېلى كۆپ يىللاردىن بېرى تەجەللى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى رەتلەش، قېزىشتا باشقىلارنى ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى.

ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان «تەجەللى ـ مۇجەللى»، مۇھەممەت چاۋارنىڭ «بۇلاق» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان تەجەللى، ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرىگە ئائىت بولغان كۆپ قىسىم شېئىر ۋە ئەسەرلەرنى رەتلەشتە كۆپلىگەن تارىخىي ماتىرىيال ۋە قول يازمىلار بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ بۇ يولدا يەنىلا قەتئىي بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاكتىپ رول ئوينىماقتا.



# ھۇسەيىنخان تەجەللى ئىجادىيىتىدە تەمىزلىك ۋە كۆڭلى يۇمشاقلىق

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى

ھۇسەيىنخان تەجەللى يۇرتىمىزنىڭ دەۋر شارائىتى بويىچە دىن بىلەن پەننى گىرەلەشتۇرۇپ ئويلىغان ھەمدە تېببىي ھەم پەلسەپىۋى تەپەككۇرىدا مەۋجۇتلۇق (ئادىمى ھاياتلىق) گۈزەللىكىنى جەۋلان قىلدۇرغان «ئىشق» ئەھلىدۇر. تارىخىي تەپەككۇر ئەنئەنىمىز بويىچە ئېيتقاندا، بۇنداق «ئىشق» ئەھلى مەشۇق بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇش ئۈچۈن ئوتتەك يانغۇچى ۋە ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆڭۈل مۈلكىنى «مەشۇق» قا قارىتىپ «فانا» بولغان كىشىدۇر. «فانا» بولغان كىشى مەشۇقنى دېڭىز دېسە، ئۆزىنى دېڭىز چايقىلىشلىرىدا ئۆركەش بولۇپ كۆتۈرۈلۈپلا شۇ ھامان يەنە دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان دولقۇن دەيدۇ. ئۇنىڭ دېڭىزغا چۆكۈشى مەشۇقتىكى گۈزەللىكنى دەپ ئۇنىڭغا «باقا» بولۇشىدۇر. «باقا» لىق ئۇنىڭ ئەقلىدىكى دېڭىزدەك چەكسىزلىكنى دەپ، ئۆركەشلەۋاتقان دەرمەھەللىك ئويلىرىنى بىر پۈتۈن دېڭىز مەۋجۇتلۇقىغا بويسۇندۇرۇشتۇر.

بۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ ھالدىكى كۆڭلى دېڭىز ياكى ئالەمنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى چېكى يوق بىر كەڭلىكى، ئۇنىڭدا كۆللى ئىنسان، كۆللى دۇنيا، ھەتتا ئالەم ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بىر خىل يارالمىش كۈچ ئىچىدىن تېشىغا، تېشىدىن ئىچىگە ئۇزلۇكسىز بولۇپ

تۇرىدۇ. بۇ ئويلىرىدا ئۇ شۇ چاغقىچە ئۆزى ھەم قوۋمىگە «ئۆزلۈك» بولغان چەكلەرنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. ئەگەر بىراۋنى ھەقىقىي تۇردىكى مۇشۇنداق ئادەمگە ئايلاندى دېسەك، تاشقى جەھەتتە «ئۆزلۈك» بولغان ئادەت، بىلىم ياكى تەجرىبىلەر چېكىدىن بۆسۈپ ئۆتسە، ئىچكى جەھەتتە زاكىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان قانداشلىق تارىخىدىكى «ئۆزلۈك» خاتىرىلىرى ئەسىر قىلغان ئويلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ ـ دە، بۇنداق ئىككى خىل بۆسۈشتىن ھۆر بولغان پىكىرلىرىدە ئۆز ھەم ئۆزگە قوۋملەرنى يېڭى تۇرمۇشقا باشلايدىغان ئىجادىيەت دىيانىتىگە ئۆتىدۇ.

تارىختىن بۇيان پۇتكۇل جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىستېمال (كىرىم)، ئىختىرا (چىقىم) تەڭپۇڭلۇقى مانا مۇشۇنداق ھۆر ئەقىللەرنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەن بولۇپ، كىرىزىسلەر ئۆزلۈك ۋە ئۆزلۈك ئادەت قىلغان بىلىم، تەجرىبىلەرگە چاپلىشىپ ئېلىشىشتىن ھاسىل بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە بىز تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتنى يېڭىلايدىغان بۇنداق ئىجادىيەت دىيانىتىدىكى ئادەملەرنى «ئۆگلۈك» دەيمىز. دېمەك، تارىخىمىزدىكى «ئاشىق»، كۈنىمىزدىكى «ئۆگلۈك» ئۆز تەبىئىتى بىلەن بىزدىكى ئويلىنىپ كېلىۋاتقان ئىجادىيەت تەرەققىيات ھالقىلىرى بولۇپ، بۇ ھالقىلاردا چەك بۆسۈپ ھالقىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئالەملىك ياراتقۇچى كۈچكە تېيىنىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدەش ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇددى كونا زىرائەت يىلتىزلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ، يېڭى زىرائەت ئۆستۈرۈشكە تەييار تۇرغان يەر كەبى يۇمشاق بولىدۇكى، بۇ يۇمشاقلىقتىن تامامەن يېڭى ئىجادىي پىكىرلەر باش كۆتۈرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدە تەكىتلىنىۋاتقان تۇنجى ئىجادىيەت مانا مۇشۇنداق ئاشىق كۆڭۈللەردىن تۆكۈلگەن غەزىنىدۇر.



شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نېمە بىلەن يۇمشايدۇ؟ تەمىزلەش بىلەن، تەمىزلەش نېمە؟ پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىدۇر. بۇ خۇسۇسىيەت بىر ئادەمدە قانداق شارائىتتا ھاسىل بولىدۇ؟ ئۆزلۈكتىن چىققاندا، ئۆزلۈكتىن چىقىش دېگەن نېمە بىلەن ئورۇنلىنىدۇ؟ بۇنىڭ مەزمۇنى تولا، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، شۇ دەمدە ئۆزى بىلگەن مەنىۋى ۋە ماددىي دۇنيا ھەققىدىكى بىلىم ـ تەجرىبىلەرنى تەمىزلەشنى بىلگەندە. بىزنىڭ كۆڭلىمىز نېمە ئۈچۈن ئۇلاردەك يۇمشىماي تاشتەك تۇرۇپ قالدى؟ ئۆزلۈك پېتى تۇرغانلىق ئۈچۈن. قاراپ باقايلى، بۈگۈنكى كۈندە ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنى چاغلىمىغان دەملەردە بىردىن، بىرنەچچىدىن ئۇنۋان ياكى دەرىجە، بايلىق ياكى مەنسەپنى ھىمات قىلىپ كۆرەڭلەپ كېتىشىمىز مۇمكىن، بۇنداق كۆرەڭلەش جامائەت بېسىمى بىلەن ھەرىكىتىمىزدە ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنىسىمۇ، دىلىمىزدا «مەن باشلىق، مەن پىرافېسسور، مەن باي...» مەن يەنە بىر نېمە دەيدىغان ھېماتلار بىلەن باش كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز كىملەرگە چوقۇنساق، كىملەرنى تۆۋەن كۆرۈپ ئىرەن قىلمايمىز ـ دە، ئازغىنە بىلىم ۋە تەجرىبە بىلەن سورۇن ـ سورۇنلاردا كۆرەڭلەپ، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيانىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن نادانلىق، غاپىللىق تەرەپلىرىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىمىز. تەمىزلىگۈچى يۇمشاق كۆڭۈللەر بىزدىكى مۇشۇنداق ئىدىيەۋى كېسەل، روھىي مەجرۇھلۇقتىن قۇتۇلغان ئۇشتۇر روھىدىكى (كۆڭلىدە پىكىرلەر قۇشلار ئاسماندا ئۇچقاندەك قانات قېقىپ تۇرىدىغان) ئادەملەر تەمىزلەش ئارقىلىق ئەنئەنە بولۇپ كەتكەن بىلىم، تەجرىبىلەر ياكى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ياخشى ـ يامان، توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى خاتا تەرەپلىرىگە «تۇۋا، مەن زادى نېمىگە چوقۇنۇپ يۈرىمەن؟ قويە بۇنداق كۆڭلى قارىلىقنى» دەيدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ مۇشۇپ پەيدىكى ھەربىر «تۇۋا» سىدىن كېيىنلا،

يېڭى بىر ئەقىل خۇددى ئاسماندىكى بۇلۇت ئارىسىدىن قۇياش مارىلى-
غاندەك باش كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزدە ھۇسەيىنخان تەجەللى تارىخىمىزدى-
كى ئەنە شۇنداق تەمىزلىگۈچى يۇمشاق كۆڭۈل ئالىملارنىڭ ئىزچىسى
بولۇپ، ئۇلاردىكى تۇپ خۇسۇسىيەت ياراتقۇچى بىلەن بىللە مەۋجۇت
بولۇش ئۈچۈن كۆڭلىدىن ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ ئازغۇن روھ-
لارنى تازىلاپ تۇرۇشتۇر. بۇلارنىڭ كىتابلار بىلەن لىق تولغان كۇتۇپخا-
نا ياكى تەييار ئۇقۇملارنى يادلايدىغان ئىتكاپخانىلاردا كۆزلىرىگە ئەينەك
تاقاپ ئولتۇرۇپ تۇرلۇك ئىبادەتلەرگە مەھلىيا بولۇپ كېتىشى ناتايىن،
لېكىن ئۆزىنى ھەر يول بىلەن تەمىزلەپ تۇرىدۇكى، شۇئان ئۇنىڭدا
ئويلىمىغان بىر يېڭى پىكىر تۇغۇلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بىراۋلار «مەن
ئۇنىڭدىنمۇ ئىرىشچان ئىدىمغۇ؟» دەپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن،
بۇنداق كىشىلەردىكى «بىلىمىم بار، تەجرىبەم بار» دېگەن قاتماللىق
يۇمشاق كۆڭۈللەرنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى تەمىزلەشتىن ئۆتمىگەنلى-
كى ئۈچۈن مەڭگۈ ئارقىدا قېلىۋېرىدۇ. ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ
كۆڭلى ئەنە ئاشۇنداق باشقىلارنى ئارقىدا قالدۇرىدىغان دەرىجىگە بارغان
ئۆگلۈك كۆڭلىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي،
ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئىجادىي زەۋق بىلەن تولۇپ تۇرۇشى، دىن
دېگەندە «سەللە بىلەن تەسۋى» نى تىجارى يوللار بىلەن جان ساقلاش ۋا-
سىتىسىغا ئايلاندۇرغان ئاينىشلارغا قارشى تۇرۇپ، روھنىڭ پاكلىقىنى
ساقلاشنى ئالغا سۈرسە؛ پەن دېگەندە، ياراتقۇچى كۈچكە تېۋىنىپ تۇرۇپ
ئىجتىمائىي ئادالەت بىلەن شىپايى داۋا ھېكمەتلىرىنى ئېيتىشى
ئۇنىڭ شۇنداق يۇمشاق كۆڭۈل ئۆگلۈك ئىكەنلىكىگە ئەڭ ياخشى دە-
لىلدۇر.

بىز نېمە ئۈچۈن «بىلىمدىن ئارتۇق مەرتىۋە يوق» دېگەن يەكۈننى
بىلىپ تۇرۇپ، ھۇسەيىنخان تەجەللى ۋە شۇنداق ئۆگلۈكلەرنىڭ كۆڭ-



لىنى شۇنداق مەرتىۋىدىن ئۈستۈن قويىمىز؟ توغرا، بىلىم زۆرۈر،
لېكىن ھەرقانداق بىلىمنىڭ دەۋرى ئۆزگىرىشى ۋە تولۇقلىنىشى،
شاللاپ تاشلىنىشى باردۇر. بىز بىلىمىز، «بىلىم ئىككى تەرەپتىكى قا-
راڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدا سوقۇلغان چاقماق نۇرى، لېكىن، بۇ قاراڭغۇ-
لۇقتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ؛ بىلىم تېخنىكا ئالدىدا شۇنداق مۇھىم-
كى، ئۇ خۇددى يېقىلغۇ موتورنى ماڭغۇزغانغا ئوخشايدۇ؛ لېكىن ئۇ بى-
لىنمىگەن دۇنيانى قوزغىتالايدۇ. بىلىنمىگەن دۇنيا بىلىنگەن غەزىنە
ئىچىدە ئەمەس، شۇڭا، بىلىم بىلىنمىگەن دۇنيانىڭ ئاشكارىلىنىشى
ئۈچۈن يول بېرىشى كېرەك». ھۇسەيىنخان تەجەللى ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش ئۆگلۈكلەر مانا مۇشۇنداق يول بېرىش قانۇنىيىتى بويىچە
ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەمىزلەپ كۆڭلىنى يۇمشاتقان كىشى-
لەردۇر. بۇ يۇمشاق كۆڭۈللەر ئىجادىيەتنىڭ مول ئېتىزىدۇر.

ئېھتىمال، سىز ئىجادىيەت ھەققىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي
مەكتەپكىچە نۇرغۇن دەرسلەرنى ئوقۇغان ھەمدە كىرىشكەن كەسىپلە-
رىڭىزدىن ئىجتىمائىي ئورتاقلىقچە تۈرلۈك ئىجادىيەت ھەم ئىسلا-
ھات، ئىختىرا شوئارلىرىنى توۋلىغان، شۇڭا بىزنىڭ ئىجادىيەت ئۈس-
تىدىكى سۆزىمىزنى ۋە ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ يۇمشاق كۆڭلىگە
بولغان قارىشىمىزنى ئاڭلاپ: «نېمە دەيدىغاندۇ؟» دەپ قېلىشىڭىز
مۇمكىن. چۈنكى، بىزدىكى بۇ زات بىزنىڭ بۈيۈك بوۋىلار ۋە ئۇلار ئې-
تىقاد قىلغان دىنىي مەدەنىيەتلەرنىڭمۇ ئىزچىسى بولۇپ، ئۆز ئىجاد-
ىيىتىدە مۇشۇنداق بىر ئۇدۇمنى دۇنياۋى مەدەنىيەت غەزىنىسىگە دەۋر
روھىدا بىر تامچە قىلىپ قوشۇش ئۈچۈن مۇستەقىل ئويلىغان ئادەم-
دۇر. ئۇنىڭدىكى ئىشىق دەماللىقتا ئۇنۇم قازىنىدىغان مەلۇم مەرتىۋە
ياكى شۆھرەت ۋاسىتىسى ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق بىر تامچە بولۇش
ئۈچۈن ياراتقۇچى قانۇنىيەتلىرىگە ئاشىق بولغان بولۇپ، نەۋايى تەبىرد-

دىكى «ئاشىق» ھېسسىياتىنىڭ ئۈچ دەرىجىسىنى كېزىپ ئۆتۈپ سىد-
دىقى دەرىجىدە توختىغاندۇركى، بۇ دەرىجىلەردىكى ھەربىر يۈكسەكلىك-
نى ئۆزىدە جارى قىلىش ئۈچۈن ئىستىغراغ (غەرق بولۇش) ھېسسىيا-
تىغا تولغاندۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى بۇنداق ھېسسى-
يات ئىنسانىيەتتىكى ئۈزۈلمەس رىشتە بولۇپ، ئىنسانلار تەرەققىياتى
ئەمەلىيەتتە پاك يۈرەكتىن قوزغالغان مۇشۇنداق تەبىئىي ھېسسىيات-
نىڭ رەتلىنىپ ئىجادىي نۇرغا ئايلىنىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

مەسىلەن، نەۋايى بۇنداق «ئىشق» ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنى ئادەم
روھىيىتىدە ھەممىنى ئىشقا سالغۇچى قوماندان ھېسابلاپ، ئۇنى پەقەت
مەشۇق بىلەن بىللە مەۋجۇت بولغاندا گۈزەللىككە قاراپ ماڭىدىغانلىقى-
نى بېكىتكەن. نەۋايى ئېيتمۇاتقان «مەشۇق» روشەنكى يارانقۇچى كۈچ
ئايلانمىسى بىلەن ئۆرە تۇرغان لاھۇم (چەكسىز ئالەم) بولۇپ، ئۆز تەبى-
ئىتىدىن گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ گۈزەللىكنى ساقلاش، ئۇنىڭغا
مەھلىيا بولۇپ گۈزەللەشتۇرگۈچى «ئاشىق» لارنىڭ مۇستەقىل ئىجاد-
يەتلىرى بىلەن ئۆزىنى بايىقىغۇچى «ئىشق» قا موھتاج. ئۇ ھەرقاچان
ھەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قارىتىپ ئالىسمۇ، ئاچكۆزنىڭ ئۇۋۇچىلىقى
بىلەن «ئاشىق» نىڭ پەرۋىشىنى پەرقلەندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە.
شۇڭا، ئۇلار ئالدىدا ماھۇم (تەپەككۇر قىلغۇچى تەن) كۆڭلى يۇمشاق ۋە
تەمىز بولۇش كېرەككى، شۇ ئاندىلا ئۇ دېگەن لاھۇمدىكى گۈزەللىكنى
ياخشى كۆرىدىغان تەبىئىيلىكنى ئەڭ بايىقىغۇچى، جارى قىلدۇرغۇچى
بولالايدۇ.

نەۋايى تەسۋىرىدىكى «ئىشق» دەرىجىسى ئۈچ بولۇپ، بىرىنچى دەرى-
جە ئاۋام ئىشقىدۇر. بۇ ئادەتتە خەلق ئارىسىدىكى ھېسسىيات ئۆركەش-
لىرى بولۇپ كۆرىنىدۇ. «مەسىلەن، پالان ـ پالانىغا ئاشىق بولۇپتۇر. بۇ
خىل ئىشق ھەرقانداق كىشىگە ئۇنىڭ كۆيگىنى ۋە پەرىشان بولغىنىغا



يارىشا جىسمانىي لەززەت ۋە نەپسانىي شەھۋەت بېرەلمەيدۇ. بۇ قىسىم
ئىشقنىڭ يۇقىرىراق مەرتىۋىسى پۈتكۈل خەلققە سۈننەت ۋە مۇباھ
بولغان شەرئىي نىكاھدۇر. ئۇنىڭ تۆۋەنرەك مەرتىۋىسىدە پاراكەندىلىك،
چېچىلاڭغۇلۇق، بى پاللىق ۋە ناخۇشلۇقلار بار بولۇپ، ئۇنى ئېيتىش
ۋە ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈش ئەدەپسىزلىك ۋە نومۇسسىزلىق بولىدۇ.»
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋام ئىشقى رەتلەپ گۈزەللەشتۈرۈشكە موھتاج. ھۇسە-
يىنخان تەجەللى بۇ دەرىجىدە ئۆزىنى شەرمىي نىكاھ بىلەن باشقۇرغۇ-
چى ھەمدە ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇنى ھەر تەرەپلەردىن
ئۆستۈرگۈچىدۇر.

نەۋايى نەزىرىدىكى ئىككىنچى دەرىجە «خاس ئىشق» بولۇپ، ئۇ بۇ
دەرىجىدە مانا مۇشۇنداق ھېسسىياتنى رەتلەش بويىچە «پاك كۆزنى پاك
نەزەر بىلەن پاك يۈزگە سالغۇچى»، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى، خوجاھاپىز
شىرازى، ئابدۇراخمان جامىلاردەك بۈيۈكلەرنىڭ پاك بازلىرى، نەزمىلە-
رى، ھېكايىلىرىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنى نەزمە، ھېكايە ئورمانزارلىق-
لىرىنى ھاسىل قىلغۇچى «ئىشق ئارسلانلىرى» دېگەن. تەبىئىيكى، نە-
ۋايى ئۆزى ھەم شۇ جۈملىدە ئىجاد قىلغان، پاك نەزەر بىلەن پاك يۈز-
لەرنىڭ ئىشقىدىن قوزغىلىپ «ئىشق» نى سۆزلىگەن. ئۇ «ھەممە كائى-
نات مانا شۇنىڭ بىلەندۇر ۋە بۇنىڭسىز ئۇلارنىڭ سۆزى مەنىسىز،
تېنى جانسىزدۇر». ئادەم باللىرىنىڭ لەۋزى ۋە سۆز ـ ئىبارىلىرىنىڭ
باغلىرى گۈلسىز ۋە رەيھانسىزدۇر» دېگەندە، «ئىشق» نىڭ ئادەملەردىكى
ئومۇمىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى جىكىلەپ، ھەممىمىزنى «ئۆزلۈك»
بولغان «ئىشق» خاتىرىلىرىنى رەتلەپ يېڭىلاشقا چاقىرغان» «نەزمىنىڭ
تۈزۈلۈشى ۋە شېرىنلىكى بىلەن ھارارىتى بولمىسا، ئىشق ھارارىتى-
نىڭ كۆيدۈرۈشى بولمايدۇ. ئۇنداق سۆزلەرنى يورۇقى يوق چىراغ،
خۇشلۇقى يوق جامائەت دېسە بولىدۇ. دېمەككى، ئىشق سۆزى تەرانە

(يېقىملىق) ئاۋازدۇر، بۇندىن باشقىسى ئەپسانىدۇر. سۆز ـ ئىشق سۆزى‑
دۇر (كۆيدۈرىشىدۇر)، كۆڭۈل ـ ھاياتنىڭ ھۇزۇرى ئىشق سۆزىدۇر» دې‑
گەندىچۇ؟ ئىشقنى رەتلەپ ئەسەرگە ئايلاندۇرغۇچىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە
ئۇنىڭ ئىشق قوزغىلىشىدا ھەقىقەتنىڭ ئۇياق ـ بۇياق بولۇپ كېتىش
ئېھتىمالى بارلىقىنى جېكىلەپ، ئىجادىيەتچىدىن ئۆز ئەسىرىدە شېرىن‑
لىك ۋە ھەق ـ ناھەقنى تولۇق ئايرىيالايدىغان ھارارەت بولۇشىنى تەلەپ
قىلغان. بىلىمىزكى، ھۈسەيىنخان تەجەللى يۇرتىمىز خەت يازغان قول‑
لارغا تاياق ئۇرىدىغان، ھەتتا ئۇ قولنى باغلاپ تۇنلۇككە تەتۈر ئاسىدى‑
غان قىسمەتلەر ھۆكۈم سۈرگەن خۇراپىيلىق ئىچىدە ئىجاد قىلدى.
شۇنداق تۇرۇغلۇقمۇ ئۇنىڭ ئاشۇنداق جۈرئەتتە بولۇشى نەۋايى ئېيتقان
كۆڭۈل تارلىرىنى چالىدىغان يېقىملىق ئاۋاز ئىگىسى، مەزمۇننى ئى‑
پادىلەيدىغان سۆز شېرىنلىكى بىلەن نەۋايى نەزىرىدىكى ھارارەتنى
ھاسىل قىلغۇچى ئىككىنچى دەرىجىگە يۆتكەپ ئالىملىقىنى ئىسپاتلاي‑
دۇ. ئۇنىڭ چەت ئەللەردە 20 يىللىق ئىلىم تەھسىل قىلىش سەپىرىنى
ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا كېلىپ، تاۋلانغان «ئىشق» بىلەن كىشى‑
لەرنىڭ كۆڭلىگە ئوت يېقىشى بولسا، ئۇنىڭ ئىشقىنىڭ نەۋايى كۆر‑
سەتكەن ئۈچىنچى باسقۇچى ــ سىددىقى دەرىجىگە بېرىپ يېتىپ، يا‑
راتقۇچىنىڭ ۋەسلى شارابىنى قەيەردە ئىچسە بولۇۋېرىدىغانلىقىنى
بىلىپ يەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆز يۇرتىدا ئىلىم ـ پەن گۈلخانى
بولۇپ، ئارام تاپقان پاك روھ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.
گەپنى قىسقا قىلغاندا، ھۈسەيىنخان تەجەللى مانا مۇشۇنداق تەمىز ئا‑
دەمكى، ئۇنىڭدىكى تەمىزلەنگەن كۆڭلى يۇمشاقلىق تارىخىمىزدىكى
ھىلال ئاي ياكى پاتماس قۇياش نۇرىغا نەققاش ئىجادىيەت نۇرىنى تارقات‑
قۇچى سىمۋولدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەينى چاغلاردا ئۇنىڭ «فانا» بولۇپ
ئىشقنى تاۋلايدىغان تەمىزلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قەشقەردىن



ئابدۇقادىر داموللام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي ئېرپانلار ئۇنىڭ ئالدى‑
غا بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولسا، خوتەندىن يەنە شۇنداق ھېكىم ۋە
شائىرلار ئۇنى قەدىرلەپ ئىرشاد تىكلىگەن. بىز ئۇنىڭ روھىدىن بىر
تامچە بولۇش ئۈچۈن 2007 ـ يىلى ئەتىيازدا قەقنۇس بىلەن قاغىلىقتا
تاۋاپقا بارغانىدۇق. بۇ جەرياندا ھاكىمدىن باشلاپ شائىرلارغىچە، مەمۇ‑
رىيلاردىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلارغىچە نۇرغۇن سۆھبەتلەردە بولۇپ، قا‑
غىلىق خەلقىنىڭ تەجەللىنىڭ قەبرىگاھى ئەتراپىدا ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئى‑
جادى سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىۋاتقان جامائەت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تارىخىي ئەنئەنە ۋە ئەجنەبىي پىكىرلەرنى تەمىزلەپ
ئىجاد قىلىش روھىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇقكى، ئۇنىڭدىكى
ئۆزلۈك بىلەن قاتقان كۆڭۈلنى يۇمشۇتىدىغان تەمىزلىكنى ئىجادىيە‑
تىمىزگە تۇمار قىلىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلدۇق.
تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ھۈسەيىنخان تەجەللىدە كۆرۈلگەن تەمىزلىك
بىز بۈگۈنكى كۈندە كۆتۈرۈپ چىققان ئۆگدۈلمىش ۋارىسى ئۆگلۈك تۇ‑
رۇمىدىكى پاكلىق بىلەن ناپاكلىقنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۇسۇل بولۇپ،
بۇنى زامانىمىزدىكى خىمىيە پېنىدە ماددىلارنىڭ پاكلىقىنى تەكشۈرىدى‑
غان سىنتېزلەش ئۇسۇلىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. لېكىن، تەمىزلىك
ماددىلارنىڭ ساپلىقىنى ئەمەس، روھنىڭ ساپلىقىنى سىنتېزلەيدۇ.
ئۇنىڭ بۇ سۈپىتى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ساپاسى، پاكلىق قوغلىشىش
ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ تارىخىي ئىنسانىيەتنىڭ مەركىزى ئا‑
سىيانى مەركەز قىلىپ ئوت ئالغان تۇنجى قەبىلە نوھ ـ ياپەس ئوغۇل‑
لىرىغا باغلىنىپ كەتسىمۇ، بۇنداق قوغلىشىشنى بىز ھازىر ئوقۇيالاي‑
دىغان يېزىق ۋە تىلىمىزدا بۈيۈك ئەسەرلەرنى قالدۇرغان ئىككىنچى مە‑
دەنىيەت دولقۇنى (بىزدە بىرىنچى مەدەنىيەت دولقۇنى بۇددىزمنىڭ ماھا‑
يانا ئىجادىيىتىدە كۆتۈرۈلگەن) نى نەزەرگە ئالساق، بۇ گەپ 10 ـ

ئەسىر ئەتراپىدىكى تاھىرخانىيە (قاراخانىيلار قورۇلۇشتىن بۇرۇنقى
تارىم ئەتراپىدىكى خانلىق) ۋە قادىر خانىيە (ھازىرقى ئىلىمىزدە قارا
خانىيلار ئاتىلىۋاتقان جايلار) گە تاقىلىدۇ. ئىسلام دىنى ھەزرىتى ئەلى
زامانىدىن باشلاپ، دەسلەپ غەربىي ئىران (ئەرمەنىيان) پارىسى يەرلىرد-
نى، كېيىن ئافغان ۋە كەشمىر (باكتېرىيان) يەرلىرىنى ئالدى. ئەلۋەت-
تە، بۇ جەرياندا نۇرغۇن جەڭلەر بولدى. نۇرغۇن مائىنىزم (ماھايانا) تا-
لىپلىرى، ماشايىخلىرى ھىندىستان، تارىم تەرەپكە قاچتى. ئەسەرلىرد-
نى ئېلىپ كەتتى. قالغانلىرىنى ئىسلام قوشۇنلىرى يوقاتتى. ئىسلامغا
ئۆزگەرگەن باكتېرىيان ئەۋلادى بولغان غەزنىۋىلىكلەردىن بولغانلار تا-
رىمغا يۈرۈش قىلغان ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن كەلگەندىن كېيىن
خان بولدى. مەسىلەن، مەنسۇر ساماني، ناسىر ساماني دېگەنلەر، ئۇردۇ
ئاتالغان تۈركىيەلەر ياكى كېيىنچە غەزنىنى ئاساس قىلغان سەلجۇقىي-
لار ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسەب يىلتىزى تاھىرخان مۇھەممەتتىن كېيىن-
كى چاغلارنى نەزەرگە ئالغاندا، ئورخۇن ئەۋلادى بولغان قادىرخان كۆلتى-
كىن نەسلى سوغدۇق بۇغراخان بىلەن تاھىرخان ئەۋلادى ئەبۇ ئەلى
پەتتاھ، ھۇسەيىن خەلەپ، نۇر ئەلانۇر خېنىم، ئوغلى يۇسۇپ قادىرخان
ھەم ئوردۇ (سەلجۇقىيلار) ھەم ئورخۇن (قارلۇقلار) قوشۇلمىسى ئىدى.
بۇلار ئەقلىنى تاپقاندا قەدىمكى دۆلەت روھى ـ ئاتەش دەۋرىدىكى ئاتلىق-
لار ئالىپ ئەرتۇڭا روھى، كۇشان دەۋرىدىكى ماھايانا روھىنى بىلىپ
ئالغان ۋە شۇ بويىچە ئۆزى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى
ئەھيا قىلغان ئانا يەر ۋە نەسلىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن ئۆزگىچە دۆلەت
قۇرۇش يولىنى تۇتۇپ، بۇنى نەسلى ساپلىق، دىنى پاكلىق ھېسابلىغان.
بۇ ساپلىق ۋە پاكلىقتا بىرىنچىدىن، ئۆزى تۆرەلگەن نەسلى ساپلىق
بىلەن باشقا قاندىكىلەرگە بۆلگىنىش پەرقلەندۈرۈلسە؛ ئىككىنچىدىن،
ئىلىم ئىگىلەش بىلەن ئىلىم ئىگىلىمەي نادانلىقتا قېلىش پەرقلەندۈ-



رۈلگەن. بۇ ئىككى خىل پەرقلەندۈرۈش دۇنياغا قاراشتىن ئىبارەت
تاغدەك ئىشلاردىن كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى قومدەك ئىشلارغىچە رول
ئالغانلىقتىن، بۇنداق پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى بارا ـ بارا ئومۇمىي
خەلققە قارىتىلغان بولۇپ، پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە كىشى-
لەر «تەمىز» ئاتالسا، پەرقلەندۈرۈلمەيدىغان كىشىلەر «كۇپۇر» (نادان) ئا-
تالغان. لېكىن، بۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بارغانسېرى ئادەمنىڭ تە-
پەككۇر ۋە ھەرىكەت سۈپىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، نوقۇل نەسەپپە-
رەسلىك ۋە دىنپەرەستلىكتىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي ئىنتى-
لىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەقلىي ئۆلچەمگە ئايلانغان ۋە بارا ـ بارا
ئادەمنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىغا تەدبىقلىنىپ ئىلىملىك ياكى
ئىلىمسىزلىك، ئەقىللىقلىق ياكى ئەقىلسىزلىك، ئېتىقادلىق ياكى
ئېتىقادسىزلىقنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتلەردە كەڭرى جارى قىلدۇرۇل-
غان. مەسىلەن، بۇنداق تەمىزلىك قارىشىغا بىز «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى مىسال قىلساق، ئۇلار ئادەمنىڭ ساپلىقىغا
ئۇنىڭ يالىڭاچ تۇغۇلغانلىقىنى سىمۋول قىلىپ «يالڭۇق» دېسە، بۇلغى-
نىپ كەتكەنلىكىگە ئازغانلىقىنى سىمۋول قىلىپ «ياڭلۇق» دېگەن.
لېكىن، ئادەم نەسلى ئەسلىدە ئەقلى بىلەن يارىتىلغان ساپلىق بولغاد-
لىق ئۈچۈن، بۇلغىنىپ كەتسىمۇ يەنە تۈزىلىپ ساپلىققا كېلەلەيدىغاد-
لىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى مۇشۇ تەمىزلىك نې-
مىتىگە ئىگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. مەسىلەن، «دىۋانۇ لۇغاتىت
تۈرك» تە ئاۋۋال ئادەمگە: ‹يالڭۇق› دېگەنلىك ‹ئىنسانىيەت، پۈتۈن ئىن-
سانىيەت› دېگەنلىك بولىدۇ، ‹ياڭلۇق› دېگەنلىك يېڭىلىشقاق، ئۇنۇتقاق،
ئاداشقاق دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئىككى خىل ئىسىم قويۇپ، پۈتۈن
ئىنسانىيەتنىڭ تۇغۇلۇشى ئوخشاش يالىڭاچ ـ ساپ بولسىمۇ، «تەمىز»
بولمىغاندا، ياڭلۇق (يېڭىلىشقاق، ئۇنۇتقاق، ئاداشقاق) بولۇپ قالىدىغاد-

لىقىنى كۆرسەتسە، ئاندىن: «بىلىگ ــ بىلىم، ئىلىم، ھېكمەت دېگەنلىك بولىدۇ، بىلىگ ئۆگەن!» دەپ بىلىمگە شەرھى بەرگەن ۋە بۇ بىلىم ئارقىلىق تەمىزلىنىپ ھېكمەت ئىگىسى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە: «ئادەم بالىلىرى ھەممە ئەسلى بۈيۈك، بىلىم بىلەن ئەقىللىنىپ بولۇر كۆپ تۈزۈك» ( 1958 ـ بېيىت) دەپ، ئادەمنىڭ تەمىزلەنگەندە ئەسلىدىكىدەك ساپ ھالەتكە يېڭىچە سەۋىيەدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. دېمەكچىمەنكى، بۇ دەۋردىكى بوۋىلار تەمىزلىك ئۆلچىمىنى ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۆلچەم قىلىپ: يالىڭاچ تۇغۇلغان ساپ ـ سەممىي ئادەمنىڭ بۇلغىنىپ كېتىش ئېھتىمالىنى ھاياتلىق ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن بىلىم ئارقىلىق يېڭى تەپەككۇرغا يېتەكلەش لازىم، شۇئاندا بۇ بىلىم ئەقىل ۋە ئەخلاق تۇغۇپ بېرىدۇ. يېڭىلانغان بۇ ئەقىل ۋە ئەخلاق بىلەن قۇراللانغان كىشىلەر جاھاننى كەشپىيات، ئىختىرا بىلەن بېزەپ، بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت قۇرىدۇ. بۇنداق قۇرۇش ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ئىككىنچى سۈپىتى ــ ئۆزى ياشاۋاتقان ھەربىر دەۋردە خار ۋە زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلىدىغان ھاياتلىق سۈپىتى، دېگەن قاراشقا كەلگەن. قادىرخان (قاراخان) لاردىكى بىلىم ئېلىپ يېڭى ساپلىققا يېتىش، كەشپىيات يارىتىپ بارلىق بۇلغىنىشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان بۇنداق تەمىزلىكنى شۇ زامان رېئاللىقى بىلەن چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ ئىككى گۆھەر كىتابىمىزغا مۇراجەت قىلساق ئەھۋال بۇدۇر:

يۈسۈف خاس ھاجىب شۇنداق تەمىزلەش روھىدىكى ئادەم بولغاچقا، «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» باشچىلىقىدىكى ساماۋى كىتابلاردىن قايناپ تۇرغان كىشىلىك ھايات سورۇنىغا سەكرىگەن بولۇپ، شۇ زامان تەلىپىگە يارىشا نۇر تارقىتىدىغان ياشاش پەلسەپىسى تۇرغۇزۇپ بەرگەن. بۇ ئەسەرنىڭ شۇ زاماندا جورىسى يوق. ئۇنىڭ بۇنداق



ياشاش پەلسەپىسى زادى قانداق بىر كۈچ ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن؟ ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك تەمىزلەش ئىدىيەسىدىن كەلگەن. بوۋىمىز خۇراپىيلىقنى ئىلىم ـ پەن كۈچىدىن پەرقلەندۈرۈش، روھانىيلىقنى ئىنسانىي كامالەت قورالى پاراسەتتىن پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق شۇ زاماندىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان نادانلىقتىن بۆسۈپ ئۆتكەن، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ياشاش پەلسەپىسى ئەڭ ئاۋۋال خۇراپىي تەقدىرچىلىكتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، «ئەنەل ھەق، مىنەل ھەق» دېگەن يەرگە كەلگەن. بۇ، «تەڭرىنىڭ ئىلمى بولسا، ئىنساننىڭمۇ ئوبيېكتىپتىن ھېس قىلغان بىلىمى بولىدۇ»، بۇ بىلىم تەڭرى ئىنساننى يارىلىش قىلىشتىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆمگەن ئەقلى قابىلىيەت ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، بۇ قابىلىيەت ئىنساننىڭ دەۋرى تەپەككۇرى ئارقىلىق تەكرار ئىشقا چۈشىدۇ ۋە بارغانسېرى ئۆسۈپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسان بىلىمى بارغانسېرى ئۆسۈپ بارىدۇ، دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» «مىنەل ھەق» نى سىستېمىلاشتۇرۇپ بايان قىلغان. يەنى بۇ ئەسەر شۇ زاماندىكى دۇنيانىڭ، تەبىئەتتىكى ھەممىنى تۆت نەڭ (تادۇ ــ ماددا ھەرىكىتى) بىلەن يېشىپ بېرىپ، كىشىلەرنى دەۋر تەلىپىدە بىلىم ئېلىشقا، تەرەققىيات ياساشقا ئۈندەيدىغان تەرەققىيات پەلسەپىسى، تەرەققىياتنىڭ تەپەككۇر خەرىتىسىنى سىزىش پەلسەپىسى بولغان. مەزكۇر ئەسەر روياپقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مەيلى قايسى مەۋقەدە بولسۇن، قانداق شەكىلدە بايان قىلىنغان بولسۇن نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى شەيئىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر، قەھرىمانلىق، ئىشق ـ مۇھەببەت ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، ئېپوسلار، تارىخىي ۋەقەلەر، نەزەرىيەلەر قاتارلىق تەبىقە ۋە قوۋملارغا تەۋە مەھەللىۋى تەپەككۇرلار ئىدى. لېكىن، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇنداق قىلمىدى. ئۇيغۇر ۋە ياكى قادىرخان (قاراخان)

لارغا تەۋە خەلقلەرنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدىلا گەپ قىلمىدى، بەلكى، ئاشۇ نادىر ئەسەرلەرنىڭ تەبىقە ۋە قوۋملەرگە تەۋە تەپەككۇرلىرىنى يەكۈنلەپ، جەۋھەرلەشتۈرۈپ، جىنس، تەبىقە، قوۋملەردىن ھالقىغان دەھر (ئىنسانىي) بىلىمگە تەبىر بەردى. ئەينى زاماندىكى ئىنسانلار بىلىمى يەنى ئەقلىيەتچىلىك قاتتىق چەكلىنىۋاتقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق بىر شىجائەت، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» كە تەقرىز قىلغان ھالدا ھاياتنى، رېئال تۇرمۇشنى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئىنسان ئۆزى بىلىپ يەتكەن پەلسەپىۋى قاراش بىلەن تەسۋىرلەش، ئىنسانلار دۇنياسىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپە ۋە كەم كۆرۈلىدىغان مۆجىزىدۇر. شۇنداقلا قادىرخان (قاراخان) لار ئوردىسى قەشقەرنىڭ دۇنيانى يېتەكلەش خاراكتېرى بار ئىلىم تۇغىنى لەپىلدىتىپ تۇرغان ئۇلۇغ شەھەر ئىكەنلىكىگە بەلگىدۇر.

ئەگەر بىز بۇنداق بىر شىجائەتنى بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلساق مەلۇم بولىدۇكى، شۇ چاغدىكى قەشقەر شەرق ئىسلامىيىتىنىڭ مەركىزى ئىدى، قەشقەر ئەرەبلەردىكى نىسبەتەن خۇراپىيلاشقان دەھر ئىلىم كۆز قارىشىدىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ماھايانا ئاساسىدىكى مەدەنىيەتلىكى بىلەن بىرقەدەر يىراق تۇراتتى. قەشقەر ئورنىدىكى بۇ ھال قادىرخان (قاراخان) لارغا بىر قەدەر ئىلمىي گەپ قىلىشقا رىغبەت ئىدى. شۇڭا، مەيلى يۇسۇف خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ۋە ياكى مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى ۋە باشقا ئالىملار شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەرنى يازسۇن، بۇ ئەسەرلەر شۇ دەۋردىكى قەشقەرنىڭ رېئاللىقىدىن دۇنياغا ئاۋازى يېتىدىغان بۈيۈك ئەسەرلەر بولۇپ پۈتۈپ چىقتىكى، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئىلاھىي قانۇن - نىزاملارنى ئىنسانلارنىڭ رېئال ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، دەھر (ئىنسانىي) ئىلمىنى نەزەرىيەۋى قانۇن بىلەن چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى تەرەققىياتقا ئۈندەش يولىغا ماڭدى. يەنى جىنس، تەبىقە، قوۋم، مەزھەپتىن تاشقىرى دۆلەت قۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن ۋە ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشتەك مەركىزىي ئىدىيەنى، ئىنسانىي بىلىمنىڭمۇ قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى بىرىنچى بولۇپ بوۋىمىز يۇسۇف يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويدى. مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر ھەقىقىي بىلىمنىڭ جىنس، تەبىقە، قوۋم، مەزھەپ، دۆلەت چېگراسى بولمايدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. قانۇن بىلەن دۆلەت قۇرۇشنىڭ تەمىنى تېتىدى. شۇنداق ئىكەن، جىنس، تەبىقە، قوۋم، مەزھەپكە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەر ھامان مەھەللىۋى تەپەككۇركى، دۇنيانى توغرا باشقۇرۇشقا يارايدىغان ئومۇمىي يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بىلىم ئەمەستۇر. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۇسۇفنىڭ ئېرا ھالقىغان ئىدىيەسى - «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت كاتتا داستانى ئەنە شۇ مەھەللىۋى چېگرالاردىن ھالقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زاماندىن ئىبارەت ئۈچ دەۋر ھەم بارچە ئىقلىمغا ماس كېلىدىغان، جورىسى يوق بىلىم — «ئىقلىمدا بىر كىتاب» بولغاندۇر. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» مۇ 1000 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە 2008 - يىلىنىڭ ئۇنىڭ نامىغا ئاتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنياۋى ۋەقە بولغاندۇر.

«تەمىز» لىكنىڭ قادىرخان (قاراخان) لاردىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا كېلىدىغان بولساق، مەركەز قەشقەردىن خارەزمگە يۆتكىلىپ 7 يىل كېيىن بۇ زېمىن چىڭگىزلار تاپىنى ئاستىغا چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، تەمىزلىك روھى خۇددى لايغا چۈشۈپ كەتسىمۇ، سۇدا يۇغان ھامان پارقىرايدىغان گۆھەردەك داۋام قىلدىكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ماشايىخلىرىمىز قادىر قاراخانىينىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «دىۋانۇ ھېكمەت» ئەسەرلىرى

ئاساسىدا تۇرلۇك ئەسەرلەر يېزىپ «نوھ كېمىسى» نى دەۋر قىلغان
«ھود نوھ سوغدۇق»، يەنى چۆل كېمىسى بولغان ئۆشتۈر (تۆگە قۇشى)
روھىنى يەرلەشكەن تەمىزلىكنىڭ دىلراھ مۇقام ـ مەشرەپ مېلودىيە-
سى ئارقىلىق زامانىمىزغىچە ئېلىپ كەلدى. ئەينى چاغدىكى ياۋروپا،
بولۇپمۇ نېمىس پەيلاسوپلىرى گېگېل قاتارلىقلار بىلەن بۈيۈك ئەدىب
گىيۇتىلارغا تەسىر كۆرسەتكەن تەڭرى ئىشقى بىلەن مەست بولۇپ «فا-
نايى باقا» بولۇپ كېتىدىغان مەجنۇنىيەت پەلسەپىسى ــ تەسەۋۋۇپ
سىستېمىسىنىڭ تۈركىي خەلقلەردە مۇقىملاشقان تەلىم ئەندىزىسى
بولۇپ قېلىشى مانا شۇ تەمىزلىكنىڭ ئەمەلىيىتى بولۇپ، بۇ دولقۇندا
ئەڭ گەۋدىلىك بولغان قادىرخان (قاراخان) لاردىن باشلانغانچە داۋام
قىلىپ، كۈنىمىزدىكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا شەرقشۇناسلىرى بىلەن تۈ-
مەنلىگەن ھەۋەسكار ئالىملارنى جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان مىراس «مەس-
نەۋى شېرىپ» تەمىزلىكنىڭ يەنە بىر چوققىسىدۇر.
تەمىزلىكنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ تەدبىقلىنىشى «مەس-
نەۋى شېرىپ» تە شۇنداق نەپىس ئوتتۇرىغا قويۇلغانكى، ئۇ ھەتتا ئەقد-
ىدە دەرىجىسىدىن تۆرمۇشتىكى بارلىق مەسىلىلەردە پەرق ئېتىش ئىقتى-
دارىنى تەلەپ قىلىدىغان مىزان بولۇپ قالغان. بۇ مىزان ئادەمنى
قانداق قىلىپ كامالەتكە يەتكۈزۈش بويىچە زىل ئىلگىرىلەپ، ئادەمنىڭ
گەپ ـ سۆز ۋە خۇي ـ پەيلىدىكى بۇلغانغان تەرەپلەرنى پاكلايدىغان، بۇ
ئارقىلىق بۇۋىلىرىمىز فارابى، يۈسۈپ ۋە مەھمۇدلار ئىرادىسىنى
ھەربىر گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان قۇتكانلىق
يۈزلىنىش بولۇپ قالغان. قارالڭ، مەۋلانا جالالىدىنىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە:
«بىزنىڭ سۆزىمىز نەقد (نەق) بولسا، باشقىلارنىڭ بولسا نەقىل، نەقىل
نەقدنىڭ نۇرىدۇر. نەقد ئىنساننىڭ ھەقىقىي پۇتى بولسا، نەقىل ياغاچ
پۇتقا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ياغاچ پۇت ھەقىقىي پۇتقا تەقلىد قىلىنىپ،



ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىنىپ ياسىلىدۇ. ئەگەر دۇنيادا پۇت بولمىسا،
قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا تەقلىدەن ياسىما پۇت تەييارلىنىدۇ؟ شۇنىڭ
ئۈچۈن، بەزى سۆزلەر نەقد ۋە بەزى سۆزلەر نەقىلدۇر. بىراق، ئۇلار
بىر ـ بىرىگە ناھايىتىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن
تەمىز (پاكىز، ساپ) كىشى لازىم...
مەسىلەن، فىرئەۋن زامانىدا مۇسانىڭ ھاسىسى ئىلان ۋە سېھىر-
گەرلەرنىڭ تاياقلىرى ۋە يىپلىرى ئەجدىھا بولغاندا، تەمىز بولمىغانلار
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر رەڭدە كۆرۈپ، ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمە-
دى. بىراق تەمىز (پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىنسانلار) كىشى-
لەر تەمىزلىك ۋاستىسىدە سېھىرنى ھەقىقەتتىن پەرقلەندۈرەلىدى.
روشەنكى، جالالىدىن رومى بۇ سۆزى ئارقىلىق تەمىز ساھىبى بول-
غانلارنى «نەقد»، تەمىز ساھىبى بولمىغانلارنى «نەقىل» بىلەن ئاتاپ،
تەقلىدچى، نەقىلچى ئادەملەرنىڭ پەقەت ئاددىي، ئېنىق بولغان سۆزلەر-
نىلا يادلاپ ۋە تەكرارلاپ يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ تەمىزلەش ئارقىلىق
پاك ـ ساپ روھىي ھالغا كېلىپ، ھەق ـ راست گەپ ۋە ئادىل ئىش قى-
لالايدىغان ئەقىدەتكە كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېچىپ بەرگەن. يەنە قارالڭ ـ
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە: «تاغدىن شەھەرگە قاراپ ئېقىۋاتقان سۇ نەقەدەر
تازا ۋە نەقەدەر ساپ، پەقەت شەھەردىن ئېقىپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۇ ئىپ-
لاسلىنىدۇ. بۇ ئىپلاس ۋە كىر سۇنىڭ ئاۋۋال، يەنى باشلانغۇچتا ــ مەن-
بەدە پاكىز بولۇپ، مەينەتلىك ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغانلىقىنى چۈشەن-
مەك ۋە پەرقلەندۈرمەك ئۈچۈن كىشى تەمىزلىك بولمىقى كېرەك.
قېرى بىر ئادەمنىڭ يېشى يۈزدە بولسىمۇ، ئەگەر ئويۇن بىلەن ۋاقتىنى
ئۆتكۈزسە، ئەقىللىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى تېخى بالىدۇر، خامدۇر.
خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئويۇن ئوينىمىغان بالىمۇ قېرىدۇر. بۇ يەردە
ياشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. «ئاينىمىغان سۇ» دۇنيانىڭ بارچە ئىپلاسلىق-

لىرىنى تازىلىسىمۇ، بەرىبىر ساپتۇر، تىنىقتۇر، چۇچۇكتۇر، چۈنكى
ئۇ ھايات سۈيىدۇر.»

روشەنكى، بۇ زات بۇ سۆزىدە ئادەمنىڭ تەمىز بولمىغۇچە ئادەم بول-
مايدىغانلىقى، تەمىزلەش ئارقىلىق ھەركىمنىڭ ئىچىنى ھەرىكىتىدە
كۆرسىتىدىغان، ئىچكى پىكرىدە ھەرىكىتىگە ھاكىم بولىدىغان بىر
ئىمكانىيەتنىڭ بارلىقى، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ئادەم تە-
مىزلىكتىن ئىبارەت مۇشۇ ھاياتلىق سۈيىگە ئىگە بولىدىكەن، كامالەت
ئىگىسى بولۇپ يېتىلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن، بۇ ئارقىلىق كى-
شىلەردىن دىلىنى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىنى توغرا چۈشەندۈرگەن
ئىلىم بىلەن ساپ ـ پاك قىلىپ، شەكلەن، ساختا، سۈنئىي ئوي ۋە ھە-
رىكەتتىن قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. دېمەك، شۇنچە ئۇزۇن زامانلاردا
بىزدە تەمىزلەش ئارقىلىق ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى،
نەقد (نەق) بىلەن نەقىلنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان كىشى ھەقىقىي ئادەم
ھېسابلانسا، بۇنىڭدىن مەھرۇم كىشىلەر كۆزى مۆلدۈرلەپ ئوچۇق تۇر-
سىمۇ، بىر نەرسىگە توغرا ھۆكۈم قىلالمايدىغان نادان ھېسابلانغان.

گەپنى قىسقا قىلغاندا، شۇ بوۋىلاردىن ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان
روھىي تىلسىملار ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىسپاتلاپ بەردى-
كى، كىشىلىك ھاياتتا تەمىزلەش ھەرقانداق بايلىقنى بېسىپ چۈشىدى-
غان قەلب بايلىقىدۇر. بۇ بايلىققا ئىگە ئادەمنىڭ قەلبى ھەر ئىشنى
ئويلىغاندا خۇددى بىر كۆلچەك دېڭىزغا ئايلىنىۋاتقان رەۋىشتە
كەڭرىپ بارىدۇكى، يارانقۇچى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھەتتا ئۆزىمۇ ئويلاپ
كۆرمىگەن يېڭىلىقلارنى سوۋغا قىلىدۇ. سوۋغا قىلىنغان بۇ پىكىرلەر
ئۇنىڭ كۆڭلىدە گويا كۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلاردەك
ئەركىن ئۈزۈپ، ئۇ ئارزۇ قىلغان نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ،
بۇنداق كۆڭۈل ئەركىنلىكىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ سەرخىللىرى ئەۋلى-



يائى ئەزەم (ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر قەھرىمانى)، بەزىلىرى ۋەتەن قەھرى-
مانى بولۇپ ھەيۋەتلىك يولباشچىلارغا ئايلانسا، ئادەتتىكىلىرىمۇ ئاددىي
بىر ئىشنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ سەمە-
مىي ۋە كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان (مە-
ڭگۈ ئۆلمەيدىغان) زات بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەمەلىيەتنى
ئۆز تەجرىبىسىدە ئۆتكۈزگەن بىر زات ئېيتىدۇكى، مەن بۇ ئارقىلىق
ھەسەت، كىبىر قاتارلىق روھنى كېسەل قىلىدىغان ئىللەتلەردىن ئۆ-
زۈمنى ئازاد قىلىپلا قالماستىن، كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدىكى خۇي ـ پەي-
لىمنى، مىجەز ـ خۇلقىمنى شۇنداق ياخشى تەمىزلەپ كەتتىم: ئورۇن-
سىز ئاچچىقلانغاندا، شەيتاننىڭ كۆڭۈلنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ ئالى-
دىغانلىقىنى بىلدىم. ئاچكۆز بولغاندا، كۆز بىلەن قولاق ئەخلاقىي گۇ-
زەللىكنى كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقى-
دىم. نەپسى يامان بولغاندا، يېمەكلىككە ھەۋەس ئۇسۇپ، ئۆسكەن
ھەۋەس شەيتانغا قورال بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. تاشقىي بېزىنىش ـ يا-
سىنىش رەسمىي ئېھتىياجغا ئايلانغاندا، شەيتان شەخسىيەت بورىنى
چىقىرىدىغانلىقىنى، بىزىنىش، ياسىنىش ئۈستىگە ئويۇن ـ كۈلكىنى
ياشاش ئۇسۇلى قىلىۋالغان مىللەتنىڭ يوقۇلۇپ، ئىلمىي ئەقىدە بىلەن
بالا تەربىيەلىگەن مىللەتلەرنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدىغانلىقى-
نى بايقىدىم. خۇشامەتچى بولغاندا، سۈنئىيلىك ئادىمىيلىكنىڭ دولى-
سىغا مىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىكى ئىجادكارلىق ئاجىزلاپ كېتىدىغانلى-
قىنى ھەمدە خۇشامەت بار ئورۇندا ئىككى تەرەپنى تەڭ چىرىتىپ، ھەر
ئىككىسىنىڭ ئادەملىك ۋىجدانىنى بۇلغايدىغانلىقىنى بىلدىم. ئالدىراڭ-
غۇ بولغاندا، چوڭقۇر تەپەككۇرغا ئورۇن قالمايدىغانلىقىنى، شۇ تۈپەيلى
ئالدىراڭغۇنىڭ ھەرقاچان خاتا سۆز، چالا ئىش ئۈستىدە ئازابقا قالىدى-
غانلىقىنى بايقىدىم. بېخىل بولغاندا، شەيتان كۆڭۈلدىن رەھىمنى كۆ-

تۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى، كۆيۈم تۈگىسە، ئادەمنىڭ قىممىتىمۇ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلدىم. رەقىبىنىڭ پېيىگە چۈشكەندە: شەيتان باشقىلارنى چۈكۈرۈش، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ كىشىلەر نەزىرىدە «سۈيىقەستچى» بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بىلىمسىزلىك ۋە بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ھەرقاچان ئادەمگە زەئىپلىك، توخۇ يۈرەكلىك، كۆڭلى قارىلىقىنى شېرىك قىلىپلا قويماستىن، بەلكى ئادەمنى چىڭ ئەقىدىسىدىن ياندۇرىدىغانلىقىنى، ماھىيەتسىز نەرسىلەرگە پەرۋانە قىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. سادىق دوستىدىن گۇمان قىلىشنىڭ ئاسىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى، نام ـ شەرەپنى يوقىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شۇ گۇمانخورنى ئەرزىمەس خەسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۈمىدسىزلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئالدى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى مۇللاق ئاتقۇزىدىغانلىقىنى بىلدىم...

قىسقىسى، مەن بۇۋىلارنىڭ تەمىزلەش ئۇسۇلى بىلەن ئاۋۋال روھىمنى پاكلىدىم ـ دە، ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىقادسىزلىق بىلەن يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان تەرەپلىرىگە ئاچچىقلىنىش ۋە ئۇلارنى بۇزۇقچىلىقتىن توسۇش جەريانىدا ئانچە ـ مۇنچە بىلەر ـ بىلمەس ئەزۋەيلەپ كەتسەممۇ، تۇرمۇشنىڭ قالغان تەرەپلىرىدىكى ھەرقانداق بىر گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە ھاياتىمىزنىڭ زەررىچىلىك يېرىگە بولسىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغان تەرەپلىرىدە تەمىزلەش ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ سائەت ئۈستىدە نەپسىمىز چىرايلىق كۆرسىتىدىغان، ئەمما ئاخىرى بېرىپ ئۆزىمىزگە زۇلۇم بولىدىغان بارلىق مەئىشەتلەر، ئويۇن ـ تاماشالار، غەيۋەت ـ شىكايەتلەر، يۇرت ۋە قەبىلىۋازلىقلار... بولۇپمۇ دوستنى رەقىبىگە چېقىپ قويۇشتەك بارلىق شۇملۇقلاردىن ئازاد بولۇپ، ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى ئارىلىقتا ھاياتىم-



نى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان ئەبەدىيلىك نېمەتلىرىنى ئىزدەپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئويلىدىم، ئىشلىدىم.

كونكرېت بىر ئىشنى ئېيتسام، ئېلىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن باي بولۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بەزىلەر ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى پۇلغا تېگىشتى: «پەقەت ۋە پەقەت پۇل ـ تەڭگە بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن سەپسەتىنى بازارغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بايلىقنى ئۇنتۇلۇپ كەتتىكى، «بىز قانداق ئادەم بولۇشىمىز كېرەك؟» دېگەنىنىمۇ يادىدىن چىقاردى. ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر راھەتپەرەس، ئويۇنچى، ئامان ـ ئېسەنلىكى دەپ ھېچ ئىش قىلمايدىغان ھورۇن بولۇپ كەتتى. بۇنداق تەتۈر شامالنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا سىز ـ بىز ئۆگلۈك تۇرۇمى دەپ تونۇۋاتقان تۇغما يۈرەك سەزگۈلىرىنىڭ ئورنىغا سىرتتىن تېڭىلغان چاكىنا نەرسىلەرنى دەسسىتىپ بولغىنىپ كەتتى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم: «ئەگەر بىزدە بىر مەنىۋى تەييارلىق بولمىسا، ھەتتا قانداق ئادەم بولۇش ئۆلچىمىمۇ بولمىسا، مەشھۇرلۇق پۇرسەتلىرى كېلىپ قالسىمۇ تۇتۇپ ئالالامدۇق؟» دەپ سورىدىم ـ دە، ئۆزۈمگە ـ ئۆزۈم جاۋاب بەردىم: «بۇ دېگەن بولغىنىش، ھەرقانداق جەمئىيەتتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى ئۇنىڭ قابىلىيەت دەرىجىسى، ئەخلاقىي سۈپىتى بەلگىلەيدۇ. پۇل ـ مال شۇ سۈپەتكە قاراپ ئويان ـ بۇيان بولىدىغان نەرسە، ھېچكىمگە سۆيگۈ ۋە كۆيۈم ئاتا قىلماي، ئۆز كۈچى بىلەن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشماي، شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئۆزىنى ئاياپ ھېچ ئىشنى باشقا چىقارماي يۈرۈش دېگەن ھاياتلىققا ھاقارەت!» مانا مۇشۇ ئويۇم بىلەن يۈرىكىمدىكى مېنى ئەزىز قىلىدىغان بۇيۇك كۈچنىڭ تەبىئىي ئايلانمىسىنى تېپىپ، تالانت باغچىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش

ئۈچۈن ھاياجان ئىلكىدە ئىزدەندىم...

تەمىزلىكنىڭ يۇقىرىدىكى تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىدىن ئېيتقاندا، ئۆگلۈك تۇرۇمىدىكى تەمىزلىك يالغۇز بوۋىلىرىمىزنى گۇناھتىن ياندۇرۇپ ساۋابلىققا يېتەكلىگەن، ھۇسەيىنخان تەجەللىدەك بۈيۈك زاتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەڭگۈشتەر بولۇپلا قالماي، كۈنىمىزدىكى ھەربىرىمىزنىمۇ ئۆگلۈك تۇرۇمىغا باشلايدىغان مەنىۋى ئۆرۈق كەبىدۇر. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز تارىخىدىكى بارلىق ياخشى - يامانلىق مەنبەلىرى ھەققىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، چەكلەش ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئۇدۇم قىلىشى مانا مۇشۇ تۇرۇمدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىزدا «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان مۇشۇنداق بىر تارىختا دىن، پەن ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بۇ ھەقىقەتكە بويسۇنۇپ، «يامان بولىدۇ» دېگەن گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتتىن دەرھال قول ئۈزۈشىمىز لازىمدۇر.

تەمىزلەشنىڭ ھەربىرىمىزنى مەنىۋى كامالەتكە ئېلىپ بارىدىغان خىسلەتلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى «شېئىرىي مىللەت»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» بولۇۋاتقان مىللىي مۇھىتىمىزغا تەدبىقلاپ كۆرسەكمۇ، تەمىز پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە زىل - زىبالىقنى قوغلىشىدىغان ۋە «يامان بولىدۇ» دېگەن ئىشلارنى تاپىدىغان خاسلىقى بىلەن مەنىۋى مۇھىتىمىزنى دەۋر ئېھتىياجىدا كۆتۈرىدىغان پىشاڭدۇر. ئالايلۇق، بىلىشنىڭ ئىككى دەرىجىسى بار، بۇلار ھېسسىي تەپەككۇر، ئەقلىي تەپەككۇردىن ئىبارەت. بۇ دەرىجىلەر ھېسسىي بىلىش، ئەقلىي بىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «شېئىرىي مىللەت» ياكى «ناخشا - ئۇسسۇل»نىڭ تەپەككۇر ئادىتى ئاساسەن ھېسسىي بىلىش خاراكتېرىدە بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلمىي بىلىش نىسبەتلىرى كەم بولىدۇ. بۇنداق بىلىشتە ئۆز



كاللىسىنى ئىشقا سېلىش ئاز، زاھىرىي نەرسىلەرنى دوراش كۆپ، تەييار نەرسىلەرنى يادلاش، تەكرارلاش كۆپ، باتىنى نەرسىلەر ھەققىدە ئويلىنىش ئاز بولىدۇ. يەنى بۇنداق بىلىش كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان نەق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ۋە داۋراڭ بولۇۋاتقان مودىلارنى دوراش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىش ئاساسىدا ئورۇنلىنىدۇ. تەمىزلىك بولسا بىلىشنىڭ ئەقلىي باسقۇچى بولۇپ: «سۈرەتلەرنى تاشلىۋەت، ماھىيەتكە قارا» دەيدۇ - دە، بىزنى «شېئىرىي مىللەت»، «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» كۆرسىتىۋاتقان مەدەنىيەت خەزىنىمىزنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، ئۇنى زىل - زىبالىق غەلۋىرىگە سېلىپ تاسقاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ شاكىلىنى تاشلايدۇ ھەمدە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ يېڭى مېۋىلىرى بىلەن بۇ مەدەنىيەتكە دەۋرگە لايىق لىباس كىيدۈرىدۇ. يەنى ئەقلىي بىلىشتە ئۆزىنى دەۋر تەلىپىدە قۇرۇش (ھاياتلىقنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى دۇنياۋى پەنلەر ئاساسىدا ئىگىلەش ۋە ئۇلارغا ئۆز تەپەككۇرىدىكى ئىجادىلىق قوشۇلغان يېڭى باياشلار ئارقىلىق جان كىرگۈزۈش) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر بىر كىشى مۇشۇنداق ئىلمىي بىلىش مىقدارى جەھەتتە تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ بارغان ئىكەن، ئۇ جەزمەن «ئاددىي ۋە ئېنىق بولغان سۆزلەرنىلا ئاڭلايمەن، مۇرەككەپ پەلسەپەڭنى نېرى ئېلىپ بار» دېگەن تەقلىدچىلىك، يادلامچىلىق، دورامچىلىق، نەقىلچىلىك تائىپىسىدىن قەدەممۇقەدەم ئەقىل تېپىپ چىقىپ كېتىدۇ - دە، نەزەر دائىرىسى بارغانسېرى كەڭرىيىپ، ھازىرى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن چوت سوقالايدىغان دىتى بار ئادەم بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى قەغەزگە تارتىلغان سۈرەتتىن تىرىك ئادەمنىڭ جىسمىنى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى كۆرۈۋاتقان، ئۇلارنىڭ روھىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تەسىر ئېلىپ، كۆز ئالدىنى رەتلەۋاتقان، كېلەچىكى ئۈچۈن ئىلمىي پىلان سوقۇۋاتقان ئادەمدۇر. ئەگەر بىر مىللەتتە-

كى ئادەملەرنىڭ تولىسى ياكى ھەممىسى تەمىزلەنسىچۇ؟ بۇ كېلەچەكنى قۇرغۇچى ئۈمىدۋار مىللەتتۇر. شۇڭا، تەمىزلەش ـ پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق پاكلىق، ساپلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، «يامان بولىدۇ»غان «شېئىرىي مىللەت» ھەۋەسلىرىدىن «ساۋاب بولىدۇ»غان ئەقلىي مىللەتكە ئۆتۈش بىزنىڭ ھۆسەيىنخان تەجەللىنى ئۆگىنىشتە ھەربىرىمىز ئۆزىمىزگە قويۇشقا تېگىشلىك تەمىزلىك تەلىپىدۇر.



# تەجەللىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

شەرىپىدىن ئۆمەر

«تەجەللى چاچ ـ ساقاللىرى قويۇق، قاڭشارلىق تۇز ھەم ئىنچىكە، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇستىخانلىرى چىڭ كىشى ئىدى. چىرايى نۇرلۇق بولۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىۋاتقاندەك بىر ئالامەت بىلىنىپ تۇراتتى. تۇرمۇشى كۆپرەك رىيازەت ۋە جاپا بىلەن ئۆتكەنلىكتىن ۋۇجۇدى ئورۇقراق ئىدى»[1] ــ تەجەللى ئىجادىيىتى، ئۇنىڭ تېماتىكىسى، مۇندەرىجىسى، ژانىر خۇسۇسىيىتى، شائىرنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىي تەقدىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ.

تەجەللى ياش ۋاقتىدىن تارتىپ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزچىل ھالدا تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ساھەدە يازغان ئىلمىي ئەسەرلىرى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. زامانىمىزغا يېتىپ كەلگىنى ئاساسەن ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

«بەرق تەجەللى» (تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چىققان يالقۇن) شائىرنىڭ بۇ توپلىمىغا، ئۇنىڭ ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستاندا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە يازغان شېئىرلىرىدىن 17 پارچە قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىل، ئومۇمىي 18 ـ سان، 99 ـ بەت.

هەرخىل تېمىدىكى شېئىرلىرىدىن ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان نەزمىلىك سالام خەتلىرىدىن توپلانغان لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «بەرق تەجەللى ۋە سەبەق مۇجەللى» ناملىق بۇ توپلام ھىجرىيە 1317 ـ يىلى (مىلادى 1899 ـ يىلى) ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باھاۋىدىن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان قەشقەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد قەتلىئى نۇرى»، («قۇياش مەتبەئەسى، نۇر مەتبەئەسى») ناملىق تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.

«سەبەق تەجەللى»، («تەجەللىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى»). بۇ توپلامغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان قەسىدىلەر ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان قەسىدىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلاممۇ، «بەرق تەجەللى» بىلەن يۇقىرىقى مەتبەئەدە بېسىلغان.

«دىۋان ئەرەبى» بۇ ئاپتورنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، كۆپ قىسمى ئارۇز ۋەزنىنىڭ رۇبائىي ۋە قىتئە شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. بۇ توپلام ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسىمغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان قەسىدىلەر؛ ئىككىنچى قىسىمغا ھېكمەتلىك نەسىھەتلەر، شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان مەدھىيەلىرى، قىسمەن ھەجۋىي شېئىرلار، مۇھەببەت غەزەللىرى، مەرسىيەنامىلەر كىرگۈزۈلگەن. شائىر بۇ شېئىرلارنى ۋاپاتىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ سادىق شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا تاپشۇرۇپ، پۇرسەت تېپىلغاندا نەشر قىلدۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم بۇ شېئىرلارنى رەتلەپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، نەشر قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغان. بۇ قول يازمىلار ھازىرمۇ ئۆز پېتىچە ساقلانماقتا[1] .

① «بۇلاق» 1986 ـ يىل ئومۇمىي 18 ـ سان. 100 ـ بەت.



«تۆھپەتۇل بەررەيىن» («ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە») بۇ توپلامدىكى قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەرەب تىلىدا، بەزىلىرى پارس تىلىدا يېزىلغان. توپلامدىكى ئەسەرلەر بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇغان مەدھىيەلەر، زاماندىن شىكايەت، شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، تۈركىيە پادىشاھى ئابدۇلھەمىت خانغان مەدھىيە ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ھەجۋىي قىلىنغان ساتىرا شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، توپلامنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى ھازىرمۇ ساقلانماقتا[2] . «تۆھبەتۇل بەررەيىن» (ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە) ئەسىرى تۈركىيە پادىشاھى ئابدۇلھەمىت خانغان تەجەللىنىڭ يېزىپ ئەۋەتكەن سوۋغىسىدۇر. ئەسەرگە شۇنداق نام بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى تۈركىيە تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمى ياۋروپا قىتئەسىگە، ئىككىنچى قىسمى ئاسىياغا جايلاشقانلىقىدىندۇ. بىرىنچى مەلۇماتقا قارىغاندا، شائىر مەزكۇر ئەسىرىدىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ تۈركىيە پادىشاھى ئابدۇلھەمىت خانغان سوۋغا قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

«مەجمۇئەتۇل فەسائىد» (قەسىدىلەر توپلىمى) بۇ توپلامنىڭ ئازراق بىر قىسىم قول يازمىسى ساقلانغان. بۇ مەرسىيە ۋە قەسىدىلەردىن ئىبارەت. پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلار بولۇپ، ئۇنىڭ قول يازما نۇسخىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى[2] » دا يوقالغان[3] . «تىلسىم ئىشق» («ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تىلسىماتى») بۇ پارس تىلىدا يېزىلغان مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە غەزەللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسلىي قول يازما نۇسخىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يوقالغان.

تەجەللى 1910 ـ يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە قەشقەردىكى ئابدۇقادىر داـ

① «بۇلاق» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل ئومۇمىي 18 ـ سان، 100 ـ بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىل ئومۇمىي 18 ـ سان، 100 ـ بەت.
③ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ يۇقىرىقى سانىدا.

موللام، شەمسىددىن دامولللام، ھۈسەيىن باي ھاجىم ۋە باھاۋىددىن بايلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن «قۇرئان» نىڭ بىرنەچچە پارىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى شەمسىددىن دامولللام ساقلىغان. شەمسىددىن دامولللام ۋاپات بولۇشتىن ئاۋۋال تەجەللىنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ يېزىپ، قۇرئاننىڭ تەرجىمە نۇسخىسى بىلەن بىللە بالىلىرىغا تاپشۇرغان. لېكىن، بۇ ماتېرىياللار شىڭشىسەي دەۋرىدە يوقالغان. «تەجەللى ـ مۇجەللى» ناملىق كىتابتا تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى تارىخىي شەخسنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

«ئابدۇكېرىم زىيائى تەجەللى بىلەن سالام خەتلەر يېزىشىپ تۇرغان. ئۇنىڭ تەجەللىگە يازغان بىر پارچە سالام خېتى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئۇ ھىجرىيە 1316 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. تەجەللى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ بىر پارچە مەرسىيە يازغان» (بۇ مەرسىيە ھازىرغىچە ساقلانماقتا).

مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم: بۇ كىشى قاغىلىقتىن بولۇپ، تەجەللىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىكەن. ئۇ، تەجەللىنى باشقىلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن قوغداپ، كۆپ غەمخورلۇق قىلغان، ھىجرىيەنىڭ 1332 ـ يىلى قاغىلىقتا ۋاپات بولغان. تەجەللى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ بىر پارچە مەرسىيە يازغان، بۇ مەرسىيە تەجەللىنىڭ «دىۋان ئەرەبى» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن[1] .

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ شۇنچە مول ئىجادىي ئەمگىكىدىن بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدا بىرەرمۇ «دىۋان»ى تولۇق ئېلان قىلىنمىغان. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى قول يازمىسى تەرجىمە قىلىنماي شۇ پېتىچە خەلق قولىدا

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ يۇقىرىقى سانىغا قارالسۇن.



ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىرىمۇ شۇ پېتىچە قول يازما سۈپىتىدە شەخسلەر قولىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا. شائىرنىڭ قىممەتلىك ئىجادىي يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش بۈگۈنكى دەۋردە ياشاۋاتقان ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر.

ھازىرچە بىرقەدەر تولۇقراق توپلام «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىلى ئومۇمىي 18 ـ سانىغا بېسىلغان، ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش لۇغىتىمۇ بېرىلمىگەن توپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا 89 بېيىتلىك غەزىلى بار.

مول ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بۇ داڭلىق شائىرنىڭ پەقەت قولىمىزدا بار بولغان شېئىرلىرى بىلەن شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ غايىسىنى ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ. پەقەت شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىنىڭ يۈنىلىشى، بەدىئىي ماھارىتىگە تەخمىنەن بېشارە قىلغىلى بولىدۇ، خالاس.

XX XX XX

تەجەللى دۇنيا قارىشىنى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا، ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ چوققىسى ھېسابلانغان پانتېئىزم دۇنيا قارىشىغا مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ مۇنداق ئىلغار قاراشنى ھىندىستاننىڭ «دېھلى دارىلفۇنۇنى» مەدرىسەسىدە ۋە ئىراننىڭ «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇغان چاغلىرىدا، تەدرىجىي ھالدا ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، دې-

يىشكە بولىدۇ. چۈنكى پانتۈركىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى توغرىسىدا
ماركس مۇنداق دەيدۇ: «ھىندى پانتۈركىزمى پارس دۇئالىزمىدىن ۋۇجۇدقا
كەلگەن پەلسەپە، مۇھەممەد دىنىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە كىرىپ باردى.
ئىسلامدىن ئىتالىيە ۋە پىرووۋانسال مەزھەپلىرىگە ئۆتتى. ئۇلاردا بىدئەت-
كە تەقلىد ئېتىش ۋە دىنىي ئۇرۇشلارغا (سەلىپ يۇرۇشلىرىگە) سەۋەب
بولدى.»[①]

يەنە: «پانتېئىست ۋە دىنىي تەسەۋۋۇرلار ئۆز يىلتىزى بىلەن
يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، مىسىر
خەلقلىرىنىڭ غايىۋى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا (بۇددىزم، زوروئاستىرىزم
ۋە باشقىلارغا) بېرىپ تاقىلىدۇ[②] ».

پانتېئىزمنىڭ ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنىڭ ئوتتۇرىسىدى-
كى كۆۋرۈكلۈك رولى توغرىسىدا فېيېربا خ «كەلگۈسى پەلسەپەنىڭ قا-
ئىدىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «پانتېئىزم تېئولوگىيەنىڭ، تېئولوگى-
يە مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىنكار قىلىنىشى بولىدۇ» دېسە، «پەلسەپەنى ۋاقىت-
لىق ئۆزگەرتىش پىروگراممىسى» دېگەن ئەسىرىدە، «ئانتېئىزمنىڭ تە-
رەققىيات نەتىجىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «ئانتېئىزم پانتې-
ئىزمنىڭ ئىزچىل، مۇقەررەر نەتىجىسى» دېگەنىدى. پانتېئىزمنىڭ
تۈپ خاراكتېرى توغرىسىدا ف. ئېنگېلس: «پانتېئىزمنىڭ ئۆزى —
دۇنياغا ئەركىن، ئىنسانىي نەزەر بىلەن قارىشنىڭ ھارپىسىدۇر،
خالاس» دېگەنىدى[③] .

پانتېئىزمنىڭ يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى تەجەللىنىڭ شېئىرىي
ئىجادىيىتىدە ئۇ خىل ياكى بۇ خىل يول بىلەن ئەكس ئەتكەن. بىز

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 218 ـ، 219 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتابقا قارالسۇن.
③ «ماركس، ئېنگېلس: ‹سەنئەت توغرىسىدا› »، رۇسچە، II توم، 440 ـ بەت.



بۇنى تۆۋەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

تەجەللى ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ
ئۆز خەلقىنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەشنى ئۆزىنىڭ
لىرىك قەھرىمانى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇ لىرىك قەھرىمان تولۇپ
تاشقان ئوپتىمىزم بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك
ئىدېئالىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭدا قىلچىمۇ چۈشكۈنلۈك قارىشى
يوق. بۇنداق ئېستېتىك غايە تەجەللىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن رېئال
ئىجتىمائىي ھاياتتىن پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ. تەجەللى ياشىغان
دەۋر چىڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، راسا چىرىكلەشكەن ۋاقتى
بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاتموسفېراسىنى فېئودال ھاكى-
مىيەتنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دىنىي ـ خۇراپىي ئىس ـ تۈتەكلەر
قاپلىغان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا بۇنىڭغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى
تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى قاپلاپ، كۇچا خەلق قوزغىلاڭچى-
لىرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۇچادىكى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، راشىدىن خوجا رەھبەرلىكىدىكى خەلق مىللىي دې-
مۇكراتىك ھۆكۈمىتىنى قۇرغان بولسا، قەشقەردە سىدىق بەگ رەھ-
بەرلىكىدە، يەكەن، خوتەندە ھېبىبۇللا ھاجىم رەھبەرلىكىدە خەلق
مىللىي دېموكراتىك ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلغان. تەڭرىتېغىنىڭ شىما-
لىدا ئىلى سۇلتانلىقى دۇنياغا كېلىپ، يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇ چار-
رۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
رىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خەلقنىڭ ئۆز سىياسىي تەقدى-
رىنى ئۆزى ھەل قىلالايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچە ھاسىل قىلغان-
دى. مانا شۇ يۇقىرىقى ئەمەلىيەت تەجەللىدىكى يېڭىلمەس ئوپتى-
مىزمنىڭ ماددىي مەنبەسى ئىدى. شۇڭا شائىر شېئىر ئىجادىيىتىدى-
كى پانتېئىستىك ئوپتىمىزم باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل داۋاملىشىپ

كېلەلىگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ مەلۇم پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشقا تايانغان ھالدا، رېئال ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولىدۇ.

شائىرنىڭ ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان «بەرق تەجەللى» (تەجەللىنىڭ مۇسابىقە چاقناپ چىققان نۇر) ۋە «سەبەق مۇجەللى» (تەجەللىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى) ناملىق توپلاملىرى ئۇنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر. بۇ ئىككى توپلامغا كىرگەن شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن شائىرنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشى پانتېئىزم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەنە شۇ پەلسەپىۋى قاراشقا تايانغان ئەينى دەۋر ئىلغار ئەدەبىي ئېقىمى بولغان «نەقشبەندىيە» ئېقىمىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

تەجەللى ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ غەزەل ژانىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى» توپلىمىغا كىرگەن غەزەللىرىدە، ئەينى دەۋر فېئودالىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، فېئودالىزم ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىنسانلارنى فېئودالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى چىقماسلىقنى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ماددىي نېمەتلەرنى ئەمگەكچى خەلق ئۆزى ياراتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باي - فېئوداللار، ھاكىمىيەت بېشىدىكى چىرىك، پارىخور ئەمەلدارلار ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كاززاپ روھانىيلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىقنى، چۈنكى «ئاللا ئۇلارغا بۇ دۇنيانى — پانىيلىقنى، مېھنەتكەش خەلققە ئۇ دۇنيا — باقىي دۇنيانى ئاتا قىلغان» دېگەن ئىدېئالىس-



تىك پەلسەپەگە تايانغان سىياسىتى بىلەن مېھنەتكەش خەلقنى ئالداش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىدېئالىستىك پەلسەپەگە تايىنىپ بۇ دۇنيا — كائىنات، جانلىقلار — ئىنسان دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ خۇدانىڭ تەجەللىسى — نۇرى، شولىسىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەملەرگە پۇل — دۇنيا، باياشات ياشاشنىڭ كېرىكى يوق. ئۇلار بۇ دۇنيادا قانچىلىك خار - زار ياشىسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا شۇنچە راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ دەپ، مەۋجۇت بولمىغان ئۇ دۇنيا — ھۆر - پەرىلەرنى ۋەدە قىلىپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ فېئودالىزم ئىستىبداتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىغا قارشى ئىسيان قىلىش روھىنى زەھەرلەشنى مەقسەت قىلغان. ئاخىرى مېھنەتكەش خەلقنى بۇ دۇنيانى، ئىنسان ئەقلىي تەپەككۇرى بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئاللاھ قۇدرىتى بىلەن قارار تاپقان. شۇڭا مېھنەتكەش خەلق بۇ دۇنيا — فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنيا بولۇش كېرەك، دېگەن ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى ئەدەبىي ئېقىم — سوپىزم - يەسەۋىيچىلىككە قارشى، لىرىك قەھرىمان ئوبرازلىرىغا يۈكلىگەن ئېستېتىك غايىسى ئارقىلىق ھەم پەلسەپىۋى، ھەم سىياسىي نۇقتىدىن پاش قىلىپ رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت تەھلىلى تۆۋەندىكىچە:

شائىر ئەڭ ئالدى بىلەن ئەينى دەۋر فېئودالىزم ئەدەبىياتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان يەسەۋىيچى سوپىزمنىڭ «ئىنسانلار ئۆزى ياراتقان ماددىي نېمەتلەردىن پەقەت بايلار، فېئوداللار، ئەكسىيەتچى روھانىيلار پايدىلىنىش، مېھنەتكەش خەلق پايدىلانماسلىق كېرەك» دېگەن سەپسەتىسىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم تەڭ پايدىلىنىش كېرەك، دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

كىرەلىم كەلىستانى شەۋققە[①] سەباتەك،
دىرەلىم گۈلى زەۋقۇراھەت كۆرەلىم.

بەھارە ۋە فايىق[②] غەنىمەتدۇر ئۆلكىم،
چىمەن ئىچرە بىر بەزمى ئىشرەت قۇرالىم.
ۋەيرەلىم[③] دىلۇ دىنۇ جانۇ خىرەد[④] ھەم،
نە يۇچەڭۇ، مەئىشۇقۇ مەي كەلتۇرەلىم.

شائىرنىڭ بۇ ئېستېتىك غايىسى، ئۇ ياراتقان رىند ئوبرازى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېچىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەزمۇن تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، ئۇ فېئودال جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىنى، ئەكسىيەتچى تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلغۇچى زاھىتلارنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالىدۇ:

سورىدىڭكى نە ئىستەر سەرى كۇيىندە[⑤] تەجەللى،
مىننەت كۆزىغەئى گۈلى رەئنا تىكەن ئىستەر.
سەن شەيخ زوھىد شىۋە[⑥] مەن رىند ئىشىق پىشە[⑦]
كەۋسار ساڭا، مۇسەللىم[⑧] ، سەھبا ماڭا مۇبارەك.

① شەۋق ـ ئىشتىياق، قىزىقىش، ئىنتىلىش، ھەۋەسلىنىش.
② فايىق ـ ئۈستۈن، ئالىي، ئەۋزەل، باشقىلاردىن يۇقىرى، مەشھۇر.
③ ۋەيرەلىم ـ بەلگىلىك ۋاقىتتا ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن قۇرئان سۈرىسى ياكى دۇئا.
④ خىرەد ـ ئەقىل.
⑤ سەرى كويىن ـ كوچا بېشى، يول ئېغىزى.
⑥ شىۋە ـ ئادەت، يوسۇن.
⑦ پىشە ـ كەسىپ، ھۈنەر.
⑧ مۇسەللىم ـ قىزىل شاراب.



ياكى:
يۇز قويدى خانە قاھدىن مەيخانەغە تەجەللى،
جامى شاراپ بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.
مەيخانە ئەھلى بولكىم، مۇتلەق سائادەت ئاندا،
كىم زوھىد مۇھتەمىلىدۇر[①] ياشۇم مۇبارەك.

شائىر لىرىك قەھرىمانى سوپىزم تەركىدۇنياچىلىقىنىڭ خەلققە ئۇ دۇنيا (باقىي ئالەم) راھەتلىرىنى بېرىشنى قۇرۇق ۋەدە قىلىدىغان ئالدامچىلىقلىرىنى پاش قىلىپ، بۇ دۇنيا راھەتلىرىدىن لەززەتلىنىش يولىنى تېخىمۇ كەڭ ئاچىدۇ. ماركس سوپىزمنىڭ دەل مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرىنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ ئالەمنىڭ ھەقىقىتى يوقالغاندىن كېيىن، تارىخنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئالەمنىڭ ھەقىقىتىنى تىكلەش بولۇپ قالدى. ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ياتلاشقان مۇقەددەس ئوبرازىدىكى ئۆزىدىن ياتلىششىنى ئاشكارىلاش تارىخ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پەلسەپىنىڭ زۆرۈر ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، جەننەتكە قارىتىلغان پىپەن، قانۇنغا قارىتىلغان پىپەنگە ئايلاندى. ئىلاھىيەتكە قارىتىلغان پىپەن، ئۇنىڭ سىياسىغا قارىتىلغان پىپەنگە ئايلاندى»[②] . دېمەك، شائىرنىڭ پانتېئىستىك لىرىك قەھرىمانى ئەمدى كۈرەش تىغ ئۇچىنى ئالدامچى سوپىلارنىڭ «بۇ دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس، بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇت دەپ ھېسابلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەجەللىسى — نۇرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا گۈزەللىكمۇ، مۇھەببەتمۇ، ئاللاغا مەنسۇپ، ئىنسانغا مەنسۇپ ئەمەس» دېگەن ئەكسى-

① مۇھتەمىل ـ ئاقىۋەت، خۇلاسە، نەتىجە.
② «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە پىپەن» گە مۇقەددىمە، 3 ـ بەت.

يەتچى نۇقتىئىنەزىرىگە قارىتىپ ۋە ئۇنى پاش قىلىپ، ئىنسان گۈزەل-
لىكىنى ئۇلۇغلاپ، گۈزەل يار پورتىرېتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئىشىق ھۆسنۈڭ بەزمىدە بىر شەمئى[1] ياقمىشتۇر كىم ئول،
رەشتەئى[2] جانىم بىلەن بۇ ئىككى كۆزلەر ياغىدۇر.

يۇقىرىقى ئىككى مىسرادا، «گۈزەل يار» نىڭ گۈزەللىك سېھرىي
كۈچى ئۇستىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلسە، گۈزەل يارنىڭ چىن مۇ-
ھەببىتى لىرىك قەھرىمان ئۈچۈن بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ:

سەنسىز ئۇلسام باغ ئارا، ئول مېھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن باغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.
ئى نە ھالى ھۆسنى لۇتفۇڭ سايەسىن باشىمغە سال،
كىم يۈزۈم ئىشقىڭ سەمۇمىدىن[3] ياپراغىدۇر.[4]
سەنسىز ئاچىلماس تەجەللى خاتىرىدىن ئوقدەلەر[5]
كىم ھىلالى ئەيد ئانىڭ[6] زەخمىنەغەم تىناغىدۇر.

دېمەك، لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ ساپ ئىنسانىي مۇھەببىتىنى

① شەمئى ـ چىراغ.
② رىشتە ـ يىپ.
③ سەمۇمىدىن ـ ئىشق شامىلىدىن.
④ خازان ياپراق ـ سارغايغان ياكى قۇرغان ياپراق.
⑤ ئوقدە ـ چىگىش، يېشىلمىگەن.
⑥ كىم ھىلالى ئەيد ئانىڭ ـ ئۇنىڭ يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش ئەگمە
قېشى.



گۈزەل يارغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ھىجرانىدا كۆيۈپ ـ پىشىدۇ.
«ئىنسان گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ۋە ئىچكى
كەچۈرمىشلىرىنى كۈيلەش، ھاياتنىڭ ئېغىرلىقىدىن شىكايەت
قىلىش، بۇ دەۋر ئوتتۇرا ئەسىر لىرىكىسىغا خاس ئاساسىي خۇسۇسى-
يەتلەردۇر. بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى بەدىئىي ئاساستا ئىپادىلەشتە مۇھەب-
بەت تېمىسى كۆپ ۋاقىت ئاساسىي ۋاستىلىك رولىنى بېجىرىدۇ. شا-
ئىرلار ئۆز غايىۋى پوزىتسىيەلىرىنى ھەم لىرىك شائىر سۇيىتىدە
سۆيگۈ تېمىسىدا ئىزچىل ھالدا ئىپادىلەيدۇ»[1] .
دېمەك، شائىر تەجەللى مۇھەببەت تېمىسى ۋاستىسى بىلەن
مەنچىلىك فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ خەلق سىياسىي ئەركىنلىكىنى
بوغقۇچى فېئودال ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە قارشى چىقىدۇ. ئۇنىڭ غەزەل-
لىرىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان «گۈزەل يار» ۋە ئۇنىڭ ئاشىقىمۇ قىلچە سىيا-
سىي ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس. ئۇلارغا ھىجران ئازابىنى چەككۈزۈپ
ۋىسالغا يېتىشنى توسۇپ تۇرغان «سىياسىي تام» دەل فېئودال چىرىك
سىياسىي تۈزۈمىدۇر.
تەجەللىنىڭ لىرىك قەھرىمانى «ئاشىق»، «گۈزەل يار» (خەلق) ۋى-
سالىغا (سىياسىي ئەركىنلىككە) يېتىشكە قەتئىي بەل باغلىغان ئوپتى-
مىستىك جەڭگىۋار قەھرىمان:

كۆڭلۈم قەددىدىن ئافەتۇ، ساچىدىن شىكەن[2] ئىستەر،
مەنسۇر بولۇپتۇرمۇكى دار ۋە رەسەن[3]

① «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخىي مەسىلىلىرى»، 1976 ـ يىل، ئۆزبېكچە،
پەن نەشرىياتى، 129 ـ بەت.
② شىكەن ـ كىشەن.
③ رەسەن ــ ئارغامچا ئىستەر.

باغرىنى باسىپ تاشقا، يۇتار قانىنى مەندەك،
ھەر كىم سەنەمى سەڭگىدىل[1] گۈل بەدەن ئىستەر.
نۇشىن نۇشىن ـ شېرىن. لەبىغە جانۇ ـ دىلىم مەيل قىلۇرلار،
شېرىننى بەلى خىسراۋ ئىلە كوھكەن[2] تاغ ئىستەر.
كۆڭلۈم يەنە مەستانە ئوقۇر سۇرەئى يۇسۇپ.
يەئنى سىنى ئى ساقى گۈل پىيرەھەن[3] ئىستەر.

زىبا سەنەمۇ[4] بادەئى[5] گۈل رەڭسىز ئولماس،
ھەركىمسەكى لۇتفۇ كەرەمى زۇلمىنەن ئىستەر[6]

دېمەك، لىرىك قەھرىمان «گۈزەل يار» ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن، ئال-
دامچى سوپىلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، «خۇدانىڭ دېگىنىمۇ
راست، مېنىڭ دېگىنىممۇ راست» دەپ ئۆز كۆز قارشىدا چىڭ تۇرۇپ،
دار ئالدىغا بېرىپ، ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە ھودۇقماي قاراپ، دارغا ئېسىلغان
بىرىنچى پانتېئىست شائىر مەنسۇر ھەللاجى بولۇشقىمۇ، شېرىن ئۈچۈن
بېھىستون تېغىنى مېتىن بىلەن چېپىپ، ئەرمەنىستان چۆلىگە سۇ باش-
لىغان، تاجاۋۇزچى، قارانىيەت خىسراۋ ۋە ئۇنىڭ ئارمىيەسى بىلەن

---

① سەڭگىدىل ـــ تاش يۈرەك.
② كوھكەن ـــ تاغ كەسكۈچى.
③ ئى ساقىي گۈل پىيرەھەن ـ ئەي گۈلدىن كۆڭلەك كىيگەن مەي تۇتقۇ-
چى.
④ زىبا سەنەم ـ گۈزەل يار.
⑤ بادەئى گۈل ـ گۈل رەڭلىك.
⑥ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى ـ كىمكى ئېھسان ئىگىسىنىڭ رەھىم ـ شەپقە-
تىنى ئىزدىسە دېگەن مەندە.



كۈرەش قىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان پەرھاد بولۇشقىمۇ، زىلەي-
خانىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغىنى ئۈچۈن تۈرمىدە ياتقان يۇسۇپ بولۇش-
قىمۇ، «باغرىنى تاشقا ئۇرۇپ، قان يۇتۇشقىمۇ» ھەر ۋاقىت تەييار ئالىيجا-
ناب پەزىلەتكە ئىگە جەڭگىۋار جەڭچى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان
بولىدۇ. شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى» ،«سەپەق مۇجەللى» ناملىق شېئىر
توپلاملىرى 1899 ـ يىلى «مەتبەئى خۇرشىد قەتلىئى نۇرى» («قۇياش مەت-
بەئەسى، نۇر مەتبەئە» سىدە بېسىلغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ شان ـ
شۆھرىتى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقىل-
دۇ. نەتىجىدە يۇقىرىقى توپلاملاردىن تاللىۋېلىنغان شېئىرلىرى تاشكەنت-
تە چىقىدىغان «باياز» (ئەدەبىيات مەجمۇئەسى) غا كىرگۈزۈلىدۇ. كېيىن
شائىرنىڭ خوتەن، گۇمىلاردا يازغان شېئىرلىرىدىن توپلانغان «دىۋان تە-
جەللى» ناملىق توپلىمى 1922 ـ يىلى ۋېنگرىيەدە كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا
ئېلان قىلىنىدۇ. مانا بۇ پاكىتلار شائىر ئىجادىنىڭ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ
ياۋروپاغىچە تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك غايىۋى ۋە بەدىئىي تەسىر،
ئۇنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
دېموكراتىك شائىرلار بىلەن شېئىرىي خەت يېزىپ، ئالاقە قىلىش مۇ-
ناسىۋىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ شېئىرىي خەتلەر ئادەتتىكى ئاددىي
سالام خەت بولماي، بەلكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بەدىئىي ئالاقە بولۇپ،
شەرق ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى خەتنامە ژانىرىنىڭ تەرەق-
قىياتىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشقان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا خەتنامە ژانىرى ھەممىدىن بۇرۇن
تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن باشلانغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ 11 ـ ئە-
سىردىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»
داستانىدىكى باش قەھرىمان كۈن تۇغدىنىڭ ئۇدغۇرمىشقا يازغان خەتنا-

مىلىرى بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر. بۇ ئەنئەنىنى مۇھەممەد خارەزمى
(14 ـ ئەسىر) ـ «مۇھەببەتنامە»، خوجەندى «لەتافەتنامە»، يۇسۇپ ئەمىرى
«دەھنامە»، سېيىت ئەھمەت «تەشەككۇرنامە» قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلە-
رى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان بولسا، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، نەۋائى
«پالۋان ماھمۇت ئەردەشىر» گە يازغان شېئىرىي خېتى بىلەن بۇ ژانىرنى
ھەم بەدىئىي، ھەم ئىدىيەۋى جەھەتتىن يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

شائىر تەجەللىنىڭ قوقەنلىك شائىر مۇھى، شائىرى زاكىرجان
خالمۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت، قەشقەرلىك ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇكې-
رىم زىيائى، ماھمۇد ئاخۇن داموللام، شەمسىدىن داموللام، ئابدۇرې-
شىت قازى ئاخۇنۇم، مەۋلانە مۇھەممەت يولداش قاغىلىق، مۇتىئۇللا
ئەلەم ئاخۇنۇم، نىزامىدىن ھاجىم، گۇمىلىق ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم،
ئىسمايىل ھاجىم قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە-
لىك شائىر ۋە ئۆلىمالىرى بىلەن ئالماشتۇرغان خەتنامىلىرى،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى خەتنامە ژانىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىي
خەلقلەر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىسپا-
تىدۇر.

شائىر تەجەللى بۇخارالىق شائىر مۇھىنىڭ يازغان خېتىگە
مۇنداق شېئىرىي جاۋاب خەت يازىدۇ:

«ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولىدىن،
سېنىڭ شېرىن سۆزىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزاتقاندەك،
سېنىڭ لەتىف مەكتۇبىڭنى بەردى سۇيۇندۇم.
فورقەت قەلىبلەر تېۋىپىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بىرەلىدى دىللەرگە شىپاھ.



سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلىسەن سايرار ۋە مۇدام،
بۇ ئالەمدە نەۋايىدەك بولۇپ قال يەكتا».

بۇ شېئىرىي خەتتە، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىدا ۋاستىلىك رول ئوينى-
غان شائىر فۇرقەتنىڭ ئەخلاقىغا ۋە شائىر مۇھى ئىجادىيىتىگە يۇقىرى
باھا بېرىلگەن. بۇ خەتنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ سالام ـ سا-
ئىتى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ
مېغىزىنى چېقىش جەريانىدا بىرلىككە كەلگەن چوڭقۇر ئىدىيەۋى ئاسا-
قا قۇرۇلغان دوستلۇقنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللىغا يازغان مۇنۇ شېئىرىي مەكتۇپى يۇقىرىقى شە-
كىلدىكى دوستلۇقنىڭ يەنە بىر يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن
چوڭقۇر ئىپادىلىنىشىدۇر:

مەن زىكرۇھۇفىي مىقىۋەلي ۋە ۋىدا دۇھۇ،
فىي خاتىرەىي ۋە خەيالۇھۇ فىي نازىرىي.
بەشە رۇن ئەرا ھۇررۇ ھەئىللا ئىنىنەھۇ،
جەبەلۇن ۋەلاكىن بەھرۇ فەزلىن زاخرى.
ئەلىئىلمۇ ۋەتتەقۋا ھەلغا نەفسىھى،
لىلاھى زۇھەيلىن ۋە سەۋبىن فاخىرى.

(ئۇ بولسا ـ تىلىمدىن گەپ ـ سۆزى، خاتىرەمدىن دوستلۇقى، كۆ-
زۈمدىن خىيالى يىراق بولمايدىغان ئەڭ يېقىن بۇرادىرىمدۇر.

ئۇنىڭ سۈرىتى ئىنسان بولغىنى بىلەن، ئۇ نازۇكلۇقتا روھقا، ئى-
رادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ مولluقىدا دېڭىزغا
ئوخشايدۇ.

ئىلىم ـ پەن، تەقۋا ــ ئۇنىڭ ئايرىلماس دوستى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى
زىننەتلىك كىيىم كىيمشى ــ ئاللانىڭ رىزالىقى ئۇچۇندۇر.)
بۇنداق ئېستېتىك باھاغا ئاپىرىن! دىمەي بولامدۇ؟
شائىر تەجەللى ئۆزىنى فۇزۇلى، نەۋايىلارنىڭ شاگىرتى دەپ ھې-
سابلايدۇ:

قەيۇمدە دۇتۇپ راھۇ رەسمى گەدايى،
فۇزۇلى ـ فۇزۇلى، نەۋايى ـ نەۋايى.

دەپ ئۇستازلىرىغا سېغىنىپ، مۇراجىئەت قىلغان شائىر، مۇھەب-
بەت تېمىسىدىن پايدىلىنىشتا نەۋائى ئىجادىيەت يولىدىن مېڭىپ، مۇ-
ھەببەت تېمىسىنى پەردە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتى-
كى خىلمۇخىل ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش يوللىرىنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز شېئىرلى-
رىدا كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.
شائىر تەجەللى ئىجادىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان
«بەرق تەجەللى» توپلىمىدا، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا
شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىدا ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان قائىدە بويىچە،
ئالدى بىلەن ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بولغان «چاھارىيالار» (تۆت پەي-
غەمبەر) گە ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ. قالغان قىسمى ئاساسەن مۇھەببەت تې-
مىسىغا بېغىشلىنىدۇ. بۇلاردا چىن ئىنسانىي پاك مۇھەببەت، ئۇنىڭ
ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ يادروسى بولغان ۋاپا ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. شۇن-
داقلا ھىجران ئوتىدا نامايان بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار قانچىلىك ھەرىكەت
قىلمىسۇن، ئۇلار پەقەت مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.
شائىر ئەنە شۇ مۇھەببەت تېمىسىدىكى ھىجران بىلەن ۋىسال ئوت-



تۇرىسىدىكى ئانتاگونىستىك زىددىيەتنىڭ كەينىگە مۆكۈنگەن، كۆزگە
كۆرۈنمەيدىغان، سىرلىق سىياسىي كۈچكە بولغان ئېستېتىك مۇناسى-
ۋىتى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۇنى
خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن ئالغا سۈرىدۇ.
مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق خەلق تەقدىرىنى ھەل قىلىشتا بىر-
دىنبىر ئالدىنقى شەرت بولغان سىياسىي ئەركىنلىك ئۇنىڭ «بەرق تە-
جەللى» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن «قارا» قەسىدىسىدە سىمۋوللۇق ھالدا
ئىپادىلىنىدۇ.
شائىرنىڭ «قارا» قەسىدىسى شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا، نەزەر ئاخۇ-
نۇمغا يازغان سالام خەت بولۇپ، قەسىدىنىڭ كىرىش سۆزىدە، نەزەر ئاخۇ-
نۇمنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقى ھەم ئىلمىي پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ؛
قەسىدە «جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ كۆزى، زامانداشلىرىنىڭ پەخرى،
خالىس، ساپ دىل كىشىلەرنىڭ ساداقەتلىك، لۇتىف ـ مەرھەمەت، ساخا-
ۋەتنىڭ مەنبەسى، ئالىملارنى دوست تۇتقۇچى، يوقسۇللارغا ياردەم بەرگۇ-
چى، نەزەر ئاخۇن جانابلىرىغا مەدھىيە» دەپ باشلانغان بولۇپ، لىرىك-
نىڭ سيۇژىت لىنىيەسى بويىچە سەكرەش ھاسىل قىلىپ، شائىر شېئى-
رىدا ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئېستېتىك غايىسىنىڭ پەردىسىنى ئاچىدۇ:

لېكىن ئولىمش كۆزلىرىمدە گەرچە مەن خەققاش① ئېمەس،
ئويە ئالەم قارا كىيىم، يەلداغەدۇر ئائىنەدار② .

ھەممىگە مەلۇمكى، شەپەرەڭنىڭ بىرىنچىدىن پۇتى يوق، ئىك-
كىنچىدىن ئۇنىڭ كۆزى كۈندۈزدە كۆرمەيدۇ. ئەمما كېچىدە ئۇنىڭ

① خەققاش ـ شەپەرەڭ.
② ئائىنادار ـ ئەينەك

كۆزى ھەممىدىن ئۆتكۈر. قاراڭغۇدا دالادا ياتقان بىر تال چىۋىننىمۇ كۆرەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆز پەردىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك. شۇڭا ئۇ كوندۇزى ئەسكى تام يوچۇقلىرىدا ئۇخلاپ، كېچىدە ئوۋغا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇ كوندۇزنى ئەمەس، كېچىنى ياخشى كۆرىدۇ. نۇرنى ئەمەس، قاراڭغۇلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. شائىر تەجەللىنىڭ يۇقىرىقى غەزىلىدە، ئۇنىڭ كۆزىگە شەپەرەڭ ياخشى كۆرىدىغان تەبىئىي تۈن كېچىسىمۇ، ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلالىۋاتقان كوندۇزمۇ ئوخشاشلا نۇر قوغلانغان تۈن كېچە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ ۋەتىنى مەنچىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمى قاپلاپ كەتكەنلىكى قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشىتىلغانىدى. نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەپسانىۋى بەدىئىي يادىكارلىقى ھېسابلانغان «ئاۋېستا» دا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زورئاستىر، شامان، مانى ئەدەبىياتىدا، خۇدا ئاخۇرا مازدا (ھورمۇز) نۇر (يورۇقلۇق) بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى، خۇدا ئانگىرا مائىنيو (دىۋە) قاراڭغۇلۇق، شۇملۇق، بالا ـ قازا، زۇلۇمنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر ـ بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. بەزىدە ئۇ، يەنە بەزىدە بۇ يېڭىدۇ. يېڭىش ـ يېڭىلىش جەريانى ئەپسانىۋى تۈس بىلەن سۆزلىنىدۇ.

مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر قەھرىمانى بەگ قۇلى، ئۇيغۇرلار زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن رورەن تاجاۋۇزچىلىرىنى كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ تارمار قىلىدۇ. مانا شۇ ۋەقەنى ئۇيغۇر مانى مۇخلىسلىرى «خۇئاستۇئانفت» (مانى توۋا دۇئانامىسى) دىكى يورۇقلۇق، بەخت خۇداسى ئاخۇرا مازدا، قاراڭغۇلۇق، زۇلۇم خۇداسى ئانگىرا مائىنيو ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئەپسانىۋى سيۇژىتىدىن پايدىلىنىپ، تاجاۋۇزچى رورەن قوماندانلىرىنى ـ ئانگىرا مائىنيو، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ قەھرىمانى بەگ قۇلىنى ئاخۇرا مازدا قىلىپ تەسۋىرلەپ، «نۇر» نىڭ ھامان «قاراڭغۇلۇق» ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر داستان يېزىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغانىدى.

شائىر تەجەللى ئەنە شۇ تارىخىي ئەنئەنىگە ياندىشقان ھالدا ئۇنىڭغا پانتېئىستىك تۈس بېرىپ، نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە نۇر قاراڭغۇلۇقنى يېڭىپ چىقىدۇ. بۇ نۇر 20 ـ ئەسىر بېشىدىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ فېئودال تۈزۈمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىكى، خەلق سىياسىي ئەركىنلىكىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى ئىدى. بۇنى شائىر بىر قېتىم تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىمۇ، جەنۇبىدىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئەمما شائىر مۇشۇ قەسىدىنى يېزىۋاتقان مەزگىلدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى خەلق ئازادلىقىنى زوزۇڭتاڭ، شىمالىدىكىسىنى چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى بېسىقتۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمما تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىنى بەلگىلىك دەرىجىدە چۈشەنگەن بۇ مۇتەپەككۇر شائىر، ھامان بىر كۈنى نۇرنىڭ (خەلق ئىنقىلابىي مەيدانغا كەلتۈرىدىغان خەلق سىياسىي ئەركىنلىكى)، قاراڭغۇلۇق (مەنچىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى) ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىشىغا ئىشىنەتتى. شائىر مانا شۇ ئېستېتىك ئىدېئالىنى قەسىدىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھ ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى قىزار.
كەيمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان،

ئانى مېھىر ئەتتى زىبا تىرناغى بىرلە تار ـ تار.
چەشمەئى خورشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرنىڭ،
يۈپ يۈزىدىن قارەسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

يۇقىرىقى غەزەلدە، نۇر قاراڭغۇلۇقنى يېڭىپ، ئۇنى جاھان سەھنىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، جاھان يۈزىدىكى «قارا» نى يۇيۇپ، سۈپسۈزۈك ۋە روشەن قىلىۋېتىدۇ. مانا بۇ خەلق ئازادلىق كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلغان، مەنچىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، سىياسىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەن كېلەچەك مەنزىرىسىنىڭ، شائىر ئىنقىلابىي رومانتىزمىدا ئوپتىمىستىك ھالدا سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشى ئىدى.

شائىر قەسىدىدە ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەنە شۇ گۈزەل كېلەچەكنى، ئازادلىق ـ ئەركىنلىكنى ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن قارا قاشلىق، قارا چاچلىق «گۈزەل يار» غا ئوخشىتىدۇ. بۇ جايغا كەلگەندە «قارا» رەڭ سىمۋوللۇق سەلبىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى قارا رەڭ ئۆز ئېتىمولوگىيەسى بويىچە قارا رەڭنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق تاشقى گۈزەللىك، ئىچكى ماھىيەت گۈزەللىكنى ئىپادىلەيدىغان ئىجابىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ:

ھەق كالامى[1] قارەخەت ئىچرە تەجەللى[2] كۆرسەتۇر،
ئەھلى بىنىشقە[3] قارالىقتىن ئېمەستۇر ئەيبۇئار[4].

① ھەق كالامى ـ تەڭرىنىڭ سۆزى.
② تەجەللى ـ چاقنىغان نۇر.
③ ئەھلى بىنىش ـ بىلىم ئەھلى، بىلىملىك كىشى.
④ ئەيبۇئار ـ ئەيىب ۋە نومۇس.



كەلدى ئەخبار[1] ئىچرە شەنبە سەئىد ئانىڭ كەۋكەبى[2]،
سەئىد ئەكبەر ئۆزرە رەڭگى قارادۇر ساھىپ شىكار.
چۈن «ئەلەيكۇم بىسسەبە ۋادىلئەزەم» ئەيدى مۇستاپا،
سەندەك ئاق يۈزلۈك قارانى ئەلدىن ئەتتىم ئىختىيار.
............................
ئول ھەجەرىكىم[3] ئۆپسە ئانى ئاقارۇر مۆمىن يۈزى،
كەئبە ئىچرە قارا قىلمىش رەڭگىنى پەرۋەردىگار.
كۈن ئېرۇر ئاق، تۈن قارا كۆزپەزلىنى قۇرئاندا كىم،
تۇشتى «ۋەللەيل»[4] ئەۋۋەلۇ كەلدى «مۇئەخخەرۋەننە ھار»[5]
ئىبتىدادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىش قارالىقتىن زوھۇر[6].
ئابى ھەيۋان چەشمىسى[7] تاپمىش قارالىقدا[8] قارار.
دىل سۇۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەر گاھى ئۇسۇل،
شاھىد سىررى ئىلاھى[9] ئول قاراغا يارغار[10].

① ئەخبار ـــ رىۋايەت، خەۋەر.
② شەنبە سەئىد ئانىڭ كەۋكەبى ـ شەنبە كۈنىنىڭ يۇلتۇزى، بەخت يۇلتۇزى.
③ ھەجەر ـــ ئەرەبىستاندىكى قارا تاش ـــ ھەجەر ئەسۋەتنى كۆرسىتىدۇ.
④ ۋەللەيل ـــ كېچە.
⑤ مۇئەخخەر ۋەنناھار ـــ كۈندۈزدىن كېيىن كېلىدۇ.
⑥ زوھۇر ـــ ئاشكارا بولۇش، كۆرۈنۈش.
⑦ ئابى ھەيۋان چەشمىسى ـــ ھاياتلىق بۇلىقىنىڭ سۈيى.
⑧ قارالىق ـــ قاراڭغۇ غار.
⑩ سىررى ئىلاھ ـــ تەڭرىنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتلىرى.
⑪ يارغار ـــ ساقلىنىش، ھەمدەم بولۇش.

ئەسلىگە راجىئ بولۇر[①] ھەر شەيئى مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز،
ئەسلى ھەر شەيئىنىڭ قارادۇر كۆيدۈرۈپ كۆر ئاشكارا،
ئول زۇھەلكىم[②] تاپتى ئانىڭ دەۋرىدە ئادەم ۋۇجۇد،
جەرىخ ئۆزرە قارا رەڭ ئىلە قىلۇر ئەھدانى خۋار[③] .

.......................

ئاھەنى كىم شەئىنىدە نازىل ئېرۇر «بەئىسۇن شەردىد»[④] ،
رەڭگى باقكىم قارادۇر ئانىڭسىز ئولماس ھېچكار.
لەيلىنىڭ ھۆسنى قارەلىغىدىن فۇسۇنخۋان[⑤] بولمەسە،
قەيىدەك ئاقىل ئاڭا مەجنۇن بولۇپ يىغلارمۇ، زار.
خال كىم مەھبۇبلارنىڭ ھۆسنىگە زىننەت ئىرۇر،
بولماسا رەڭگى قارا ئول ھۆسن ئاچىلماس ئېرۇر.
قارالىقىدىندۇر سەنەملەر ساچ ۋە قاشى دىلغەرىپ[⑥] ،
قارالىقتىن تاپتى قىممەت ئەنبەرۇ مۇشكى تەتار[⑦] .
دىلرابالىق ئىشۋەسىن[⑧] كۆرگۈزسە شاھىد كۆزلەرى،
ۋەسىف[⑨] ئېتەرلەر «قارا كافىر» دەپ ئۇنى ئۇششاق[⑩] زار.

---

① راجىئ بولۇش ــ ئەسلىگە قايتىش
② زۇھەل ــ يۇلتۇز ئىسمى.
③ ئەھدانى خۋار ــ دۈشمەننى خار قىلىش.
④ بەئىسۇن شەردىد ــ تۆمۈر ئەڭ قاتتىق، ھەممىدىن كۈچلۈك.
⑤ فۇسۇنخۋان ــ جەلپ قىلىش، مەپتۇن قىلىش.
⑥ دىلغەرىپ ــ دىلنى تارتىدۇ.
⑦ مۇشكى تەتار ــ ئىپار.
⑧ ئىشۋە ــ ناز ـ خۇلق.
⑨ ۋەسىف ــ تەرىپلەش.
⑩ ئۇششاق ــ ئاشىق.



ھەق تەئالا رەھمەتىن ئالەمگە ياغدۇرماق ئۈچۈن، ئاق بۇلۇتتىن
قارا بۇلۇتتۇر زىيادە پەيزى بار.
رەڭگىلەردە قارادىن يوقتۇر يۇقارى ھېچ رەڭ،
كىم يۇقارى تۇرمىش ئانىڭ يۇلتۇزى ئەنجۇم سۇۋار[①] .

يۇقىرىقى مىسرالاردىن شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى كېلەچەكتە-
كى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۆزىنىڭ چىن ئىن-
سانىي پاك مۇھەببىتى بىلەن سۆيگەن ۋاپادار، گۈزەل يارىنىڭ گۈزەللى-
كىنى ئىپادىلەيدىغان «قارا» رەڭ، «قارا قاش، قارا كۆز، قارا مەڭ، قارا
چاچ» قا ئوخشاتقان چېغىدا «قارا» رەڭنىڭ، «ئاللا» قۇرئان كەرىمدە
ئىشلەتكەن ئىجابىي خىسلىتىدىن تارتىپ، ئىنسان تەپەككۇرىدا شەيئى-
لەرنىڭ قارا رەڭنىڭ خىسلىتىنىڭ گۈزەللىكى پەلسەپە نۇقتىسىدىن
ھەر تەرەپتىن شەرھلىنىپ، قارا رەڭنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ماھىيەتلىك
گۈزەللىكىنى بىر نۇقتىغا توپلاپ، ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتىنىڭ
تۈپكى كېپىلى بولغان ئازادلىق، ئەركىنلىكنىڭ ماھىيەتلىك گۈزەللى-
كىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، بۇ شائىرنىڭ «قارا» قەسىدىسىدە ئالغا سۈر-
مەكچى بولغان تۈپكى ئېستېتىك ئىدىيەلىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى
بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ خىل شەكىلدىكى بەدىئىي
ماھارەت، مۇنداق پەلسەپە ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى پەقەت
شائىر تەجەللىگە باشقا شائىرلاردا ئۇچرىمايدۇ.
شائىر خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاق ـ قا-
رىنى پەرق قىلىدىغان ئويغانغان ئاڭغا ئىگە بولۇش لازىملىقىنى،
بۇنداق ئاڭنىڭ مەنبەسى ئوقۇ ـ ئاقارتىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈ-

---

① ئەنجۇم سۇۋار ـ يۇلتۇزغا مىنمەك.

شىنىدۇ. شۇڭا شائىر «بەرق تەجەللى» توپلىمىغا كىرگۈزگەن شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيۈش، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنى مەزمۇن قىلغان. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىلىم ـ مەرىپەتنى، مائارىپنى خاسىيەتلىك ئىش، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش ياشاشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى دەپ قارايدۇ.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىلىمنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن «ئەجدىھادەك دەم تارتىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشنى، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، خۇددى ئارسلاندەك» ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ:

ھەقايىقدە① گاھ ئەژدەھاتەك ئۇرۇپ دەم،
مەئارىفدە گاھ ئارسلانتەك يۈرەلىم.

شۇڭا شائىر، ئىلىم ـ پەن ئەھلىلىرى — ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇم، شەمسىدىن داموللا، مەۋلانە مۇھەممەت قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ئادەملەر بىلەن دوستلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىلىمىگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. شائىر ئابدۇقادىر داموللىغا يازغان بىر قەسىدىسىدە:

بىلۇرسەنمى ئول ساقى كىم دىرۇمبەن،
ئاياغىن ئۇپۇپ قابوسىندا ئولەلىم.
خۇمى مەئىرىفەت مۇھىيدىن ئەبدىقادىر،
كى دۇرۇپ نەشئەئى ھەقلە مەنسۇر ناسىر.

① ھەقايىق ـ ھەقىقەت ئىلمى.



ياكى:
قۇمۇ ئاشىقىنىڭ رەھبەرى ئەبدىقادىر،
خۇداۋەندە مەئىشۇق ساھىب كەرەمات

قۇمۇ ئەۋلىيا سەرۋەرى غەۋس ئەئزەم،
جەلىلۇ① لمەقام ۋە جەلىيۇل مەقامەت.

ئۇلۇ قوتبى ئەرش ئەستانىكىم ئەيلەر،
جەنابىندىن دەز زۇھۇلقوددۇس ئىستىقامەت.

ئاڭا خاس ئولمىش سەفى ئەسقىيا،
لەۋايى كەرامەت ئەسايى ئىمامەت.
ھەۋايى ھۇۋىيەت دۇرۇر ئول مۇقەررەپ،
ھۇمايى ھۇمايون ۋە شەھبازى ئەشھاپ.

ئاڭادۇر ۋىلايەت جەھانىندە ھەردەم،
ئەزەل تائەبەد ھۆكم سۆرمەك مۇسەللەم.

دۇرۇر تىغى قۇدرەت ئەنىڭ قەبزەسىندە،
جاھانى تەسەررۇف ئاڭا زىر خاتەم.

ئەنىڭ ئىسمىدۇر ئىسمى ئەئزەم ئەسەرلۇ،
سۇلەيمان قەنىكىم كۆرەر ئىسمى ئەئزەم.

① جەلىلۇ ـ ئوچۇق، روشەن، ئاشكارا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك.

ئەنىڭ نەفەسىدۇر مەھزى نۇرى مۇقەددەس،
ئەنىڭ جىسمىدۇر ئەينى روھى مۇجەسسەم.

تەجەللا سىلە مەھۋ مۇسايى ئىمران،
دۇر ئەنفاسىنە بەندە ئىيسايى مەريەم.

ئەنىڭ مەئرىفەت بەزمى ئىچرە ۋىرۇرلەر،
قەدەھلەر لەبا لەپ، پەيا پەي دەمادەم.
...............

شائىر يۇقىرىقى قەسىدىسىدە ئابدۇقادىر دامولىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىگە، كەڭ ھەم چوڭقۇر بىلىمىگە تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

ئەدەبىيات ئىجتىمائىي ئاڭ بولۇپ شەكىللىنىپ ھاياتقا ئۆز تەسىرىنى كۈچلۈك ئۆتكۈزەلەيدىغان بولغاندىن بېرى، ئىككى يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىپ، بىر مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى.

ئەدەبىيات ھاياتنى بەدىئىي تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئوبرازلار ئارقىلىق ھاياتنىڭ جانلىق شەكلى بويىچە، لېكىن ئۇنىڭدىن بىر بالداق يۇقىرى قىلىپ قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانىيەتكە ھاياتنى قانداق چۈشىنىش، ئۇنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە، گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە تايىنىپ ئىنسانىيەت مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، ئىنسانلار كۆڭۈلدىكىدەك بىر دۇنيا ـ جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ھالدا يازغۇچى ياكى شائىر ھاياتنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىدىن ئىككىنچى بىر دۇنيا — ئەدەبىيات قايتا ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇ چاغ رېئال دۇنيادىن ئۈستۈن، رېئال



دۇنيادىن گۈزەل، ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن بىر دۇنيانى يارىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئەنە شۇ گۈزەل دۇنياغا تەقلىد قىلىپ، شۇنداق بىر گۈزەل دۇنيا ـ جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە چاقىرىق قىلىپ، ئىنسانلاردا شۇنداق يېڭى دۇنيانى قۇرۇپ چىقىش كۈرەش ئىرادىسىنى تىكلەيدۇ. بۇ ھالدا يازغۇچى ياكى شائىر ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرىقى مەقسىتىنى بىۋاسىتە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئىككىنچى يۆنىلىشىدە، يازغۇچى ياكى شائىر، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سەلبىي، خۇنۇك تەرەپلىرىنى تىپىك ھالدا پاش قىلىپ، ئۇنىڭدىن خەلقنى يىرگەندۈرۈپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تىكلەپ، بۇ رېئال جەمئىيەتكە ئوخشىمايدىغان خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقا بىر گۈزەل جەمئىيەت قۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

بۇ يۆنىلىشتىكى شائىر ياكى يازغۇچى، ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرىقى ۋەزىپىسىنى بىرىنچى يۆنىلىشتىكى شائىر ياكى يازغۇچىغا ئوخشىمىغان ھالدا بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئورۇنلايدۇ، خالاس.

ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى خەلقنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت. بۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەن مۇتەپەككۇر شائىر تەجەللى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى مەنچىڭ فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدېئولوگىيەسىنى ھەم ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دىنىي خۇراپىي روھانىيلارنى خەلقنىڭ دۈشمىنى ھېسابلاپ، ئۇلارنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى خەلقنىڭ ئالدىدا ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى قەتئىي ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا خەلقنى چاقىرىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ساتىرىك ئەسەرلىرى «تۆھبەتۇل بەررەيىن» («ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە») بىلەن «بەرق

تەجەللى» دىۋانلىرىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى مەلۇم.
شائىر جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقنىڭ بىر مەنبەسى
چالا موللا، روھانىيلار دەپ قارايدۇ:
«قۇرئان ۋە ھەددىستىن يىراقلاشقان ھالدا، يامانلىق ۋە پىتنىخور-
لۇق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلار مېڭىسىنى دۇنيانىڭ مۇھەببىتى قى-
زىقتۇرۇپ، مەست قىلىۋەتكەنلىكتىن، ئۇلار ئالتۇن تېپىپ باي بولۇ-
شنى دائىم خىيال قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىم ئوقۇشتىكى مەقسىتى
بىرلا، يەنى ئالتۇنغا ئېرىشىش، كۈمۈشنى ئويلاش، شەيخ بولۇش، مۇد-
دەررىس بولۇش، مەنسەپدار بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇلار قارۇن ۋە پىرئەۋ-
نىڭ تونى، شارابى بىلەن بۇلغانغان. نىيەت ئىقبالى شەيتانىنىڭكىدەك
ئالا تۇرۇقلۇق. ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچى-
سى دەپ ئاتىشىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت داستىخىنىدىن تۇز يەپ تۇرۇق-
لۇق، تۇزكورلۇق بىلەن تۇز قاچىسىنى سۇندۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ بېشىغا پۇت قويىدۇ، يەنى ئۇلارنى خارلاپ، ئۆ-
زىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھىس-
سالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سىنەسىگە تەنە
مالامەتنىڭ نەيزىسىنى ئۇرىدۇ. ئۇلار كور، ھەقىقەتنى كۆرىدىغان كۆزى
ۋە دىيانىتى يوق. ھېيسىي كۆزى بىلەن ئۆزىنى پەزىلەتلىك كىشى
كۆرۈپ مەغرۇرلىنىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ‹بەق› بىلەن ‹بەقەر›[①] نى ئايرىيال-
مايدىغان تۇرۇقلۇق، جاھالەتنىڭ يۇندىسىغا پېتىپ قالغان بۇ گاچا،
ئەخمەق، جاھىل ئېشەكلەر ئۆزلىرىنى لەھەڭدەك كۆرۈپ، ئىلىم - پە-

① بەق ۋە بەقەر - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بەق، - پاشا، كۈمۈتە، بەقەر - كالا
دېگەن مەنىدە.



زىلەتتە ئۆزىنى سوقرات بىلەن باراۋەر قويۇپ، ئىلىمدىن لاپ ئۇرىشى-
دۇ. چوڭ كىتابلارنى كۆتۈرۈۋېلىش بىلەن ئۆزلىرىگە تەمەننا قويۇپ، دا-
ۋاملىق ‹مەن ياخشى› دېگەن سۆزنى دەرس سۇپىتىدە تەكرارلايدۇ. بىلىم-
سىز ئادەملەرنىڭ مۇنداق ئەبلەخلەرنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دې-
پىغا ئۇسسۇل ئويناپ ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ، مەغرۇرلۇقتىن ھو-
شىنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنى ئاسمان ئۈستىگە پۇت قويىدىغان ئەۋلىيا
سانايدۇ» دەپ ئاچچىق مەسخىرە قىلىدۇ. شائىر كىشىلەرگە، ئىلىم -
مەرىپەت، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان شەرىئەت ھۆكۈمالىرىنىڭ
ئەپت - بەشىرىسى ئەنە شۇنداق بولسا، بۇ جەمئىيەتتە كىشىلىك پەزى-
لەت، ئەدەب - ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت نەگە بارىدۇ؟ دەپ بۇ جەمئىيەت-
نىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن تۇتىشىدىغان چوڭ ۋە ئېغىر مەسىلىنى
ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.
مۇتەپەككۇر شائىر تەجەللى جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ھەل
قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئىلىم - پەن ئەھلىلىرىگە بۇ چىرىك جەمئى-
يەت سىياسىتىنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگۈرلۈك
بىلەن قىسقا، ئەمما ئۆتكۈر تىل ئارقىلىق چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ:
«زېمىن ۋە زامان، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، گۆھەرنى
ساپال ۋە ساپالنى گۆھەر دەپ قارىماقتا، قارا يۇرەكلەرنىڭ بەختىگە زا-
مانمۇ نەرسىلەرنى ئايرىپ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. گۆھەر بىلەن
مارجاننى پالەك بىلەن ئوخشاش كۆردى. دەۋرنىڭ گۆھەر تونۇيدىغان
كۆزى بولمىغاچقا، گۆھەر ساتىدىغان دۇكاننى تاقىۋېتىش خىيالىدى-
مەن، ئەمدى ھەقىقەتكە يېتىش مىڭە قۇتىسىنى بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ
قويۇپ، ئالىي ئەرشكىچە بولغان ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ ئولتۇرغاي-
مەن. باھارغا ئوخشاش جەۋلان قىلىدىغان، شاش تېپىمنى خامۇشلۇق-
نىڭ قولى بىلەن تىزگىنلەپ، يۇگۇرۇشتىن توختاتقايمەن.»

يۇقىرىقى ھېكايىگە ئايلاندۇرغان شېئىرىي قۇرلاردىكى چوڭقۇر مە-
نىگە ئىگە لاكانىزملىق سۆز ـ جۈملىلەردە، شائىرنىڭ ۋىجدان ئازابىدا
پەيدا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، ئۆزى ياشاۋاتقان فېئودال جەمئىيەتنىڭ
زۇلمەتلىك قاراڭغۇ ئاسمىنىدا، تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرما-
ملار ئاۋازى قوزغىمىزغا ئاڭلانغاندەك ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىنسانىيەت مەنپەئىتىنىڭ ھەقىقىي
ئىجادچىسى بولغان ـــ ئىلىم ـ پەنگە، ئۇنى ياراتقۇچى ئىنسان ئەقىل ـ
پاراسىتىگە، تالانتىغا ھەسەت قىلغۇچى پىتنە ـ پاساتچىلارنى ئۆتكۈر
ساتىرا نەيزىسى ئاستىغا مۇنداق ئالىدۇ: «سۇنبۇل ۋە نەسرىن گۈللى-
رىنى قانداقمۇ بۇ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا ھەلەپ قىلىپ بېرىمەن.
داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدەك خۇش ئاۋازىمنى قانداقمۇ بۇ ئېزىت-
قۇ ـ ئالۋاستىلارنىڭ قۇلىقىغا تەگكۈزىمەن؟ بۇ نىجاسەت كولاشقا ئادەت-
لەنگەنلەرنىڭ دىمىقىغا ئارچا ۋە رەيھاننىڭ خۇش بۇي ماتاسىنى[①]
ساتسام زۇلۇم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شەپەرەڭلەرنىڭ كۆزىگە نۇرلۇق قۇياش-
نىڭ جىسمىنى سوۋغا قىلسام ـــ جاپادىن باشقا نېمە بولماقچى؟! بۇ
ئەبلەخلەر مېنىڭ ئەنبەر پۇرايدىغان نەپسىمدىن غەزەپ بىلەن كۆيسە
كېرەك. چۈنكى قوڭغۇزنىڭ دىمىغى خۇشبۇي باھارنى ئوت دەپ يامان
كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇلار شائىرلىقنى ئەيىبلەش بىلەن ئۆزلىرىنى تې-
خىمۇ ئاشكارىلاپ رەسۋا بولدى. بۇ ناقىسلارنىڭ ئۆز قىياپىتىنى يوشۇ-
رىدىغان قارىشى ئالامەتلەرمۇ ئاشكارىلاندى. ئەھۋال شۇنداق، قول يەتمە-
گەن شېرىن مېۋە ھامان ئاچچىق كۆرۈنىدۇ. قاغىنىڭ خۇش ئاۋازى
بۇلبۇلنى كۆرەلمەسلىكى تەبىئىي. ئاھ! ئەگەر ئۇلار دېگەندەك، شا-
ئىرلىق ـــ ئىلىم ـ مەرىپەتلىك كىشىگە ئەيىب بولىدىغان بولسا، ھەي-

① ماتا ـ بۇ جايدا سېتىلىدىغان تاۋار مەنىسىدە.



رانەنكى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوللىرى ھەتتاكى چاچما سۆز يېزىش-
تىنمۇ تىترەيدۇ؟ ئەگەر، شېئىر ئىلىمنىڭ خەزىنىسى بولمىسا، ئا-
لىملار قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى نېمە ئۈچۈن شېئىر بىلەن تەپسىر قىلى-
دۇ؟! ئەگەر شېئىر دېگەن كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى كۆيلەيدىغان ئالىي
خىتاب بولمىسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھامان دېگەن شائىرغا
شېئىر كۈيلەش ئۈچۈن مۇنبەر قويۇپ بەرمىگەن بولاتتى. ئىلىم دېگەن
نازىنىن ھەم شېئىرنىڭ زىبۇزىننىتىگە ئېھتىياجلىق. چۈنكى، نىگار
يالىڭاچ بولۇپ قالسا، رەسۋالىق ئەمەسمۇ؟! باقىل دېگەن گاچا سەھبان
دېگەن شائىرنىڭ قەدىرىنى قانداق بىلسۇن؟»

شائىر، بۇ مەدەنىيەتنىڭ قاتىللىرىغا تەڭلىگەن ساتىرىنىڭ پولات
نەيزىسىنى ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە سان-
جىيدۇ: «بۇ بوك قۇش قاغىلاردىن قانداقمۇ مېنىڭ ئالىي قارچىغام
پەرۋا قىلسۇن؟! تىكەن، ئەخلەتلەردىن ئۇمман دەرياسى نېمە پەرۋا
قىلسۇن! گۈلخان تۇتۇنى نۇرلۇق قۇياش يالتىرىغىنىڭ تىزگىنىنى قاي-
رىۋېتىشكە قانداقمۇ قۇدرىتى يەتسۇن؟ چۈنكى مەن ئاللانىڭ يولۋىسى ـــ
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەركەك پەرزەنتىمەن. بۇ نامەردلەرنىڭ كۆز-
لىرى مېنىڭ پەزىلىتىمنى كۆرۈشتىن خىرە بولغان بولسا نېمە
غېمىم بولسۇن؟ چۈنكى كۆز قارىچۇغۇم مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلەر بەزمى-
سىنىڭ كۆزىدۇر. نازۇك نوكتىلىق شائىرلار بەزمىسىگە مېنىڭ سۆ-
زۈمدىن شۇنداق گۈزەللىك بولىدۇكى، ياشلىقتىن ھۆسن ـ جامالىغا ۋە
باھاردىن، باغۇ ـ بوستانغا گۈزەللىك زىيادە بولغاندەك، مەن قۇياشقا
ئوخشاش شەرقنىڭ پادىشاھىمەن. مېنىڭ ئىلىم ـ ھېكمىتىم بۇ كۈندە
شەرقنى يورۇتماق ئۈچۈن ھۆججەتنىڭ تېغىنى يالاڭلاپ تۇرماقتا.
مېنىڭ نەپسىم ھەزرىتى ئېيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىلىمنىڭ
تېنىگە جان كىرگۈزىدۇ. لېكىن ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان دەججاللارنىڭ

دىل ـ جانلىرىنى جاراھەت قىلىدۇ. مېنىڭ سۆرگەن ئىبارەتلىرىمگە قاراپ باق! ھەربىر نۇقتىلىق ئىبارەتلىرىمنىڭ تېگىدە يۈز خوراسانى تاپىسەن (شائىر بۇ يەردە مېنىڭ يازغىنىم خۇراسانلىق شائىرلارنىڭ يازغانلىرىدىن پاساھەتتە ئارتۇق، دېمەكچى). ئەي تەجەللى، ئەمدى خامۇشلۇقتىن بىسات ياسىغىن، بۇ ياۋايىلارنىڭ قۇلىقىغا مۇشۇنچە زىننەت ئاسقىنىڭمۇ يېتەر!...»

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ خۇي ـ پەيلى ـ خاراكتېرىنى دەۋر يارىتىدۇ. ئىنساننىڭ خاراكتېرى پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوخشاشلا ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىنسان خاراكتېرى ـ خۇي ـ پەيلى، بەلگىلىك جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

شائىر غەزەللىرىدىكى تىپىك ئىنسان خاراكتېرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئۇ ئىنسان خاراكتېرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگىمۇ مۇنداق ئىشارە قىلىدۇ:

«ياخشىلار يامانلارنىڭ خۇي ـ قىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىۋالغاچقا، ئادەملەرنىڭ خۇيى ئۆزگىرىپ، ياۋايىلارنىڭ خۇيىغا ئوخشاپ قالغان» دېگىنىدە، ئەينى جەمئىيەتتە يامان خۇي ـ قىلىقلار مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، ياخشى خۇي ـ قىلىقلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنداقتا مۇتلەق ئۈستۈن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان يامان خۇي ـ قىلىقلار نەدىن پەيدا بولغان؟ ئۇ نېمىشقا مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىپ قالىدۇ؟ بۇ تەبىئىيكى ئەينى دەۋردە مەنچىلىك ھاكىمىيىتىنىڭ ناتۇرال، قالاق، چىرىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان ئىقتىسادىي بازىسىدىن پەيدا بولغان ئۈستقۇرۇلما سىستېمىسىدىكى ئەسلىي ماھىيەتنى بەلگىلىگۈچى ئەنە شۇ بازىس خاراكتېرىدىن پەيدا بولغان، ئۇ كونكرېت ئادەم، يەنى مەنچىلىك ھۆكۈمىتىـ



نىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان دىنىي خۇراپىي ۋەكىللىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھەمنەپەسلىرى خاراكتېرىدە ئەكس ئەتكەن يامان خۇي ـ قىلىقلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىقى غەزەللەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن ئۆز دەۋرىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەرىپەتنى قوغدىغۇچى، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان، خۇراپىيلىق، نادانلىق، شۇنداقلا فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان، ئالىيجاناب ئەخلاقىي ـ پەزىلەتكە ئىگە، ئۆتكۈر پىكىرلىك شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمان ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

بۇ لىرىك قەھرىمان كۈرەشچان جەڭگىۋارلىقى جەھەتتىن ئۇلۇغ يازغۇچى لۇشۈننىڭ «ياۋا گىياھ» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن چاچما شېئىرلىرى ۋە نەسرلىرىدىكى قەھرىمانلارغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شائىر تەجەللىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز رەقىبلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان شېئىر ـ مۇنازىرىلىرىدە خۇددى «مۇھاكىمە روشەن، بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلىرى كۈچلۈك» لوگىكىغا ئۇيغۇن بولغان خۇلاسىلەرنى ئۆتكۈر، ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتىن غايەت زور قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇ شۇ يول بىلەن دۈشمەنلىرىنى ئەجەللىك رەۋىشتە مات قىلىدۇ.

ئەنە شۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر تەجەللىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان قىسقىچە تەھلىلىمىزدىن ئىبارەت.

ئەمدى تەجەللى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىگە كەلسەك: ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى تېما مەزمۇنىنىڭ موللىقى، رەڭدارلىقى ھەم بۇ مەزمۇنلار ئارقىلىق ئالغا سۈرۈلگەن ئېستېتىك غايىلەرنىڭ

مەركىزىدە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان خەلق ئازادلىقى، ئەركىنلىك مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى بىلەن بەدىئىيدۇر.

ۋ. ئى. لېنىن ل. تولستويغا «ئۇلۇغ سەنئەتكار» دەپ باھا بەرگىنىدە: «ئۇنىڭ گېنىئاللىقى، ئۇنىڭدا ھەقىقەتنىڭ ‹تېگى ـ تەكتىگە يېتىش› مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئىزاھلانغان» دېگەن بولسا، م. گوركىي ئەڭ ياخشى بەدىئىي ئەسەر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: «ھەققانىيدۇر، يەنى بەدىئىيدۇر» دېگەنىدى. دېمەك، بەدىئىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى — بىر ھاياتنى بويىماستىن، ئۆز ئەينى بويىچە ئىپادىلىگەنلىكىدە. تەجەللى غەزەللىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ھەم ھەققانىي، ھەم تىپىك، ھەم سالماقدارلىقى بىلەن بەدىئىيدۇر.

شۇڭا بىز ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى لىرىك قەھرىمانلارنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىدا خۇددى بېلىنىسكىي ئېيتقاندەك: «بۈيۈك شائىر ئۆزى ھەققىدە ‹مەن› توغرىلىق سۆزلەيدۇ، ئومۇم ھەققىدە ئىنسان توغرىلىق سۆزلەيدۇ. زاتەن ئىنسانغا خاس، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى ئۇنىڭ ھەسرىتىدە ئۆز ھەسرىتىنى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز قەلبىنى تاپالايدۇ، ئۇنىڭ قىياپىتىدە بولسا، پەقەت شائىرنى ئەمەس، بەلكى ئىنساننى، ئۆز بۇرادىرىنى كۆرىدۇ»① دېگىنىدەك، شائىر شېئىرلىرىدا 19 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئاھ ـ زارىنى، مۇڭىنى، جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى، ئازادلىق ـ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشىنى ۋە كېلەچەككە بولغان ئۇلۇغ ئىشەنچىسىنى، ئۇنىڭ لىرىك

① ۋ. گ. بېلىنىسكىي: «تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 1 ـ توم، 671 ـ بەت.



قەھرىمانى ئوبرازىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرەلەيمىز. مانا بۇ شائىر تەجەللىنىڭ غەزەللىرىدە ئىپادىلىگەن بەدىئىيلىكىنىڭ كونكرېت كۆرۈنىشىدۇر.

يەنە شائىر تەجەللىنىڭ «قارا» قەسىدىسىدە پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇچرىمايدىغان بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىك بار. ئۇ بولسىمۇ، شائىرنىڭ بەدىئىي مېتودىدا ئىنقىلابىي رومانتىزمنىڭ ئۇچقۇنلىرى پارلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇق كۈرىشى ئىپادىلىنىپ، نۇر قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. نۇرنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيەلەيدۇ. ئۇ، بۇ جەھەتتىن كىتابخانغا ئۇلۇغ يازغۇچى گوركىينىڭ «بورانقۇش قوشىقى»، «لاچىن ھەققىدە قوشاق» ئەسەرلىرىنى ئەسلىتىدۇ. شائىرنىڭ يۇقىرىقى مۇقەددەس ئىنقىلابىي رومانتىكىسى ئۇنىڭ ۋەتىنىدە چارەك ئەسىردىن سەل ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. مانا بۇنى شائىر ئىجادىيىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئاتاقلىق رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋسكىي: «بەدىئىيلىك دېگەن نېمە؟ بەدىئىيلىك ـ روماندىكى شەخسلەر ۋە ئوبرازلاردا ئۆز پىكرىنى شۇنچىلىك روشەن ئىپادىلەش قابىلىيىتىدىكى يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، شۇ پىكرىنى ئۆزى قانداق چۈشەنگەن بولسا، ئوقۇغۇچى ھەم رومانىنى ئوقۇپ چىقىپ يازغۇچىنىڭ پىكرىنى شۇنداق چۈشەنسە بولىدۇ»① دەيدۇ. دېمەك، بۇنىڭدا ئوبرازلاردىكى پىكىر ئېنىقلىقى تەكىتلىنىدۇ.

تەجەللى غەزەللىرى ھەم پىكىر روشەنلىكىگە، ھەم ناھايىتى

① قىسقىچە «ئەدەبىيات ئىنسىكلوپېدىيەسى» 8 ـ توم، 338 ـ بەت.

كۈچلۈك تەسىرچانلىقىقا ئىگە. پىكىر ئېنىقلىقىنى يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن غەزەللىرىدىن كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك تەسىرچانلىق ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ:

لىرىك قەھرىمان ئوبرازى نەسرىي ئەسەرلەردىكىدەك ۋەقەلەر توقۇنۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ۋەقە ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن پەيدا بولغان پىكىر، ھېس - تۇيغۇلار توقۇنۇشى دىيالېكتىكىسى تەرەققىياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا لىرىك غەزەللەر قىسقا بولۇپ، لىرىك قەھرىمان ۋۇجۇدىدىن ئوت — لىرىك ھارارەت يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. شۇڭا شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتىدا ئىككى - ئۈچ مىسرالىق لىرىك شېئىرلار كۆپ ئۇچرايدۇ. چۈنكى لىرىكا ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولغىنى ئۈچۈن لىرىك ھارارەت ئۆچمەيدۇ. ئەسەردىكى ھەجىمنىڭ كىچىكلىكى لىرىكىغا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدىكى لىرىك مەزمۇن ئادەتتىكى ۋەقەلەر ئەمەس، نەۋايىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «خاس ھال، خاس مەنىسى» گە بېغىشلانغان بولۇپ، شېئىردىكى پۈتۈن قىسىملار گارمونىيەسى ماس ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، لىرىك قەھرىماننىڭ ئوي - خىيالىنى لىرىك ھارارەت يالقۇنجاپ تۇرغان ھالدا ئىپادىلەيدۇ.

تەجەللى لىرىكىلىرىدا لىرىك قەھرىماننىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى تەرەققىيات جەريانىدىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھايات تېپىشمىقىنى يېشىش، ھېس - تۇيغۇ، پىكىرلەر توقۇنۇشىنىڭ يېشىلمىسى جەريانىدا ئېچىپ بېرىلىدۇ.

لىرىكىدا يېڭى شېئىرىي پىكىر لىرىكىنىڭ جېنى، ھېسسىيات ئۇنىڭ قېنى. تەجەللى لىرىكىلىرىدا شېئىرىي يېڭى پىكىر ھېسسى-



يات بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، پىكىر ھەمىشە ھېسسىياتنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ، تىنىدىتسىيە يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

جۈملىدىن تەجەللى لىرىكىلىرىدىكى يېڭى پىكىر، باشقا شائىرلارنىڭ ئەڭ ياخشى لىرىك شېئىرلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىجتىمائىي تېپىكلىككە ئىگە. ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى خەلق پىكىرلىرىنى ئۆز بىئوگرافىيەسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتتىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «مەن» ئوبرازى بىلەن ئىپادىلىسىمۇ، بىز ئۇنىڭدىن پۈتۈن ئىنسانغا خاس بولغان، دەرد - ئەلەم، ئىنتىلىش ئورتاقلىقىغا ئىگە ئۆز ئەپتى - بەشىرىمىز، ئۆز بۇرادىرىمىز، قېرىندىشىمىزنى كۆرەلەيمىز.

تەجەللىنىڭ غەزەل، رۇبائىيلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى قائىدە - قانۇنلارغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى شائىر غەزەللىرى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بەدىئىي مەزمۇن زور تەسىرچانلىقىقا ئىگە بولغان.

تەجەللى شېئىرلىرىدا مەزمۇن بىلەن شەكىل زىچ ماسلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شەكىلۋازلىق قىلىپ، مەزمۇننى شەكىلگە بويسۇندۇرۇپ، مەزمۇنسىز، قۇرۇق، چىرايلىق سۆزلەر تىزمىسىنى ياكى مەزمۇننى دەپ، شېئىرىيەتتىكى ئاھاڭدارلىقنى بۇزىدىغان، ساختىلىق ئەھۋاللىرىنى ئۇچراتمايمىز.

شائىر غەزەللىرىدە مەزمۇن يېتەكچى قىلىنغان. شەكىل ئۇنى تولۇق ئىپادىلىگەن. شەكىل بىلەن مەزمۇن ئۇيۇلتاشتەك بىرلەشكەن بولۇپ، شېئىرىي پىكىر ھەم روشەن، ھەم چوڭقۇر، ھەم تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

بەدىئىيلىكنىڭ ئەڭ ھەل قىلغۇچ بىر ئامىلى بەدىئىي تىلدۇر. چۈنكى ئىككىنچى بىر دۇنيا دەپ ھېسابلانغان بەدىئىيەت دۇنياسىدىكى

نەچچە ئون توملۇق ئېپوپېيەلەر (بالزاكنىڭ كىشىلىك كومېدىيەسى 98 روماندىن تەشكىل تاپقان) دىن تارتىپ، ئەدەبىي شەكىلنىڭ ئەڭ كىچىك تۈرى بولغان بىر بەند شېئىرىمۇ ئەنە شۇ بەدىئىي تىل ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. شۇڭا گوركىي بەدىئىي تىلنى ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى دەپ كۆرسەتكەنىدى. تەجەللى شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە باي بەدىئىي تىل دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ «قارا» قەسىدىسىدە قارا رەڭنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىپ، گۈزەللىكنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بەدىئىي تىل ئىشلىتىش جەھەتتە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن، تەجەللىنىڭ شېئىرلىرىدا خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللار تەسىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شائىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى يۈكسەلدۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا چېكىنىش پەيدا قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شائىر دۇنيا قارىشىدا، دىنىي تەقدىرچىلىك قارىشى بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئېستېتىك قارىشىدىمۇ ئەكس ئەتكەن. بېلىنىسكىي: «شائىر باشقا ھەرقانداق كىشىدىن ئارتۇقراق ئۆز زامانىسىنىڭ پەرزەنتى بولۇشى كېرەك»① دېگەنىدى. شائىرنىڭ يۇقىرىقى يېتەرسىزلىكلىرى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخىي چەكلىمىگە ئۇچرىغان دەپ قارايمىز.

شائىر تەجەللىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يېزىلغان مەرسىيەلەر ئۇنىڭ پائالىيەت قىرلىرىنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇلۇغلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنىڭغا بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ يېقىن دوستى ۋە شاگىرتى شەمسىدىن داموللىنىڭ مەرسىيەلىرىدىن مىسال كەلتۈرىمىز:

---

① ۋ. گ. بېلىنىسكىي: «تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 1 ـ توم، 317 ـ بەت.



فاتەل مۇجەللى فاماتەسىدىقۇ ۋەلئەدەبۇ،
ۋەلىغەزلۇۋەددىنو ۋەلئەلىيائۇ ۋەننەسەبۇ.

(تەجەللى ۋاپات بولدى، شۇنىڭ بىلەن ساداقەت، ئىلىم، ئەدەپ، دىيانەت، ئالىي مەرتىۋە نەسەبمۇ ۋاپات بولدى.)

..................

ۋە كانە تەبەن ئەسىيەن ھازىقەن شەجىئەن،
يەسۇلۇ شەئىفە تەلەيسىن مالەھۇ رەھەبۇ.

(ئۇ بەكمۇ غەمخورچان، ماھىر دوختۇر ئىدى. شۇنداق قەھرىمان ئىدىكى، يولۋاسقىمۇ قورقمىغان ھالدا ھەملە قىلاتتى.)

......................

ئەرەفىلەن فىي بۇرۇدىنىنۇسەھى ۋەررە شەدا،
قەد كۇنتەقەرمەن ئىلەيھى يەر جىئولى ھەسەبۇ.

(ئەي خەلققە نەسىھەت قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاشنى ئۆزىگە كەسىم قىلغان زات، سەن بارلىق شەرەپ مەنسۇپ بولغان ئۇلۇغ زات ئىدىڭ.)

......................

ۋە قەۋلو كەروھۇمىن شېئىرىن ۋەمىن قىنقەرىن،
ھۇلۇۋدلە دەيناكە ئەن فىي ئەبىھەمىز زەرەبو.

(سىنىڭ شېئىر ۋە چاچما سەجئى سۆزلىرىڭ روھقا ئوخشايدۇ. ھەم ئۇ، بىز ئۇچۇن بەكمۇ شېرىن، خۇددى ھەسەل ئارىلاشتۇرغاندەك.)

...............................

قەلبەۋ مەيە بىكىكە ئەينەل فەزلى ۋە ئەدەبا،
ۋە شىشەمسو فىي رەھەبىدا لىرروزى ۋە سىسۇھۇبۇ.

(بۈگۈن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كۆزلىرى، ئەدىب، ئالىملارنىڭ كۆزلىرى ساڭا يىغلىماقتا. قۇياش، يۇلتۇزلارمۇ بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن قايغۇرماقتا.)

...............................

تىكەل قەسىيدە تۇ ئەھرا كۇللۇمىسىرە ئىغىما،
بىئامى قەۋتىل مۇجەللى مىيرەتەن يەھەبۇ.

(بۇ قەسىدىنىڭ ھەربىر مىسراسى تەجەللىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.)

ھەرقانداق ئىنساننىڭ تىرىك ۋاقتىغا قارىغاندا، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ياراتقان تۆھپىلىرىگە خۇلاسە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك توچكىسىنى قويىدۇ.

يۇقىرىقى مەرسىيەلەر شائىر تەجەللى ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك توچكا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ياراتقان تۆھپىسىگە ئۇنىڭ دوستلىرى ـ خەلقنىڭ قەلبىدە قوغۇشۇن-



دەك ئېغىر قايغۇ، كۆزلىرىدىن ماتەملىك ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئۆمرىدىكى تۆھپىلىرىگە بېرىلگەن ئەڭ توغرا، ئەڭ سەممىي باھاسى دېيىشكە بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى)

# تەجەللى ئەسەرلىرىدىن مەلۇماتلار

مۇختار مامۇت مۇھەممەدى

1. قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرى

ئالىم بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللام، ھۈسەيىن باي ھاجىم ۋە باھاۋىدىن بايلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن يازغان. بۇ ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئىنتايىن ياخشى تەپسىر بولۇپ، گەرچە ئۇ تولۇق تاماملانمىغان بولسىمۇ، بىرنەچچە پارىسى شەمسىدىن داموللامدا ساقلانغان. شەمسىدىن داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقۇتۇپ قويغان.

بۇلاردىن باشقا، شائىرنىڭ يەنە بىرنەچچە پارچە شېئىر ۋە بۇرادەرلىرىگە تەقدىم قىلغان خەتلىرى بار، بۇلار ساقلىنىۋاتىدۇ.

2. تەجەددىي كەششاف

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى زەمەخشەرى[1] دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

---

① زەمەخشەرى: (ھىجرىيە 467 ~ 538 يەنى مىلادىيە 1075 ~ 1144)، مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلخارەزمى ئەززەمەخشەرى جارۇللا (ئەبۇلقاسىم) ئاتاقلىق تەپسىرشۇناس، تىلشۇناس ۋە فىقھشۇناس. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 467 ـ يىلى (مىلادىيە 1075 ـ يىلى) خارەزمىدىكى زەمەخشەردە تۇغۇلغان. مەككىگە بېرىپ ئۇزۇن مۇددەت ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «جارۇللاھ» دەپ نام ئالغان. تەپسىردە «ئەلكەششاف»، ئىستىلىستىكىدا «ئەساسۇل بەلاغە»، «ئەلمۇفەسسال»، «ئەلمەقامات»، «ئەلجىبال ۋەلئەمكىنە ۋەلمىياھ»، «ئەل مۇقەددىمە» ئەرەبچە، پارسچە ئىككى توم قامۇس لۇغەتتە «مۇقەددىمە تۇل ئەدەب» «ئەلفائىق»، ماقال ـ تەمسىلدە «ئەلمۇستەقسا» ۋە سېلىشتۇرما فىقھىدا «رۇئۇسۇل مەسائىل» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، ئۇ مۇئتەزىلە مەزھىپىدە بولۇپ، سوپىزم ئېقىمىغا ئاشكارە ۋە قاتتىق رەددىيە بەرگەن.



خارازىملىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر دېگەن كىشى بولۇپ، مۇئتەزىلە (ئايرىلىپ چىققۇچىلار) ئېتىقادىدۇر. ئۇنىڭ بۇ تەپسىرىدىمۇ ئىلغار قاراشلار بايان قىلىنغان بولۇپ، تەپسىرلەر ئىچىدە گىراماتىكىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە ناھايىتى ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، سۈننىي ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ تەپسىرنىڭ مۇئتەزىلە قارىشىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ بۇ تەپسىردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر خىزمەت كۆرسەتكەن.[1] بۈيۈك ئالىم تەجەللى بۇ كىتابنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلىغان ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا شەرھىي يازغان. شۇڭا تەجەللىنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ نامى «تەجەددىي كەششاف (كەشپىياتنى يېڭىلاش)» دېگەن نام بىلەن ئىسلامىيەت دۇنياسىغا كەڭ تۈردە تارقالغان. لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ نەدىلىكى تېخى نامەلۇم.

3. «بەرق تەجەللى » («تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان يالقۇن»)

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدە تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان ئىككى قەسىدە، پارس تىلى بىلەن يېزىلغان بىرنەچچە قەسىدە بار. بۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىلمىي، پەلسەپىۋى پىكىرلەر بايان قىلىنغان؛ بەزىلىرىدە مەدھىيە ئاساس قىلىنغان؛ بەزىلىرىدە ئىمان، تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى شەرھلەنگەن؛ بەزىلىرى مەرسىيە تېمىسىدا يېزىلغان؛ بەزىلىرىدە مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ بەزىلىرىدە زامان مۇتەئەسسىپلىرى ھەجۋىي قىلىنغان. بۇ قەسىدىلەر پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى كامىللىقى،

---

① ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر تەپسىر ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى، كىرىش سۆز 11 ـ بېتىدىن. سەئۇدىي ئەرەبىستان 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە باسمىسى

مەزمۇن ۋە مەقسەتلىرىنىڭ بۈيۈكلۈكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، بەدىئى ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن شۆھرەتلىكتۇر. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئاتۇشلۇق ھۆسەيىن ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلار تەرىپىدىن قەشقەردە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.

4. «سەبەق مۇجەللى»

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدە ياشلىق دەۋردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يازغان بىرنەچچە پارچە مەدھىيە، قەسىدىلەر؛ بۇرادەرلىرىگە ئاتاپ يازغان قەسىدىلەر؛ ھەربىر مىسراسىدىن ۋەقەلىكنىڭ يىلىنى بىلگىلى بولىدىغان مەرسىيەنامىلەر بار. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ «بەرق تەجەللى» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىر چاغدا نەشر قىلىنغان.

5. «تۆھپەتۇل بەررەيىن» («ئىككى قۇرۇقلۇق[1] ئۈچۈن تۆھپە»)

بۇ تۈركىيە پادىشاھى ئابدۇلھەمىتخانغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردىكى سۇلتان ئابدۇلھەمىتخاننى مەدھىيەلىگەن، ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بىر قەسىدىدىن باشقا قەسىدىلەرنىڭ ھەممىسى پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىسى شائىرنىڭ تارىخى، تەرجىمھالى؛ بەزىسى مۇتەئەسسىپ ھەسەتخورلارغا ھەجۋىي؛ بەزىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە؛ بەزىلىرى بولسا زامانىنىڭ قولايسىزلىقىدىن شىكايەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6 . «سەبدەرنامە» («قەھرىمانغا بېغىشلانغان»)

سەبدەرنامە ـ تۈرك، پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يوقالغان.

---

[1] ئىككى قۇرۇقلۇق ـ تۈركىيەنىڭ بىر قىسمى ئاسىيا قىتئەسىگە، يەنە زور بىر قىسمى ياۋروپا قىتئەسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق نام بېرىلگەن.



7. «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» («قەسىدىلەر توپلىمى»)

ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسىم قول يازمىسى ئايرىم كىشىلەردە ساقلىنىۋاتىدۇ.

8. «دىۋان ئەرەبى» (ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى)

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى» ناملىق ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچىلىك ئەرەب تىلىدا يازغان ئەڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك قەسىدە، رۇبائىي، غەزەل، قىتئەلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. بىرىنچى قىسمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان مەدھىيە، قەسىدىلەرنى، ئىككىنچى قىسمى ھېكمەتلىك نەسىھەتنامىلەر، ئالىم ۋە ئەدىبلەرگە ئاتاپ يېزىلغان مەدھىيەلەرنى، شۇنىڭدەك ھەجۋىي ـ تەنقىدىي شېئىرلار، مەرسىيەنامىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىسىنى شائىر ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق، سەمىمىي، قەدىردان شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا تاپشۇرغان. داموللام شائىرنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، شېئىرلارنى ئۆز قەلىمى بىلەن رەتلەپ چىققان بولسىمۇ، نەشر قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن.

9. «تىلسىمى ئىشق» («ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تىلسىماتى»)

بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە ھېكمەتلىك غەزەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن.

10. «دىۋان ھۆسەيىنخان[1] »

بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1325 ـ يىلى (مىلادىيە 1905 ~ 1906 ـ

يىللىرى) يېزىلغان، فورماتى: 22×18cm، 69 بەت. بۇ ئەسەر ئەرەبچە قول يازما شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ ـ 1257 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

11. مۇرەققى كەلىمە شەرىف

بۇ كىتاب 1968 ـ يىلى گۇما ناھىيەسىنىڭ ئىسمىسلا كەنتىدە كۆيۈپ كەتكەن. بۇ كىتابتا: « دىن دېمەكتۇر: ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش دېمەكتۇر»، «پەن دېمەكتۇر: ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش دېمەكتۇر» دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا توغرىسىدىكى ئىلىم ـ پەن ھەقىقىتىنى ئىلمىي ھال ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، پەننىڭ يىلتىزى دىندىن كېلىپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بولغان دۇنياۋى تالاش ـ تارتىشنى «ئىنجىل»، « زەبۇر»، «تەۋرات»، «قۇرئان» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ بۇ كاتتا دەستۇرىدىن دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىپ، بۇلاردىن قايسىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەم زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىلمىي، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن بايان قىلغان. ئالىم تەجەللى بۇ كاتتا تەتقىقات ئەسىرىنى 9 يىل سەرپ قىلىپ يازغانىكەن.

12. تەمەتىل ھەۋاشى ئىزلەتىل غەۋاش[1]

ئاپتورى مەۋلانە ھۈسەيىن دېيىلگەن. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ھىجرىيە 1314 ـ (مىلادىيە 1893 ~ 1894) يىلى. فورماتى 19×28cm، 156 بەت. ئەرەبچە تاش باسما. مەزمۇنى ناتىقلىق مۇنازىرىلىشىش ۋە زېھىن ئاشۇرۇش ھەققىدىكى بايانلاردىن ئىبارەت. بۇ كىتاب

① «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 9 ـ ئاي نەشرى، 86 ـ بەت.



ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XKQ – 652 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى دەۋرى ۋە ئاپتورنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندا تەجەللىنىڭ كىتابىدەك تۇرىدۇ. لېكىن، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ باققاندىن كېيىن ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

13. مۇرەببى تەجەللى[1]

بۇ كىتاب قول يازما بولۇپ، خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان، جەمئىي 83 ۋاراق، 166 بەت. بۇ ئىلمىنۇجۇم ۋە خىمىيە ئارقىلىق ھەكىملىق قىلىپ كېسەل داۋالايدىغان ئەڭ مۇھىم كىتاب بولۇپ، ياخشى ساقلانمىغانلىقتىن بەزى جايلىرىنى چاشقان يېگەنىكەن، بۇ كىتاب تېخى قولىمىزغا تەگمىدى. ئەمما، تەجەللىنىڭ نەۋرىسى سەئىد قۇتبىدىنخاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىتاب قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئۇششارباش بازار يۈلئېرىق كەنتىدىكى تۇرسۇن قادىر ئىسىملىك كىشىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ.

14. شىپاھى شەيخ[2]

بۇ جەملەنگەن رېتسېپلار بولۇپ، كونكرېت مەزمۇنى نامەلۇم، ئۇ ئاپەتلىك دەۋرلەردە كۆيۈپ كەتكەن. كىتابنىڭ بەزى جايلىرىدا شەيخ بەسرە دېگەن سۆزلەرمۇ بار. بۇنىڭدىن تەجەللىنىڭ ئىراقنىڭ بەسرە دېگەن شەھەرلىرىگە بارغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

15. شىپايى سىيادادى[3]

بۇ كىتاب مەشھۇر خىمىيە ئالىمى، شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى تەرىپىدىن مىلادىيە 1903 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، كىتابتا ئاساسەن

① تەجەللى پەرۋىشى.
② شىپالىق ئۇستاز.
③ شىپالىق ئەنئەنىلەر.

مەجۇنە، ھەببە، سوپۇپە، شەربەت ۋە سىرنىتتىن ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان مەلھەم دورىلار، گىلى ھېكمەت، ھىجامەت، شاخچە ۋە قىييال تومۇرلاردىن قان ئېلىش ئۇسۇلى، پەي، مۇسكۇل، سۆڭەك، بوغۇملارغا چۈشكەن كېسەللىكلەر، شۇنداقلا قان، سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر سۆزلىنىپ، بىمارلارنىڭ كېسەللىرىگە سەۋەب قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىپ، تېنى ساق، ئۆزى باتۇر، تەندۇرۇس كىشىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن. كىتابتا يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى ۋە دورىگەرلىكنى ئىسلاھ قىلىش، دوختۇرلارنىڭ تېببىي بىلىملىرىنى يېڭىلاپ تۇرۇش ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن تەۋسىيەلەر بار. مۇئەللىپ ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى تارىخىدا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن تەبىئىي پەنلەرنى تەڭ ئۆگىنىپ ماڭغان بولۇپ، جەمئىيەتنى تۈزەش ۋە ئىنسانلارغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، روھنى تۈزەش ئۈچۈن شېئىرىيەتنى، تەننى تۈزەش ئۈچۈن تېبابەتنى ئۆزىگە قورال قىلغان ئاساستا، خىمىيە (ئىلمىي كىميا) ، گېئومېتىرىيە، بىيولوگىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە (ئىلمىنۇجۇم)، ئىلمىي ھال (دىنىي ئىلىم)، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئىلمىي فىقئىم (ھەدىس ئىلمىي) قاتارلىق ئىلىملارنى، شۇنداقلا ئىلمىي تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت كۆپلىگەن ئىلىملارنى چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن ئۆگىنىپ، خۇسۇسىي ئىشلارنى ئارىلاشتۇرماي، ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، زور نەتىجىلەرنى قازىنىپ، قەلەم بىلەن قەلبداش، ئىلىم بىلەن ئەسىرداش، دورا بىلەن دىلداش بولۇپ، ئاۋامنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى كاتتا ھۆرمەتلەرگە ئېرىشكەن.

ھەزرەت ياشانغان چېغىدا سىرىتقا كېسەل داۋالىغىلى چىقىپ كەتكەندە كۆرەلمەس، يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكەن. ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغانلىرى 1948 ـ يىلى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تە-



رىپىدىن نابۇت قىلىۋېتىلگەن. بىر قىسىم قول يازمىلىرى تەجەللىنىڭ ئوغلى سەيىد زۇرۇلھۇداخاننىڭ قولىدا ساقلانغان بولسىمۇ، «شىپايى سىيادادى» ۋە «دىۋانى ئەرەبى» دېگەن ئىككى كىتابتىن باشقىلىرى 1968 ـ يىلى «كىچىك باتۇرلار» تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. تەجەللىنىڭ نەۋرىسى سەئىدى قۇتبىدىنخان «شىپايى سىيادادى» ناملىق كىتاب ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شىپايى سىيادادى» ئەرەب، پارس ۋە ئوردو تىللىرى ئارىلاش قوللىنىپ يېزىلغان مول مەزمۇنلۇق، قىممەتلىك كىتاب بولۇپ، ئۆسمۈر چاغلىرىمدا دادامنىڭ «شىپايى سىيادادى» دا يېزىلغان رېتسېپلار بويىچە تۇرغۇن بىمارلارنى داۋالاپ شىپاھ تاپقۇزغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دادام ماڭا تومۇر تۇتۇش، خېلىتلارنى ئايرىش، دورا تونۇش ۋە سوقۇش، قان ئېلىش ۋە سىقىپ چىقىرىش، گىلى ھېكمەت، كۇشتا قىلىش ۋە يۇغۇرۇش، مەجۇنە، ھەببە ۋە سوفۇپ قىلىش، پەي، مۇسكۇللارنى ئۇيۇشتۇرۇش، شەربەت ۋە سىرىتتىن ئىشلىتىدىغان مەلھەم، سوفۇپ دورىلىرىنى تەييارلاشنى ئۆگەتتى. 1958 ـ يىلى دادام ھەم ئۇستازىم نۇرۇلھۇداخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆگىنىۋاتقان ئىلىم ـ ھۈنەرلىرىم تاشلىنىپ قالدى. 1962 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، 1968 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چوڭ دادام تەجەللىنىڭ قاغىلىقتىكى چوڭ ئوغلى (يەنى تاغام) ئوبۇلھۇداخاننىڭ تەربىيەسىگە ئۆتتۈم. بۇ كىشى ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى بىلگەندىن باشقا تېبابەتتىن خېلى ئوبدان خەۋىرى بار ئىدى. مەن 1975 ـ يىلغىچە تاغامدىن تومۇر تۇتۇش، دورا ياساش، خېلىت ئايرىش، دورا بېرىش ۋە دورا توختىتىش، بوشىتىش ئۇسۇلى، قان ئېلىش ئۇسۇلى، ھىجابەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە خۇلاسىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق بىلىملەرنى خېلى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالدىم. 1985 ـ يىلى تاغام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن گۇمىغا

قايتىپ كېلىپ، ئۆگەنگەنلىرىم بويىچە تېبابەتچىلىك قىلىشقا باشلىدىم. بۇ جەرياندا ئۇلۇغ بوۋام تەجەللىنىڭ روھى ماڭا يار - يۆلەك بولدى، «شىپايى سىيادادى» ياخشى ئۇستاز بولدى.

ئەپسۇسكى، «شىپايى سىيادادى» دېگەن بۇ تەۋەرۈك كىتابنى زاماننىڭ سوغۇق شامالLIرىدىن ئاسراش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللارغىچە پىنهانغا ئېلىش توغرا كەلدى. شۇ جەرياندا ۋاراقلىرى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ، پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاجرىتىش داۋامىدا يىرتىلىپ، بىر قىسىم جايلىرى پەرسۇدە بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئالىمنى سۆيگۈچى، ئىجادىيىتىگە قىزىققۇچى ئىخلاسمەنلەرنىڭ تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىلا ئوقۇپ، تېبابەتكە دائىر ئەسەرلىرىدىن تېخى خەۋەرسىزلىكىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ.

بۇ كىتابتىكى رېتسېپلارنىڭ دورىلىرىنى مەن ئۆزۈم يىللاردىن بېرى ئىشلىتىپ تەجرىبە - سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاب تېبابەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مۇئەييەن بىلىم بېرىدۇ، بىمارلارغا شىپالىق ئاتا قىلىدۇ.

16. «مۇجەررىباتى تەجەللى» (تەجەللى نۇسخىلىرى)

ئاپتورى: ھۇسەيىنخان تەجەللى. تىلى: چاغاتايچە. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. ئەسەر چوڭ سەككىز كەسلەم، 1000 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەلىرى، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى بايان قىلىنغان، كېسەللىكلەرنى تونۇش ئۇسۇلى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئىزاھلانغان. ئىچكى، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، بالىلار كېسەللىكى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، بەش ئەزا كېسەللىكى قاتارلىق 900 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكنى تونۇپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەمدە 1300 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ



ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن.

17. ئىسكىرىي ئەزەم

بۇ كېسەللەرنى تونۇش - داۋالاش ۋە دورىگەرلىك بىر گەۋدە قىلىنغان كىتاب بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلىپ، ھىندىستاننىڭ دېھلىدا بېسىلغان. ئاپتورى: ھەكىم مەمەت ئەزەمخان 774 بەتلىك، پارسچە يېزىلغان ھەم ئەرەبچە بېسىلغان كىتاب بولۇپ تەجەللى ھەزرەت بۇ كىتابنى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان.

18. ئاسترونومىيە ھەققىدە

بۇ كىتابنى 1958 - يىلى بېيجىڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقىدىن ئېلىپ كەتكەن.

19. رۇمۇزى

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «تەجەللى - مۇجەللى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 - يىلى 9 - ئاي نەشرى 12 -، 13 -، 14 -، 15 - بەتلەر.

② ھۇسەيىنخان تەجەللى: «شىپايى سىيادادى» قول يازما.

③ ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى نەۋرىلىرىدىن شەمئۇل داخان غوجا ۋە سەئىد قۇتبىدىنخان تەمىنلىگەن ماتېرىياللار.

④ ھۇسەيىنخان تەجەللى: «تەجەللى نۇسخىلىرى» قول يازما.

# تەجەللىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى

گۈلجامال مۇھەممەتئىمىن

شائىر تەجەللى ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىرلانى يازغان، نۇرغۇنلىغان دىۋانلارنى تۈزگەن، بىراق شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرى ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈش سۇيىقەستىدە كۆيۈپ كەتكەن. ھازىرغا قەدەر نامى مەلۇم بولغانلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەبى» (ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى)، «تۆھپەتۇل بەررەيىن» (ئىككى قۇرۇقلۇق ئۇچۇن تۆھپە)، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» («قەسىدىلەر توپلىمى»)، «سەبدەرنامە» (قەھرىمانلىق شەجەرىسى)، «تىلسىمى ئىشق» قاتارلىق توپلاملار بىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيەدە ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «دىۋان تەجەللى» ناملىق ئەسىرى بار.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە شېئىرىي ئىستېداتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان ھەم شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدرىسەلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇتۇلغان، ھەتتا بىر قىسىم شېئىرلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان، پۈتۈن شەرق ئەللىرىنىڭ ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن جەملەنگەن «باياز» (ئەدەبىيات مەجمۇئەسى) غا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.



تەجەللىنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئاللا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇسانا (مەدھىيە) ئوقۇسا، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئىشق ـ مۇھەببەتنى كۈيلەيدۇ، بەزى شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراش ـ مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بەزى شېئىرلىرىدا چىن ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئۇلۇغلىنىپ، ناچار ئىللەتلەر قامچىلىنىدۇ.

بىز شائىر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيەسى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى. چۈنكى، شېئىر دېگەن ھامان شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، تەجەللىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىدىيەسى بىلەن تونۇشۇش ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى.

تەجەللى دىنىي ئالىم، شۇڭا ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئىسلام كالامىزىملىرىنى مەنبە قىلغان دىنىي ـ پەلسەپىۋى قاراشلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەجەللى دۇنيا قارىشىدا تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە چوڭقۇر، ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سۇفىستىك ئىشق ـ مۇھەببەت قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك قاراشلار ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ «تەجەللى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشىمۇ بىزنىڭ قارىشىمىزچە ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر «تەجەللى» دېگەن سۆزنى ئاددىيلا ھالدا بۇ سۆزنىڭ «نۇر، جىلۋە، چاقناپ تۇرغان نۇر» دېگەن سۆز

مەنىلىرى ئۇچۇنلا تەخەللۇس قىلىپ تاللىغان ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى بۇ سۆزنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىكى «كائىناتتىكى جىمى شەيئىلەر ئاللاھ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى، باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ قىسمەن تەجەللىسى بولسا، ئىنسان ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىسىدۇر» دېگەن كۆز قاراش ئاساسىدا، شائىر ئۆزىنى «ئاللانىڭ تەجەللىسى» دەپ قاراپ، مۇشۇ مەنىدە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن، خۇددى بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى «فانى» سۆزىنى ئاددىيلا ھالدا «يوق بولۇش، تۈگەش» دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى «ئۆزلۈكنى يوقىتىپ، ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش» دېگەن مەنىدە تەخەللۇس قىلىپ قوللانغىنىغا ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، شائىر ئىراندىكى «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى» نى پۈتتۈرگەندە «مەۋلەۋى» لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئۇنۋانمۇ ئاساسەن مۇتەسەۋۋۇپلارغا ـ سوپىلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان. بۇ نۇقتىمۇ شائىرنىڭ دىنىي ئۆلىما سۈپىتىدە بىر مۇتەسەۋۋۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ (مەۋلەۋىيلەر دەپ ئاتالغان، 13 ـ ئەسىردە جالالىدىن رۇمى ئاساس سالغان بىر سۈپىلىق تەرىقىتىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك). شائىر دۇنيا قارىشىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىغا خاس ئامىللارنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، شائىرنىڭ بۇ خىل دۇنيا قاراش ئامىللىرى ئەكس ئەتكەن شېئىرلىرىنى چۈشەنمەك قىيىن.

تەجەللى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالغاندا چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان بىر نۇقتا شۇكى، شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرلەرگە، جۈملىدىن مۇھەممەد پەيغەمبەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. يەنە نۇرغۇنلىرىدا شائىرنىڭ دىنىي قاراش ۋە دىنىي ھېسسىياتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمما، شائىرنىڭ بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرلىرىدا ھەرگىزمۇ دىنىي



خۇراپاتلىق، زاھىدلىق تەرغىب قىلىنمايدۇ، بەلكى خۇدادىن قورقۇپلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان تەقۋادارلىق قىلمىشلىرى، جەننەت تەمەسىدە ـ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن تەركىي دۇنيا بولىدىغان زاھىدلار قامچىلىنىدۇ. شائىر زاھىدلارنى ئىككى يۈزلىمىچى ـ رىياكارلار دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

سەن شەيخ زۇھد شىۋە، مەن رىندى ئىشىق پىشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم، سەھبا ماڭا مۇبارەك.
مەيخانە ئەھلى بولكىم، مۇتلەق سائادەت ئاندا،
كىم زۇھد مۇھتەمىلىدۇر يا شۇم يامۇبارەك.
يۈز قويدى خانە قاھدىن مەيخانەغە تەجەللى،
جامى شاراپ بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك .

دېگەن مىسرالاردا شائىر ناھايىتى ئېنىق ھالدا جەننەت تەمەسىدە، دوزاختىن قورقۇپ زاھىد ـ شەيخ بولغۇچىلار شۇم ئاقىۋەتكە قالامدۇ ياكى ياخشى ئاقىۋەتكىمۇ (دوزاققا كىرەمدۇ ياكى جەننەتكىمۇ)، بۇ ئېنىق ئەمەس دەپ كۆرسىتىپ، ھەق ۋىسالىنى ئەمەس، بەلكى جەننەتنى دەپ ئىبادەت قىلىدىغان، دىلىدا چىن ئېتىقادتىن ئەسەرمۇ بولمىغان بۇ رىياكارلارنى ئېتىقادسىزلىقتا ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق زاھىدلارغا «سەن تەقۋادارلىقنى ئادەت قىلدىڭ، مەن ئىشقىنىڭ، مەيخورلۇقنى كەسىپ قىلدىم، جەننەتمۇ، جەننەتتىكى دەريا كەۋسەرمۇ ساڭا بولسۇن، ماڭا قىزىل شاراپ قۇتاتسۇن» دەپ خىتاب قىلىپ ئۆزىنىڭ زاھىدلىقنى ئەمەس، بەلكى ئىشق مەيخورلۇقنى كەسىپ قىلغانلىقنى قەيت قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ خانىقادىن باش ئېلىپ مەيخانىغا يۈز قويۇپ، شاراب قەدەھىنى قولىغا ئېلىش بىلەن رىيادىن قۇتۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە بۇنىڭ مۇبارەك ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقلا يەنە مەيخانا

ئەھلى بولۇش كىرەكلىكىنى، مۇتلەق بەختىنىڭ مەيخانىدا ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇنداق بولسا يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «مەي ـ شاراب»، «مەيخانا» سۆزلىرى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال بىز تەجەللىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

دۇرۇپ مەستتەك مەيكەدە قابۇسدە،
چەكۈپ شەيئىللىلا ئەلالە سالالىم.
ئەگەر ئۆلسە مەنزۇر پىرى مۇغانە،
ۋىرۇپ جانۇدىل بىر پىيالە ئالالىم.
ئۆلۈپ خارىغۇلبال ئەندىشەلەردىن.
ئىچۈپ ئول مەيى فەيزھەقلە دولالىم.

..................................

قەلەندەر ئولۇپ ساقىنىڭ دەرگەھىدە،
دۇتۇپ جام كەيپىيەتى جەم بولالىم.
ۋارۇپ ئالەم ئەقلىدىن ئىشىق سارى،
ئۆلۈپ خاكى مەيخانەئى ئەدەم ئولالىم،

..................................

بىلۇرسەنمۇ ئول ساقى كىم دىرومبەن،
ئاياغىن ئۇپۇپ قابۇسىندا ئۆلەلىم.

يۇقىرىقى مىسرالاردىمۇ «مەيخانا ئىشىكىدە مەستتەك تۇرۇپ... ئەگەر مەيخانا خوجايىنى ئۇچراپ (كۆرۈنۈپ) قالسا جان دىلىمىز بىلەن بىر پىيالە ئالايلى... ساقىنىڭ ئايىغىنى سۆيۈپ، ئىشىكىدە ئۆلەيلى» دېگەن مەزمۇن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئالدىدا بىز نەقىل كەلتۈرگەن شېئىرىي مىسرالارغا ئوخشاشلا «مەيخانا» («مەيكەدە»)، «مەي» سۆزلىرى



تىلغا ئېلىنغان. يۇقىرىقى مىسرالاردا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتىدىغان بىر ئاتالغۇ «پىرى مۇغانە» ئاتالغۇسى. يۇقىرىقى ئاتالغۇلار بۇ ئاتالغۇ بىلەن زىچ ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. تەسەۋۋۇپتىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپقا «مەيخانا»، «مەي»، «پىرى مۇغانە» ئاتالغۇلىرى سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە. «مەي» تەسەۋۋۇپتا ئىلاھىي ئىشقىنىڭ رەمزى ـ ئىشارىسى، ئىماسى، «مەيخانا» بولسا ئىلاھىي ئىشققا باشلايدىغان جاي. «پىرى مۇغانە » بولسا ئىلاھىي ئىشققا باشلىغۇچى، ئىلاھىي ئىشققا يېتىشتە تايىنىدىغان يولباشچى. بىز تەجەللى شېئىرلىرىدىكى «مەي شاراپ»، «مەيخانا» سۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى شېئىرلىرىنى ئەسلىي ماھىيىتىدىن چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولالايمىز. ۋەھالەنكى، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا شائىرنىڭ:

يۈز قويدى خانە قاھدىن مەيخانەگە تەجەللى،
بىر جامى شاراب بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.
مەيخانە ئەھلى بولكىم، مۇتلەق سائادەت ئاندا،
كىم زۇھد مۇھتە مىلىدۇر يا شۇم يامۇبارەك.

دېگەن مىسرالىرى نەقىل ئېلىنىپ «شائىر ئاخىرىدا كىشىلەر مېنى يېگىلىقا دۇشمەنلىك بىلەن قارىغۇچى تەقۋادارلاردىن بولماستىن، بەلكى بەخت يولىدا كۈرەش قىلغۇچى ئاۋانگارت جەڭچىلەردىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ»، «يۇقىرىقىلاردىن بىز تەجەللىنىڭ رېئاللىققا تەرەققىيپەرۋەرلىك بىلەن قارايدىغان ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەسىنى، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىد ھەم ئىشەنچ بىلەن تولغان يالقۇنلۇق روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى باتۇر جەڭچى سۈپىتىدە

كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز» دەپ يەكۈن چىقىرىلدى.① بىز بۇ خىل يەكۈننى خاتا دېيەلمەيمىز، ئەمما شائىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدىكى مۇتەسەۋۋۇپ شائىرغا خاس تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىگە خاس ئىچكى مەنىلەرگە ئىگە سىمۋوللۇق سۆزلەرنى ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، ناۋادا بۇ مىسرالاردىكى ئەسلىي مەنىلەر بىلەن ھېسابلاشماي، ئەينى دەۋر شارائىتى ھەم تەجەللى دۇنيا قارىشى بىلەن ھېسابلاشماي بۈگۈنكى ئىدىيەۋى ئۆلچەم بىلەن بۇ مىسرالارغا مەنا ـ ئىدىيە يۈكلىسەك تارىخىي ماتېرىيالىزم پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلمىغان بولۇپ قالىمىز، دېگەن قاراشتىمىز. تەجەللى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسى — ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى بولۇپ، شائىر نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرىدا ئاشىقنىڭ گۈزەل يارغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، گۈزەل يار، سۆيۈملۈك مەشۇق ۋىسالىغا بولغان ئىنتىزارلىق، تەشنالىقلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئاشىقنىڭ ئۆزىنى ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، ۋەسلىگە ئىنتىزار قىلىۋاتقان يارغا بولغان زارىقىش ھېسسىياتلىرىنى شېئىرىي تەسەۋۋۇر-غا باي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەش ـ شائىرنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن:

سەنسىز ئولسام باغ ئارا ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن تاغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.

دېگەن مىسرالاردا شائىر يار ئىشقىدا ئۆرتىنىپ، يار ۋەسلىگە تەقەززا بولۇۋاتقان ئاشىقنىڭ ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن يارىغا بولغان ئاشقانە مۇھەببىتى، ئۇنىڭ دىدارىغا تەلپۈنۈش تۇيغۇلىرى ئىنتايىن

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 3 ـ توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى،857 ـ بەت.



جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئاشىق مەشۇقى ۋەسلىگە شۇنچىلىك تەشنا بولىدۇكى، يارسىز ـ مەشۇقسىز باغ زۇلۇم، جەۋرى ـ جاپا تېغى بولۇپ تۇيۇلىدۇ، يار بىلەن ۋىسال تېپىشقان تاغنىمۇ جەننەتنىڭ بېغى دەپ بىلىدۇ.

گۈزەل يارغا ـ مەشۇققا بولغان مەجنۇنلارچە مۇھەببەت ـ ئاشىقلىق شائىرنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك. شائىر بۇنداق ئاشىقلىقنى مۇبارەك ئىش دەپ بىلىدۇ. ئاشىق ئۈچۈن مەشۇقنىڭ جەۋرى ـ جاپاسىنى، ئىشق يولىدىكى بەختسىزلىكلەرنى بەخت دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا مەشۇق جەۋرى ـ جاپا سالسىمۇ، بۇنداق جاپاغا ۋاپا قىلىشنى بەخت ھېسابلايدۇ. قىسقىسى، شائىر شېئىرلىرىدا ھەقىقىي ئاشىقلىق روھىنى نامايەن قىلىدۇ.

گۈلگۈنە قويمىش ئول ماھ، سەن قانە باتتىڭ ئى كۆز،
مىژگانىڭ ئىلگى ئۆزرە رەڭگى ھىنا مۇبارەك.
سەن شوخ مەست قاتىل، مەن ئاشىقى رىزاجۇيى،

سەندىن جافا مۇناسىپ، مەندىن ۋافا مۇبارەك.
ئۇششاققە زۇلفۇ چەشمىڭ بولسا بالا ۋە فىتنە،
بول فىتنە ھەم ھۇمايۇن ھەم ئول بالا مۇبارەك.
...............
ھەر دەردۇ غەم كى ئانى ئىشقى كى دىن ئالسا ساتىپ،
كۆڭلۈم سەدا چېكەر بۇ، يا سەئىد يا مۇبارەك.
سەرمايەئى خىرەدغە زۇلفۇڭ جۇنۇنىن ئالدىم،
يارەبكى بولماسۇن بۇ سەۋدائى نا مۇبارەك.
ساچىڭغا خۇش ئاسىلمىش كۆڭلۈم بالانى ئىستەپ،
دامانىدە سەخىنىڭ دەستى گەدا مۇبارەك.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ مىسرالاردا شائىر ئىشق - مۇھەببەت يولىدىكى جاپانى، بالا - قازانى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان چىن ئاشىقنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەجەللى شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئاشىق بەزىدە يار ۋەسلىگە يېتەلمىگىنى ئۈچۈن داتلايدۇ، بىراق يارنى خىيال قىلىسىلا، يارنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرى ئۇنىڭ تېنىگە ئوت ياقىدۇ - دە، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە يار بىلەن دىدارلىشىشنى ئىزدەيدۇ:

كۆڭلۈم قەددىدىن ئاپەتۇ، ساچىدىن شىكەن ئىستەر،
مەنسۇر بولۇپتۇر مۇكى دار ۋە رەسەن ئىستەر.
كۆڭلۈم ئېتەر ئول ھەلقەئى گىسۇنى تەسەۋۋۇر،
دىۋانە جۇنۇن دەشتىدە بەيتۇل ھەزەن ئىستەر.
باغرىنى باسىپ تاشقا، يۈتەر قانىنى مەندەك،
ھەركىم سەنەمى سەڭگىدىل گۇل بەدەن ئىستەر.

..........................................

نوشىن لەبىغە جانۇ - دىلىم مەيىل قىلۇرلار.
شېرىنىنى بەلى خىسرو ئىلە كوھكەن ئىستەر.

..........................................

كۆزلەرىم ئانىڭ قارا خالىن كۆرەرگە تەلمۈرۈر،
زەررەدەك كۆڭلۈم كەبى بولمىش قاراغلار بى قارار.
قارا قويۇندەك چىقار خەسدەك تىنىمدىن دۇدئاھ،
كىم خىيالىن ئەيلەسەم ئوتلۇق نىگاھى ئوت ياقار.

شائىر قەلىمىدىكى ئاشىق ئىشق - مۇھەببەتكە، يارغا - مەشۇقتا ئىنتايىن سادىق، جان پىدا ئاشىق. شائىر تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق بۇنداق جان تەسەددۇق ھېسسىياتنى ناھايىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ



بەرگەن:

ئىشق ھۆسنىڭ بەزمىدە بىر شەمئى ياقمىشتۇركىم ئول،
رىشتەئى جانىم بىلەن بۇ ئىككى كۆزلەر ياغىدۇر.

شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك بۇزۇلغان جەمئىيەت، بۇزۇلغان، ياتلاشقان كىشىلىك مۇناسىۋەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئارقىلىق ئىشقتىن يار ھۆسنىگە يېقىلغان چىراغنى داۋاملىق ياندۇرۇشنى، يەنىمۇ نۇرلاندۇرۇشنى ئىستەيدۇ.

تەجەللى بۇزۇلغان جەمئىيەتنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن مېھرى - مۇھەببەتنى، ۋاپادارلىقنى، ساداقەتمەنلىكنى، كۆزلىرىدىن ئۇيات - ھايانى يوق قىلغانلىقنى، دوست - بۇرادەرلەر ئارىسىدا مۇناپىقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلىپ:

ئەز سىينە مۇھەببەتۇ سافارەفت،
ۋەزدىدە ھايا چۇ تۇتىيا رەفت.
بارىكى تۇراسىت ئىشتىيا قەش،
بۇرروج كەلەفەسىت ئەزنى فاقەش.
بىگىرىفت مۇساداقەت كەرانە،
ئىنساف گۇرىخت ئەزمىيانە.
ئان ھەرف كى مەئىنى ۋە فاراسىت،
مەنقۇش بەلۇۋ ھى بالى ئەنقاسىت.

دەپ يېزىپ، ئەينى جەمئىيەتتە مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت، ئۇيات، ھايا، ئىنساب دېگەنلەرنىڭ تۇتىيادەك تېپىلماس بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ۋاپادارلىقنىڭ ئەنقا دېگەن قۇشنىڭ قانىتىغا يېزىلغانلىقىنى، يەنى ئىسمى بار، جىسمى يوقلۇقىنى ئېيتىپ قاتتىق ئېچىنىدۇ.

شائىرنىڭ كۆپلىگەن ھەجۋىي شېئىرلىرىدا ئىلىم ئوقۇشتا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئەمەس، بەلكى شەيخ، مۇددەررىس،

مەنسەپدار بولۇشنى كۆزلەيدىغان، پەدەزلەنگەن ھىيلىلەر بىلەن پەقىرلەرنىڭ قېنىنى ئانىسىنىڭ سۈتىدەك ئىچىدىغان، ئالتۇن تېپىپ باي بولۇش خىيالىدىلا يۈرۈيدىغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنىلا پەزىلەتلىك سانايدىغان، يەنە كېلىپ بىلىمسىزلەر تەرىپىدىن پېشىۋا دەپ قارىلىۋاتقان كىشىلەرنى «جاھالەتنىڭ يۈندىسىغا پېتىپ قالغان گاچا ئەخمەقلەر...»، «ھەق بىلەن بەقەرنى ئايرىيالمايدىغان جاھىل ئېشەكلەر» دەپ قاتتىق قامچىلايدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالار بۇنىڭ دەلىلىدۇر:

جۇيانى تەرەققىيەند يەكسەر،
ئەمما بەقەرازى نەشئەئى زەر.
ئىلمى ھەممە ھەس دەردۇ تەقسىم،
تەسدىقى زەرۇ تەسەۋۋۇرى سىيم.
ۋەز تەھسىلى ئولۇم مەتلەب،
شەيخىيۇ، مۇدەررىسىيۇ مەنسەب.
نوشىدە بەبىيلەئى مۇرەۋۋەر،
خونى فوقەرا چو شىرى مادەر.
دەر بىر كەئى جەھىل كوئەپكەم،
ئەز ئىلىم نەھەنگ سان زەنەددەم.
ۋان خەركى بەق ئەز بەقەر نەدانەد.
خۇدرا بوقرات فەزل خۇانەد.

شائىر ئۆز ھەجۋىي شېئىرلىرىدا يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «ئېشەكلەر مەن بوراق دەپ جار سېلىۋاتقان، تۈلكىلەر مەن شىر دەپ لاپ ئۇرۇۋاتقان»، «گۆھەر ساپال، ساپال گۆھەر دەپ قارىلىۋاتقان» زاماندىن قاتتىق نارازى بولۇپ، «كور يۈرەكلەرنىڭ بەختىگە زامانمۇ نەرسىلەرنى ئېنىق ئايرىپ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى»، شۇڭا



«دەۋرنىڭ گۆھەر تونۇيدىغان كۆزى بولمىغىنى ئۈچۈن، گۆھەر ساتىدىغان دۇكىنىمنى تاقىۋېتىش خىيالىدىمەن» دەپ ئاھ ئۇرىدۇ. مەسىلەن:

خەر بانگ زنان ناكى مەن بۇراقەم،
روبەكۇنى شىر تىمتىراقەم.

بەھبەخت كوردىلان شۇدزامانە ئەئىمۋەر رەنگ.
كىھدىدا باشەبەھ ھەم سەنگ دۇررۇ مەرجانىرا.
چونىيىست دىدەئى گەۋھەر شۇناس دەۋرانىرا،
بەران سەرەم كى كۇنەم تەختەبەند دۇككانىرا.

شائىر ئىلىم ۋە سەنئەت قەدىرسىز بولۇپ قالغان، ئىلىم ئىگىلىرى، خار ـ زار بولغان جەمئىيەتنى «بۇ ئەسكىلەرنىڭ دەستىدىن ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ ئالىي ماتاسى شۇنداق ھالەتكە چۈشتىكى، جەننەتنىڭ بېغىدەك سۆزنى كىشى بىر ئەخلەتكىمۇ ئالمايدىغان بولدى» دەپ ئىنتايىن ئوبرازلىق سۈرەتلەيدۇ. شائىر گەرچە زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە جەمئىيەتنىڭ گۆھەر بىلەن ساپالنى پەرق ئەتمەسلىكى، ھەقىقىي ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ خار ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقى قاتارلىقلار سەۋەبلىك ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چەكسىمۇ، لېكىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. ئەكسىچە «بۇ بولۇڭ قۇش قاغىلاردىن قانداقمۇ مېنىڭ ئالىي قارىچوغام پەرۋا قىلسۇن!  تىكەن، ئەخلەتلەردىن ئۇممان دەرياسى نېمە پەرۋا قىلسۇن»، «كورلار سۈرمە ئالمىغانلىقتىن، سۈرمە سېتىشقا قىيىنچىلىق بولسا نېمە زىيان بولسۇن؟ كۆزى نۇرلۇقلار ئىسپاھان سۈرمىسىنىڭ قەدرىنى بىلىپ ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئۈمىدۋارلىق روھىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا «كۆز قارىچۇغۇم مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلەر بەزمىسىنىڭ كۆزىدۇر!» دەپ

ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئالىم ۋە ئەدىب ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا. «قۇياشقا ئوخشاش مەن شەرقنىڭ پادىشاھىمەن!، مېنىڭ ئىلىم ـ ھېكمىتىم بۇ كۈندە شەرقنى يورۇتماق ئۈچۈن ھۆججەتنىڭ تېغىنى يالاڭداپ تۇرماقتا»، «مېنىڭ نەپسىم ئىلىمنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزىدۇ ـ ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش...»، «مېنىڭ سۆرگەن ئىبارەتلىرىمگە قاراپ باق! ھەربىر نۇقتىلىق ئىبارەتلىرىم تېگىدە يۈز خۇراسانى تاپىسەن» (مېنىڭ يازغانلىرىم خۇراساندىن چىققان مەشھۇر شائىرلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ ـ دېمەكچى) دەپ خىتاب قىلىدۇ.[1]

ھايات گۈزەللىكلىرىنى سۆيۈشنى، ھايات لەززەتلىرىدىن، نېمەتلىرىدىن بەھرە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىش تەجەللى شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر دىققەتكە سازاۋەر مەزمۇن بولۇپ، زاھىدلارنىڭ بۇ دۇنيا غۇربەتخانا، غەمخانە، بۇ دۇنيادا ئىستىقامەتتىن، ئىبادەتتىن باشقىغا بېرىلمەسلىك كېرەك، دەيدىغان قاراشلىرىغا قارشى ھالدا:

كىرەلىم گۈلىستانە شەۋققە سەباتەك،
دىرەلىم گۈلى زەۋقۇ راھەت كۆرەلىم.
بەھاردە ۋەفا يوق غەنىمەتتۇر ئۆلكىم،
چىمەن ئىچرە بىر بەزمى ئىشرەت قۇرالىم.

دەپ يېزىپ چىمەنلەردە بەزمىلەر قۇرۇپ ئىشرەت قىلىپ، گۈللەردىن زوقلىنىپ باھار پەيزىنى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر ئىلغارلىق ئىدى.

شائىر ئاز ئەمما ساز قىلىپ:

ھەقايىقدە گاھ ئەژدەر ھادەك ئۆرۈپ دەم،

[1] «تەجەللى ـ مۇجەللى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى 60 ـ، 70 ـ بەتلەرگە قاراڭ.



مائارىفدە گاھ ئارسلاندەك يۈرەلىم.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئەجدىھادەك دەم تارتىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى ۋە پەننى بىلىملەر ئۈچۈن ئارسلان بولۇپ ئېنتىلىش قارىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقنى پەن ـ مائارىپ بىلەن قۇراللاندۇرۇشنى ئىزدەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر روھىنى نامايەن قىلىدۇ.

تەجەللىنىڭ «قارا» ھەققىدىكى قەسىدىسى شائىرنىڭ پەلسەپىۋى ـ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەربىر مىسرادا دېگۈدەك «قارا» سۆزى ئۇچرايدىغان بۇ قەسىدىدە شائىر ئالدى بىلەن سۇبھىنىڭ ئاق نۇرى قارا تۈننى قوغلىغانلىقىنى، قۇياشنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى يۇيغانلىقىنى، قىسقىسى تاڭ ئاتقانلىقىنى، ئەمما بۇ ئالەمنىڭ ئۆزىنىڭ كۆزىگە يەنىلا قاراڭغۇ كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى يازىدۇ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

ئالەم ئانىڭ كۆزلىرىدە قارا بولسا يوق ئەجەپ،
بىدىلى كىم دۇر قارا كۆزلەر بەلاسىغە دۇچار.

دېمەك، شائىر قارا كۆزلەرنىڭ بالاسىغا دۇچار بولغانلىقتىن ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ. ئېنىقكى، شائىرنىڭ مۇھەببەتخانىسىنى يورۇتىدىغان قۇياش ـ قارا قاش يار ئۇنىڭ يېنىدا بولمىغاچقا، ئۇنىڭ مۇھەببەتخانىسى ھىجران تۈنىنىڭ قاراڭغۇسىدا قالىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى مىسرادىن كېيىن شائىر ئۆزىنى ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا قىلغان يار ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

كۆز تىكىپ مەن بىر قارا قاش دىلرەباغە كىم ئۈزۈپ،
رىشتەئى ئۆلپەتنى، جىسمىم ئىگنەدەك بولدى نىزار.

بۇ ئىپار ھىرماندىن قارە ماڭا كافۇرى سۇبھە،
بولدى ئول كافۇر ھەجرىدىن ئىپار زەخمىگە يار.

... ... ... ... ... ... ... ...

بىر قاراپ باقماس ۋەلى تاراج ئېتەر ئەقلىۇ شەكىپ،
ئىشۋەلەر ئەيلەپ قاراقچىدەك زەھى مەستانە يار.
بار پەرىدىن ھەم فۇزۇن پىنھانلىغ ئىچرە كىم، كۈزۈم،
تۇشىدە ھەم كۆرمەس قاراسىن تۇرپەدۇر ئول سىھىرگار.
ھۆسنى ئىستىغناسىدا ئول، ئىشىق سەۋداسىدا مەن.
ۋەھ ئەجەپكىم مەن قارا مەست، ئول قارا كۆز بادەخوار.

قەسىدىنى شائىر ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرۇپ يارغا بولغان ئىلتىجا ۋە خىتابلاردىن كېيىن يارنىڭ قارا خال، قارا چاچ، قارا قاش... ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئاساسىدا «قارا» غا مۇناسىۋەتلىك پەلسەپىۋى ـ ئېستېتىك مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ئاق بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىن قول سېلىپ، گەپنى كۆز قارىچۇغىنىڭ قارىلىقىدىن باشلاپ، بەخت يۇلتۇزىنىڭ رەڭگىنىڭ قارا ئىكەنلىكىنى، كەئبىدىكى قارا تاشنى، ئەڭ دەسلەپ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ قارىلىقتىن پەيدا بولغانلىقىنى، ئابىھايات بۇلىقىنىڭمۇ قاراڭغۇ غاردا ئىكەنلىكىنى، بېھىشنىڭ تەرىپى ھېسابلانغان «مۇدھەممە تان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىڭمۇ قارا دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى، لەيلىنىڭ ھۆسنىنىڭ قارىلىقى بىلەن قەيسىنى مەجنۇن قىلغانلىقىنى، گۈزەل مەھبۇبلارنىڭ چېچى بىلەن قېشىنىڭ قارىلىقى ۋە يار ھۆسنىگە زىننەت بېرىدىغان مەڭنىڭمۇ قارىلىقىنى، ئەنبەر بىلەن ئىپارنىڭ رەڭگى قارا بولغاچقا قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، قارا رەيھان بىلەن ئىپار پۇرىقى چاچىدىغان قارا سۇنبۇلنى مىسال قىلىش ئارقىلىق قارا رەڭنى ئۇلۇغلايدۇ، شۇنداقلا «قارا رەڭ گۈزەللىكى» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قاراشنى شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك كۆزىتىش ۋە ئېستېتىك تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ.

قەسىدىدىكى تۆۋەندىكى پەلسەپىۋى قاراشلارمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر:

1) «ئەڭ دەسلەپكى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى قارىلىقتىن پەيدا بولغان» دېگەن قاراش؛

2) «ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلي قارا بولىدۇ» دېگەن قاراش.

سادda ماتېرىيالىستىك تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قاراشلار بۈگۈنكى كۈندە گەرچە ئاددىي بىلىنسىمۇ، ئەمما ئەينى دەۋر ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەنپەئەتلىكتۇر. بۇ خىل پەلسەپىۋى قاراشلار شائىرنىڭ باشقا شېئىرلىرىدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

تەجەللىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى، مەسلەكداشلىرىغا يازغان مەكتۇپلىرىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شائىر ھاياتىدا مەسلەكداشلىرىدىن ـ ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق زاتلارغا مەدھىيە ـ قەسىدىلەر يېزىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھى ۋە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش ئىشلىرىنى قوللىغان ۋە مەدەت بەرگەن. شائىر مەكتۇپلىرىدە ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، ئابدۇكېرىم زىيائى، مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇم، شەمسىدىن داموللام قاتارلىقلارغا يازغان مەكتۇپلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرىنى، ئۆلىمالارنى، شائىر ـ ئەدىبلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر روھىنى نامايەن قىلغان. بىز شائىرنىڭ ئابدۇقادىر

داموللام ھەققىدىكى مەدھىيەسىنى كۆرۈپ باقساق ئوشۇقلۇق قىلماس:

فى كوللى ئىسبادي ۋە ئىمائىي ئىلەل،
خىللىل ۋە فىيىل ھۆررى ئەبدىل قادىرى.
مەن زىكروھۇ فىي مىقۋەلى ۋە ۋىدادۇھۇ،
فىي خاتىرىي ۋە خەيالۇھۇ فىي نازىرىي،
بەشەرۇن ئەراھورروھە ئىللا ئىننەھۇ،
جەبەلۇن ۋە لاكىن بەھرۇ فەزلىن زاخىرى.

(ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ۋاپادار، ئازاد سىرداش دوستۇم ئابدۇقادىرغا، ئۇ بولسا ـ تىلىمدىن گەپ سۆزى، خاتىرەمدىن دوستلۇقى، كۆزۈمدىن خىيالى يىراق بولمايدىغان ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. ئۇنىڭ سۈرىتى ئىنسان بولغىنى بىلەن، ئۇ نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلىمىنىڭ مولللىقىدا دېڭىزغا ئوخشايدۇ).

تەجەللى شېئىرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە شېئىرىي تەسەۋۋۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرغا باي بولۇپ، ئوي ـ پىكىر ۋە ھېسسىيات كونكرېت، جانلىق، ھېسسىي ھالدا ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ھال شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن: شائىر «تاڭ يورىدى، كۈن چىقتى» دېگەن پىكرىنى:

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھە ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.
كەيمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مېھىر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار ـ تار.
چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ



يۈيۈپ يۈزىدىن قاراسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

دەپ ئۆزگىچە شېئىرىي تەسەۋۋۇر بىلەن ئىپادىلىسە، «قەغەز ـ قەلەم يوقاپ كەتتىمۇ» دېگەن پىكرىنى:

يا سىياھ يەتمىش كامار ئىچرە قارا قۇڭغۇز بولۇپ،
يا قەلەم ئۇچمىش قارا قۇشقاچ بولۇپ بى ئىختىيار.

دەپ ئوبرازلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئوبرازلاشتۇرۇش شائىرنىڭ ھەممىلا شېئىرلىرىغا ئورتاق ئالاھىدىلىكتۇر. شائىر ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئېستېتىك تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ۋاسىتىلەردىنمۇ ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

تەجەللى شېئىرلىرى تىل جەھەتتە خەلق قوشاقلىرىغا يېقىن بىر خىل يېنىك، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك تىلدا يېزىلغان. مەسىلەن:

دەررەھ قەدەم ئەزسەكۈن،
ۋەز خاتىرى مەن پەركۈن
رۇخ جانىبى كەشغەر كۈن
بەرتۆھپە سالام ئەزمەن.

بۇ شېئىر ئۇسلۇب ۋە ۋەزىن جەھەتتە خەلق قوشاقلىرىنى ئەسلىتىدۇ. تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېيتقاندا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا خاتىرىلەنگەن قوشاقلارنى ئەسكە سالىدۇ.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**

1. «تەجەللى ـ مۇجەللى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

2. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

3. «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 18 ـ سان.
4. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى باستۇرغان، 1984 ـ يىلى.
5. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» 3 ـ تۇم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.
6. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان: «ئەسەۋۋۇپنىڭ ئەدىبىيەۋى تەرەققىيات جەريانلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1996 ـ يىلى 4 ـ سان.
7. نەزىرە مۇھەممەت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى ھەققىدە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان.
8. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئىچكى ژۇرنال).
9. «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان.
(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)



# ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى تەجەللى ھەققىدە

قاۋۇل ساۋۇر

«چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، قاغىلىقنىڭ ئەدەبىيات ساھەسى-
دىكى زىيالىلىرى بۇ شۆھرەتلىك ئىلىم ـ مەرىپەت پېشىۋاسى بىلەن
ئۆزلىرىنىڭ يۇرتداش ـ ماكانداش ئىكەنلىكىنى تولىمۇ كېچىكىپ،
يەنە كېلىپ يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرى ئارقىلىق چۈ-
شەندى. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلىرىگە كەلسەك،
قاغىلىقنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنى تولىمۇ ياش، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئالىم-
نى چۈشىنىدىغانلار يوق ئىدى. ئۇنى مۇپەسسەل چۈشىنىدىغان مەلۇمات-
لىق مويسىپىتلار ئۇزۇن يىللار تۇرمىغا قامىلىپ ياتقانىنىڭ ئۈستىگە
ئۇزاققىچە نادانلىق ۋە «سول» چىللىقنىڭ قاتمۇقات زۇلمەت پەردىسىگە
يۆركەنگەن بۇ ماكاندا، بىر يەرلىك تارىخىي شەخس، يەنە كېلىپ ئەينى
زاماندا كىشىلەر تەرىپىدىن ئىلاھلاشتۇرۇۋېتىلگەن بىر ئىسلام دىنىي
ئۆلىماسى ھەققىدە ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە
تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەن كىشى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن
مەرھۇم ئۇستازىمىز ئابدۇرېشىت ئىسلام بولدى. ئۇ «كىتابلارغا باھا»
ژۇرنىلىدا، تەجەللىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى تو-
نۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قاغىلىقنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىنى
زىل ـ زىلگە سالدى. بۇ ئۇچۇرنى دوستىمىز ئابدۇللا ئوسمان بىلەن ھا-
ياجان ئىچىدە قەلەمكەش بۇرادەرلىرىمىزگە يەتكۈزدۇق ۋە بۇ ھەقتە تې-
خىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىپ بېقىش ئىرادىسىگە كەلدۇق. دەل شۇ پە-

يتكە ئۆلگۆرۈپ، 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىن قەدىرلىك ئۇستاز شۈكرى يالقۇن كەلدى. بۇ چاغدا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. بىز شۈكرى يالقۇن ئاكىنى ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش يۈن ئەنچاڭغا تونۇشتۇردۇق. يۈن ئەنچاڭ ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىمىزغا ئېلىپ كەلدى. يۈن شۇجىنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى يىغىنىنىڭ كەيپىياتىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. بىز ئالدىن قىلىشقان مەسلىھەتىمىز بويىچە ئابدۇللا ئوسماننى تەجەللى توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئابدۇللا ئوسمان دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا: كۈچ تەشكىللەپ، تەجەللىنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي يادىكارلىقلىرىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىمىزنى يەتكۈزدى. ئۇلار بىزنىڭ پىكىرىمىزنى قىزغىن قۇۋۋەتلىدى. شۈكرى يالقۇن ئاكىنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرى يۈن شۇجىنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇردى. ئۇ بەزى دىنىي زاتلارنىڭ تەجەللىنىڭ بەدىئىي يادىكارلىقلىرىنىڭ ھايات شاھىدى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال ماشىنا ئەۋەتتى. بىز ھەممىمىز كاسكا مازارغا باردۇق. دىنىي زات بىزگە تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەقبەرە ئەسلىدە ئۆينىڭ ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، جامائەت ئاشخانىسى مەزگىلىدە ئۆينىڭ ياغاچلىرى چۇۋۇپ ئوتۇن قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەقبەرە ئوچۇقچىلىقتا قالغانىكەن. بۇندىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى مەقبەرەگە بىر تۈپ ئۈژمە كۆچىتى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېڭىدىن سۇ قويۇلغانىدى. دۇئا ـ تىلاۋەتتىن كېيىن، دىنىي زات ئالىمنىڭ ھاياتى سەرگۈزەشتىلىرى، دۇنياۋى تەسىرى ۋە ھايات ياشاۋاتقان نەۋرە ـ چەۋرى-



لىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. يۈن شۇجى شۇ يەردىلا مۇنۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى: بىرىنچى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، ئالىمنىڭ ناھىيە ئىچى ـ سىرتىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق بەدىئىي، ئىلمىي يادىكارلىقلىرىنى تولۇق يىغىۋېلىش، بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگەندە، ئۇ: «ھەر قانداق چىقىم بولسا، مەن مەسئۇل» دەپ ئەسكەرتتى؛ ئىككىنچى، شارائىت ھازىرلاپ، ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ياساش؛ ئۈچىنچى، ئالىمنىڭ كاسكا يېزىسىدا تۇرۇشلۇق نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنى شەھەر نوپۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش.

ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىنلا، تەجەللى يادىكارلىقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش بويىچە 9 كىشىلىك گۇرۇپپا تەسىس قىلىنىپ، گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلدى. ئىشخانىدا مەن (قاۋۇل ساۋۇر)، ئوبۇل جامال، تۇردى قاۋۇز بىر كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. بىر گۇرۇپپا ئابدۇللا ئوسمان، كامىل سايىت، دىلشات ئابلىز خوتەن تەرەپلەرگە، بىر گۇرۇپپا تۇرسۇن كىچىك، ئىدرىس قادىر، مۇھەممەد ئەزىز ناھىيە ئىچىدىكى يېزا ـ بازارلارغا ئاتلاندى. بىزنىڭ گۇرۇپپا يىغىلغان يادىكارلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئىزىملاش ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمىي كىتابلارنى تەكشۈرۈپ، ئالىمغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرىنى تاللىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق.

بىز تەكشۈرۈشكە قولايلىق يارىتىش ۋە بۇندىن كېيىن مەدەنىيەت يۇرتىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ساقلاش مەقسىتىدە يۈن شۇجىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىكى كىتابلارنى مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىدۇق ھەمدە ئىشىك ـ دېرىزىلىرى تۈنىگە ۋە پولات تور بىلەن قاپلانغان بىر ئېغىز ئۆيگە جايلاشتۇردۇق. بۇ كىتابلارنىڭ مەسئۇللۇقى شۇ قەدەر ئېغىر ئىدىكى، لىق بىر ماشىنا كىتاب بىزگە بىر-

مۇبىر ساناپ ۋە تىزىملاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى، شۇڭلاشقا، ئىشىككە ئۇچەيلەن بىردىن ئۈچ قۇلۇپ سېلىپ، ھەربىرىمىز بىردىن قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى ئۈلۈشۈۋالدۇق. ئۇچەيلەن تولۇق جەم بولمىغۇچە ئىشىكنى ئاچقىلى بولمايتتى. كىتاب تەكشۈرۈشتە تۆگىچى يېزىسىدىن پىنسىيەگە چىققان پېشقەدەم مائارىپچى تۇردى قاۋۇز ئاكىنى ئىلمىي يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلدۇق. چۈنكى، ئۇ ئەرەب يېزىقى ۋە چاغاتاي تىل - يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى. يەتتە كۈن سىجىل ئاختۇرۇپ، ئالىمنىڭ «بەرق تەجەللى - سەبەق مۇجەللى» ناملىق كىتابى بىلەن نامەلۇم بىراۋنىڭ قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر قول يازما كىتابىنى تاپتۇق. «بەرق تەجەللى - سەبەق مۇجەللى» ناملىق شېئىرى دىۋان 1899 - يىلى قەشقەردە ئاتۇشلۇق ھۇسەيىن باي ھاجىم ۋە باۋۇدۇن بايلار تەرىپىدىن تاش مەتبەئەدە 1000 نۇسخا باستۇرۇلغانىكەن. بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى بۇ كىتابتىن بىرنى قولغا چۈشۈرگەنىدۇق. شۇڭا، بۇنىڭغا ئانچە خوش بولۇپ كەتمىدۇق. ئىگىسى نامەلۇم بولغان ھېلىقى قول يازما بولسا، بىزگە تېخىمۇ قىممەتلىك بىلىندى. ئەينى دەۋردە قەشقەردە تۇرۇشلۇق رۇس كونسۇلى پېترىس كىرامۇنىڭ ئەرەبچە قەسىدىسى بىلەن باشلانغان بۇ قول يازمىنىڭ خەتلىرى ئىنتايىن ئۆلچەملىك ۋە كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭدا تەجەللىنىڭ تولىمۇ پاساھەتلىك يېزىلغان بىرقانچە شېئىرى بار ئىدى. بىز بۇ قوليازمىنى دىنىي زاتلارنىڭ تەتقىق قىلىپ چىقىشىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. چۈنكى، مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەجەللى ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغانلىقى سەۋەب بولدى.

شۇ قېتىم ناھىيە ئىچى - سىرتىدا كۆپلىگەن تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، تېپىلغان نەرسىلەر تولىمۇ ئاز بولدى. چۈنكى، ئەينى زاماندا مەتبۇئاتچىلىق تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، ئالىم-



نىڭ «بەرقى تەجەللى - سەبەق مۇجەللى» ناملىق كىتابىدىن باشقا تەۋەررۇكلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىردىنبىر قول يازمىلار ھالىتىدە ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ۋاسىتىسى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجەللى ئەسەرلىرى كۆپىنچە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ يۇقىرى فورمىسىدا ئىجاد قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاممىباب شېئىر - قوشاقلاردەك كەڭ تارقىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تەجەللىنىڭ دىنىي زاتلارنىڭ ئىلىكىدە ساقلىنىپ كەلگەن مول ۋە ئاساسلىق بەدىئىي يادىكارلىقلىرىدىن باشقا يەنە تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، خىمىيەگە ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم، شائىر نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا ھاجىمنىڭ ئىلان قىلغان مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، 1958 - يىلى بېيجىڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئالىمنىڭ ئاسترونومىيەگە دائىر بىر پارچە ئىلمىي ئەسىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن داڭلىق تېۋىپ مۇھەممەتئىملى ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئالىمنىڭ بىردىنبىر تېبابەتچىلىك رېتسېپلىرى توپلىمى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، ئۇنىڭدا «سەراتان» نى داۋالاش، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئادەم بىھوش قىلىش ۋە ھوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى ياساشقا ئائىت رېتسېپلارمۇ بار ئىكەن. مەرھۇم خەلپىتىم ئەينى ۋاقىتتا «سەرتان» دەپ ئاتالغان كېسەلنىڭ ھازىرقى راك ئىكەنلىكىنى ئۇقماي قالغانلىقى سەۋەبلىك، ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى رېتسېپىغا دىققەتسىزلىك قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن ئېيتقاندا، تەجەللى ھەقىقەتەنمۇ ئىپتىخارلىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغان تارىخىي شەخس. ئۇ 1848 -

يىلى ناھىيەمىزنىڭ زوڭلاڭ يېزا ئايكەنت كەنتىدە ئىسلام دىنى ئالىـ
مى، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ھەزرەتلىرى ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ھەرەمگە بارغان.
ئەرەبىستاندا باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىـ
غا ئەگىشىپ ھىندىستاننىڭ قەدىمىي شەھرىگە كەلگەن. ئۇ ئاۋۋال
«دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسەسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسفاھان دارىلفۇـ
نۇنى» دا، ئاخىرىدا ئافغانىستاننىڭ «كابۇل دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇپ،
ھەر تەرەپلىمە بىلىم تەھسىل قىلغان. ئالىم تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات،
تارىخ، لوگىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، خىمىيە، تېبابەت، ماتېماتىكا
قاتارلىق پەنلەردە ئالىي ماھارەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ھەج قىلىش ۋە
ئىلىم ئېلىش ۋەزىپىلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
ھەمراھلىقىدا ئۆز يۇرتىغا قايتتى. قايتىش سەپىرىدە بەختكە قارشى ئاـ
نىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بارلىق بىساتلىرى دەريادا غەرق
بولدى. نەتىجىدە ئالىم قاتمۇقات مۇسىبەت، يول ئازابى ۋە غەم ـ قايغۇ
ئىچىدە يەكەنگە كېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ماكانلاشتى.
بۇ ئالىمنىڭ تېخى 20 نەچچە ياشلىق يىگىت مەزگىلى ئىدى. ئۇنىڭ
ھەر تەرەپلىمە ئىلمىي ماھارىتى ۋە قابىلىيىتى يەكەندىكى ئۆلىمالار،
زىيالىلار ۋە كەڭ جامائەتكە پۇر كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان يەكەن ۋالىيسى
ئالىمنى ئاتىسى بىلەن ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت،
كامالەتلىرىگە تەھسىن ـ ئاپىرىن ئېيتتى. كېيىن ئۇ قەشقەرگە
تەكلىپ قىلىندى. قەشقەردە ئۇنىڭ بۈيۈك شائىرلىق تالانتى ھەر تەبىـ
قە كىشىلىرىگە ئايان بولدى، شائىرنىڭ شېئىر ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى
قولدىن ـ قولغا كۆچۈپ، زوق ـ شوخ بىلەن ئوقۇلدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى
زىيارەت قىلغان ئالىم، ئەدىبلەر ئالدىدىكى دىنىي، پەننىي، ئەدەبىي نۇـ
تۇقلىرى باھار شامىلىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆـ



زىنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي قابىلىيىتىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئالىيجاناب
ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن ھەر تەبىقە زاتلار ۋە ئاۋام خەلقنى مەھلىيا
قىلىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ يەكەندىكى ئەڭ چوڭ بىلىم يۇرتى
«يېشىل مەدرىسە» گە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلەندى. ئەپسۇسكى، شائىرـ
نىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلى ۋە خەلق ئارىسىدىكى يۇكسەك ئىناۋىتى
ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنىڭ يۈرىكىنى ھەسەت، ئىزتىراپ ۋە
بىئاراملىق بىلەن ئۆرتىۋەتتى. ئۇلار شائىرغا رەزىل تۆھمەتلەرنى
توقۇپ، ئۇنىڭ نازۇك قەلبىنى ئازار ـ كۈلپەت خەنجىرى بىلەن تىلغىـ
دى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئالىمنىڭ قىرائەتخانىسىغا
ئوت قويۇپ، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. مۇشۇنداق بىـ
لىمسىز ھەسەتخورلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىگە نىشان بولۇپ
قالغان شائىر قەلەم شەمشىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەرەب، پارس، تۈرك
تىللىرىدا يېزىلغان ئۆچمەس شېئىرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەپت ـ بەشىـ
رىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇ شۇ چاغدا يېقىن بۇرادىرى مۇتىئۇللا
ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ جان ـ دىل بىلەن قوغدىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ،
مەرىپەت ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان چۈپرەندە
ئەبلەخلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت باشلىقلىرىغا چېقىشتۇرۇپ تۇـ
رۇشى نەتىجىسىدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. ئاـ
خىرى مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن يەكەننى تاشلاپ
قاغىلىققا يۆتكىلىپ چىقتى. قاغىلىقتىكى مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم باشـ
چىلىقىدىكى بىلىملىك ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇنى ئەلەم ياكى قازىـ
لىق، مۇدەررىسلىك ياكى خەتىپلىككە ئوخشاش بىرەر خىزمەت ئۆتەپ
بېرىشكە قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، شائىر ئۇلارنىڭ
ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھاۋالىقراق يېزىلارنىڭ بىرىدە
ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكتىن، ناھىيەـ

مىزنىڭ غوجائېرىق يېزىسىدىن ئىخلاسمەن مۆتىۋەر نىزامىدىن ھاجى شائىرغا بىر يۇرۇش باغلىق ھويلىسىنى بەردى. شائىر بۇ يەردە ئائىلىسى بىلەن 20 يىلدىن ئارتۇق ياشىدى. كېيىن بورا يېزىسىدا بولدى، ئاندىن، گۇمىدىكى بۇرادەرلىرىدىن ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم، ئىسمايىل ھاجىملارنىڭ تەكلىپى بىلەن گۇمىنىڭ كىلىياڭ يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، ھاۋالىق جاي كۆھتام دەرياسى بويىغا ئورۇنلاشتى ۋە ئائىلىسىنىڭ بىر قىسمى بىلەن يەتتە يىلدەك تۇرۇپ تېۋىپلىق قىلدى. كېيىن يەنە قاغىلىقتىكى ئۆلىمالار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، ناھىيە بازىرى يېنىدىكى كاسكا يېزىسىدا مەتنىياز بېگىم دېگەن كىشى شائىرغا ئاتاپ سالدۇرغان يىڭى ئىمارەتكە ئورۇنلاشتى ۋە ئۆمرىنى شۇ جايدا ئاخىرلاشتۇردى. پۈتكۈل ھاياتىنى ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن بېغىشلىغان بۈيۈك ئالىم ۋە تالانتلىق شائىر مەۋلانە ھۇسەيىنخان تەجەللى ھەزرىتىم ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر پېشىۋالىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزغا ئالەمشۇمۇل يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇلغارىيە قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى»، «دىۋان تەجەللى» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە تاشكەنتتە «باياز» لارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئەينى يىللاردا رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان شۆھرەتلىك ئەسەرلىرىدىن باشقا، مەرھۇم ئابدۇل ھېكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئىلىكىدە بىردىنبىر قول يازمىلار ھالىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «دىۋان ئەرەبى» (ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى)، «تۆھپەتۇل بەررەيىن» (ئىككى قۇرۇقلۇقتا تۆھپە) «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» (قەسىدىلەر توپلىمى)، «سەبدەرنامە» (قەھرىمانغا بېغىشلىما)، «تىلسىمى ئىشق» (ئىشق مۇھەببەت تىلسىمى) ۋە قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرى قاتارلىقلار بار.



شائىرنىڭ «تەجەللى» (چاقناپ تۇرغان نۇر) ۋە «مۇجەللى» (مۇسابىقە مەيدانىدا ئۇتۇپ چىققۇچى) دېگەن نامىلىرى ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي كامالىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئالىم، ئەدىبلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن تەخەللۇس ئىدى.

بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئالىم ھەققىدە نۇرغۇن ماقالىلار ئېلان قىلىندى ۋە ئۇنىڭ نام - شەرىپى دۇنياۋى مەشھۇر كىشىلەر قاتارىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئىسلام دىنىي لۇغىتىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇ يۇرتىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ شۇنداقلا، پۈتكۈل ۋەتىنىمىزنىڭ غۇرۇرى. بۇنى چۈشەنگەن يولداش يۈن ئەنچاڭ ئۆز ۋەدىسىنى بىر - بىرلەپ ئىشقا ئاشۇردى. 1984 - يىلى ئالىمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 16 كىشىنى شەھەر نوپۇسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1985 - يىلى ناھىيەمىزدە مەخسۇس ھەيئەت تەسىس قىلىنىپ، 35 مىڭ يۈەن ئىئانە بىلەن ئالىمنىڭ مەقبەرىسى ياسالدى. مىڭلىغان ئىخلاسمەنلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولغان بۇ مەقبەرىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمىزدە، بۇندىن 66 يىل ئىلگىرىكى ئاجايىپ تەسىرلىك بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

1927 - يىلى رامىزاننىڭ 12 - كۈنى شائىرنىڭ ۋاپاتى قاغىلىقنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەنىدى. شائىرنىڭ يەكەن، گۇما قاتارلىق جايلاردىكى يار - بۇرادەرلىرىگە خەۋەر قىلىش ۋە ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا دەپنە قىلىش ئىككى كۈن كېچىكتى. ئۇلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. بىراق، مىڭلىغان ھازىدارلار توپى ئىچىدە كۈتۈلمىگەن بىر غوۋغا يۈز بەردى. ئاللىقاچان كاسكا مازاردا لەھەت ئېلىنىپ بولغان بولسىمۇ، شائىرنىڭ جەسىتىنى يەكەنلىكلەر يەكەنگە يۆتكەپ دەپنە قىلىمىز دېسە، گۇمىلىقلار گۇمىغا يۆتكەپ دەپنە قىلىمىز دەيتتى، غوۋغا بارغانسىرى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. تۇساتتىن توپ ئارىسىدا ياڭرىغان

قۇدرەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ، سۇرەن ـ چۇقانلار بىردىنلا بېسىقىپ قالدى:

— ھۆرمەتلىك ئەھلى جامائەت، بولدى قىلايلى، بىز بۈيۈك ئالىمىمىزنىڭ مۇسىبەت قايغۇسىدا ئۆرتىنىۋاتقان پاك كۆڭۈللەرگە مالاللىق يەتكۈزمەكچى ئەمەسمىز، لېكىن بۇ تالاش ـ تارتىش نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ خەلقىمىزنىڭ ئالىمغا بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ۋە بۈيۈك ئالىمنىڭ خەلق قەلبىدىكى تەڭداشسىز قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلارنىڭ جەسىتىنىمۇ كىشىلەر مال ـ دۇنيا تالاشقاندەك تالىشىدۇ. بۈگۈن يەكەن، گۇما خەلقلىرى ھەزرىتىمنىڭ جەسىتىنى تالىشىۋاتىدۇ. بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قەلبىدە ھەزرىتىمنىڭ بۈيۈك قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئورتاقلىقىنى، ھەزرىتىمگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئورتاقلىقىنى نامايان قىلدى. شۇڭا، بۇ ئىشتىمۇ ھەزرىتىمنىڭ «ئامانەتنى نەدە تاپشۇرسام، شۇ يەردە ياتاي» دېگەن ۋەسىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلايلى.

ھەر ئىككى تەرەپ ئالىمنىڭ ئىشەنچلىك دىلكەشلىرىدىن بولغان بۈيۈك ھۆرمەت ئىگىسى راشىدىن مۇپتى ھاجىمنىڭ مۆھۈر باسقاندەك ئورۇنلۇق خىتابىدىن تەسىرلەندى بولغاي، تاۋۇتنى كاسكا مازارغا ئېلىپ مېڭىشتى. ھازىدارلارنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق قوشاق ۋە ھەسرەتلىك يىغا ـ زارلىرى ئەۋجىگە چىقتى.

1993 ـ يىل 30 ـ ئۆكتەبىر

(ئاپتور: قاغىلىق مەدەنىيەت، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)



# شۈكۈر يالقۇن تەجەللى مازىرىدا

دىلشات ئابلىز

1980 ـ يىللار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى بولغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە، پېشقەدەم يازغۇچىلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ياش ھەۋەسكارلار سەپكە قېتىلىپ، كەڭ ـ كۆلەمدە ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، ئۆزئارا قوللاش، يېتەكلەش، ئەجدادلارنىڭ نەمۇنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، قېزىش، رەتلەش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنىدى.

بۇ مەزگىلدە، قاغىلىق ناھىيەسىدىمۇ 50 ~ 60 كىشىلىك زور بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى شەكىللەنگەن بولۇپ، 1982 ـ يىلى ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاپتورلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىش، ئەدەبىي ـ سەنئەت، مۇشائىرە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئاچقاندا، قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچىلەردىكى ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئەدەبىيات پېشىۋالىرىنىڭ يېڭى ئەدەبىيات ئېقىمىغا بولغان كۆز قاراشلىرى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگىنىش جەھەتلەردە مۇھاكىمە سۆھبەتلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى. 1980 ـ يىلىدىن

1984 ـ يىلىغىچە قاغىلىقتا ئىلمىي ئىجادىيەت ۋە پائالىيەت ئۈچۈن كەلگەن يازغۇچى، شائىرلاردىن تېيىپجان ئېلىيوپ، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، قاھار جېلىل، ئابدۇرېشىت ئىسلام، سەمەت دۇگايلى، مەمتىمىن بارى، نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئىدرىس بارات، قادىر ئەكبەر، تەلئەت ناسىر، روزى سايىت، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، نۇرمۇھەممەت توختى، ئابدۇللا سۇلايمان، ھاجى ئەھمەت، قۇربان ئىمىن، تاھىر تالىپ، تۇرسۇن نىياز، ئۇچقۇنجان ئۆمەر قاتارلىقلار ياش ئاپتورلارنى يېتەكلەش، سەپكە قېتىش، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللاردا مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ ئېلان قىلىش ياكى مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللارغا يوللاپ بېرىش ئارقىلىق ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا زور ئىلھام بەردى.

1984 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئالتۇندەك سېخىي كۈز قاغىلىقنى مول مەمۇرچىلىققا پۈركىگەن خاسىيەتلىك كۈنلەردە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىرامىچىلىق ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى شۈكۈر يالقۇن قاغىلىققا كەلدى. شۈكۈر يالقۇننىڭ قاغىلىققا كېلىشى قاغىلىقتىكى ئەدىبلەرگە مەشھۇر بىر شائىر، ئالىمنى تونۇتتى. ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئالىمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈشكە مەدەت بولدى. قاغىلىق خەلقىگە بۈيۈك ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىق بولدى!

شۈكۈر يالقۇن كەلگەندە، ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەجلىسخانىسىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. شۈكۈر يالقۇننى يىغىن مەيدانىغا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈن ئەنچاڭ بىلەن مەرىپەتپەرۋەر زىيالى ھېبىبۇللا نۇر ئاكىنىڭ ئوغلى ئالىمجان



باشلاپ كىردى. بىز ھېبىبۇللا نۇر ئاكىنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان شائىرە قىزلىرىدىن دىلمۇرات ھېبىبۇللا، دىلبەر ھېبىبۇللالاردىن شۈكۈر يالقۇن ئەپەندىنىڭ قاغىلىققا كەلگەنلىكىنى، بۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلىدىغانلىقىنى ئۇققان ئىدۇق. بىز بۇ پېشقەدەم دىراماتۇرگنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋىرىمىز بولغاچقا ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قىزغىنلىق بىلەن چاۋاك چېلىپ كۈتۈۋالدۇق. شۇجى يۈن ئەنچاڭ بۇ قىزغىن كەيپىياتتىن خۇشاللانغان ھالدا:

— بۇ كىشى شىنجاڭنىڭ دىرامىچىلىق ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان تالانتلىق يازغۇچى شۈكۈر يالقۇن بولىدۇ. بۇ كىشىنىڭ كېلىشى ناھىيەمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە زور ئىلھام بولغۇسى، — دېدى.

شۈكۈر يالقۇن قامىتى كېلىشكەن، بېشىغا قىزىل دۇخاۋا دوپپا كەيگەن، قىرقىم ساقاللىق، كۆزلىرى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر، ئاق ـ سۈزۈك چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشى ئىكەن.

— سىزلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىڭلار بەك كاتتا ئىكەن، ـ دېدى ئۇ مەمنۇن بولغان ھالدا، — ئەللىك ـ ئاتمىش ئەدىب بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىلمىي ئىجادىيەت سۆھبەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپسىلەر، بىر ناھىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنىڭ بۇنداق زور سالماقنى ئىگەللىشى ناھايىتى خۇشاللىنارلىق ئىش!

— ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىمىزنىڭ بۇنداق زور سالماقنى ئىگەللەپ، ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىمىزنى ناھىيەمىزدە بىر دەپ يۈرەلىشىمىزمۇ يۈن ئەنچاڭدەك ئەدەبىيات سېپىدىن چىققان رەھبىرىمىز ۋە سەركەردىمىزنىڭ بولغانلىقىدا، — دېدى ئارىدىن چاقچاقچى شائىر ئابدۇللا ئوسمان. ئابدۇللا ئوسماننىڭ سۆزىنى،

تونۇلغان ئاخباراتچى، فولكلورشۇناس كىرەمنىياز تەرجىمە قىلىپ بەردى. يۈن ئەنچاڭ مەمنۇن بولغان ھالدا:

— ئىلگىرى يەكەن گېزىتىدە ئىشلىگەن ۋاقتىمدا ھېكايە، ئەدەبىي ئاخباراتلارنى كۆپ يازغان. رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن يېتىشىپ بولالمىدىم — دېدى.

— سىز بۇلارنى ياخشى تەشكىللەپسىز، بۇمۇ سىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى چۈشەنگەنلىكىڭىزدىن، بۇلارنىڭ تەلەپلىرى بولسا ئاڭلاپ باقسىڭىز، قېنى قانداق تەلەپ - پىكىرىڭلار بار، — دېدى شۈكۈر يالقۇن.

بىز تۈچمۇتۈچتىن:

— ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ناھىيەمىزدىكى ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، يېتەكلەيدىغان، ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ — تۈزىتىپ بېرىدىغان ئادەم يوق. مۇشۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىدىن بىرنى مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەپ بەرسە، — دېدۇق.

— ئۆتكەن يىلى سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە شائىر ئابدۇللا ئوسماننى يېتىملىقۇم ئوتتۇرا مەكتەپتىن ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىغا قويغاندۇق، ئەمدى سىلەر دېگەن خىزمەتكە كىمنى يۆتكىسەك بولىدۇ؟ — دېدى يۈن ئەنچاڭ. بىزلەر:

— قاۋۇل ساۋۇر ناھىيە بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئالدىدا، تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۇ بىزنى يېتەكلەپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا، رادىيو ئۇزىلىنىڭ تەھرىرلىكىدىن مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەپ بەرسە، — دېدۇق.

— بولىدۇ، قاۋۇل ساۋۇر مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ، ناھىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسۇن.

بۇ كەسكىن جاۋابتىن ھەممىمىز شادلىققا چۆمۈپ قىزغىن



چاۋاك چېلىشتۇق، يۈن ئەنچاڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەگەر ناھىيەمىزدىكى بىرەر ئاپتور جۈرئەت قىلىپ پوۋېست يازماقچى بولسا ئۇنىڭغا ئۈچ ئاي، رومان يازماقچى بولسا ئالتە ئاي ۋاقىت ئاجرىتىلىپ بېرىلىدۇ. مائاشى تولۇق بېرىلىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا بىز ئەسەرنى كۆرسەك بولىدۇ. قايسى تېما ۋە قايسى مەزمۇندا يېزىش ئاپتورنىڭ ئىختىيارى.

— ھەممىمىز ھاياجان ۋە ئىلھام ئىچىگە چۆمدۇق، شۈكۈر يالقۇن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— مەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، يازغۇچى، ئەدىبلەرگە ئىجادىيەت ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ بەرگەن يۈن ئەنچاڭ شۇجىنىڭ قىزغىن پوزىتسىيەسىدىن قاغىلىقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى — گۈزەل ئىقبالىنى كۆرگەندەك بولدۇم. قاغىلىقنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تەجەللىدەك دۇنياغا تونۇلغان شائىر ئالىملار چىققان، مەن يەنە ئاشۇنداق شائىر - ئالىملارنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

— قاغىلىقتا ئاشۇنداق دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان شائىر، ئالىملار بارمۇ؟ بۇ بىر خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەن. مەن تەپسىلىيرەك ئۇقاي، — دېدى يۈن ئەنچاڭ.

— شۈكۈر يالقۇن شائىرغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىنمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— تەجەللى يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن كاتتا شائىر. ئۇ تېبابەت، ئىلمىنۇجۇم، خىمىيە پەنلىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئالىم. «دىۋان ئەرەبى» ناملىق كىتابى ھۆسەيىن مۇسابايوفلارنىڭ خىراجىتى بىلەن بۇلغارىيەدە نەشر قىلىنغان، «بەرق تەجەللى، سەبەق

مۇجەللى» دېگەن كىتابى قەشقەردە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. يەنە كۆپلىگەن شېئىرلىرى تاشكەنتتە نەشر قىلىنىپ «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن، مەن مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى، سەبەق مۇجەللى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغان. تەجەللىنىڭ تېبابەت ئىلمىدىكى نەتىجىسى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇ راك كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقان، - دېدى.

— تەجەللى قاچان ئالەمدىن ئۆتكەن، قەبرىسى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى يۇن ئەنچاڭ .

ئارىدىن مائارىپ سېپىدىكى ئاخباراتچى كامىل سايىت:

— تەجەللى 1927 - يىلى ۋاپات بولغان. قەبرىسى كاسكا مازار غوجامدا، - دېدى.

— مۇمكىن بولسا، ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلساق، — دېدى كىرەم نىياز، — بىزمۇ شۇنداق قىلايلى، ئالىمنىڭ قەبرىسىنى كۆرەيلى دېيىشتۇق.

— بولىدۇ، — دېدى يۇن ئەنچاڭ، — ئەته ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا چىقايلى.

يىغىن تۈگەپ ھەممىمىز سىرتقا چىقتۇق. شۈكۈر يالقۇن يۇن ئەنچاڭ بىلەن خوشلىشىپ ھەبىبۇللا نۇر ئاكىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى، خۇشچاقچاق شائىر ئابدۇللا ئوسمان ئالىمجانغا:

— ئۇكام، دادىلىرى شۈكۈر يالقۇن بىلەن بۇ يىغىنغا چىقماپتىغۇ؟ — دېدى. ئالىمجان:

— دادام شۈكۈر ئاكامنىڭ ئالدىغا قەشقەرگە كەتكەن، بۇلار يولدا ئۆتۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— مەن تۇققانلارنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ يەكەندە توختاپ قاپتىمەن، ھەبىبۇللا نۇر ئۇتتۇر قەشقەرگە كېتىپتۇ. ئەمدى ھەبىبۇللا نۇر كەلسە



كۆرۈشۈپ، خوتەندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلاپ بارىمەن، — دېدى شۈكۈر يالقۇن.

ئەتىسى. ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقانلار مائارىپ ئىدارىسى قورۇسىدا قىزىق پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى، دەرۋازىدىن بىر ئاپتوبۇس كىرىپ كەلدى، ئاپتوبۇس ئىچىدە شۈكۈر يالقۇن، يۇن ئەنچاڭ، داڭلىق كومپوزىتور مۇھەممەت ئېزىزلەر بار ئىدى.

— قېنى ئاپتوبۇسقا چىقىڭلار، تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى چىقىمىز، — دەپ توۋلىدى مۇھەممەت ئېزىز. بىز ئاپتوبۇسقا چىقتۇق. ئاپتوبۇس چوڭ بولسىمۇ ئادەم كۆپ بولغاچقا پاتماي قىستىلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتۇق. ئاپتوبۇس دەرۋازىدىن چىقىپ بازارنىڭ شىمالىدىكى شائىر تەجەللى دەپنە قىلىنغان كاسكا مازارغا قاراپ ماڭدى. كاسكا مازار قاغىلىق بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قەشقەر - خوتەن تاش يولىنىڭ بويىدا، بارىن يېزىسىغا بارىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىدا بولۇپ، ئاپتوبۇس مازارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. ھەممىمىز ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. يول بىلەن قەبرىستانلىق ئارىلىقىدا ئۆستەڭ بولۇپ، تار ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنغانىكەن. كۆۋرۈككە پاتمىغانلىرىمىز ئالدىراپ ئۆستەڭدىن يۈگۈرۈپ، چېپىشىپ ئۆتۈشتۇق. قەبرىستانلىق غەربى مەسچىتكە تۇتاشقان ئۆيلۈك، جەنۇب تەرىپى يول، شىمال تەرىپى تېرىلغۇ يەر، شەرقى چوڭقۇر يارداڭلىق بولۇپ، پومزەك - پومزەك قەبرىلەر ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. بىز قەبرىستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى سىدە دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى يەتتە - سەككىز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خارابە تامنىڭ تۈۋىدىكى بوشلۇققا توپلاشتۇق. مازارەغۇ مۇشۇ ئىكەن، ئالىمنىڭ قەبرىسى قايسىدۇ؟

ھەممىمىز ئىنىقتاڭدا تۇرۇشىمىزغا ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇز ياشلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە بىر كىشى ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن

ئۆتۈپ تېزلىكتە يېنىمىزغا كەلدى.

ـــ كېلىشۋاتقىنى تەجەللىنىڭ نەۋرىسى شەمئۇل ھۇداخان بولىدۇ، ـــ دېدى كامىل سايىت. ھەممىمىز ئۇ كىشىگە قاراشتۇق.

ـــ مانا ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىكەن، ـــ دېدى شۇكۇر يالقۇن.

شەمئۇل ھۇداخان يېنىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى جىددى تۇس ئالغان بولۇپ، بىزدىكى قىزغىنلىقنى كۆرۈپ تەمتىرەپرەك كۆرۈشتى.

ـــ بىز قاغىلىقتىكى يازغۇچى ـ شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلار تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغىلى چىقتۇق، ـــ دېدى قاۋۇل ساۋۇر.

ـــ ھەرقايسىلىرىغا كۆپ رەھمەت! بوۋىمىزنىڭ قەدرىگە يېتىمدغانلارمۇ بار ئىكەن، ـــ دېدى شەمئۇل ھۇداخان ھاياجان بىلەن. ئۇنىڭ كۆزىدە بىر خىل ئىپتىخارلىق نۇرى جىلۋىلىنەتتى.

ـــ قېنى، بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسى قايسى، ـــ دېدى شۇكۇر يالقۇن.

ـــ مانا، ماۋۇ شۇ، ـــ دېدى شەمئۇل ھۇداخان باشقا قەبرىلەردىن چوڭراق، ئەمما خىشلىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ.

ھەممىمىز سۈكۈت ۋە ھۆرمەت ئىچىدە ئۇ قەبرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىشتۇق. شەمئۇل ھۇداخان يۈكىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن خەتمە قۇرئان قىلىشقا باشلىدى. كۆپىنچىلىرىمىز يۈكىنىپ ئولتۇرۇشتۇق. قىرائەت توگىگەندىن كېيىن شەمئۇل ھۇداخان شۇكۇر يالقۇننى دۇئا قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇكۇر يالقۇن تەمكىنلىك بىلەن «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھەممىمىز دۇئا قىلىشتۇق. شۇكۇر يالقۇن شەمئۇل ھۇداخاندىن:

ـــ قەبرىنىڭ ئورنىغا قارىغاندا ئىلگىرى كاتتا ياسىلىپتىكەن. نېمە بولۇپ بۇ ھالغا كېلىپ قالدى؟ ـــ دەپ سورىدى. ھەممىمىز بۇ قەبرىنىڭ ئۆتمۈشىگە قىزىقتۇق.



ـــ بوۋىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇرت كاتتىلىرىدىن راشىت مۇپتى ھاجىم قاتارلىق ئۆلىمالار كاتتا قەبرە قاتۇرۇپ قەبرىنى پەنجىرىلىك ئايۋان ئىچىگە ئېلىپ، يېنىغا بىر ئېغىز كۆتۈپخانا، ئىككى ئېتىز ئەتكەپخانا سالدۇرغانىكەن. بۇ ئۆيلەر ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بار ئىدى. مانا بۇ قالغان تاملار كۆتۈپخانىنىڭ قالدۇقلىرى، 1958 ـ يىلى قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىدىكى يارلىقنى سۇ ئامبىرى ياسايمىز دەپ پارتىلاتقاندا تاملىرىغا دەز كەتكەن، كېيىن ياغاچلىرىنى ئەترەتكە كالا ئېغىلى سالغىلى ئىشلەتكەن. ئوپچە ئاشخانا بولغاندا پەنجىرلەرنى ئاپىرىپ قالاپ توگەتكەن. قەبرىلەر چۈۋۈلۈپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغان، ـــ دېدى شەمئۇل ھۇداخان.

ـــ ئۇ ۋاقىتلاردا كىممۇ «بۇ ئالىمنىڭ قەبرىسى» دېيەلىسۇن.

ـــ شۇنداق، تىرىكلەر بىر ـ بىرىنى قوللىيالمىغان يەردە مەرھۇملارنىڭ قەبرلىرىنىڭ ھالى نېمە بولماقچىدى.

ـــ يوقىرىقى پاراڭلار بولىۋاتقاندا شۇكۇر يالقۇن شەمئۇل ھۇداخاندىن:

ـــ ئۇكام، قوللىرىدا بوۋىلىرىنىڭ ساقلانغان تەۋەررۇكلىرىدىن نېمىلەر بار، ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ئۆيىمىزدە ھازىر ئوتتۇز پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، نۇرغۇن توپلىنىمىگەن قول يازمىلار بار. يەنە بوۋىمىزنىڭ ئورىغان سەللىسى، يېزىقچىلىق قىلغاندا ئىشلەتكەن چىراغ، دۇۋەت ـ قەلەملىرى، كېسەل داۋالاشتا ئىشلەتكەن ئەبجەت ئويۇلغان تەخسىلىرى بار، ـــ دېدى.[1]

ـــ بوۋىلىرى ھاياتلىقىدا سۈرەتكە چۈشۈپتىكەنمۇ، ـــ دەپ سورد-

---

[1] بۇ بۇيۇملار ھازىر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

دى ئابدۇللا ئوسمان.

— چۈشۈپتىكەن، سۈرەتنى بىز قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن. 1957 ـ يىلى شائىر ئەرشىدىن تاتلىق بوۋىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى كەلگەندە، «سۈرەتنى بىزگە بەرسىلە، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ساقلايمىز» دېگەن. دادام ئوبۇل ھۇداخان سۈرەتنى ئەرشىدىن تاتلىققا بەرگەن. ئەرشىدىن تاتلىق بوۋىمىزنىڭ بىر كىتابى بىلەن سۈرەتنى ئېلىپ كەتكەن، — دېدى شەمئۇل ھۇداخان.①

— ئۇكام، كۆڭۈلنى خۇش قىلىغۇدەك گەپنى دېدىلە، بوۋىلىرىنىڭ شۇ تەۋەررۈكلىرىنى ئېلىپ چىقسىلا، بىز مۇشۇ يەردە بىر كۆرەيلى، — دېدى شۈكۈر يالقۇن.

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا ئېلىپ چىقاي، — دېدى شەمئۇل ھۇداخان ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا يۈگۈرگەندەك ئۆيىگە ماڭدى.

— بۇلار نېمە كەسىپ قىلىدۇ، ھال ـ ئوقىتى قانداقراق؟ ـ دەپ سورىدى شۈكۈر يالقۇن.

---

① بۇ تەجەللىنىڭ شائىر ئىسمايىل ھاجى، ئابدۇجېلىل داموللام قاتارلىق دوستلىرى بىلەن بىرگە چۈشكەن سۈرىتى بولۇپ، سۈرەت 1910 ـ يىللىرى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلى تەرىپىدىن تارتىلغان. شائىر ئەرشىدىن تاتلىق ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئاپىرىپ بەرگەن. بۇ سۈرەتكە ئاساسەن ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەت 1982 ـ يىلى تەجەللىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنى سىزىپ چىققان، رەسىم «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 15 ـ سانىغا بېسىلغان. تەجەللىنىڭ بۇ رەسىمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن تەجەللى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان رەسساملاردىن ئوبۇل ھېكىم 1995 ـ يىلى تەجەللىنىڭ تېبابەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چوڭ تىپتىكى ماي بوياق رەسىمىنى سىزىپ چىقتى. رەسسام، ھەيكەلتىراش ئەبەيدۇللا مەھەممەت 1999 ـ يىلى تەجەللىنىڭ پۈتۈن گەۋدىلىك ھەيكىلىنى ياساپ، قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىغا تەقدىم قىلدى. ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى بۇ ھەيكەلنى سېتىۋېلىپ، ناھىيەلىك مەدەنىيەت، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا بەردى.



— ئالىمنىڭ نەۋرىلىرى، مۇشۇ كاسكا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق، تۇرمۇشى بەك نامرات، — دېدى كامىل سايىت.

شۈكۈر يالقۇن كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈككەندەك بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتتى. ئۇنىڭغىچە شەمئۇل ھۇداخانمۇ يوغان بىر بوقچىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى، ھەممىمىز بوقچا ئەتراپىغا ئولاشتۇق. شەمئۇل ھۇداخان بوقچىنى ئاچتى، ئىچىدىن كۆن تاشلىق قېلىن كىتابلار، خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان تۈپلەنمىگەن قوليازمىلار ۋە سەللە، چىراغ، دۈۋەت، ئوتتۇرىغا ئەبجەت ئويۇلغان تاۋاق چىقتى. شەمئۇل ھۇداخان بۇيۇملارنى بىر قاتار تونۇشتۇردى، قول يازمىلارنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆرۈشتۇق.

— بۈگۈنكى بۇ زىيارىتىمىز تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى، — دېدى شۈكۈر يالقۇن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — مەن سىلەرگە بىرنەچچە تەكلىپ بېرەي، ھەممىڭلار جايىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، بىرىنچى تەكلىپىم: بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ، نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى قۇرساڭلار، بۇنىڭدا ئالىمنىڭ شېئىرى ئەسەرلىرىنىلا ئەمەس، تېببىي ئەسەرلىرىنىمۇ نەشرگە تەييارلىساڭلار، بولۇپمۇ راك كېسىلىنى داۋالىغان رېتسېپىنى ئېنىقلاپ تاپساڭلار؛ ئىككىنچى، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئالىمنىڭ قەبرىسى مانا مۇشۇنداق چالما ـ كېسەك دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ، تېزدىن تۇتۇش قىلىپ ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرامدۇ ياكى جەمئىيەتتىن ئىئانە توپلاش يولى بىلەن بولامدۇ، ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىدىكىدىنمۇ كۆركەم، پۇختا ياساپ چىقساڭلار. تەجەللى دۇنياۋى ئالىم، چەت ئەللەردىن ئالىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى كۆرىمىز دېسە ئۇيىلىپ قالمايلى؛ ئۈچىنچى، ئالىمنىڭ نەۋرىلىرى قىيىنچىلىق ئىچىدە غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخـ

شىراق ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتسەڭلار.

ئىختىيارىي مۇخبىرلاردىن كىرەمنىياز، مىجىت نىزامىدىنلار شۇكۇر يالقۇننىڭ سۆزىنى يۈن ئەنچاڭ شۇجىگە تەرجىمە قىلىپ بېرىشتى.

— سىز ناھايىتى ياخشى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، — دېدى يۈن ئەنچاڭ، — تەجەللى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئالىم. ئۇ پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەخرى، جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن شائىر - ئالىملىرىمىزنى قەدىرلەپ كەلگەن. مەن مۇشۇ يەردە ۋەدە بېرەي. ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان يازغۇچى - شائىرلارغا تاپشۇرىمەن. ئۇلار ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيالايدىغان، نەشرگە تەييارلىيالايدىغانلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللىسۇن. ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ياساش ئىشىنى ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، مەخسۇس مەقبەردە ياساش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەبلەغ ھەل قىلىپ، ياساپ چىقىشقا ۋەدە بېرىمەن. ئالىمنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا دېسۇن، بۇنى ھەل قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېدى. شەمئۇل ھۇداخان دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمىدى.

— بۇلارنىڭ نوپۇسى يوق، بولسا نوپۇسنى شەھەرگە ھەل قىلىپ بەرسە، — دېدى كامىل سايىت.

— ئالىمنىڭ نوپۇسسىز ئەۋلادلىرىدىن قانچىسى بار؟ - دېدى يۈن ئەنچاڭ.

— ئون سەككىز، — دېدى شەمئۇل ھۇداخان.

— بولىدۇ، ئون سەككىز كىشىنى شەھەر نوپۇسىغا ئالدۇرۇشقا مەن نوپۇس باشقۇرۇش بۆلۈمى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۇقتۇرۇش قىلاي، — دېدى يۈن ئەنچاڭ.



— سىزگە كۆپ رەھمەت! — دېدى شۇكۇر يالقۇن يۈن ئەنچاڭنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىقىدىغان، ئەۋلادلىرى بەختىنى تاپىدىغان، مەقبەرىسى قايتىدىن قەد كۆتۈرىدىغان بولدى.

يۈن ئەنچاڭمۇ شۇكۇر يالقۇننىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي: «سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت! سىز بىزگە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە كاتتا بىر ئالىمىمىزنى تونۇتتىڭىز، ئەمدى بىز بۇ ئۇلۇغ ئالىمىمىز بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولدۇق، مەن مۇشۇ يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئالدىدا ۋەدە بېرەي، مەن ئېيتقانلىرىمنى چوقۇم ئورۇندايمەن» دېدى، ھەممىمىز شاد - خۇراملىققا چۆمدۇق.

ئالىمنىڭ مەقبەرىسى بېشىدىكى سۆھبەتتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا، قاۋۇل ساۋۇر مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ ئەدەبىيات سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى؛ ئالىمنىڭ نەۋرىلىرىدىن شەمئۇل ھۇداخان[1] قاتارلىق ئون سەككىز كىشى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىنىپ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى تاپتى؛ 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەجەللى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى[2] قۇرۇلدى. قىزىپ

① شەمئۇل ھۇداخان ھازىر ناھىيەلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىدە ئىشلەيدۇ.

② بۇ گۇرۇپپىدىكىلەردىن ۋە گۇرۇپپا سىرتىدىن بولۇپ، ئابدۇللا ئوسمان، قاۋۇل ساۋۇرلار ئالىم تەجەللىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە شېئىرلىرىنى بىر نەچچە كىتابلاردا ئېلان قىلدۇردى. كامىل سايىت قەشقەر ئەدەبىياتىدا تەجەللى شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدۇردى. ئىدرىس قادىر، كېرەم نىيازلار تەجەللى شېئىرلىرى، لەتىپىلىرىدىن توپلاپ ئېلان قىلدۇردى. مۇختار مامۇت مۇھەممىدى مىللەتلەر نەشرىياتىدا «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» ناملىق توپلىمىنى، مەرھۇم باتۇر روزى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «شېئىرىيەت نۇرى — تەجەللى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالىمنىڭ ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن «بەرق تەجەللى ـ سەبەق مۇجەللى»، «دىۋانى ئەرەبى»، «تۆھپەتۇل بەررەيىن»، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»، «تىلسىم ئىشق»، «سەبدەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى تېپىلدى. ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ياساشقا ئىئانە توپلاش، قۇرۇلۇش قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ساھەلەر سەپەرۋەر قىلىندى. مەقبەرىنىڭ نۇسخا لايىھەسىنى تېپىپ، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇشقا ھەبىبۇللا نۇر، ناھىيەلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇراخمان قۇددۇسلار مەسئۇل قىلىندى. 55 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاش ئارقىلىق، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى بىلەن ئۇيغۇر مىمارچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپىتىدە لايىھەلەنگەن بۇ قۇرۇلۇش ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئىشلىنىپ 1985 ـ يىلى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. ھازىر بۇ مەقبەرە خەلقنىڭ ئىپتىخارلىق بىلەن زىيارەت قىلىدىغان جايىغا ئايلاندى.



# ھۇسەيىنخان تەجەللى ھەققىدە تەتقىقات

يۇسۇپ ھۇسەيىن[1] (قەقنۇس)

## مۇقەددىمە

90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا «بىلىنگەن ئەينەن» سىستېمىسىنى تەييارلاش جەريانىدا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تېبابەت ۋە ھېكمەت نامايانىدىلىرىدىن بولغان ھۇسەيىنخان تەجەللى ـ مۇجەللى ھەزرەتلىرى ھەققىدە قۇرئى (سېلىشتۇرما تەتقىق) قىلغان ئىدىم. بولۇپمۇ «ھايات كىتابى»دىن تۇرمۇش مىسساللىرى ۋە خۇدھۇش خىياللىرىنى ئىختىيارسىز قوزغاپ ئەجدادى باغلىنىشلارنىڭ ھازىرقى ئەرۋاھى كۆلەڭگىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەرنى كۆزىتىش جەريانىدا قاغىلىق بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى «بىيوئېنتېرنېت» بولۇپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنچىم تىكلەنگەندىن كېيىن خۇددى تەجەللى ـ مۇجەللى دېگەن ئۇقۇم ئۇيغۇرچىدا ئىلھام ئىچىدىن ئىلھام بولغاندەك، مەندىمۇ شۇنداق بىر مەپتۇنلۇق ھاسىل بولدى. يەنى ئەجدادى ئەرۋاھلار تېۋىنگۈچى تەسەۋۋۇرلۇرۇم تەركىبىنى تەشكىل قىلدى.

2009 ـ يىلى ماي كۈنلىرىدە قاغىلىققا بېرىشقا توغرا كەلدى. ئىلمىي ئۆلپەتدىشىم ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى ۋە غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار، ئىنىم ئابدۇلئەھەد قاۋۇز[2] بىلەن قاغىلىق بازىرىدىكى تەجەللى خاتىرىسىنى زىيارەت قىلىش يولىدا ئۇ ئۆزى بىلگەن مەـ

ساللار ئىچىدە تەجەللى ھايات ۋاقتىدا «ۋەلى سەبرى» دېگەن بىر خاتىرە تىكلىمەكچى بولغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ مىسال مېنىڭ تەققاسلاش خىياللىرىدىكى بىر مىسالغا توغرا كەلدى. ئىلھامنى ئىسپات قىلغۇچى مىسال مەندە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامنى ئېچىشقا باشلىدى.

2009 ـ يىلى ئاۋغۇست كۈنلىرىدە تەجەللىشۇناس ئىنىم مۇختار مامۇت مۇھەممەدى ھاۋالىسى بىلەن تەييارلاۋاتقان بۇ ماتېرىيال ئۈچۈن ئۇ بۇرۇن نەشر قىلدۇرغان «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» ناملىق ئەسىرىدىكى ماتېرىياللار بىلەن ئۈچىنچى قېتىم تەققاسلاشنى تەكرارلىدىم؛ مەنمۇ ئۇلاردەك دۇنيادىن كېتىمەن، بۇ ئەسەر بىزدىن كېيىن قالىدۇ. ئۇلار زامان تۇپەيلىدىن بەزى تەرەپلەرنى پىنھان تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن 80 ـ، 90 ـ يىلىدىن كېيىنكى بىزلەر ئەمەلىيەتنى بىلىشتە مۇشكىلاتلارغا دۇچ كەلدۇق. جاپا ـ مۇشەققەت ھاسىل قىلماق ۋە ئەۋلادلارغا ئاسانلىق ـ راۋانلىق قالدۇرماق ئۈچۈن، جاپا ـ مۇشەققەت چېكىۋاتىمىز دەپ سەمىمىيەت ۋە سەھىھەت ئىزدەپ مەزكۇر ھىممەتكە مەشغۇل بولدۇم.

## 1. باب
## سەئىدى[3] (پەيغەمبەر ئەۋلادى) دېمەكلىكنىڭ بايانى

سوئال: تەجەللى 19 ـ ئەسىردىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى «ئۇيغۇر» تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن يىراق ئەرەب دىيارىدىكى ۋە 17 ـ ئەسىردىكى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادى دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: سەئىد (پەيغەمبەر ئەۋلادى) مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن چۈشەنچىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئەينى زاماندا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادى دېگەن، شۇ جەھەتتىن ھەزرىتى ئادەم ۋە نوھ ئەلەيھىسسالام ھېكايىلىرىدىن تىزىلىپ كېلىدىغان مەشئەل ۋە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا بايان قىلىنغان تەرتىپ مەنتىقى جەھەتتە سىۋىلزاتسىيون (مېھرداش) مېلۇدىك ئېقىمغا بولغان ئىخلاس مەسىلىسىدۇر. ئىلمىي تىل بىلەن شەرھلىسەك ئادەم ئەۋلادى بولغان ئىنسانىيەت ئىچىدە گۇناھى ئەزەل بىلەن پىرمانىيەت تەقلىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئىكسانتسىئون (قىيىشقاق) خۇراپاتتىن قۇتۇلۇپ، نورۇز ھېكمەتلىرىدىن باشلاپ بىلىنگەن «خۇمايى پەزەل» بىلەن ئىنسانىيەت بولماقنى ئارزۇلاپ كېلىۋاتقان سىۋىلزاتسىيون (مېھرداش) ئېقىم مەسىلىسىدۇر.

دېمەك، سەئىد (پەيغەمبەر ئەۋلادى) دېگەن ئۇقۇم ھازىر ئىلمىي تېخنولوگىيە تىلىدىكى ئىرسىيەت ۋە گېنوتىزىم قانۇنلىرىغا باغلىق مەسىلىدۇر. تارىخنى قىسقىچە بايان قىلساق، ھەزرىتى ئىبراھىم رىۋايەتلىرى مىلادىيەدىن 2000 ـ يىل بۇرۇنقى دادانىيان ـ ساسانىيان دەۋرى ئارىسىدىكى يەنى شىمالىي سومىرلارنىڭ مىسىرغا قەدەر بارغان دەۋرلىرىدىكى رىۋايەت بولۇپ، ئەرەب تارىخىدا ھەزرىتى ئىسمائىل ئەۋلادى بولغان ھاشىم ئەۋلادىنى ئىككى مەزھەبكە ئايرىيدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىدا بىر ـ بىرىگە رىقابەتلىك ئىككى مەزھەب ئىچىدىن مۇھەممەد ۋە ھەزرىتى ئەلى ئەۋلادىنى سىۋىلزاتسىيون (مېھرداش) ئېقىم دەپ قارايدۇ.

گەپنى تارىم كەشمىر (پامىردىن ئاققان ئىمور تارىم ۋادىلىرىغا) قاراتساق، تارىم ئويمانلىقى مىلادىيە 670 ـ يىللىرىدا خوراسان خانلىقىنىڭ شەرقى ئۆلكىسى تارىمخان تەرىقىسىدە مۇسۇلمان بولغان. باغدات خەلىپىلىكى دەۋرىدە شىيى (شۈكرەت) ۋە سىننى (سۈننەت) مەزھەپلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەزرىتى ئەلى ئەۋلادلىرىدىن ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن ئەۋلادلىرى قىرىلىپ، ئۇلارغا ئىراگېدىيەلىك تەقدىر باشلانغاندىن كېيىن 11 ـ ئىمام ئافغانىستاندىكى مازارى شېرىپتا ئۆلۈپ

ئوغلى 12 ـ ئىمام قەشقەر دىيارىغا كېلىپ پاناھلانغان ۋە ناسىرخان قىـ
ـزىدىن ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە (يەنى تاھىرخان مۇھەممەتنى) تاپقان ۋە
خوتەن تەرەپكە كەتكەن.... شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبتىكى تاھىرخان مۇـ
ھەممەت، شىمالدىن ئاتۇشقا كېلىپ ماكانلاشقان ئورخۇن روھلۇق قاـ
دىرخان كۆلتىكىن ئەۋلادى ئاساسىدىن قادىرخانىيە (سەۋجۇقىيە) دەۋرىـ
ـدىن كېيىن سەئىد (پەيغەمبەر ئەۋلادى) دېگەن «مەنسەپ» باشلانغان.

مولla مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا
تىزىلغان تەخەللۇسى (ئۇنۋان) تىزىمسى ئىچىدە تارىخىي شەخسلەر مەـ
دەنىيەت ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مەشھۇر زاتلار تىزىمىسدۇر. مۇھەمـ
ـمەد سادىق كاشغەرىي 1830 ـ يىلىغىچە بايانىي توختاتقان نۇقتا خوجا
ياقۇپ (خوجا جاھان ئەرشى) ئەۋلادى بولغان.

مەلۇمكى، سەمىي گىنوتىك سىستېمىسىدا قۇشلار، ھايۋانلار
ئەسلىي ۋەزىن شەكلىنى، كەسپىي ئادەتنى مۇتلەق ساقلايدىغان قانۇنغا
ئاساسەن، ئۆزىنى مەنبەۋى ئەرۋاھنىڭ ئارزۇسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان
تەنھل (چىلتەن) دەپ قارىماق بىر خىل ئەقىدەتتۇر.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى

ھەرەنيا ئەلا پايە سەيىدئىدى ھامىن،
ۋە بىئامىن جەددىنازىل بىھسە تەيىن.
فەئىد ناھۇم ۋەقەدنا ھۇمجەمىئەل،
بەدىن ۋە ئىقتىدار سامىيەنى.
قەنەھنۇ ئۇسەرەتۇل ئەخساپى تۇزرا،
ۋەنەھنۇ قەرارەتۇل لىسە ئادەتەينى.

«تەكرارلىنىشقا مۇيەسسەر بولغان بوۋىمىز ھام (ئافرىقا) ۋە سام
(ياۋروپا) ئەۋلاتلىرىغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ياپ
(ئاسىيا) ئەۋلادىنى توغرا يولغا باشلىدۇق. يۈكسەك دىنى ۋە ئىلمىي



قۇدرەت بىلەن قايىل قىلغۇچى يېتەكچى بولدۇق. دېمەك، بىز شەرەپ
جەۋھىرىمىز ئاخىرقى نەجەپ مەنزىلىمىز» دېگەن ھاياجاننى تەققاسلىـ
ـساق، تەجەللىدىكى روھنىڭ نەقەدەر چەكسىز مائىان ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىمىز.

ھاياتلىقنىڭ ئىقتىسادىي ھېسسىياتى فورماتىك قۇرۇلمىسى كۆپ
بۇلۇڭ (يەنى ئىككى تەرىپى ئىككى ئۈچ بۇلۇڭ بولغان بىرلىك) نەقلىدە
ئىھرام(يەنى پىرامىدا) بولغان (مىسىردىكى ئىھرامنىڭ يەر ئۈستى ۋە
يەر ئاستى قۇرۇلمىسى شۇنداق) تۆپەيلى ئىككى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۈچىدىـ
ـكى بىر ـ بىرىگە ئەكسى تاناسىپ نۇقتا، ھوقۇق بىلەن ھوقۇق دەپ ئايـ
ـرىلغان. يەنى ئىقتىسادىي ھېسسىيات جەھەتتىن ئوشۇقچە قىممەت موـ
نوپۇل روھ بىلەن تولۇقسىز قىممەت (قوپوھول روھ) ئارىسىدىكى بىر
تەرەپتىكى قىتتاسلىق مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەكسى تاناسىپ، ئىكساـ
ـرتىسىئون (قىيىشقاق) رىقابەت (زىتلىق) تارىخىنى تەشكىل قىلغان.
دىنىي رىۋايەت مەنتىقە بىلەن قارىساق، ھوقۇق (مونوپۇل روھ) فىرئون
رەمزىنى، چوقۇق (قوبۇھۇل روھ) مۇسىق رەمزىنى تەشكىل قىلغان. نەـ
تىجىدە ھاياتلىقنىڭ كۆپ بۇلۇڭى ئىچىدىكى بارلىق ئىنسانلار گاھ ئوـ
شۇقچە قىممەت، گاھ تولۇقسىز قىممەت بىلەن ئىسراپ قىتتاس رىقاـ
بەتلىرىدە، مەسىلەن چوقۇقى (قوبۇھۇل) ئىسيانى تەرەپ، فىرئون تەرەپـ
ـكە قارى ئىسيانى روھلىرىغا «مۇسىق» نامىنى دەستەك قىلغان. نەتىـ
ـجىدە بۇنداق ھەر ئىككىسى ئىكساتسىئون (قىيىشقاقلىق) جەھەتتىن
بىرى مەۋجۇدى، بىرى مەۋھۇمى بولغان ماھىيەتنى كۆرگەن دانىشمەنـ
ـلىك ھەر ئىككىسىنى تەرك ئېتىپ 3 ـ يول ئۇچۇن، خىللى ـ مىللى
جەھەتتىن بۆلۈنۈپ، نون (چىكىت) ئاساسىدىن خوم (چەمبەر) ھاسىل
قىلماق بولغان. بۇ دىن تارىخىدا يەھۇدى دىنى بولغان «تەۋرا» تارىخىدىن
كېيىن شەكىللەنگەن. «ئىنجىل» نى ئاساس قىلغان خىرىستىيانلىقـ

نىڭ پەيدا بولۇشىغا، ماكانىمىزدىن (غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىلادىيەدىن 5 ئەسىر بۇرۇنقى ساسانىئان دەۋرىدىكى بىر ـ بىرىگە قارشى تەرەپ (يەتتىلىك) ھىنايان بۇددىزملىرى دەۋرىنى رەت قىلىپ شەكىللەنگەن كوشان (كاشايمان) دەۋرىدىكى گەردون (ماھايان) خۇددىزىم پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولغان ئامىللار ئىدى.

7 ـ ئەسىردىكى ئىسلامىيەتنىڭ يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ غەرب خىرىستىيانلىقىدىكى بۇزۇلغان «گەرەپ» (يەتتىلىك) بىلەن شەرق ھىنايانچىلىقىدىكى گەرەپ (يەتتىلىك) رىقابەتلىرىنى تەرك قىلىپ يېڭى سىستېما تىكلىمەك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

ۋاھالەنكى، باغداد خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئىككى مەزھەپ نامى ئاستىدىكى رىقابەت پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىمام ھۇسەيىن باغداد شەھىرىدىكى ئىكساتسىئون (قىيىشقاق) كۆچلەرنى تەرك قىلىپ، «دىنىسىز بولساڭمۇ بول، ئازاد ئوۋچى بولۇپ، ھالال ياشا» دېگەن يول بىلەن دەشتى كەربالاغا چىقىپ كەتكەن.

ۋاھالەنكى، قاچقاق كېيىكنى بۆرە قوغلىغاندەك كەربالادىمۇ ئامانلىق بولمىغان.

گەپنى يەكۈنلىسەك، «تالاشقاق بۆرىلەر» دىن قاچقان كېيىكتەك بولغان ئاخىرقى 21 ـ ئىمام تارىم ۋادىسىدا بىر مەزگىل غەرب، شەرقتىن ئايرىم «تاھىر خانىيە» نىڭ كېيىك يولىنى ھاسىل قىلغان («قوتادغۇبىلىك» تە؛ «كېيىك بىلەن دوست بولۇپ يامغۇر سۈيى ئىچىپ، ياۋا گىياھ تېرىپ ياشاي» دېگەن مىسرالار بار)

ۋاھالەنكى، تارىخ دائىم دېگۈدەك ئالاھىدە ئايرىلىپ چىققان «مەشرەپ» (چەمبىرخۇم ئىچىدە) يەنى كۆپ بۆلۈك ھاسىل قىلىدىغان تەقدىردىن قۇتۇلالمىغاچ، ئاخىرى تەنھا (ئۆزلۈك) مەشرەپلىرى مەنسۇر-



لىرى نەقىلدىكى دەرۋىشلىك ئىچىدىكى پەرۋىشلىك ئازابلىق سىرلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن. «قىسسەلەرنىڭ ئۇلۇغراق ۋە چىرايلىقراقى بولغان» «سۈرە يۈسۈف» نىڭ ماتېماتىك مەنتىق رەمزى ئون بىر (11) بولۇپ، لاتىن ھەرپ شەكلى بولغان رەقەمدىكى قۇرئى قاتلاملىرىنى تەققاسلىساق: XI رەقەمدىكى قۇرئى قاتلاملىرىنى تەققاسلىساق:

ئون (X) بولغان رەقەم شەكلى ئەكس تاناسىپ بەش V ۋە Λ رەقەملىرىنىڭ بىرىكمىسىدە شەكىلىنىڭ گېئومېترىك (يەنى فىزىكىلىق شەكىل بولغان مېتافىزىك) مەزمۇنى ئېدىئولوگىك يەكۈندۇر. يەنى V ئىستېمال مەپتۇنلۇقى بىلەن Λ ئىقتىرا مەسئۇللۇقى تاناسىپلىقىنى بىلگەن ئەقىل ـ مۇكەممەل روھدۇر. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرىنچى زامان ئېقىمىدا يېڭى ئەقلىي سۈپەت رەمزى بولىدۇ. دېمەك، مەلۇم تارىخىي باسقۇچتىكى (سىياسىي ئىقتىسادى ۋە ھېسسىياتى تۈزۈم ـــ ئۇنلۇق) سۈپىتىنى تېئورىما (مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھۆكۈم) تەرىقىسىدە يېڭىلىغۇچى كەسپىي ئىدىيە ـــ پەيغەمبەرلىك سۈپەت مىزانى شاھادەت بولىدۇ.

سوئال: تەجەللى زامانىسىدا «قۇتپۇلئەختاپ يەتتىنچى» ۋە «داھى ماھان» (مەنىۋى داھى) دېمەكلىكىنىڭ سىرى نېمە؟ بىر رىۋايەتتە تەجەللى مەشھۇر كىمياگەر خىمىيە ئالىمى ۋە مۇنەججىم (ئاسترونوم) ئىكەن.

جاۋاب: «قۇتپۇلئەختاب» بىلەن «داھى ھامان» (مەنىۋى داھى) بىر مەنىۋى خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

«قۇتبۇلئەختاپ» بىر مەنىدە «چىلتەن» (قىرىق تەن) دېگەنلىك. چۈنكى ئىنساننىڭ تېپىك «ئىننى جىسمانى» ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولۇپلا قالماي، بىر جىسمى بەدەنكى «تۆت تارۇلوق» ماھۇم (ماھىيەت) ئالەملىك بوشلۇق ۋە تارولۇق يۇلتۇزلۇق «لاھۇم» ماكرو، مىكرو تاناسىپ (ماھايانا يەنى گىردول ‹ئونلۇق› تەلىماتلىرىدا بەدەندە تۆتيۈز خود، بەشيۈز

مىلىيون قۇل بار دېيىلگەن). دېمەك بەدەن سىرىنى بىلگۈچى ۋەتەن (تەبىئەت ۋە جەمئىيەت) سىرلىرىنى بىلىش ئاچقۇچىنى تاپقان بولىدۇ.

تەققاسلىشىمچە، «زەلىلى دىۋانى» دا چىلتەن مەسىلىسىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر نەۋرىلىرىنى داۋالاش ۋاقتىدا بايان قىلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن «يەتتە چىلتەن» يەكەن دىيارىغا كۆچۈپ ماكان تۇتقان دېيىلگەن بولۇپ، ئەسلىدە 1510 ـ يىللىرى قەشقەر يەكەننى باشقۇرغان مىرزا ئابابەكرى مەزگىلىدە مۇھەممەت يۈسۈپ پەرسا (شاھ تالىپ) نامىدىكى ئەلشىر نەۋايى خوتەندىن سەمەرقەنتكە بېرىش يولىدا بۇرۇنقى تەققاسلىرىغا ئاساسەن، يەكەندە «يەتتە چىلتەن» خاتىرىسىنى تىكلەشنى مىرزا ئابابەكرىگە تاپشۇرغان ئىكەن.

«قۇتپۇلئەختاپ» يەنە بىر مەنىدە ئىسمى ئەزەم بولىدۇ. مەسىلەن: «ئىمام ئەزەم»، «غەۋسىل ئەزەم»، «مەختۇم ئەزەم» قاتارلىقلار ئالدىنقى بۆلەكتە بايان قىلىنغاندەك سەئىد (پەيغەمبەر ئەۋلادى) مەسىلىسىگە باغلىق مەسىلىدۇر.

«يەتتە چىلتەن» دېگەنلىك ماتېماتىك نەزەردە 280 تەن دېگەنلىك. گەردون (ئۇنلۇق) مەنتىقىدە دۇنيادىكى ئىنسانىي ھوقۇق قاتلىمى ئون قەۋەت، يەتتىنچى قاتلام بولسا ئۆلكە (مىللەت) ھوقۇقى دەرىجىدۇر.

«داھى ماھان» (مەنىۋى داھى) يالغۇز تەجەللىگىلا قارىتىلغان ئۇقۇم ئەمەس. مىڭ يىلدىن بۇيان ھەر 50 ~ 100 يىل قەنەدە تەرىقەت ئەھلى (سۇفىسىك گۇرۇھلار) ئىچىدىن چىققان مەشھۇر سىرۋەرلىرىنى ماختاپ (ئەس ـ يادى مونوپولىيە ئېھتىياجىدىن) كۆتۈرگەن تەخەللۇسلار بولغان. مەسىلەن: خوجا ياقۇپنى «جاھان ئەرشى»، «مۇھەممەت قەلەندەر»، «جاھانگىر خوجا» دېگەندەك سۈپەتلەشلەر بولغان تەجەللى زامانىدا يەكەن، قاغىلىق، خوتەن رايونىدىكى تەرىقەت ئەھلى تەجەللىگە شۇنداق ھۆرمەت ئېھتىرامىنى ئىپادە قىلغان.



(بۇ ئەلۋەتتە، تەجەللى ئەسەرلىرىدىكى ئۆزىنى قەدىرلىگۈچى مەزمۇنلاردىمۇ ئىپادىلەنگەن).

تەجەللى ھاياتىدىن مەلۇمكى، تەجەللى باللىرىدىن بىرنەچچىسى خوتەن، يەكەن رايونىدا تارقالغان ۋابا ـ چېچەك ئاپىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. تەجەللى بۇ بىيولوگىيەلىك ۋە گىنوتىزملىق سىرلارنى تەققاسلاپ «چېچەك» ھاسىل قىلغان مىكرو باكتېرىيە (پىت) سىرىنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش سىرىنى بىلگەن. بۇ مەسىلىنى ئۈچ نۇقتىدىن بايان قىلىش مۇمكىن.

## 2. باب
## تەجەللىنىڭ ئەجدادى، تەنھالى، ئەۋلادى مەسىلىلىرى

يۇقىرىدا دېگەندەك مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي، سەئىد (پەيغەمبەر ئەۋلادى) تىزىمىسىنى خوجا ياقۇپ (جاھان ئەرشى) دە توختاتقان جايدىن باشلىساق:

1730 ـ يىلى مۇھەممەد سىدىق (دانىيال ـ زەلىلى) خوتەندە خوجا ياقۇپنى تاپقاندىن كېيىن، 1736 ـ يىللىرى ئوغلى بىلەن يەكەنگە كەلگەن. ئاندىن ئىلىدىكى ئابا (مۇسۇلمان) قالماق خانىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئىلى رايونىدا سۇلۇك ئاچقان.

شۇ يىللاردا قالماق خان تاپقان بالا شەكىل ۋەزىن جەھەتتە ئافغان چىراي يەنى دانىيال ۋە ياقۇپ شەكلىگە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن گۇمان قوزغالغان. گۇمان: ئەرۋاھ + ئاتا + ئانا = بالا دېگەن تۆت ئۇقۇم تەجرىبىسى بىلەن يېشىلگەندىن كېيىن يەنى تۇغۇلغان بالا ئەرۋاھى جەھەتتە (مۇھەممەد سىدىق ئاتىسى) مۇھەممەت يۈسۈپ (ھۇدايى مەشرەپ ۋە كېيىنكى ھۇۋەيدا) روھى ئىسكەنلىكى تەستىقلانغاندىن

كېيىن ئەقلى ئېچىلغان ھونتەيجى بالىسىغا خوجا يۈسۈپ دەپ ئىسىم
قويغان. 1750 ـ يىللىرى خوجا يۈسۈپنى يەكەندىن مىرخان خوجا يا-
قۇپنى پىرىبان (مۇرشىد) قىلىپ تەيىنلىگەن.

گەپنى ئىخچاملىساق، 1760 ـ يىللىرى قابا قالماق ئامۇرسىنا
چىيەنلۇڭ ياردىمىدە مانجۇ قالماق قوشۇنلىرى بىلەن دەسلەپ ئىلى رايو-
نىنى پەتھى قىلىپ، جەنۇبقا يۈرۈش ۋاقتىدا يەكەندىكى خوجا ياقۇپ
ئۇچتۇرپاندىكى تۇغقانلىرىغا «قان تۆكۈش گۇناھ، ‹ئىگىلىگەن بويۇننى
قىلىچ كەسمەس›» دېگەن ھېكمەت بويىچە ئەل بولۇشقا يولىيورۇق
بېرىپ، يەكەن خاندانىنى ئېلىپ كەشمىردىن ئافغانىستانغا بېرىپ
مىھزان شاھ پاناھلىغىدا قۇندۇزنى ماكان قىلغان.

1797 ـ يىللىرى قەشقەر، ئاقسۇدىكى توپىلاڭلاردا خوجا يۈسۈپ-
نىڭ ئۆزى، چوڭ باللىرى يوقۇلۇپ، كىچىك ئىككى ئوغلى ھەسەن
بىلەن مۇھەممەت يۇنۇس خوجا ياقۇپ قولىغا قالغان. شۇ يىللاردا
ئافغان شاھى مۇزەففەر خاننى بوستۇن خان داۋۇتقا يوقۇتۇپ، دوستمۇ-
ھەممەتخان دېگەن كىچىك بالىسى يېتىم قالغان. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ
خوجا «مەختۇم قۇلى» نامىدىكى دەرۋىش دىۋانە بولۇپ يېتىم باللارنى
ۋە ئائىلىسىنى ئېلىپ خوجەنگە كەتكەن. ئاندىن تۈركمەن، ئەزەربەيجان
ئىران، ئاناتولى قاتارلىق جايلاردا نەسىردىن ئەپەندىدەك يۈرگەن. ئەزەر-
بەيجاندا ئەلى شىرۋان ئوغلى ھۈسەيىنخاننى ھىماتىدىكى دوستمۇھەم-
مەتخاننى ھەسەنخاننى، مۇھەممەت يۇنۇسخاننى «مەنتىقوتتەيىر» روھى
بىلەن تەربىيەلىگەن. بۇ يىللاردا دوستمۇھەممەت ئايالى، ئاكىسى
ئايۇپ، ئوغلى نىيازنى ( 1831 ـ يىلى تۇغۇلغان) ئېلىپ خوتەن، يەكەن
تەرەپلەردە يۈرگەن. ھەسەن ئاقسۇ تەرەپتە (خوجا ياقۇپ كۈيئوغۇللىرى
بولغان خانلار، بەگلەر ئارىسىدا يۈرۈپ «قۇتبىدىن شاھ» بولۇپ، 1847 ـ
يىللىرى تاشقورغان، قاغىلىق ئارىسىدا ماكانغا كېلىپ... 1848 ـ يىل-



لىرى ھۈسەيىنخان تەجەللىنى تاپقان.

بۇ يىللاردا تەجەللىگە قۇرداش ۋە ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش كەبى تۇ-
غۇلغانلار قازاندىكى ئەخمەت ۋەلى بىبى رابىيەدىن مۇرات ئەپەندى، سە-
مەرقەندىكى ئەلى بىلەن بىبى مەرەمدىن قۇربان، يەكەندىكى نىياز مۇ-
ھەممەت 1958 ـ يىلى قوقەندە تۇغۇلغان فۇرقەت قاتارلىقلار بولغان.

ئەمدى، تەجەللىدىكى ئەرۋاھلار(چىلتەن) قاتلاملار مەسلىسىگە
كەلسەك:

1. تەجەللىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسمى بولغان ئوبۇل ھۇداخان
بىلەن نورۇل ھوداخان 4 ~ 5 قاتلاملىق ئەجدادى روھى بويىچە بوۋىسى
مۇھەممەت يۈسۈپ (ھۇدايى مەشرەپ ـ 1711 ـ يىلىغىچە) ھۇۋەيدا (ھو-
مايون 1736 ـ يىلىغىچە) نىڭ ئىككى قاتلاملىق روھى تەرىقىسىدە قو-
يۇلغان ئىسىمدۇر.

2. تەجەللى ھاياتىدا تىكلىمەكچى بولغان «ۋەلى سەبىرى» نامىدى-
كى خاتىرە بىلەن مۇساباي ئاتۇش ئىكساق (ئىككى تىرىك ئەرۋاھ) پىرد-
ىدە ئاتىسى ھۈسەيىننىڭ ۋەسىيىتى بىلەن ياسانقان «ھەببى ئەجەم» ۋە
ھۈسەيىننە مەكتىپى مەسىلىسى بىر تارىخىي ھېكايەتتۇر.

1840 ~ 1850 ـ يىللاردا ئەزەربەيجان قارىباغدىكى ھۈسەيىن
ئوغلى ئىلخان خۇجاياقۇپ ئەۋلادى بىلەن خوتەندىن خوجەنگىچە، قاغى-
لىق تاشقورغان يوللىرىدا بەلىغ ـ تەبرىز يوللىرىدا قاتنايدىغان كارۋان
بولغان. ھۈسەيىن سەبۇرى كاۋكازدىكى ئەزەر ـ ئەرمەن رىقابەتلىرىدىن
قېچىپ سەمەرقەنت ـ قوقەن كېيىن قەشقەردە ماكانلىشىپ «زەگا»
بولغان. ئەمەلدا كارۋان يولىدىكى لەڭگەر بولغان. شۇ يىللاردا ئاتۇشلۇق
ھۈسەيىن باي ياش بولۇپ، سەبۇرى تەربىيەسىدە ئىلخان كارۋىنىدا
يۈرۈپ دۇنيا كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان. ئىلخان ئوغلى قۇربان بىلەن ھۇ-
سەيىن باي ئوغلى مۇساباي باھاۋۇدۇن باي بۇرادەر ئىدى.

1840 ـ يىللاردا تەجەللى دادىسى ھەسەنخان (قۇتبىددىن شاھ) ھەم دوسمۇھەممەتخان (ۋەلىخان) ھەم ھۈسەيىن (سەبۇرى) بىلەن قېرىنداش ئىدى. ھۈسەيىن سەبۇرى بىلەن قۇدا ئىدى.

دېمەك، تەجەللى مۇساباي قۇربان تەكلىپى بىلەن ئاتۇشقا بارغاندا «ھەببى ئەجەم» سىرىنى «ھۈسەيىنىيە» دېگەن مەكتەپ ئەھۋالىنى بىلىپ، شۇ ئىلھام بىلەن قاغىلىقتا «ۋەلى سەبرى» نامدا خاتىرە تىكلەش ۋە مەكتەپ ئاچماقنى خىيال قىلغان.

## 3. باب
## تەجەللىدىكى ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەت

تەجەللى كەم دېگەندە 30 يىلدەك ئۆمرىنى قەشقەر، مەككە، دېھلى، كابۇل، ئىسپاھان، خوراسان، تەبرىز، قازان قاتارلىق شەھەرلەردە ھېكمەت ۋە تېبابەت سىرلىرىنى بىلىشكە سەرپ قىلىپ نۇرغۇن دۇنياۋى بىلىملەرنى ئىستېمال قىلىپ جېنىدەك سىستىمان قىلغان. قاغىلىقتا بولۇپمۇ پىنھان تاغلىق مەھەللىدە ئىقتىرا بولۇشقا تېگىشلىك تېبابەت ۋە ھېكمەت بىلىملىرىدە تېببىي بىلىملەر بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە ئىزنا قالدۇرالىسىمۇ، ھېكمەت بىلىملىرىدە دائىم پىنھال (بۇرۇقتۇم) بولۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا يېقىن ـ يىراق دىلداشلىرىغا قەلبىنى ئىزھار قىلىدىغان مەجنۇن بولۇپ قالغان.

ئۇ تاغلىق مەھەللىدە ھېكمەت ۋە تېبابەت ئىلمىدە:
مۇرەففى ئىس سامائى بارىز ئىنىرزىن،
مەھابىتۇھا فۇۋۋەيقەل فەرقەدەينى.
(ئىككى ئۆي تورۇسلىرى ئاسماندىن يۇكسەك، يۇكسەكلىك چېكى فەرقىدان نامىلىق ئىككى يۇلتۇزدىن ئۈستۈندۇر) دېگەندەك روھنى



ھېس قىلغان.

«تەجەللى شېئىرلىرىدىن» دىكى نۇسخىلارنى بىرنەچچە خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

نەۋايى مەشرەپ نۇسخە بىلەن يېزىلغان شېئىرلار، مەسىلەن:
كۆڭلۈم قەيدىدىن ئافەت سىنادىن شىكەن ئىستەر،
مەنسور بولۇبدۇر موكى داروسسىن ئىستەر.

مۇشۇ ئىككى مىسرا ئاساسىدىكى مەزمۇننى تەققاسلىساق، مىڭ يىللىق تارىخىي قاتلام ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

2009 ـ يىلغىچە بولغان ماتېرىياللاردىن كەلگەن ئۇچۇرلارنى تەققاسلىسام:

1) ئادەتتە ئىبنى سىنانى پارس (تاجىك) دېگەن مەسىلىدىن باشقا بىر تارىخىي سىر ئېچىلدى.

«ئەسراھىمۇنى» ئىلھاملىرىدىن مەلۇم بولدىكى، 820 ـ يىللاردا خوتەندىكى 12 ـ ئىمام ھەسەن كىشۆرى خوتەن رايونلىرىدىكى گەردون (ماھايان) سىرلىرىدىن توپلىغان بىلىملەر قەشقەردە ئەبۇئەلى پەتتاھ غەزنىنىسدە ساقلانغان. بۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەندىن ئۆگەنگەن. 980 ـ يىللىرى تۇبۇت خوتەن گەرەپ (ھىنايان) بۇددىسلىرى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ھەسەن قەشقەرنى تاشلاپ غەربىي بالساغۇندىكى ئىنىسى ھۈسەيىن خەلىپ ياردىمى بىلەن بۇخاراغا ماكانلىشىپ تاغىسى ئابدۇللا بىلەن بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەبۇئەلى ىبنى ھەسەن سەنائى بولغان تارىخچىلار بۇ قاتلامنى بىلمەي ئىبنى سىنا دېگەن.

ئەبۇنەسىر بىننى مۇھەممەت بىننى ئەخمەت فارابى دەمەشىق يىللىرىدا تىراگىدىيەلىك تەقدىرگە قالغان، ئىمام ھۈسەيىن ئەۋلادى مالامەتلىرىنى ھەل قىلغۇچى تارىخى مانىخى تەققاسىقا غەرق بولۇپ، «گۇناھى ئەزەل» قوزغايدىغان «ئادەم، ھاۋا» رىۋايىتىدىكى مەنتىقى خاتالىقنى

بايقاپ (بىر ھۆجەيرىدىن پارچىلانغان ئاكا ـ سىڭىل تەقلىدىكى خاتالىقنى) ھەل قىلماق ئۈچۈن مەنسۇر ھەللاجى ھېكايىتىنى پۈتۈپ ئەنەل (سىڭلىنىڭ) قىرىق ھاللىق ھەققى ئۆزىگە خاس، مەنەلْ (مەنسۇرنىڭمۇ) قىرىق ھاللىق ھەققى ئۆزىگە خاس يەنى ئادەم (قىرىق ھاللىق) يارىلىش، ھاۋا (قىرىق ھاللىق) يارىلىش بىلەن مەنپىي مۇسپىي (پىلۇس ـ مىنۇس تەڭلىمىسىدەك) مۇتلەق تاناسىپ دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەن. 950 ـ يىللاردىن كېيىن فارابى سامانى نىقابى بىلەن قەشقەرگە كەلگەندە، بۇ ھېكمەتلەرنى ھۆسەيىن خەلپىگە ئۆتكۈزگەن.

دېمەك، تەجەللى ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ نازۇك يادروسى جەھەتتىكى بۇرۇلۇشنى تۇزۇپ قايتا قۇرىدىغان يولنى بىلگەن.

«قەسىدە» دىن ئىلھام:

شەرھلىگۈچى تەجەللى بۇ قەسىدىنى قەشقەردىكى دوستى نەزەر بەگ سىلىم ئاخۇن قازىغا بېغىشلىغان دېگەن.

كەمىنە قەسىدىنى ئوقۇۋاتقان چاغدا مەرسىيەدەك بىلىندى. شېئىر مەزمۇنى ئاق رەڭ بىلەن قارا رەڭ سېلىشتۇرمىسى بولسىمۇ چوڭقۇر سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلە مۆكۈنگەن.

1883 ـ يىلى ھەسەنخان بىلەن ئىلىخان قەشقەر يېڭى شەھەردىكى مانجۇ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئىلگىتتىكى ئانىسى (ئىسمى گۈلسۈم) ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئاچىسى بىبى مەرەم: «ئۇكىلىرىمنى تاپمەن، دادام، ئىنىلىرىمنىڭ تۇپرىقىنى تاپمەن» دەپ سارالْ سىياق قەشقەرگە كېلىپ، ئوغلى قۇربان ۋە باشقا تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بىر باغدا ئىلە مىرزەم نامىدىكى قەبرە ياسالغان.

نەزەربەگ ۋە سىلىم قازى دېگەن نېمە گەپ؟

نەزەر بەگ دۇنيانى كۆرگەن ئىلىخان روھى، سىلىم قازى دېگەن



1864 ـ يىلى قەشقەر شەيخول ئىسلامى بولغان ھۆسەيىن سەبۇرى بولۇپ، نەسەبى تۈرك سۇلتانى سىلىم ئارقىلىق بايەزىد، ئاندىن ئەترەپ ھالالىدىن، ئاندىن جامالىدىن قەرىشى (يۈسۈپ سەككاكى) غا تاقىلىدۇ.

ئاق رەڭ قارا رەڭ نىقابىدا بايان قىلىنغان. تارىخ ئەنە شۇنداق تارىخى، مانىخى مەسىلىلەردۇر ۋە تەجەللى نېمە ئۈچۈن دەرۋىش پىنھان ھاياتنى تاللىغانلىق سىرىدۇر.

تەجەللى بىلەن فۇرقەت ئارىسىدىكى مۇشائىرە «نىسىت» دېگەن غەزەلدىن ئىلھام:

«نىسىت» دېگەن غەزەل فۇرقەتنىڭ «تۇف» رادىفلىق مۇخەممەس نەزمىسىگە ئوخشاش «قارغىش» خاراكتېرلىك غەزەلدۇر. «نىسىت» تىلىمىزدىكى «نەس باستى، نەستۇر» دېگەن سۆزدۇر. فۇرقەت غەزەل مەزمۇنىدا قەلبىدىكى ھەسرەتلىرىنى بايان قىلغان بولسا تەجەللىمۇ ھېسداشلىقىنى بايان قىلغان.

بۇنداق ھېسداشلىقنىڭ سەۋەبى قېرىنداشلىق بىلەنمۇ باغلىق.

تەجەللى بىلەن فورقەت (زاكىرجان قابىل مۇھەممەت) ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ، 1897 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە يەكەن بىلەن قاغىلىق ئارىسىدا تېبابەتچىلىك ئاساسىدا مۇناسىۋەتلىنىپ تۇرغان.

يۈسۈپ (گۇمنام) بىر مۇخەممەستە ھەسەنخان (قۇتبىدىن شاھ)نى مەدھىيەلەپ «ئۇۋەيس» (تەكرارى روھ) بويىچە ئىرشاد ھەسەنخانغا توغرا كەلگەن. مەن ھۆرمەت قىلىمەن دېگەندەك، فورقەتمۇ تەجەللىنى شۇنداق ھۆرمەت قىلغان.

ئەگەر «نەسەپنامە» ئىسخېمىسى بويىچە قارىساق، يۈسۈپ سەرۋى ئوغلى فورقەت بىلەن تەجەللى ئاچىسى مەرەم ۋە ئېرى ئەلى قاتارىدىن قارىساق، فۇرقەت تەجەللى ئاچىسىنىڭ ئوغلى بولغاچ قېرىنداش ئاكا ـ

ئۇكا مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ.

بەزى رىۋايەتلەردە تەجەللى، فۇرقەت، سەئىدۇللا دېگەن ئۈچ بۇرادەر دائىم سۆھبەتلەشكەن دېيىلگەن ئىكەن ھەمدە فۇرقەت توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە فۇرقەت 1898 ـ يىللىرى كەشمىردىن يەكەنگە بارىدىغان «لاداق» سەپەرلىرىدە سەئىدوللا دېگەن بۇرادىرى بىلەن بولغان «مەندەك» رادىفلىق مۇخەممەسنى سەئىدۇللاغا بېغىشلىغان دېيىلگەن.

بۇ تەسەۋۋۇر مىستودىنى ئانچە بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدۇر.

«سەئىدۇللا» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىككى قەۋەت ماكانى بار. بىرى «ئاللا پەيغەمبىرىنىڭ ئەۋلادى روھى» دېگەنلىك بولسا، يەنە بىرى ئاللانى ئوۋچى، ئۇنىڭ يارەمچىسىنى ئەبچەركىسى (ئەكبەرى) دەيدىغان سۇپەتلەش روھى بولىدۇ.

مەسىلەن: «مەندەك» رادىفلىق مۇسەددەستىن بىر كۇپلېتنى ئېلىپ كۆرەيلى:

«يوق ھۇشى پەرى تېككەن دىۋانىگە ئوخشايدۇ،
كۆز يېشى يانا تولغان پەيمانىگە ئوخشايدۇ.
غەم سېلى بىلەن كۆڭلى ۋەيرانىگە ئوخشايدۇ،
فۇرقەتتە بۇ سەئىدۇللا ھەيرانىگە ئوخشايدۇ.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.»

مەزكۇر مىسالدىكى «فۇرقەتتە بۇ سەئىدۇللا» دېگەن ئۇقۇمدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكى «فۇرقەت» ۋۇجۇدىدىكى سەئىدۇللا دېگەن ئەرۋا مەنىسىنى كۆرسەتكەن. دېمەك، مەزكۇر مىسالدىكى (پۇرقىراپ كۆيۈۋاتقان) روھى قاتلامدىن ئالغاندا فۇرقەتمۇ، تەجەللىمۇ، سەئىد (پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى) ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا «سەئىدۇللا» دېگەن ئۇقۇم (ئەرۋاھ) ئىككى



خىلداش ۋە قېرىنداشلىق مىزانى ئۈچۈن شاھىد (گۇۋاھى) روھدۇر. ئۇلاردىن قايسى بىرى تەنھا بولغان بولسىمۇ يەنىلا «سەئىدۇللاھ» بىلەن ھەمراھدۇر.

مەسىلەن: فۇرقەت «لاداق» يولىدا «مەندەك» رادىفلىق مۇخەممەسنى يازغاندا بۆرىلەردىن قاچقان كېيىك كەبى بولغان ئىمام ھۇسەيىن ئەۋلادى ۋە 12 ـ ئىمام (ھەسەن كىشۋەرى) ئەۋلادى قەدەر ئۇزۇن تارىخىي سىستېما ئاخىرى بولغان بوۋاي ـ موماي، مۇھەممەت ـ رابىيە، ئاندىن ئىلەك ـ مەرەم، «قەدەر دەستان روھلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ يەكەندىكى قېرىندىشى تەجەللى بىلەن كۆرۈشمەك ئارزۇسىنى سەئىدۇللا» دېگەن.

بۇنداق مىسال 1711 ـ يىللىرى يەكەندىن خوتەنگە ماڭغان مۇھەممەت سىدىق زەلىلى خوتەندىكى قېرىندىشىنى مۇھەممەد ئىزىزدىن دەللەپ يولدىكى ساھىللىق روھىنى «موللا غەزەل» دەپ ئۈچ ئەرۋاھ بىرلىكىنى بايان قىلغان ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

«قارلىقنامە» دېگەن قەسىدە ھەققىدە ئىلھام:

مەزكۇر شېئىر لىرىك داستانغا ئوخشايدۇ. قارىماققا ئاخىرقى كۈزدە تۈنجى ياغقان قار ئۈچۈن بېغىشلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە «قاغىلىق نامە» دېيىشكە بولىدۇ.

قاغىلىق ـ يەكەن، خوتەن جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي پامىر ـ تارىم تاغلىرى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەيدانلىرىدۇر. تىرويېك بەلباغ ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى شىمالغا تارالغان. تۈنجى پىرمانىيەت بۇ تاغ ئارىسىدىكى ۋادىلار سوغۇق ئېقىمغا (كونتىسال بەلباغقا) دۇچ كېلىپ «ئاقتاش» دىن ئون (تومۇق) چىقىرىش ئىختىراسى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلىقىغا تارىلىش تارىخىنىڭ مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان. شۇڭا قۇرۇم تاغلىرى، تارىم ئويمانلىقى

ھەم ئوغۇز، ھەم نورۇز رىۋايەتلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر.

كىلىمات ۋە ھېسسىيات رەمزى بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا تەرەپكە يېقىن ئېرىقى روھى ياز پەسلىدەك قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، شىمالىي ئاسىيادىن كەلگەن قاپھون، يەنى موغۇل ئېرىقى روھى مەھزۇر سىھىق بولۇپ، بۇ ئارىلىقتىكى روھلارنىڭ ھاسىل بولۇشى يەغمور (ياغما) ۋە قەرلۇق (ئاققار) رەمزىدە سۈپەتلەنگەن تارىخىي مەنزىرىنى تەبىئەت قانۇنى ئاساسىدا قارىساق، دەسلەپكى قار تارىم ئويمانلىقىدا بولۇپمۇ يەكەن ـ خوتەن رايونلىرىدا ئاسان ئېرىپ، پامىر بولۇپ قالىدۇ. يەنى قەرلۇق «يەغمۇر» بولۇپ قۇمساز تۇپراقتا سىڭىپ ئالاھىدە ھاياتلىق گىياھلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. گەپنى سەل ئىچىپ بايان قىلساق، شىمالدىن كەلگەن ھۆل ـ سوغۇق موغول ئېرىقلىرى بۇ ئېقىمدا قۇرۇق ئىسسىق ماتېرىياللار بىلەن ھوندو (ئوردو) ئېرىق بولۇپ كېلىشۋەرگەن. «ساقى نامە» دېگەن قەسىدە ھەقىقىي ئىلھام تەجەللى مەزكۇر قەسىدىدە ئۆزىنىڭ ئەزەر، تاتار تىل فوندىنى جارى قىلغان. شېئىرنىڭ مەزمۇنى تەسەۋۋپ تارىخى ۋە مانىخى مەسىلىدۇر.

تارىخىي مەزمۇن غەۋسىل ئەزەم، مەختۇم ئەزەم ۋە ئاخىرقى مەختۇم قۇلى قەدەر بايان بولۇپ، ئەشۇ ئىسمى ئەزەم (ئۇلۇغ ئىسمى روھلار) نىڭ ئۆزىدە جەملەنگەنلىكى ئۈچۈن:

تەجەللى بەنەم مەردى مەيدانى مەئنى،
زەبانىم سەنايىڭلە تىغى مۇھەننەد.
قاپۇمدە دۇتۇپ راھۇ رەسمى گەدايى،
فوزۇلى ـ فوزۇلى، نەۋايى ـ نەۋايى.

(مەنكى تەجەللى مەردى ـ مەيدانلارغا مەئنىنا بولدۇم، تىلىم مەدھىڭ بىلەن مۇھەببەت خورى زۇلفۇ خارىدىن ئۈستۈندۇر.
ئويغانساملا گەدالىق قائىدىسى بىلەن راھەت ھېس قىلىمەن. بەزى



فوزولى، بەزى نەۋايى بولۇپ قالىمەن.) دېگەن.

كەلمىش خېرىدارلىرىم ھەم ياش، ھەم پىشمىغان ماش بولغانلىقى ئۈچۈن «ساقى نامە» نىڭ تارىخىي قاتلىمىدىن ئازراق بايان قىلاي: ئىنگلىز تارىخچىسى تايۇبى «تارىخ تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە سېلىشتۇرغاندەك، مىلادىيە 1050 ـ يىللاردىن مىلادىيە 1120 ـ يىللارغىچە قادىرخانىيە سەلچۇق سۇلتانلىقى ھىندىستان (بېنگال قەدەر) پۈتۈن ئەرەب (باغداد خەلىپىلىكى) ئاناتولى (كاۋكاز) قەدەر ھۆكۈم سۈرۈپ دىنار (زەرزەن) ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن. بۇ تارىخ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن كۈشاد (كاشانىيان) دەۋرىدىكى بەختىرىيان كۆلەڭگىسىگە ئوخشايتتى، ئىسلامىيەت گەردون (ماھايانان) خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئىدى. مىلادىيە 1130 ـ يىللاردىن كېيىن پارچىلىنىش تارىخى ئەۋج ئالدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى قادىرخانىيەنى كىدان تۇبۇت قاراخانلىقى ئىگىلىدى. باغداد خەلىپىلىكى ئابباسىيە قولغا ئۆتتى. كاۋكاز سەلىپ يۈرۈشلىرىگە دۇچ كەلدى.

ماۋائۇننەھرنى شىمالىي قىپچاقلار ئىگىلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن 1130 ـ يىللىرىدا ۋە 1160 ـ يىللاردا تارىم ئويمانلىقىدا تارمار بولغان مەخمۇد ئەۋلادىدىن بولغان شەيخ ئىبراھىم بىلەن كاۋكازدا سۇلتانلىقنى تاشلىغان توغرىلبېكنىڭ نەۋرىسى سۇلتان سەنجەر (ئەخمەت) دەرۋىش يولىنى تۇتۇپ، «خارلىق تۇپرىقى» نىڭ باقاۋى يولى بولغان «ئەخمەت يەسەۋى» دېگەن تەرىقەت يولىنى ئاچتى. 1090 ـ يىلى يۇسۇپ نوخمان بۇخارادىكى نوشىرىۋان كەنتىدە «ئابدۇخالىق» نىڭ سوپىلىق مەكتىپىنى ئاچقانىدى. 1160 ـ يىللىرى شەيخ ئىبراھىم بىلەن سۇلتان سەنجەر مەرغۇلاندا «ئابدۇقادىر» نىڭ سوپىلىق مەكتىپىنى ئاچقان. بولۇپمۇ «ئابدۇقادىر مەرغۇلانى» مەكتىپىدە تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىك قاتلاملىرىدا چىدام بىلەن ياشايدىغان روھىي دەستۇر «ئىلاھىنا

مە»، «ئۇشتۇرنامە» (تۆگە قۇشى) ۋە «مەنتىقۇتتەيىر» ئارقىلىق خىزىرى روھ نەسىردىن ئەپەندى ـ غەۋسىل ئەزەم (ئۇلۇغ غەۋۋاس) روھى قادىر-يە ئىشقى سۇلۇكىنىڭ مەۋجۇتلۇق دەستۇرى بولغان ئىدى.

### ئىسمايىل ھاجى ھەققىدە

1850 ـ يىللىرى بىبى رابىيە بۇرۇنقى ئېرى دوستمۇھەممەتخان ئۇزۇن يىل غايىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەخمەت ۋەلى بىلەن توي قىلىپ، قازانغا كەتكەن. 1853 ـ يىلى بالىسى مۇرات تۇغۇلغان. 1864 ـ يىللىرى قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلگەن ئەخمەت ۋەلى ئىنىسى ئىسمايىل ھاجىم ۋە مۇراتنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. 1868 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەندە ئىسمايىل ھاجىم خوتەن تەرەپكە كېتىپ گۇمىدا پىنھان ياشىغان.

### شەمسىدىن داموللام ھەققىدىكى قارىشىم

1926 ـ يىللىرى قازاندىن مۇرات ئەپەندى، بۇرھان ئەپەندى، مۇساباي، باھاۋدۇن باي قاتارىدا مۇساجارۇللايوپ نامىدا كەلگەن ئەنۋەر پاشا قەشقەردىن ھىندىستانغا بارىمەن دەپ يەكەن ـ قاغىلىق تاغ يولىدا ئىسمايىل ھاجىم ۋە تەجەللى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىسمىنى شەمسىدىن دېگەن. بۇ ھېكمەت نەۋائى غەزىلىدىكى «ئەشرەقەت مەن شەمسۇلكەئىسى ئەنۋەرۇل ھۇدا» بويىچە تۈزۈلگەن. يەنى «ئەتىگەندىكى ياش گۈل (ئەنۋەر) چۈشتىن كېيىن ياتىدىغان چاغدىكى شەمسۇل بولدى» دېگەنلىك.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇئەممانى يەشمەك زۆرۈر:

تەجەللى ۋاپاتى ھەققىدە ئۈچ خىل قاراش بار ئىكەن. بىرى 1925 ـ يىلى رامىزان، بىر خىلى 1930 ـ يىلى، يەنە بىر خىلى 1932 ـ يىلى. تەجەللى جارۇللايوپ بىلەن كۆرۈشكەن دېگەن مەلۇمات بويىچە ھېسابلە-



ساق، يۇقىرىدا دېگەندەك شەمسىدىن بولۇۋالغان جارۇللايوپ 1926 ـ يىلىدا قەشقەرگە كەلگەن. شەمسىدىن داموللامنىڭ تەجەللى ۋاپاتى توغرىسىدىكى نەزمىسىدە 32 مىسرانى كۆرسەتكەن. بۇ 32 مىسرا 1932 ـ يىلنى كۆرسىتىش ئېھتىمالى بار.

ئەگەر 1925 ـ يىلنى كۆرسەتسە مۇنداق ئېھتىمال بار. دەرۋىشلىك (تەرىقەت) يولىدا «فەنائى» دېگەن سۇنئىي ئۆلۈم مەسىلىسى بار. شۇ يىللاردا مەملىكەتىمىزدە گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ئۇرۇشى، شىنجاڭدىكى جىن شۇرېن زامانىدا خوتەن، يەكەندە ئەۋج ئالغان توپىلاڭ تۇپەيلىدىن خالىي بولماق ئۈچۈن فەنا (مەسىلەن: قاغىلىق زۇڭلاڭدىن گوما كىلىياڭغا جاي يۆتكەپ) «بەھرام گۆر» مەسىلىسىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

«قاغىلىقتا شەمسىدىن» بولغان كىشى قەشقەرگە ھىندىستاندىن كەلدىم دەپ كۆرۈنۈپ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ يەنە ئافغانىستانغا بارىمەن دەپ ئاتۇش، ئۇلۇغچات تەرەپكە ئىسھاق بېك ھىماتى بىلەن ئۇچتۇرپاندىكى ئاكىسى تەرەپكە بارغان ۋە تەجەللى خاتىرىسىدىن ئاكىسى خاتىرىسىدىن جەملەنگەن. «ئىسكىرى ئەزەم»، «مەغزەنۇل ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كابۇلدا نەشر قىلدۇرۇشقا ئاساس ھازىرلىغان.

### «مۇھى» دېگەن كىشى ھەققىدە

بۇ تەخەللۇس «مەھبۇب» مۇ ياكى «مۇقىمى» مۇ؟ دەپ تەققاسلاپ فۇرقەت بىلەن باغلانغان تەرەپنى ۋە مۇقىمى غەزەللىرىدىن كەلگەن باشقا ئىلھام تەرەپلىرى بىلەن باغلاپ «مۇقىم مەھبۇب» (ۋاپادار دوست) بولسا كېرەك دەپ قاراپ، ئىلھامى بايان قىلاي دېدىم.

مۇقىمى توغرىسىدىكى ئاددىي تونۇشتۇرما ماتېرىيال (بۇلاق) دا: ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت ئىمىن، 1850 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1903 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، 53 ياش ئۆمۈر كۆرگەن، دەپ بايان قىلىنغان. ۋا-

هالەنكى، مەن تەققاسلىغان ئىلهاملاردا خوجا ئايۇپ ئوغلى بولغان نىياز 1831 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، يېتىم قالغان تۇپەيلى، دوستمۇهەممەتخان (هاممىسىنىڭ ئېرى) بىلەن 1836 ـ يىللىرى قۇندۇزدىن خوتەنگە بارغان. 1864 ـ يىللىرى نىياز هېكىمبەگ بولغان. 1877 ـ يىللىرى بەگقۇلى بىلەن قەشقەردىن كەلگەن، بىر مەزگىل قوقەندە بوۋىسى ياقۇپ هېرىقنى باققان. 1830 ـ يىللاردا ئافغان (مازىرى شېرىپ) تەرەپتىن سەيدىن يەنى دوستى قۇل هەزرەت ئوغلى دېگەن نام بىلەن ئائىلىسى بىلەن قەشقەر يېڭىشەهەر ئارالغا ماكانلاشقان. 1958 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، تەخەللۇسى پاششاپ مىرزام بولغان.

يۇقىرىقى شېئىرلارنى مۇقىمى تەخۇللۇسلۇق شېئىرلاردىن ئىسپات قىلىشى مۇمكىن. مەن پەقەت ئېهتىياج تۇپەيلىدىن بىر مىسالنى تەققاسلاپ بېرەي:

چىن مۇلى تەختىنى چىن خاقانى سەن ۋەفا قىل،
گۇلزارى لۇتىف دانىش رەيهانى سەن ۋەفا قىل.
هەر دەردمەندە بىمارى سەندە ۋەفا قىل،
تا مەسنەدى مالامەت سۇلتانى سان ۋە فاقىل،
شەهرى كەرەم مۇناسىپ قۇلدىن دۇئا قىل.

پەقەت مۇشۇ شېئىرى مىسالنى ئېلىپ قارىساق، بۇ شەكىلدىن ئۇنىڭغا نەسهەت چىقىدۇ.

نەسهەت ئاستىدىكى تارىخ نېمە؟

1825 ـ يىللىرى مۇهەممەت جاهانگىر (قەلەندەر) قەشقەردىكى توپىلاڭ باستۇرۇلغاندا، ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغان، ئۆلتۈرۈلمەي جەنۇبىي ئۆلكىدىكى بىر بەگنىڭ قۇللىقىغا بېرىلگەن. قۇللۇق هاياتىدا قوش تىللىق بولۇپ، «كەكمەنى» رىۋايەتلىرىنى قالدۇر-



غان. نەۋرىسى بولغان نىياز يەنى مۇقىمى قوقەندىكى يىللىرىدا ئوغلى مۇهەممەت نىياز 1878 ـ يىللىرى جۇچۇەنگە سۈرگۈن قىلىنغان ئەهۋالنى ئۇقۇپ، بوۋاي (قەۋلە)، بوۋاق (نەۋرە) ئارىسىدىكى تەقدىرەن ئوخشاشلىقنى كۆرگەن. ئوغلى مۇهەممەت (تەجەللى بىلەن قۇرداش) تېۋىپلىكنى ئۆگىنىپ، 1912 ـ يىلىدىن كېيىن قەشقەردە ياشىغان. يۇقىرىقى شېئىرى مىسال مەزمۇندىكى نەسهەتتىن ئىسمى روهىنى مۇقىم ساقلىغان. ئاتا ـ ئوغلىغا چىن خاقانى تەختى هوقۇقىغا ئىتائەتمەن بولغىن، ئۆمرۈڭدە خۇددى بوۋاڭدەك (رەيهان) تەسىرلىك هىد چىقىپ هىدايەت يولىدا دەردمەنلەرگە دەرمان بولۇپ، شەهىد بولساڭ، بۇ ماكاننىڭ ئەڭ قەدىمى سۇلتانى روهى ئۈچۈن ۋاپا بىلەن كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ بولىدۇ، دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 80 ~ 90 ـ يىلدىن كېيىن بىلىنگەن ئەينەن بويىچە نىياز نېمە ئۈچۈن قوقەن يىللىرىدىكى ئىسمىنى مۇهەممەت ئىمىن دېگەن؟ دېمەك، بۇ بالىسى مۇهەممەت روهىنى نىقاب قىلغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. 1930 ـ يىللىرىدىن قەشقەرگە سەيئىدىن (دوست قۇلى ئوغلى) بولۇپ كەلگەن دېسەك هەم بەگ قۇلى، هەم مەختۇم قۇلى، هەم دوستمۇهەممەتخان روهلىرىنى نىقاب قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دوست قۇلى هەزرەت ئوغلى سەيئىدىن نامىدىكى چاغدىكى ئوغلى نەجمىدىن مىرزائى ئەۋلادلىرى بىلەن بۇرۇنقى مۇهەممەت دېگەن ئوغلى ئەۋلادى بىر ـ بىرىدىن بىلىشمىگەن هالدا غايىبانە نەزارهەدداش بولۇپ ياشاپ كەلگەن «هايات كىتابى» هازىرمۇ ۋاراقلانماقتا.

خېرىدارىم قايىللىقى ئۈچۈن «مۇقىمى مۇهەممەت ئىمىن» دېگەن ئەرۋاهنى بەدئىي قاتلام بويىچە تەققاسلىسام، 1880 ~ 1903 ـ يىللىرىدا قوقەندىكى ساهىلزادە مەهەللىسىدىكى بوۋىسى خوجا ياقۇپ هويلىسىنى ساقلاپ ياتقان مۇقىمى تەخەللۇس (نىقاب) تەسەۋۋۇرىنى بوۋايلارنىڭ بوۋـ

سى مۇھەممەت ئىمىن (ئەمىرۇللا قىرقۇتى) بىلەن تارىخىي قاتلام تانا-
سىپ قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. 1860 ـ يىللىرىدىن دوستمۇھەممەتخان
ئۆچتۇرپاندا موللا شاكىر بولغان. تەزكىرە «مەشرەپ» نى يېزىپ، ئوغلى
يۇسۇپنى (مەشرەپ روھى) دېگەن چاغدا ئۆزىنى مۇھەممەت ئىمىن غوجام-
قۇلى خىرقىتى روھى جانلانغان. 1880 ـ يىللاردىن كېيىن «ئىھساق بال-
مىستانى» نامى بىلەن قوقەندىكى بىشكەن قىشلىقىدا تۇرغاندا مىراسخور
بولغان مۇقىمى «خىرقىتى» روھىغا مۇقىم ۋارىس روھىنى ئىپادە
قىلغان. «خىرقە» دېگەن بىر مەنادا چاپان (كىيىم) بولسىمۇ، ئىچكى مەنا-
دا «خىلمەت» يەنى تېۋىنگۈچى ئەرۋاھ بىلەن سىنتېزلىكى دېگەنلىك بولى-
دۇ. (بۇ چىلتەن ھېكمەتلىرىدىكى ئاددىي ساۋات).

مەۋلانە مۇھەممەت يولداش ھەققىدە

تەجەللىنىڭ مۇھەممەت يولداش ناملىق بۇرادىرىگە يېزىلغان مەك-
تۇپتىكى مەزمۇنى يەنى بىر غەزىلىنىڭ ئاخىرقى مەزمۇنى بىلەن
ئوخشاش ئىكەن. مەسىلەن غەزەلدىكى:

گاھى پەرزانىلىك ماڭا ئائىن،
گاھى رەيھانىلىك ماڭا ھەنجار.

دېگەن مىسرادىن كېيىنكى ھەزرىتى مەۋلىۋى مۇھەببىتىدۇر.

مېنى مۇرسەت ئەيلىگەن مەيھۇشيار ئۇل ئەبۇل قەيىز مەۋلىۋى
يولداش.... دېگەن مىسرادىن كېيىنكى مەزمۇنى مەكتۇپ مەزمۇنى قى-
لىنغان ئىكەن.

قۇرئى مۇنداق تارىخىي ھېكايەتنى كۆرسەتتى:

1830 ـ يىللىرىدا دوستمۇھەممەتخان (ۋەلىخان) نىڭ ئانجان
(بەلختە) ئابدۇللاخان دېگەن دوستى بولغان. 1864 ~ 1870 ـ يىللىرىدا
قەشقەردە ئابدۇللا پاسىبان بولغان. شېھىت بولۇپ، جەسىتى توقسۇن



قاراشەھەر تاغ ئارىسىدىكى «يۇلتۇز» ئۆتىكىدە قويۇلۇپ، مەقبەرە ياسى-
تىلغان. ئابدۇللاخان ئوغلى پەيزۇللاخان بىلەن نىياز ئوغلى مۇھەممەت
1870 ـ يىللىرىدا دوست ـ بۇرادەر بولغان. پەيزۇللاخان پۈتۈكچى (خەزى-
نە ھېساباتچىسى)، مۇھەممەت ××× قوشۇنلىرىغا ئىمام خەتىپ بولغان.

1870 ـ يىلىدىن كېيىن مۇھەممەت (غولام) جۇچۇەنگە كەتكەن.
پەيزۇللاخان يىراق قۇمۇشلۇق خانئېرىق يېزىلىرىدا پاناھلانغان. 1887 ـ
يىللىرى ئوغلى مۇھەممەت يولداش تۇغۇلغان (بۇرادىرى روھى). شۇ
يىللىرى ئوپالدا يۇسۇپ گۇمنام ئوغلى خوجا ئابدۇللا تۇغۇلغان (ئابدۇ-
للا پانسات روھى) مۇھەممەت يولداش باشچىلىقىدا بوۋىسىنىڭ روھى
بىلەن بەلختا ئوقۇپ، يېگىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قومۇشئېرىق يېزىسى-
غا قايتىپ كەلگەن.

1920 ~ 1930 ـ يىللىرىدا مۇھەممەت نىياز (داموللام) ئەبۇلپەيزى
ئوغلى مۇھەممەت ئاندىن شەمسىدىن داموللام تەجەللى ئارىسىدىكى بۇ-
رادەرچىلىك بولغان. مەكتۇپ ئاخىرىدىكى:

دامە نەجمۇل ھۇدا ۋە شەمسۇ ئۇللى،
مەنسەرەت زۇلمەتۇن بىزەۋئى نەھار.

دېگەن مىسرانىڭ ئىچكى قەۋىتىدە مۇنداق مەزمۇن مۆكۈنگەن:
خوجا ئابدۇللا 1897 ـ يىللىرى مومىسى بىبى رابىيە، ئۆگەي بوۋىسى
ئەخمەد بىلەن تۈركىيەگە ئېلىپ بارغان. سۇلتان ئابدۇل خەمىس پانا-
ھىغا ئېلىپ، قىزى نەقىمەنى بېرىپ، ئەنۋەر پاشا قىلغان. كېيىن
تەقدىر ئۆزگىرىشلىرى بىلەن 1923 ـ يىلىدىكى ئەنۋەر پاشا نىبادامىدا
«ئۆلۈپ»، 1925 ـ يىلى قازاندىن مۇساجارۇللايۇپ قەشقەرگە كېلىپ،
قاغىلىقتا «شەمسىدىن» بولغان چاغدىكى نەجمە ئەنۋەر (مودا توغرا
يول) شەمسۇل بولغان. سىرنى يەتكۈزگىلى مۇھەممەت يولداش بولغان.
بۇنداق مەلۇمات تەجەللى ئۈچۈن قاراڭغۇدىكى يورۇقلۇق (ناھار) بولغان.

بىز بۇنى شەمسىدىن داموللىغا يېزىلغان مەكتۇپتىكى:

ئەشەمسەل فەزلى ئىننى قەبلە ئامىن،
رەئەيتۇكە فىل مەنامى فەئەسفى ۋەدرى.
(ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قۇياشى، مەن بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى
سېنى چۈشۈمدە كۆرگەن ئىدىم)
فەئىننەكە رافىئى شەئىنەن ۋەقەدرەن،
بىتەر جىمەتىن توھەررىروھا ۋەزىكرى.
(مەن سېنىڭ جەمەتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئالىي دەرىجىگە كۆتۈرىدىغانلىقىڭنى ۋە قەدرىڭگە ئىگە قىلىدىغانلىقىڭنى پەھىم قىلغان ئىدىم)

دېگەن مەزمۇنلارنى كۆرىمىز.

ساھىب (ساھىل) سالاھىدىن ھەققىدە

90 ـ يىللىرىدا «بىلىنگەن ئەينەن» ئۇچۇن قۇرئى (سېلىشتۇرما تەتقىقات) بىلىملىرىدە «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى تونۇشتۇرما مەلۇماتلار ئىلھامىدىن تۆۋەندىكى خاتىرىنى قالدۇرغان ئىدىم.

مۇھەممەت سىدىق (زەلىلى) بىلەن مۇھەممەت ئىبزىز (يەھياخان خوجا) قېرىنداش بولۇپ، مۇھەممەت ئىبزىز 1700 ـ يىلى تۇغۇلغاندا، قۇندۇزدىكى مۇھەممەت يۇسۇپ (ھىدايى مەشرەپ) چۈشىدە كۆرۈپ نەزەر قىلغان. ئەھۋال چۈش تەبىرى بىلەن ئوخشاش چىققاندىن كېيىن مۇھەممەت يۇسۇپ «مەشرەپ» تەخەللۇسىنى «يوقىتىپ» ئورنىغا ھۇۋەيدا (يەنى ھۇمايۇن) تەخەللۇسىنى قوللانغان. 1728 ـ يىلى مۇھەممەت ئىبزىز بىر ئوغۇللۇق بولغان. 1730 ـ يىلى خوجەندە مۇھەممەت سىدىق (دانىيال زەلىلى) بىر ئوغۇللۇق بولغان. شۇنىڭ بىلەن خوجا ياقۇپ بىلەن خوجا سادىق (مۇھەممەت سادىق قەشقىرى) قۇرداش قېرىنداش بولغان.

مۇھەممەت سادىق بۇخارادا ئوقۇپ قەشقەرگە ياندىغان يىللار (



1760 ـ يىللىرى) دا قەشقەردىكى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئوغلى سىراجىدىننى ئوشتا قالدۇرۇپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ماكانلاشقان.

گەپنى قىسقارتساق، خوجا ياقۇپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى بىلەن مۇھەممەت سادىق ئوغلى سىراجىدىن ئاتۇش ۋە ئوشنىڭ ئارىسىدا رىشتە باغلىغان قېرىنداش بولغان.

تەجەللىنىڭ ئانىسى گۈلسۈم، 9 تەرەپ بوۋىسى مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى، سىراجىدىن ئوغلى ساھىپ سالاھىدىن قېرىنداشلىقى تۈپەيلىدىن، ساھىپ سالاھىدىن تەجەللى ئۈچۈن تاغا بوۋا تەرىقىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، شېئىرىدا چوڭقۇر ئىززەت ئىكرام ئىپادىلەنگەن.

«مۇبارەك» [4] ۋە «كۆڭلۈم» دېگەن غەزەلدىكى قاتلامدىن ئىلھام

تەققاسىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى بۇ ئىككى غەزەل قاراتمىسى (مەكتۇپ خاراكتېرى) ھەققىدە قاراتما ئېنىق يېزىلمىغاندىن كېيىن، زورۇقۇپ ئىزدەپ نېمە قىلارمەن، تەجەللى قەلبىدىكى ھېسسىيات بولسا كېرەك دەپ ئانچە دىققەت قىلمىغان ئىدىم. ئەسەرنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم، هاردۇق ئالاي دەپ ياتقان ۋاقتىمدا، نېمىدۇر بىر نەرسە كەم قالغاندەك، ئىككى غەزەلنى يەنە ئاختۇر دېگەندەك قىلدى.

«مۇبارەك» دېگەن ماۋزۇلۇق غەزەلدىكى:

تېغى ھىلالە ئوخشار، ئى دىل ساڭا مۇبارەك،
ئېيدى شاھادىتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.

دېگەن مىسرادىكى «ئى شاھادەت» دېگەن ئۇقۇمدىن، قۇربان ھېيت ۋاقتىدىكى قۇربانلىق مەسىلىسى دەرھال بوۋام قۇربان بىلەن تەجەللى ئارىسىدىكى قېرىنداشلىققا تاقالغان قاتلامنى ئېچىپ بەردى.

«مۇبارەك» مەزمۇنىدىكى باھانى ئاشىق مەسىلىلىرى ۋە بوۋاي ھاياتىدىكى قالغان خاتىرە قوشۇلۇپ كەتتى. ئانا تەرەپ مومايدىن بىلىشىمچە، دادامنىڭ دادىسى قۇربان ــ قونا ھاجىم دەپ ئاتىلىپ، يەنى ھەجگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، تەقۋالىقنى تاشلاپ، قىمارۋاز مىجەز بولۇپ، گۈلخاندىن ـ گۈلخانغا يۈرۈيدىغان بولۇپ كەتكەن ئىكەن، بوۋاي بىلەن موماي 1836 ـ يىللىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

«مۇبارەك» مەزمۇنىغا قارىسام، تەجەللى قۇردىشى ۋە قېرىنىدىشى بولغان قۇربان بوۋاي بىلەن مۇڭداشقاندەك تۇيۇلدى.

بول رەڭگى بىرلا چىقساڭ ئالەمگە ئوت ياقارسەن،
ئى شوخ سەرۋ قامەت گۈلگۈن قابا مۇبارەك.

بىلىشىمچە، بوۋاي قۇربان 1853 ـ يىللىرى سەمەرقەندتە تۇغۇلۇپ، پازىلباي زاھىد نامىدىكى مۇھەممەت يۇنۇس (رەسۇل) پاناھىدا ئەسەر كۆچۈرۈپ ساۋات چىقارغان. كېيىن خوتەندە، كۇچادا بولۇپ قايتىپ كېلىپ، ئابدۇكېرىم زىيائى قىزى زورىخان بىلەن توي قىلىپ، تەتۈر قازما دېگەن يېزىدا ياشىغان، تەجەللى بىلەن مەكتۇپ يېزىشىدىغان مۇناسىۋەتنى ساقلىغان.

بۇ غەزەلدە 14 بېيىت بولۇپ، «ئىككى يەتتە» نىڭ يىراق تاناسىپلىق تەرتىپىدە تۈزۈلگەن.

«كۆڭلۈم» دېگەن غەزەلدىكى ئىلھاممۇ تاسادىپىي كەلدى ۋە بۇلاقتەك چەمبەرلىرى پەيدا بولدى.

بۇ غەزەل ئون بىر بەت بولۇپ پۈتۈلگەن.
كۆڭلۈم ئىتەر ئۇل ھەلقەئى كىشۆەنى تەسەۋۋۇر،
دىۋانە جۇنۇن دەشتىدە بەيتۇل ھەزەر ئىستەر،
بۇ تەلۋە كۆڭۈل تەۋبە بىلە باغلاسا پەيمان،
كۆرگەچ سېنى پەيمانە ئى پەيمان شەكەن ئىستەر،



كۆڭلۈم يەنە مەستانە ئوقۇر سۇرەئى يۈسۈپ،
يەنى سېنى ئى ساقى گۈل پەرى رەيھان ئىستەر.

قاتارلىق مىسرالارنى تەققاسلىسام، 1897 ـ يىلىدىن كېيىن، يۈسۈپ گۈمنام 1896 ـ يىلىغىچە ئوپالدا 1897 ـ يىلىدىن كېيىن قەشقەر «بۇلاق بېشى» دا ياشىغان بولۇپ، تەجەللى ئۇچۇن ئاتا دېمەت غەمخۇر ئىدى. چۈنكى يۈسۈپ گۈمنام قابىل مۇھەممەت فۇرقەتنىڭ ئاتىسى بولغاچ، تەنھا ھاياتىدا بالا غەمگۈزارى ئىزدىگەندەك ھېسسىياتقا كەلگەندە، گۈمنام يادىغا كەلگەن.

مەھۋ ئۆلدى مىيانىڭدە خىيالىم بۇ سەبەبتىن،
دىققەت قىلىبان قىل كەبى نازۇك سۇخەن ئىستەر،
سورىدىڭكى نە ئىستەر سەرى كۆيىندە تەجەللى،
مىننەت كۆزىغا ئى گۈلى رەئىنا تىكەن ئىستەر.

(خىيالىم شۇنچە مەيتۇن بولدىكى قىلدەك رىشتە ئارقىلىق نازۇك باغلىنىشنى ئىزدەيمەن. نېمە ئۇچۇن؟ سەئىد ‹پەيغەمبەرلىك روھى› نىسبەتلىرىدە، مىننەت قىلىدىغان خاتالىق بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ھەزەر ئەيلەيمەن.)

تەجەللىنىڭ باشقىلار يازغاندەك، نوقۇل مەكتۇپ قىلماسلىقى، مۇناسىپ قاتلاملىرىنى بايان قىلماسلىقى شۇ زامانىدىكى ئېھتىيات تۇپەيلىدىن بولغان.

## 4. باب
## تەجەللى ھېكمەتلىرىدىكى يۈكسەكلىك ھەققىدە

مەن بۇ جەھەتتە ئابدۇقادىر داموللا تۈزگەن «مىفتاھول ئەدەپ» (ئەدەپ ھۆلىنى مۇستەھكەملىگۈچى) دېگەن ئەسەرگە ئارىيە ئېلىنغان

تەجەللى شېئىرلىرىدىكى مائان ھەققىدە بايان قىلىمەن.

مەن گەرچە ئەرەب تىلىنى تولۇق بىلمىسەممۇ تەجەللى يازغان ئەرەبچە تەسەۋۋۇر بىلەن ئابدۇقادىر داموللام تەرجىمە قىلىپ يازغان نۇسخا ئارىسىدا خېلى پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

تەجەللى قاغىلىق، گۇما ئارىسىدىكى تاغلىق يېزىدا يەنى تەجەللى تەسەۋۋۇرى ئۇچۇن ئاجايىپ تەبىئەت بەھرى بولغان ماكاندا مىڭ يىللار بىلەن مۇڭداش بولغان تەسەۋۋۇر ئىسلامىدىن، ھەتتا ئاساسىي بولغان خىرىستىيان (ئېيسا) مۇسا (يەھۇدى دىنلىرى) قاتلاملىرىدىن ھالقىپ قەدىمكى دادانىيان (ئوغۇز دەۋرى )، ساسانىيان (سۇلايمان دەۋرى)، كاشانىيان گەردون ماھايان دەۋرى، ئاندىن سامانىيان، ئاندىن قادىرى سەلجۇق فارابىيان[5] دەۋرى، ناۋائىيان دەۋرى قاتارلىق زامان ماكانلارنى تاسقاپ، زىلمانىسىدىكى چوڭقۇر سىرلارنى دەڭسەپ ئۇلۇغ بىر يۈكسەكلىكنى ئىپادە قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ غەلىيانلىق ۋە ئەھلى سۈننەت ئارىسىدىكى پىتنىلەر تۇپەيلىدىن تەسەۋۋۇرى خىرەلەشكەن بولغاچ تەجەللى ئىزھارلىماقچى بولغان قاتلامنى ئانچە ئېچىپ بېرەلمىگەن.

تۆۋەندە بىرنەچچە مىسالنى بايان قىلىمەن.

غىنەل قەلبى ئىندەل ئارىفىنە ھۇۋەل غىنا،
ۋازالىكە كەنزۇن قەۋنەھۇ ئەلفۇرابىي.

(ھەقىقەتنى تونىغانلار نەزىرىدە قەلب بايلىقى ھەقىقىي بايلىقتۇر. سەممىيەت ئەنە شۇ دىلنىڭ بايلىقى ئۈستىدە مىڭلارچە تاغ بېسىپ تۇرغان چوڭ بىر كاندۇر.)

ھەقىقەت ـ بايلىق، ئۇنى بىلمەك ئۇچۇن بولغان ھەر نەپەس ـــ ئىنتىلىشنىڭ ئۆزىلا بايلىق. سەممىيەت ئاشۇ بايلىق جايلاشقان كانلارنى بېسىپ تۇرغان كانلاردۇر.

تۆتىنچى بابتىكى شېئىرلار تەجەللىنىڭ ئۇلۇغ يەنى تىئولوگىيە-



لىك (ئىلاھىيەت)، شۇنداقلا فىزىيولوگىيەلىك (نىرۋانىيەت) بويىچە يۈكسەك قاراشلىرىدۇر. مەسىلەن:

فەئىنلەناله بەيتەن مىن ئەلائىن،
ۋەبەيتەن مىن ھۇدەن مۇستە شىرىفەينى.
مۇرەففى ئىس سەمائى بارىز ئىنىرزىن،
مۇھابىتۇھا فۇۋەيقەل پەرقى دەينى.

(بىز پەھىم قىلىپ بىلىپ يەتكەن، ھەممىدىن يۈكسەك ۋە بىزنى جەلپ قىلغان توغرا يولدا تەنھا يۇرگۇچى شەرەپكە ئىگە قىلغان ئىككى نۇقتا بار. بۇ ئىككى نۇقتا ئالەمنىڭ بارلىق زىل ئىزلىرىنى مۇھەببىتىمىزگە جەملىگەن ۋە بىزنى ئۇلۇغ ئىككى يۇلتۇزنىڭ بىرىكمىسىنى قىلغاندۇر.)

بۇ مىسرالارنى مۇنەججىملىك (ئاسترونومىيە) نەزىرىدىن قارىغاندا، لاھۇم ۋە ماھۇم دېگەن ئىككى ئۇقۇم ئالەم توغرىسىدىكى چېكىگە يەتكەن ئىككى ئۇقۇمدۇر. بارلىق چۈشەنچە نەزەرىيەلەر ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. يەنە بىر قاتلامدىن قارىساق، ھاياتلىق يۇلتۇزى بولغان يەر شارىمۇ خۇددى ئاق چەمبەر (قۇياش)، قاپ چەمبەر (قۇبات) ئارىسىدىكى بىر چېكىت كەبى بولۇپ، ھاياتلىقمۇ ئاشۇ ئىككى ئەھدەھەز ۋە ئەھدەمەن[6] تەسىرىدىن ئىبارەت.

(ئىزاھى چۈشەنچە: ھازىر بەزى ئاسترونوملار دەۋاتقان ئاتالمىش «قاراڭغۇ ئۆڭكۈر» تەسەۋۋۇرى ئەسلىدە قۇبات دېگەن (مۇز) يۇلتۇز توغرىسىدىكى خاتا تەسەۋۋۇردۇر.)

دېمەك، ئىككى نۇقتا دېگەن ئۆي كۆز يۇمۇلغان ھامان كىرىدىغان قۇبات بەھرىدۇر، كۆزى ئېچىلغان ھامان ئېرىيدىغان قۇياش بەھرىدۇر.

ئەلەيىن بۇزدون مەجىدىن ھاشىمىن،
ۋە ئىززىن غالىبەيىن فاھىرەيىن.

(بىزدە ھاشىم ئەۋلادىنى ئىززەتكە باشلايدىغان ۋە غالىب قىلغۇچى

باشلىنىش بولغان.)

مەزكۇر مىسرانى تەققاسلىساق، دېمەكچى ھاشىم ئەۋلادى ئىككى مەزھەبكە ئايرىلىپ، كىرىزىسكە دۇچ كەلگەن تەقدىرنى ھەل قىلغۇچى يەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ھەققىدىكى مەنبەۋى ھېكمەت بار.

يەنى ئەبرۇ دېگەن ئۇقۇم تومۇز ــ سوغۇق ئارىسىدىكى سالقىن شامال دېگەنلىك بولۇپ، قەدىمكى سۇمىر (ئالتاي تىلىدىن) تارىخي جەھەتتە مىلادىيە 1060 ــ يىللىرى قادىرخانىيە سالجۇق سۇلتانلىقى ھىندىستان، ئەرەبىستان، كاۋكازغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەندە، دىنلاردىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلغۇچى روھ «لائىلاھە ئىللەللا ئىبراھىم خەللۇللاھ» دېگەن خەت پۈتۈلگەن دىنار تارقاتقان ئىدى.

خەلايا سەففىن ھۇمرەن ۋە بەيزەن،
كەئەلا ھىزۇ بەيرەج ۋەل لەجەينى.
كەئەننىنە خازو ھۇننە ئەرسىز قەززەينى،
ۋەغەززە شىشەھىم مەندوغول قۇتەينى.

(بىز ئىنسانىيەت كەلگۈسىنىڭ يايلاقلاردەك چىرايلىق بولمىقى ئۈچۈن چىمەنلىكلەرنى چەيلەپ سېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگەن ئىنساپلىق ئاق تۆگە بوتىلاقلىرىدەك سەلتەنەت زامان ماكانلىرىنى بەدەل قىلغان. بىز ۋاز كەچكەن بەدەللەر يىپەك يوللىرىدەك ئاسماندىكى ئاق بۇلۇت كەبى ساقلانماقتا.)

قەد ئەر سەخىنا ئەلا قۇلىل مەئالى،
مىنەل بۇشىرى ۋە نوزرى راى تەينى.

(بىز ئىنسان ئەقلى يېتىدىغان ئالىي نۇقتىلاردىكى باغلىنىشلاردىن ئۈچۈر بەرگەن ھالدا نامۇ ئەھۋالىمىزنىڭ ئەبەدى ئۆچمەس لەۋھە قەلەملىرىنى ئىختىرا قىلغان بولۇپ، ھېچبىر جانلىقنى نارازى قىلماي رازىمەنلىك بىلەن قايىل قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن.)



دېمەكچى، گەردون (ئونلۇق) ۋە ياكى مۇئەييەن قاراشلىرى بىلەن تەبىئەت تەڭرىنىڭ ئەل زىللى سىرلىرىنى بىلىپ بولغان.

سەلىنا ئەن جىنادىن سافىناتىن،
ۋەھەددىل مەشرەپ فەيتى ۋەرۇ دەينى.

(بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ مەشرەپ بىلەن رۇداكى (ئەڭ مەشھۇر شاھىر) روھى تاللانغان خۇددى ئۈچ پۈتى بىلەن تۇرۇپ، بىر پۈتى بىلەن ئىلگىرىلەشكە تەمشەلگەن ئارغىماقلارغا ئوخشايمىز.

تەجەللى مىسراسىدا
چۈمىھرۇمەن مەلىكۇ شەرق ھېكمەتەن ئىمرۇز،
كەشفىدە ئەزدەمى ئىشراپ تىغ بۇرھانىرا.

(مەن مېھرىبانلىقىم بىلەن شەرق مەملىكەتلىرىگە ھۆكۈم سۈرگۈچى بولغان بۈگۈنكى سىرنى تەستىقلىغۇچى ھۆججەت، نەپەسلىرىمدىن تىغدەك كەسكى چىقماقتا دېگەن بۇ گەپ قۇرۇق ھاياجانمۇ ياكى مەلۇم ئاساسى بار گەپمۇ؟)

ئەگەر بىز 1920 ــ يىللاردىن كېيىنكى يەنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى فۇرقەت ۋە شەمسىدىن (جارۇللايوف) قاتارلىق سىرلار بىلەن باغلاپ قارىساق، نەزەرىيە جەھەتتىكى سوتسىيالىزم (تەڭدىل) يولىنىڭ ئەسلىي گەردون (ئونلۇق تەڭرى ئىرادەت) بىلەن باغلىق بولۇپلا قالماي تارىخى سۈۋىلىزاتسىيە (مېھىرداش مېلودىيە) نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلساق ئاساسى بار گەپلىكىنى ھېس قىلىمىز.

## 5. باب
## ئىبرەت ۋە رىغبەت

80 ~ 90 ــ يىلدىن بۇرۇنقى تەجەللىگە باھا بەرمەك ئۈچۈن كۆڭـ

لۇمگە گۇمان چۈشكەن تۆۋەنكى ئىككى مىسالنى ئالدىم.

«ۋەماكەنە كۇسسرون لىل ـ لەئىمى بىزا ئىبى،
كەما لەيسە قۇللۇن لىل ـ كەرىمى بىئايىمى.
ۋە خەيرۇل ـ ۋەرىيە مەن كانە يەنفە ئۇلىل ۋەرىيە،
بىكەفەل ـ ئەزا ئەنهۇمۇ خەككىل مىۋا ھېبى»

(كەمبەغەللىك بىلىملىك كىشىگە ئەيىب ئەمەس. شۇنداقلا باياشاتلىق بىلىمسىز كىشىگە رەخمى كەرىم ئەمەس.
ياخشىلىق ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولغان تۆپەيلى بىلىملىكلەر مىسكىنلەر ھالىدىن خەۋەردار بولماقنى خۇشاللىق بىلىدۇ)

ھەۋەس ھا مۇيەسسەر بەزەر مىيشەۋەد،
پەرىۋەش مۇسەخخەر بەزەر مىيشەۋەد.
سۇرەييا مۇسەخخەر بەزەر مىيشەۋەد،
ھەمە كارى چۇن زەر، بەزەر مىيشەۋەد.

(ھەممە ھەۋەسلەرگە پۇل لازىم. پۇل بىلەن پەرىشتىلەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. سۇرەييا يۇلتۇزىنىمۇ ئىگىلىگىلى بولىدۇ، جاھان ئىشىمۇ، دۇنيا لازىم بولىدىغىنىمۇ يەنە شۇ دۇنيا، دېيىلگەن.)

مەن مەزكۇر ئىككى خىل مىسالنى ئالدىمغا قويۇپ بىردەم ئولتۇرۇپ كاللامغا قاچىلاپ، ئارقىدىكى ئۆستەڭ ئېتىز ـ قىرلىرىدا يالاڭ ئاياغ، يالاڭ باش مەشرەپسىمان يۈرۈپ تەجەللى روھىنى يېنىمغا چاقىرىپ دىيالوگ قىلدىم.

— ئى دانىشمەن بوۋاي، سەن ئۇ جايدا «بىلىم بايلىقتۇر» دەيسەن، بۇ جايدا ھەممە ئىشنىڭ تۈگۈنى پۇل دەپ نەپسانىيەت خەشەكلىرىگە ئىلھام بەرمەكچى بولدۇڭمۇ؟ بۇ قانداق مەسىلە؟

— ئى ئىزىلگۈچى چوڭقۇر زەن سال، سەن تەرجىمىدىكى كەمچىلىك بىلەن مېنى ئەيىبلىمە، ئەسلىدىكى مەن بازار بىلەن ھەممە ھەـ



ۋەسلەر ھەلدۇر بازار بىلەن پەرۋىش بولماق ھەلدۇر. بازار بىلەن سۇرەييا بولماق ھەم ھەلدۇر. بازار ھەل قىلماق بولغان زەر ھەممە ئىشلىرىنىڭ سەۋەبىدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمدى، سەن تۆۋەندىكى ھەرپلەرگە دىققەت قىلغىن، زەر ـ زەن يەنى پۇل بىلەن قول، زەر ـ دەرەم، زەر ـ رەقەم يەنى بەدەندىكى غەزەن زەرەتلەرگە چېچىلىدۇ، مىقدارى رەقەمدۇر. رەقەملەرنىڭ ماددىي شەكلى دەرەمدۇر.

دۇنيا تۇتقىلى بولمايدىغان زەرەتلەرنى رەقەملەپ دەرەملىگەن.

شۇڭا زەرنىڭ يىلتىزى زەن، يەنى پۇلنىڭ يىلتىزى قولدۇر.

يەنى زەرەتلەرنى ھېسابلىغۇچى رەقەم بولغان زەن بىلەن قول دەل ئۆزىدۇر. شۇڭا ھەقىقەتنى بىلمەكنىڭ ئۆزىلا بەرىكەت ۋە غەنىيمەت.

— ئۇنداق بولسا، ئادەتتە بىلىملىك خار، بىلىمسىز باي بولىدىغان ھادىسىلەر مەۋجۇت.

— بۇنداق ھادىسىلەرنى ھوقۇق (مونوپولىيە) ئىمتىيازى ھاسىل ھادىسىلەردۇر. گەرچە ھوقۇق ۋە مونوپولىيە قاتارلىق ئىمتىيازلارمۇ گەرچە بىلىم دېيىلسىمۇ ئەسلىدە بىلىمنىڭ ئۆزىدە مېھىر ۋە مىكرى يەنى ـ سىۋىلىزاتسىئون، ئېكسپاتسىيون دېگەن خاراكتېر بولغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم مۇددەتكە ۋە قىسمەنلىكتە مىكرى (ئېكسپاتسىيون) بىلىم بىلەن ھاسىل ھوقۇق ۋە مونوپولىيە ۋە شۇ تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغان بايلىق ۋە ئىمتىياز كىرىزىسىگە قالايمىقانچىلىققا دۇچ كېلىپ يوقىلىدۇ.

ھەقىقەتنى بىلمەكنىڭ ئۆزىنىلا بەرىكەت ۋە غەنىيمەت دېگەنلىك مېھىر (سىۋىلىزاتسىيون) بىلىمدۇر، ئىقتىداردۇر. ئىقتىدار دېگەن جاندۇر.

مەن ئىختىيارسىز ھالدا ماركسنىڭ «كوممۇنىزم پىرىنسىپلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى يەكۈنى چۈشەنچە — سوتسىيالىزمدا ئىختىراغا يارـ

شا ئىستېمال، ئىقتىدارغا يارىشا ئىمتىياز بولىدۇ. كوممۇنىزمدا ئېھتىياجغا يارىشا ئىستېمال، ئىقتىدارغا يارىشا ئىقتىرا بولىدۇ. دېگەن ھۆكۈم بىلەن زەن ـ زەر، دەرەم ـ رەقەم، غەم ـ دەم ئۇقۇملىرىنى سېلىشتۇردۇم.

ئىلھام ھاياتلىقتىكى ئەڭ بىۋاستە دەقىقى پاكىت نەپەس (دەم) كە تاقالدى.

ئۆپكە سىغىمىغا (ئېھتىياجىغا) يارىشا نەپەس (دەم) شۈمۈرۈش، ئۆپكىگە تولغان ئىقتىدار (ئىستېمال) غا يارىشا نەپەس (دەم) چىقىرىش دەقىقى ھەقىقەت بولىدىكەن، يەنى مۇشۇنداق دەقىقلەپ رەقەملەپ تۇرغان زەن ـ زەر (دەرەمدىن) قىممەتلىك ئىكەن. مۇشۇ ھەقىقەتنى بىلگەن ئەقىل كوممۇنىزملىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، تەجەللىنىڭ ئەرۋاھىغا: «ئى بوۋاي، سېنىڭ ئىككى يۇلتۇزۇڭ ھەقىقەتەن مۇتلەق نون (نۇقتا) ئىكەن، دېدىم.

ــ ئالدىراپ كەتمە، دېدى ئەرۋاھ مېنى خۇددى قويۇپ كېتىشكە تۇرغان بەدىنىمنى يەنە ئېرىق قىرىدا زوڭزىيىپ سۇغا قاراپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلاپ: ــ سەن دەقىقى ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن دەقىقى يەنى سېكۇنت، مىنۇت، سائەت ۋە سوتكىلاردىكى مۇتلەق (ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەس) تەرتىپ بويىچە بولغان مەنتىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. بىرىنچى، ئىككىنچى رەقەم ئارىسىدا كېچە كەينىدىن كېلىدىغان كۈندۈز ئارىسىدا، يەنە زاماننىڭ تەرتىپىدە زىتلىق بولمىغاندەك مەنتىقى قاتلىمى چەمبەر قەۋەتلىرىدەك پەرقلىق ئۇقۇملار ئارىسىدا، مەسىلەن: فېئودال (بەندىل) بىلەن لۇبىبۇرال (ئەركىن) ئارىسىدا، لۇبىبۇرال (ئەركىن) بىلەن سوتسىيال (تەڭدىل) ئارىسىدا ئومۇمىي مۇلۇكچى (بۇرژۇئاز) بىلەن مۇلۇكسىز (پىرولېتار) ئارىسىدا زىتلىق بولمايدۇ.

مەن دەرھال ھەيرانلىق بىلەن:



ــ بۇ قانداق گەپ؟ بىر ـ بىرىگە زىت، قارىمۇقارشى دېيىلگەن بۇ ئۇقۇملار بويىچە زامان جېدەل قىلىپ كەلمەكتە... ــ دېدىم.

ــ ھەي ئالدىراڭغۇلۇقتىن كۆزى خىرەلەشكەن چال، زەن سال، مەن ئۇقۇم تەبىرى چەمبەرلىرى دېگەن گەپنى بىكار دېمىدىم. ھەربىر چەمبىرى چىكىت نەپەسلەر دەقىقەتلىرىدە خۇددى سېكۇنت، مىنۇت رەقەملىرىدەك بولۇپ سائەت مىلى چىكىلداپ ئۆتكەن زامان ـ ماكان مەزمۇنىغا دىققەت قىل، ــ دېدى ئەرۋاھ.

مەن پۇتۇم تېلىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر كېرىلىپ يەنە ئورنۇمغا ئولتۇرغاندەك بولدۇم.

ئەرۋاھ گېپىنى داۋام قىلىپ:

ــ ھەققانىيەت بىلەن نەپسانىيەت، ئادالەت بىلەن جاھالەت ئارىسىدىمۇ زىتلىق بولمايدۇ. دىققەت قىل. بىر كېپىنەك جەسىدىنى تالىشىپ تارتقۇچلاۋاتقان ئىككى بۆرىنىڭ قايسىسى ئادالەت، قايسىسى جاھالەت بولىدۇ؟ ھەر ئىككىسى جاھالەت بولىدۇ. تالاشماي ئۆز ئالدىغا ئولجا تېپىپ ياراشقان ئىناقلىق ـ ئادالەت بولىدۇ.

سەن بۇ مىسالنى دۇنيانىڭ ئۇلۇغ ماكرولۇق ھادىسىلىرىغا تەدبىق قىلساق بولىدۇ.

ــ ساڭا مۇبارەك بولسۇن، سەن يېڭى ئىرا تەلىماتىدا تەبىئەت تەڭرى سۇپەتنى زامان ماكاننىڭ مۇتلەق تەڭلىمە رەمزىدە بايان قىلدىڭ. قارا، بىر نەپەستە سەن كوممۇنىزم پىرىنسىپى دېگەن يۇقىرىقى ھۆكۈمنى نەپەسكە تەدبىق قىلغان دەقىقەتنىڭ ئۆزىدە سەن ماركس بولىسەن ياكى تاگور بولىسەن، ياكى مەن بولىسەن. مانا بۇلارنى غەۋسىل ئەزەم ھېكمىتى دەيمىز. چۈنكى بىر نەپەس غەۋەس ئىچىدىكى ئۇقۇم ۋە مەنتىق (ھالەت) خىلداش بولىدىكەن. بۇلاردىن يەنى زامان ماكاندىن ھالقىغان زەرەتداشلىق بولىدۇ، دېگەن گەپ. سەن مۇشۇنداق چۈ-

شـەنچـە بـىلـەن ئـاندىن ئـالـەمدىكى ئـەڭ يـىراق ئـىككـى يـۇلتۇزدىنمۇ چەكسىز بولغان ئىككى نۇقتىدىن يارالغان ئىككى ئۇ بىزنىڭ دېگەن ماكانىنى چۈشەنگەن بولىسەن، دېدى.

ئومۇمەن تەجەللىنىڭ تۇرمۇش ۋە خۇدھۇش بويىچە قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەش مۇمكىن.

گەردون (ئون قەۋەت ھوقۇقى) ھادىسلەر تەبىئەت تەڭرى ئىرادەتلەـ ىرىدۇر. بۇ جەھەت «تەڭرى ئىرادىسى بولمىسا قىل تەۋرىمەس» دېيىش مۇمكىن.

گەردون (ئون قەۋەت) نىڭ ئىننى (ئىنسانىيەت) ۋە ئىقلىم (ئىتتىـ پاقداش لاگىرلار)، ئەللى ئىككى (دۆلەت) دېگەن ئۈچ قاتلىمى يەر شارىدىـ ىكى ھاياتلىقنىڭ ماكرولۇق ھادىسلىرى بولۇپ، ھازىرقى زاماندا ئىننى كاتېگورىيە TMB (بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى)، BOT تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر كېڭىشى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر مەركىزى يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيەلىك زۆرۈرەتلىرى تۈپەيلى ئىنسانىيەتنىڭ غېممىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ قەۋەت نەقلىدىـ ىكى ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت، مەھەللە، ئائىلە دېگەن نۇرغۇن ئوتتۇرا ـ ئۇششاق چەمبەر چېكىتلەرگە ئوخشاش ئىنسان قاتلىملىرى ھەرقايسىسى ئۆز مەنپەئىتىنى ھەممىدىن يۇقىرى دېگەن غەپلەت بىلەن ئانارخىيە (بەڭباش) مۇناسىۋەت قاتلاملىرى بولماقتا ۋە تەبىئەت ۋە جەمـ ئىيەت بۇزۇلۇشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

تەجەللى زامانىسىدا ھېكمەت ۋە تېبابەت ئىلمىدە يېتىلگەن دانىشـ مەن بولغاچ تۇرمۇش ۋە خۇدھوش ھەققىدە ھېكمەتلىك بايانلارنى قالـ دۇرغان. بۇلار ھازىرمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلقنىڭ توقسان پىرسەنتى دېگۈدەك نادان بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنى ئىشق (خۇدھوش) ئىلمى بويىچە خالىس (ھەقسىز، يەنى مەجبۇ-



رىي مەھرىپەت تەرىقىسىدە) تەربىيەلەشكە، ئالىملارنىڭ ـ پازىللارنىڭ ھىممەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى تەكىتلىگەن، مەسىلەن:

ئىشۋە گەر قىلسا قاشىن ئول دىلدار،
ساف سەھبا ۋو يەنە تىشلارىدو.
بەھرى رائىق بىلە دوررى مۇختار،
ئۆزلۈك غەللۇ غەشتىن قۇتۇلۇپ.
زوبدە بىرلە خۇلاسە بول يەكبار،
ئوقۇسۇن خەلق ئىشىق كەششافىن.
بۇ سۆزۈمدۇر مەدارىس ئەھلىغە جار،
ئەي تەجەللى، سەن ئۇرما تەئەنە ماڭا.
كىم بولۇپمەن سەلاھى ئەھلىدە خار،
كىم خەرابىلىق ئەھلىدە قەدرىم بار.

دېگەن مىسرالارنى تەققاسلىساق:

1) ئىشۋە (ئەركەكلەر) قوشۇمىسىنى دىلدارى (تەڭلىمە نېگىزى) قىلسا ۋە يەنە بۇنداق ساپ ساقلىقنى پەرۋىش قىلغۇچى دىلداز (نېگىز) نى تىشۋە (مەدەكلەر) ھەم مېھزان قىلسا، ھەربىرى قەلبى رازىمەنلىكنى خاسلىق جەۋھىرى قىلسا، ئۆزۈمچىلىك خەس ـ خەشەك كىرلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقەتلىرىدىكى ئاخىرقى يەكۈن.

2) خەلق ئىشق (مۇھەببەت) ئىلمىدىكى مۇشۇنداق ئىجادىي ئىلمىـ لەر بىلەن قۇراللانسا، مەكتەپ ـ مەدرىسەلەردە تەرغىب قىلىپ تۇرسا دەيمەن.

3) گەرچە مەن سەلاھى (گۇناھى كەبىر بىلەن مۇرەسسە قىلغۇچى) لار ئارىسىدا چەكلىنىپ قالساممۇ ھەقىقەتنى بىلگۈچى ھەلالى ئەھلىدە قەدىر ـ قىممەتلىك ھېسابلىنىمەن.

دېمەك، تەجەللى خەلقنى تەربىيەلەشتە ئىنسان ئەڭ مۇقەددەس جاـ

نىجان دەپ بىلىدىغان جىنسىيەتنى بىلدۈرۈشتىن باشلاش لازىم، دېگەن. بۇ مەسىلىنى هازىرقى فىزىيولوگىيە، ئىدېئوگىيەدىن تارتىپ تېئولوگىيە، ئېكولوگىيەگە قەدەر مىكرو ـ ماكرو مەنتىق بىلەن جارى قىلساق، ئىشۋە (ئەركەك جىنس) بىلەن تىشىۋە (مەدەك جىنس) مەنپىي ـ مۇسپىي، بىيوئېلېكترون ھەر ئىككى جىنسنىڭ زەرەتلىنىشى بىلەن جەمئىي يوغان مەنپىي بىلەن يوغان مۇسپىي گۇرۇھلىقى ماتېماتىك ئىنتېگرال قانۇنلىرىغا ئوخشىشىدۇ.

نادان ئىنسان گەرچە دۇنيا بىلەن كارى بولمىسىمۇ، ئەمما جان دېگەن بۇنياۋى جانكان ئۈچۈن بەكمۇ غەم يەيدىغان هايۋاندۇر. ئەنە شۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىپ، نادان ئەڭ كۆيۈنگۈچى بولغان جان (بۇنيا) غا زەررە بىلدۈرۈپ، بەرىكەت ھېس قىلدۇرغاندىلا ئاندىن ھەيۋەتلىك خوش، تەجەللىدەك تارىختىكى سىۋىلىزاتسىيون (مېھرداش) دانىشمەنلەرنىڭ غايىسى نېمە ئۈچۈن ئومۇمىيەت بولالمىدى؟

خۇددى تەجەللى:
ئەقلو شەككا كۇ فەيلەسوف ئەھۋەل،
بولدى ھەيرەت يىگانە.
ئىشقسىز بۇ ھەجابۇ ئەۋەللىك،
مۇرتەفىد بولماقى ئىرور دىشۋار.

دېگەندەك، ئەقلى شەھۋەت بىلەن بۇزۇلغان پەيلاسوپلار ئەسلىي ئەلھالى بۇزۇلغانلىقى ۋە ھەقىقەتلىرىنى كۆرەلمىگەن ھەيرانلىقلىرى بىلەن ئۆزلۈك خوراپاتلىق دۇچار بولدى. نەتىجىدە، ئىشق (مۇھەببەت) سىرىنى بىلمىگەندىن ئۆزىدىكى بۇزۇقلۇقنى يوشۇرماقچى بولغان ساختا نىقابلارغا باغلىنىپ بارغانسېرى بۇزۇلۇپ، چەكسىز بۇزۇلۇشلارنى تۈزەشكە ئەقلى ـ ئۈمىدى قالمىغاچ، نادانىنى ياقاب قىلىدىغان مەردپەتنى ئەمەس، بەلكى نادانىنى تېخىمۇ يامان قىلىدىغان بەدنىيەتلىكنى



كەسىپ قىلغانلىقتىن تېخىمۇ بۇزۇلۇش بولماقتا.

يەنى ئېكولوگىيە ۋە فىزىيولوگىيە تاناسىپلىقى بىلەن «قۇتپۇلئەختاپ» نەزەرىنى شەرھلىسەك، خۇددى يەرنىڭ ئىككى قۇتۇبى سوغۇق شامال مەنبەسى بولۇپ ئېكۋاتۇر (تىروپىك بەلباغ) نىڭ تومۇز ۋە يورۇق ئىقلىمىنى بۇزۇپ تۇرغاندەك، قوشۇمچە قىممەت ۋە تولۇقسىز قىممەت دېگەن ئىككى ھەم ئىسىيانچى قىيىشقاق (ئېكسپاتسىيون) نۇقتىنى ئىگىلىگەن سەپسەتە ئېكۋاتوردەك ئىشق (مۇھەببەت) ئىقلىمىنى بۇزۇپ كەلمەكتە.

شۇڭا ئىشق ئېكۋاتور جەلپى بىلەن ئىنسانلارنى تىروپىك بەلباغقا جەلپ قىلغاندەك، مېھرىبان (سىۋىلىزاتسىيون) مەرىپەت ئۈچۈن تەمىناتى كاپالەتكە ئىگە بولغان ئالىملار پازىللارنىڭ خالىس ھىممەتكارى بولماقلىقى تەرەققىيات سەۋەبىدۇر.

## 6. باب
## تەجەللىدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى مىسال تەققاسلىرى

تەجەللى شېئىرلىرىدا مۆكۈنگەن ھېكمەت تولىمۇ جەلپكار بەدىئىي تەسەۋۋۇر مەنزىرى بىلەن زىنىنەتلەنگەن نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسىمۇ، مەن پەقەت تۆۋەندىكى مىسال ھەققىدىكى تەققاسنى بايان قىلىمەن.

ۋەمەئىندىيەل قەلبۇللەزى كانە ساھىبى،
ۋەلەكىنا هومۇل غېبتۇ ئەنكۇم ئەدەيكۇم.
لەئىر كۇنتۇ بىل جىسمانى ئەنكۇم ئەلا نەۋىيىە بەئىد،
پەرۋەھى بىزاكەل قۇربى يەبنە يەدەيكۇم.

(قەلبىمدىكى زىللى كاتلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان روھ مەندە يوق، سىلەردىن ئايرىلىپ كەلگەندىن بۇيان سىلەردە ياشاپ قالغان ئاللاغا قەسەمكى، روھىم جىسمىمدىن يىراق تۇرغان بولسىمۇ جىسمىمدىن بەكرەك سىلەرگە يېقىنلىقىمدىن ماڭا قايتىپ كەلگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ.)

بۇنداق شېئىرى ئىپادە مۇھى غەزىلىدە «ئۆزۈم ھەر يەردە كۆڭلۈم سەندەدۇر» دېگەندەك بولسىمۇ، تەجەللى نەزىرىدە جان دېگەن جىن (زامان ماكانلارغا چېچىلغان ۋەسلى سىزىملەر) تەرىقىسىدە بولغاچقا ھەم فىلوسپىك ھەم فىزىيولوگىك قاتلامنى ماھارەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن.

تەجەللى قاغىلىقتا ياشاۋېتىپ، نېمە ئۈچۈن ئاتۇشتىكى «جان» ھەققىدە شۇنداق يازغان؟

بۇ مەسىلە تەجەللىنىڭ ئانىسى گۈلسۈم سەئىد جالالىدىن قىزى ئىدى، دېگەن رىۋايەتنى چۈشەندۈرىدۇ.

قۇرئى (سېلىشتۇرما تەتقىقات) دىن مەلۇم بولۇشىچە سەئىد جالالىدىن دېگەن تەخەللۇس ئاستىدىكى بوۋاي خوجا ياقۇپنىڭ كىچىك ئوغلى مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى (يەنى ياقۇپ دادىسى مۇھەممەت سىدىق زەلىلى (دانىيال)، روھى 1790 ~ 1864 ـ يىللارغىچە ياشىغان.

مۇھەممەت سىدىق بەرشىدىنىڭ سەئىد جالالىدىن تەخەللۇسلۇق بولۇش، ئۇنىڭ تارىخىي قاتلام بويىچە ئىككى ئەرۋاھ ياتلىمىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بىرىنچى قاتلام، 13 ـ ئەسىردىكى سەئىد بۇرھانىدىن ۋە ئوغلى جالالىدىن روھى

ئىككىنچى قاتلام، 15 ـ ئەسىردىكى ئەشرەپ ھالالىدىن ۋە ئوغلى ھەسەن جالالىدىن.

مەسىلەن تەجەللى:

ۋەرا ھەلىمۇ جەلىلىۋا جىبۇل ئارىمەن،



لىئەتما مىھافى كۆللى شەرەتج يۆتكەلسىمۇ.

(جەلىل ـ جالالىدىن بىلەن باغلىنىشلىق تەقدىرىمدە ئۇرۇقلار شاھمات كاتەكلىرىدە ئۇرۇقلار قانداق يۆتكەلمىسۇن، ھامان بىر تاختىدا قالغاندەك مەندىن ئايرىلمايدۇ.)

ئۈچ قاتلامنى سېلىشتۇرساق، 13 ـ ئەسىردىكى سەئىد بۇرھانىدىن ئوغلى جالالىدىن رۇمى، 15 ـ ئەسىردىكى ئەشرەپ ھالالىدىن ئوغلى سەئىد (ھەسەن) جالالىدىن، 19 ـ ئەسىردىكى ياقۇپ (پاراغىدىن) ئوغلى مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى (سەئىد جالالىدىن) تارىخى (گورىزونتال) قاتلاملىق تاناسىپ بولۇپلا قالماي، زامانىسىنىڭ ئۆزىدىلا سىراجى ئوغلى سەھىب سالاھىدىن بىلەن پاراللېل تاناسىپ ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا نەسەبلەردىكى ھەسەپداشلار (بىئوئىنتىز) تاناسىپلىق زىردى تەجەللىگە تەسىر كۆرسەتكەن مۇنداق بىر تەرەپ بار.

تەجەللى ئانىسى بۇبى گۈلسۈمخان بىلەن ئىسمىداش كېلىدىغان قىزنى مۇسۇلمان قىلىپ ئەمرىگە ئالغاندا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇلغان. گۈسۈمخان 1868 ـ يىللىرى قۇتقۇل بەگنى تۇغقان. نەتىجىدە ھەسەنخان + گۈلسۈم = ھەسەنخان تەجەللى

ياقۇپ + گۈسۈمخان = قۇتقۇلبەگ، 12 ياش پەرق بىلەن يىراق قۇرداش كەلگەن. گۈسۈمخان قۇتقۇلبەگ سىڭلىسى گۆھەربانۇ مۇھەممەت غولامىدىن جۈچۈەندە سۈرگۈن بولۇپ ياشىغان 30 يىل جەريانىدا «خەنزۇلۇشۇپ» چىن دامازا گۈسۈسان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەسلىدىكى ئۇرۇق ساقلانغان ئۈچۈن يىراق زەررەتداشلىق قاغىلىقتىكى تەجەللىنىڭ «خەنزۇچە» قوشاقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ماڭا مەلۇم بولغان مىسالدىن ئالسام، 50 ـ، 60 ـ يىللاردا قاغىلىقتىن كېلىپ يېڭىشەھەرنى ماكان قىلغان «ھەيتەك سارالىڭ» دېگەن بىر مەتۇ كىشى بولۇپ، قىلمىشلىرى «چىن دامازىنى» دورىغان تەجەل-

لىنىڭ «چېچەك ئاپىتى» دا قىرىلىپ كەتكەن بالىلىرى روھىدىن بىرسىدەك تۇيۇلدى.

ئۇ ئەخمەت شاھ نەزەر مۇپتىغا يازغان «ئات» ناملىق ھەجۋىي مۇخەممەس تەسۋىرى ئاستىدىكى سىرلىق ئەسساسقا ئوخشايتتى.

ئىزاھاتلار:

① يۇسۇپ ھۇسەيىن (1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇغۇلۇپ، 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاپات بولغان)

② ئابدۇلئەھەد قاۋۇز ــ قاغىلىق ناھىيە زۇڭلاڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمى.

③ سەئىد ــ بۇ سۆزنىڭ ساھىب، ئۇستاز، باشلىق دېگەن مەنىلىرىمۇ بار ــ تۈزگۈچىدىن.

④ «ۋەسلىي جانان» ناملىق مۇھەممەت بەدەخشانى قەلىمىدە روياپقا چىققان بۇ شېئىرنى يېقىنقى قاشتېشى ژۇرنىلىدا پېشقەدەم شائىرىمىز جاپپار رەھىمى ئېلان قىلغان ــ تۈزگۈچىدىن.

⑤ فارابىيان ــ ئالىم فارابى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ ئەھدەھەز ۋە ئەھدەمەن ــ يورۇقلۇق ئىلاھى ۋە سوغۇقلۇق ئىلاھى.

(مۇئەللىپ: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)



# تەجەللىنىڭ مائارىپ قارىشى ھەققىدە ئىزدىنىش

كامىل تۇنىياز

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى، بولۇپمۇ پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى كىشىلەرنى يېتەكلەش ئۇلارغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك قوزغاتقۇ. ئۇ كىشىلەرگە ئالىيجاناب تۇرمۇشنى، بىباھا ئىدىيەلەرنى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ياشاش شەكلىنى بەخش ئېتىدۇ.

ــ سامۇئىل سمايلىس (ئەنگلىيە)

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى بارغانسېرى كۈچىيىپ مىللەت، خەلقنىڭ تەقدىرى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئاھۇزارىغا، ئانا زېمىنىنىڭ تەقدىرىگە نەزەر سېلىۋاتقان زور بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك ئۇيغۇر ئەدىبلىرى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە يېلىنجاۋاتقان مەشئەلدەك، قاباھەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ خەلقنىڭ ھۆرلۈككە، ھەقىقىي ئىنسانىي ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىلىم ئۆگىنىپ ئىدىيە جەھەتتە ئويغىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، دەۋر رېئاللىقى ۋە رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم، كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقتا يات ئىللەتلەرنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى.

ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە «رابىيە ـ سەئىدىن»، «چاڭموزا ـ يۈ-
سۈپخان»، «نۇزۇگۇم»، «يامان ئات ھەققىدە قىسسە» گە ئوخشاش بىر
تۈركۈم رېئال تېمىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ مۇشۇ دەۋرنىڭ رېئا-
لىستىك شائىرلىرى سۈپىتىدە خەلققە تونۇلدى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى
ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرى ئەسەرلىرى بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپ-
كى مەزگىلىدىكى كەڭ ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىر ـ
بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى، لىرىك شائىر، ئاتاقلىق تېببىي ئالىم، پەيلا-
سوپ، ئاسترونوم ۋە ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى چولپان يۇلتۇزلارنىڭ
بىرى مەۋلانە ھۈسەيىنخان تەجەللىدۇر.

تەجەللى (چاقناپ ئۆتكەن نۇر) شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى
بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى قۇتبىدىن شاھ ئوغلى ھۈسەيىنخان ئىدى. ئۇ
1850 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زۇڭلاڭ يېزا ئايباغ كەنتىدە بىر
مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈر-
لۈك چاغلىرىدا دەسلەپتە ئاتىسىدىن تەلىم ئالغان. مەلۇم سەۋىيەگە
ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ
ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىكى ئالىي بىلىم
يۇرتلىرىدا بىرنەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلىم ئىگىللەش-
نىڭ مۇھىم ئاچقۇچلىرىدىن بىرى بولغان تىل ئۆتكىلىدىن تولۇق
ئۆتۈپ، ئەرەب، پارس، ھىندى ئوردۇ، تۈرك تىللىرىدىمۇ يۇقىرى سۈپەت-
لىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى يازالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەن. كېيىن ئۆز بە-
لىمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دېھلى، كابۇل قاتارلىق شە-
ھەرلەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، يۇقىرىقى تىللاردا ئوقۇلىدىغان دىن، ئە-
دەبىيات، پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا، تېبابەت-
چىلىك، ئىلاھىيەتچىلىك، فىزىكا، تەبىئەت، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە، تارىخ، سىياسەت دەرسلىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ ئاشۇ خىل پەننىڭ
پىركامىللىرىغا ئايلانغاندىن سىرت، ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تىل بىلىش-
تىكى قولاي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ شەرق ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبە-
ياتى بىلەن خېلى ئەتراپلىق تونۇشقان. شۇنداقلا ھىندىستان ۋە ئىران
خەلقىنىڭ ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەنگلىيە، رۇسىيە تا-
جاۋۇزچىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرۈپ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن قوراللىنىپ، مۇستەملىكە-
چىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب،
پارس، ھىندى قاتارلىق تۆت خىل تىلدىكى ئاجايىپ رەڭدار ۋە رىتىم-
دار شېئىرلىرىدا ئاشۇ خىل ئىدىيەنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، شېئىرىي يۈك-
سەكلىك جەھەتتە شۇ تىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا سالماقلىق
تەسىر كۆرسەتكەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر 1870 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىدە
دادىسى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما شائىرنىڭ بۇ قېتىمقى
سەپىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولماي كېمىنىڭ بوران ھادىسىسىگە ئۇچ-
رىشى سەۋەبىدىن، ئانىسى قازا قىلغاندىن باشقا يەنە جىمى مال ـ مۈ-
لۈكلىرىمۇ سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ. شائىر بۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا
قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ، «مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بايلىق
ئەمەس، ئەڭ زور بايلىق ــ روھىي بايلىقتۇر.»، «ئېيتقىنكى، بىلىدى-
غانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئى-
گىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ.»، «ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر ئەر ـ ئايال مۇ-
سۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.» «شۇڭا، مەن ئىزچىل ئۆگىنىشىم كېرەك»
دېگەن بىر ئۇلۇغ مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئىلىم ئىگىلەش
ئۈچۈن توختىماي ئىزدىنىدۇ. شارائىت قانچە جاپالىق بولغانسېرى ئا-
دەمنىڭ شۇنچە مۇستەھكەم غەيرەت ۋە قەتئىي ئىرادىگە موھتاج بولىدى-

غانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ. نەتىجىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنىي ئۆلىما، مەشھۇر تېۋىپ، ئىستىبداتلىق ئالىم بولۇپ خەلق تەرىپىدىن مەۋلىۋىيلىك ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشىپ يىپەك يولىدىكى شۆھرەتلىك سىماغا ئايلىنىدۇ. ئاشۇ مەزگىللەردە شائىر ئىلىم ئۆگىنىشتىن سىرت خەلق ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىجتىمائىي ھاياتنى ئۆتكۈر كۆز بىلەن ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىپ بەختىيار ـ باياشات ياشاۋاتقانلارنى، خار ـ زارلىقتا نادامەت چېكىۋاتقانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ماددىي توقلۇقتىن شوخلۇق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقانلارنىڭ، ئاچلىق، خارلىق، قۇللۇق ئازابىغا چىدىيالماي زار ـ زار يىغلاۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ خىل ھادىسىنىڭ سەۋەبى چىرىك مۇستەبىت تۈزۈم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ، چىدامىلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە ئۆزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ــ مول مەدەنىيەت، تۇرمۇش بىلىملىرى، ئۆتكۈر كۆزىتىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ھەمدە كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلەش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى، شۇنداقلا ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتى ھازىرلايدۇ. بۇ ئەدىبنىڭ يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

ماكسىم گوركىي ئەينى ۋاقىتتا يازغۇچى، يېزىش ماھارىتى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەدىبلەر ئاسترونوم، بىيولوگ، تېككۈچى، ئىنژېنېر، ۋە چارۋىچى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلىشى كېرەك، پۈتۈنلەي بىلىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك بىلىشى كېرەك، ئاساسىي تېما ئاپتورنىڭ تەجرىبىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. تۇرمۇش ئۇنىڭغا بىر خىل پىكىر ئۆگىتىدۇ» دېگەن ئىدى. بىر مەشھۇر شەرق مۇتەپەككۇرى كۆپ قېتىم كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ:



«ئىلىم بىر غەزىنىدۇر، ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئېرىنمەي سوراشتۇر، سىلەر سوراڭلار، كۆپرەك ئىلىم تەھسىل قىلىڭلار» دەپ، چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەملەر كۆپرەك بىلىم ئىگىلىشى بولۇپمۇ شائىر ـ يازغۇچىلار ئادەتتىكى تۇرمۇش بىلىملىرى بىلەن توختاپ قالماي جەزمەن مول تۇرمۇش، مەدەنىيەت، تارىخ بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى، ئىزچىل ئۆگىنىشى كېرەك.

تەجەللى بۇ نۇقتىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولغاچقا جەمئىيەتنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، پېقىر ـ مىسكىنلەر بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە ئورتاقلاشقان، «روھىي جەھەتتە قۇل بولۇپ قالغان مىللەت خوجايىن ياكى تۈزۈم ئۆزگەرگەن چاغدىمۇ ھۆرلۈك تاپالمايدۇ. جاننى ئالىدىغان روھىي مەھكۇملۇقنىڭ تومانلىرى كىشىلەر قەلبىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ھوقوقى بەربىر ھۆكۈمەت چاڭگىلىدا تۇرۇۋەرگەن بولىدۇ. ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، زور بەدەللەر تۆلەنسىمۇ، بىراق مەھكۇملۇق ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان خەلق ئۇزاققا بارىدىغان ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرەلمەيدۇ. پەقەت ئەركىنلىك كىشىلەر قەلبىگە يىلتىز تارتقاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە دۆلەت گۈللىنىشىنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى بولالايدۇ» ــ تەجەللى بۇ نوقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولغاچقا خەلقنى روھىي جەھەتتىن داۋالاپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قۇللۇق كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە بولغان ئىنتىلىش ئىستىكىنى، ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تىلدىكى پاساھەتلىك غەزەللىرىدە ئىپادە قىلىپ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قارشى ئىسيانكارلار ياڭراتقان غەزەپ ـ نەپرەت ساداسىغا ھەمدەم بولغان.

چەت ئەلدىن قايتقان دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۇرمۇش غۇربەتچە-

لىكى تۇپەيلىدىن يەكەندە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن داۋالاپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن داڭقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقىلىشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خىمىيە ئىلمى بويىچە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى مىللىي تېبابەت بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ، تاكى شۇ كۈنگىچە داۋا تېپىلماي كەلگەن يۈرەك، راك، سىل، ئۆپكە كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتىش جەھەتتىكى تۆھپىسى ھەممە ئادەمگە ئاڭلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ چاغدىكى يەكەن ۋالىيسى بۇ ياش تېبابەت ئالىمىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا تون كىيدۈرۈپ، ئۇنىڭ يۇرتىغا كەتمەي يەكەندە ئۇزاق تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان «يېشىل مەدرىسە» (بۇ مەدرىسىنىڭ ھازىرقى ئورنى يەكەن جامائەسىنىڭ سول تەرىپىدە ) كە مۇدەررىس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى خېلىلا ياخشى ماددىي شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى باشلىنىپ، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىپ مەدەنىيەت ـ مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى ھەممە يەرگە چاچىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي شۆھرىتى ۋە پېداگوگىكىلىق ئەقىل پاراسىتىدىن خەۋەر تاپقان قاغىلىق، خوتەن، قەشقەر، پوسكام، ۋە يەكەننىڭ يىراق ـ يېقىن يېزا قىشلاقلىرىدىن كەلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار، تالىپلار، ئىلىم زوقمەنلىرى ئۇنىڭ تەربىيەسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا توپلانغاندىن سىرت، شۇ دەۋرنىڭ مەلۇماتلىق كىشىلىرى دەپ سانالغان قەشقەردىن مۇسا ئاخۇنۇم، گۇمىلىق ئىبراھىم ھاجىم، مامۇت ھاجىم، خوتەنلىك تۇردى ھاجىم، قاغىلىقتىن يۇسۇپ ئەپەندى قاتارلىق پېشقەدەم ئۆلىما، مۇدەررىس ۋە تېۋىپلارمۇ ئۆز بىلىملىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئۈچۈن تەجەللىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن بىلىم ئالىدۇ.



قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ئېيتىشىچە: «دۇنيادا بىرلا ئىزگۈلۈك بار، بۇ ــ بىلىم. بىرلا ياۋۇزلۇق بار، ئۇ ــ نادانلىق.» دەر ھەقىقەت شۇنداق. «دۇنيادا قانچىلىك ئىزگۈلۈك ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ئالدى بىلەن بىلىم مېۋىسىدىندۇر. ھەممە جاھالەت، پەسلىك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن باشلىنىدۇ.» ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىش ــ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەپ ئىلىم ئىگىلەشتىكى توپ ئۇسۇل، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى مەنىۋى ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، نادانلىقنى تۈگىتىشتىكى بىردىن بىر ۋاستە. نادان ئادەم ــ ئەقىل جاللىتى.

تەجەللى جاھان ئەدەبىيات تارىخىدىكى نادانلىق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئاپەتتىن ئەھمەد يەسەۋى (1166 ـ ? )، جالالىدىن رۇمى (1207 ـ 1273)، شەيىخ سەئىدى شىرازى (1203 ـ 1292)، ئەلىشىر نەۋايى (1441 ـ 1501) لارغا ئوخشاش ئەڭ كۆپ ئەلەم چەككەن شائىر. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئوقۇتۇشنى ئىلمىي ئاساستا تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا تىل ـ ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئوقۇتۇشتىن سىرت، مىللەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چىرماپ ئالغان قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىقتەك روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ئۇلارغا ئىسلام دىنىدىكى، ھەق ـ ئادالەتنى، تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى چوڭقۇر تونۇتۇش مەقسىتىدە ئىلاھىيەتچىلىكتىنمۇ دەرس ئۆتۈپ ئۆز يۈرەك قېنىنى ئىزچىل ھالدا مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلغان. پۈتكۈل ھاياتىنى ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەۋلاد تەربىيەسىگە بېغىشلىغان بۇ ئالىم، ئۆز شېئىرلىرىدا تالاي قېتىملاپ مەشھۇر مائارىپچى سوقراتنىڭ: «مائارىپ ـ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، تەرەققىياتنىڭ قامچىسى» دېگەن سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ئۆزىنىڭ تۈركچە، پارسچە قەسىدىلىرىدىن تەركىب تاپقان «بەرق تەجەللى» ناملىق دىۋاندىكى شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيۈش، ئالىملارنى ھۆرمەت-

لەش، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. شۇڭلاشقا
شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى: «ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇپ، ئىلىم ـ
مەرىپەت ئىگىلەش، ئاقارتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خاسى-
يەتلىك ئىش ۋە پاشاشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى» دەپ قارايدۇ.
قايسىدۇر بىر ئەدىبنىڭ: «ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە تېخنىكا قاتار-
لىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئېرىشكەن ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولغان
بارلىق نەرسىلەرنى ھەرقانداق بورانغا باش ئەگمەي، قەتئىي ئىرادىنى
قورال قىلىپ خىزمەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەرلا بەرپا قىلغان» دېگەن
سۆزىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بۇ سۆز ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر
مۇشكۇل ، ئەگرى ـ توقاي يول ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئىلىم ھە-
قىقىتىنى تېپىش ئۈچۈن ئەجىدىھادەك دەم تارتىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆ-
گىنىشنى، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ ئارسلاندەك ئالغا ئىلگىرىلەشنى
تەشەببۇس قىلىدۇ .

ھەقايىقدە گاھ ئەجدىھادەك ئۇرۇپ دەم،
مائارىپدە گاھ ئارسلاندەك يۈرەلىم.

شائىر ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم: «كىمكى ئالىملارغا تەزىم قىلسا،
گوياكى پەيغەمبەرگە تەزىم قىلغاندەك بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەقتە نەبى-
نىڭ: «ئالىملار پەيغەمبەرلەرگە ۋارىستۇر، يەر يۈزىدىكى ئالىملار
خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھاننى يورۇتۇشى بىلەن قۇ-
رۇقلۇق ياكى دېڭىزدا يول تېپىپ ماڭغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار بولمىسا
يول باشلىغۇچىلار ئېزىپ قېلىشقا تاس قالىدۇ. شۇڭلاشقا بىرەر ئالىم-
نىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن بىرەر قەبىلىنىڭ تۈگەپ كېتىشى تۈزۈك»
دېگەن ھەدىسى بار. شۇڭلاشقا ئىلىم ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى
ساھەلەردىكى ئىلىم ئىگىلىرى بولغان ئالىملارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى



ھۆرمەتلەش كېرەك، دەپ تەكرارلايدۇ ھەمدە ئۆزىمۇ شۇ زامانىنىڭ كاتتا
ئالىملىرى ۋە مائارىپچىلىرىدىن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوف، ئابدۇقادىر دا-
موللام، شەمسىدىن داموللام، ئابدۇجېلىل داموللام، سالىھ داموللام،
مەۋلانە مۇھەممەت، شائىرلاردىن فۇرقەت، ئىسمايىل ھاجىم، مۇھى،
ئابدۇكېرىم زىيائى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى... قاتارلىقلار بىلەن يېقىن
ئۇلپەتلەردىن بولۇپ ئۆتىدۇ.

ئۇلارنىڭ پەزىلىتىگە:
فەمالەھۇفى سەدادىھى نىددۇۋ،
ۋەلا يەلىدوھو ھودەييا مۇزادى.

(راستچىللىق ۋە توغرىلىقتا ئۇنىڭغا باراۋەر كېلىدىغان بىرمۇ
ئادەم يوق. بۇنداق پەزىلەتلىك كىشىنى تۇغۇتتا مۇسابىقىلەشكەن بىرمۇ
ئانا تۇغۇپ باقمىغان).

بەشەرۇن ئەراھۇرروھە ئىللا ئىننەھۇ،
جەبەلۇن ۋەلاكىن بەھرۇ فەزلىن زاخرى.

(ئۇنىڭ سۈرىتى ئىنسان بولغىنى بىلەن، ئۇ نازۇكلۇقتا روھقا، ئى-
رادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلىمىنىڭ موللىقىدا دېڭىزغا
ئوخشايدۇ.)

مىدھەتى نەغمەسىن ئادا تاپماس،
سۆز بولۇپ مەسنەۋى قەلەم مىزمار.

«مەسنەۋى» دېگەن چوڭ كىتابتەك توملارغا ئۇ ھەققىدىكى مەدھى-
يەلەرنى يېزىپ، بۇ مەدھىيەلەر سازىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن
قەلەملىرىمنى چالغۇ نەي قىلىپ ھەرقانچە چالسامۇ، ئۇنىڭ تەرىپىنى
بايان قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.)

ئەگەرنى شېئىر بوۋەد خۇدبەئى فەزىلەت مەرد،
نەبى بەرايى چى مىنبەر نىھاد ھەسسان را.

(ئەگەر شېئىر دېگەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى كۆيلەيدىغان ئالىي خىتاب بولمىسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسسان دېگەن شائىرغا شېئىر كۆيلەش ئۈچۈن مۇنبەر قويۇپ بەرمىگەن بولار ئىدى.)

دەپ مەدھىيە ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنكى خۇشاللىق ھېسسىياتىنى:

ئەتانا تۇرپەتەن سەلەت فۇئادىي،
ۋەنارەت مىن سەفادە تىھاد دۇئادىي.

(كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان ئاجايىپ بىر خەت كېلىشى بىلەنلا يۈرۈكۈمگە تەسەللى بەردى، ئۇنىڭ تىزنىقلىرى نۇرىدىن غەم ـ قايغۇنىڭ قاراڭغۇلىرى يورۇپ كەتتى.)

دەپ ئىپادىلەيدۇ.

ئىلىم يولى ئىزدىنىش يولىدۇر. ئىلىم يولى دانالار ئۈچۈن بىر يورۇق مەنزىل، نادانلار ئۈچۈن باش ـ ئاخىرى يوق قاراڭغۇ ئۆڭكۈر. ئىنسان پەقەت بىلىش بىلەن ھايۋاندىن، بىلىم بىلەن ناداندىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىلىم ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىقتۇر. ئالىمنىڭ بۇ خىل مەرىپەت قارىشىنى يېقىندىن بۇيان گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى «روھ شاۋقۇنلىرى» غا ئوخشاش ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى تېتىملىق شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ياش قەلەم ساھىبى، ئىستېداتلىق زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى رەھمۇتۇللا تۇركەش ئەپەندىنىڭ «دىۋان ئەرەبى» ناملىق ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىپ چىققان مۇنۇ غەزەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«پەسكەشكە مال دۇنيا ئەمەستۇر زىننەت،
ساپ يۈرەك ئىنسانغا، يوقسۇزلۇق ئىللەت.
داناچۇن زور بايلىق ـ بىلىم بايلىقى،



ئۇ مىڭ تاغ ئاستىدا كۆرمەيدۇ زەخمەت.
ئادەملەر ياخشىسى شۇنداق كىشىدۇر،
مىللەتكە كۆيۈنگەن بەرگەن مەنپەئەت.»

ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەم ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر تىلشۇناس ئەللامە زەمەخشەرى (1075 ~ 1144)، پارس خەلقىنىڭ 13 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ سەئىدى (1203 ~ 1292)، ئەنئەنىۋى مائارىپ نەزەرىيەسىنىڭ ۋەكىلى، پەيلاسوپ، ئىسلام دىنى ئالىمى ئىمام غەززالى (1058 ~ 1111)، قاتارلىقلارنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەزى نۇقسانلارنى تۈزىتىپ، ئۆگىنىشتە تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش، مېغىزىنى ئېلىپ قېلىپ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش، قىسقىسى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەنقىد قىلىشنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىلىم ئىگىلەشنىڭ توپ يولى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قارا ـ قويۇق قوبۇل قىلماسلىقنى ئۆز زامانداشلىرىغا ۋە ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئاگاھلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: خۇراسانلىق مەشھۇر ئالىم زەمەخشەرىنىڭ مەدرىسەلەردە 700 يىلدىن بۇيان دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان «تەپسىر كەششاپ» ناملىق كىتابىنى يېڭىلاپ ۋە قايتا يېزىپ «تەجدىدى كەششاپ» (كەششاپنى يېڭىلاش) قا ئۆزگەرتىپ مائارىپ ئەمەلىيىتى جەريانىدا دەرسلىكلەرنى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق، جانلىق تۈزۈش، ئوقۇتقۇچى ئۆزىدە توغرا چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، مەزمۇنلارنى توغرا ئىزاھلاش، توغرا شەرھلەش، نوپۇزلۇقلارغا قەتئىي چوقۇنماسلىق، ئۇلارنىڭ بەزى خۇلاسىلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماستىن، تارىخنىڭ سىنىقىغا قالدۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىدىـ

يەنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۆزى ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش بىلەنلا قالماستىن، ئاتۇش ئىھساقتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ۋەكىللىرىنى قاتتىق قوللاپ ئۇلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر ۋە مائارىپ تەتقىقاتچىسى تەلئەت قادىرى «جاھالەت ئاسمىنىنى يورۇتقان نۇرانە مەشئەل» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى دەۋردىكى كاتتا ئالىم ۋە تالانتلىق شائىر تەجەللى ـ مۇجەللى ھۆسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباينىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك يولىدىكى ئاجايىپ ئەمەلىي ئىشلىرىنى مەدھىيەلەپ، ئۇلارغا ئاتاپ شېئىر ۋە مەكتۇبلارنى يازغان».

بۇنىڭدىن بىز تەجەللى ھەزرىتىمىنىڭ «مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى قانچىلىك كۆپەيسە، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى توسالغۇلار شۇنچە ئازىيىپ مىللەت روناق تاپىدۇ.» دېگەن ئىلغار ئىدىيەسى ئاستىغا: «نادان ئادەم ئۆزىنىڭ بۈگۈنىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنداق ئادەم ھەر قانداق بىر يىرگىنىشلىك، ھاماقەت ئادەمنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنى بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ، مائارىپ قوشۇنىنى تېخىمۇ زورايتىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلقنى مۇستەبىتلىكتىن، قۇللۇق كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ باراۋەر ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشىم زۆرۈر دېگەندەك بىر يۈكسەك غايىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى خېلىلا ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

«مېۋىلىك دەرەخ قانچە كۆپ ھوسۇل بەرسە، بىراۋلار ئۇنىڭ شاخلىرىنى شۇنچە كۆپ سۇندۇرىدۇ. تەجەللىنىڭ بۇنداق زور تۆھپىلىرىگە چىدىمىغان بىر تۈركۈم مۇتەسسىپ كۈچلەر تەجەللىنى ئۆزىگە قوشۇۋالماقچى بولغاندا، ئۇ كەسكىن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، شەرقنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپى ۋە تېببىي ئالىمى ئىبىن



سىنا ( 980 ~ 1037) نىڭ:

«مېنى كاپىر قىلماق ئەمەستۇر ئاسان،
ھەممىدىن مۇستەھكەم مەندىكى ئىمان.
يۈز يىلدا بىر كېلەر مەن كەبى ئىنسان،
شۇڭا يوق دۇنيادا بىرمۇ مۇسۇلمان.»

دېگەن شېئىرى بىلەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالماس قىلىۋېتىدۇ. ئەكسىچە تەجەللى بولسا خەلق تەرىپىدىن كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلۇغلىنىدۇ. ئىستىبداتلىق ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرىدىن ئىستىبداتسىزلار كۆپىنچە غەشلىنىپ بوغۇلىدۇ. دانانىڭ پىكرىدىن نادانىنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ قايسى جايىدا كامال تېپىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلۇغ ئىستىبدات ئىگىلىرى، مەيلى ئۇلار ئالىم، شائىر ياكى تېۋىپ بولسۇن، ئوخشاشلا ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ ئۆتكەن. شۇڭا ئۇستاز ئىبىن سىنا: «پەزىلەت ۋە كامالىتىم قانچىلىغان زاتلارنىڭ ئارامىنى بۇزدى، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئىت بولۇپ ھاۋشىدى» دېگەن. بۇ ئىتلىقمۇ ھەسەتنىڭ كارامىتى، بۇ ئىتلار ئىبىن سىنا قەلبىنى ئىشغال قىلغان غايىلەر، ئۇ كۆز تىككەن مەنزىرىلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمىگەن. ھەسەت ئۇچقۇر ئارغىماقنىڭ ئاياغلىرىغا مىخ بولۇپ سانجىلىشى مۇمكىن. ھەسەتنىڭ كەسپى گوركارلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردلەرنىڭ يولىغا تىنىمسىز ئورەك كولايدۇ. ھەسەتخور زەھەرلىك يىلاندەك پەيت پايلايدۇ. خۇددى سايىدەك كىشى كەينىدىن سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ.

تەجەللىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈشى يەكەندىكى ھەسەت تونىغا ئورالغان نادان، قارا قورساق خوجا ـ ئىشانلارنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار قىلىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار بىردەم تەجەللىنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ ئىغۋا توقۇسا،

بىردەم يەرلىك ئەمەلدارلارغا چىقىپ ئۆنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ ھېچقايسى چارىلىرى كار قىلمىغاندىن كېيىن، يېرىم كېچە-
دە تۇيۇقسىزلا تەجەللىنىڭ ئۆيى، قىرائەتخانىسى، تەجرىبىخانىسىغا
ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەجەللى بالا - چاقى-
سىدىن باشقا جىمى نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ كىتابلىرى
ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ «ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە
سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەرزىيەتلەرگە ئۇچ-
رايدۇ.)»، دەل ئاشۇنداق بولغاچقا، ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن پىر ئۇس-
تازلاردىن، ئۆزىنىڭ «شاھنامە» سى بىلەن پۈتكۈل شەرق دۇنياسىغا تو-
نۇلغان ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. پارس
كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بوۋىسى رۇداكىغا 80 يېشىدا كۆزىنى ئويۇپ،
شاھ ئوردىسىدىن قوغلىۋېتىش جازاسى بېرىلگەن. ئۆمەر ھەييام، ھاپىز
شىرازىلار ئاچلىق، غۇربەتچىلىكتە ئۆلگەن. شەيخ سەئىدى زالىم ھۆ-
كۈمدارلارنى قامچىلاپ، ھەقىقەت تارقىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرى-
نى پاش قىلغاچقا تاكى كۆزى يۇمۇلغانغا قەدەر يېرىم يوشۇرۇن ھالەتتە
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. پەرددىن ئەتتار جاللاتلارنىڭ قى-
لىچىغا يەم بولغان. خىرقىتى، زەلىلى، نەۋبەتىلەرمۇ ئۆمرىدە كۆپ رى-
يازەتلەرنى چېكىپ نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئەرشى
پۈتۈن ئۆرۈق - تۇغقانلىرى بىلەن رەزىل كۈچلەر تەرىپىدىن قەتلە قى-
لىنغان. مەنسۇر ھەللاجى ۋە بابا رەھىم مەشرەپلەر دارغا ئېسىلغان ...
دېمەك ھەر جايدا نادانلارنىڭ راھىتى - دانالارنىڭ كۈلپىتى بولغان.
شۇڭا سەۋرچان بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن ۋە
بۇ ھادىسىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنى ئىزلەپ يەكەنگە كەلگەن، قاغىلىق-
تىكى سادىق مۇخلىسى مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ: «قەيەردە ئىلىم
دۇشمەنلىرى كۆپىيىپ، ئەقىل ئىگىلىرى سۈيقەستكە ئۇچرىسا، شۇ



ئەلدە نادانلىق ئەۋجىگە چىقىپ رەزىللىك باش كۆتۈرىدۇ. بۇنداق جايدا
ھەقىقەتنى توۋلاپ بازارغا سالساڭمۇ ئالغىلايدىغان ئادەم بولمايدۇ. ‹تاشمۇ
چۈشكەن يېرىدە ئەزىز، دەپتىكەن.» دېگەن تەلىمى ۋە دەۋىتىگە ئاساسەن،
قاغىلىققا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئې-
لىنىش بىلەن بىرگە خالىس نىيەت بىلەن تەقدىم قىلىنغان باغ - ھوي-
لىلىق ئازادە بىر يۇرۇش ئۆيگە ئېرىشىپ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولغان-
دىن كېيىن: «مەن كىشىلەرگە بىلدۇرگۈچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم، ئۇلۇغ
مۇتەپپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى ئېيتقاندەك: ‹ئىلىمسىز مىللەت نادان
مىللەتتۇر، ئىلىمگە ئېرىشكەن مىللەتتىن دۇنياۋى ئالىملار يېتىشىپ
چىقىدۇ›، شۇڭا مەن ئىلىم تەشنالىرىغا داۋاملىق ئۆگىتىشىم، ئۆز
خەلقىم، ئۆز مىللىتىم ئۈچۈن نۇرغۇن قەلبى ئويغاق كىشىلەرنى يې-
تىشتۈرۈپ چىقىشىم كېرەك، دەپ ئىلىم ئۆگىتىپ، مەرىپەت تارقى-
تىش ھاياتىنى يېڭىباشتىن باشلاپ، 1930 - يىلى پۈتكۈل ئۆمرىنى
ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن بېغىشلىغان بۈيۈك ئالىم بولۇش سۈپىتى
بىلەن شۇ ناھىيەنىڭ يېتىملىقۇم يېزا كاسكى مەھەللىسىدە ۋاپات
بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ.
يۇقىرىقىلار ئالىمنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە ئالىمنىڭ مائارىپ قارى-
شىغا ئائىت يۈزەكى بايانلىرىم بولۇپ، تەجەللىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى
ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش يەنىلا كەڭ مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى، تەجەل-
لىشۇناسلارنىڭ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان ۋەزىپە ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىشنى
كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان زور بوشلۇق ھېسابلىنىدۇ.
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (ھازىرقى «جۇڭگو مىللەتلىرى»)
ژۇرنىلىنىڭ 94 - يىللىق 1 - سانىدىكى بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان-
دا، شائىرنىڭ ۋېنگىرىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان
«بەرق تەجەللى»، «دىۋان تەجەللى» قاتارلىق توپلاملىرى ھېلىمۇ ئەتىۋار-

لىنىپ ساقلانماقتا. «باياز» لاردىن ئورۇن ئالماقتا. «دىۋان ئەرەبى» (ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى)، «سەبدەرنامە» (قەھرىمانغا بېغىشلىما)، «تۆھپەتۇل بەررەيىن» (ئىككى قۇرۇقلىقتا تۆھپە)، «تىلسىم ئىشق» (ئىشق - مۇھەببەت تىلسىمى)، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» (قەسىدىلەر توپلىمى) قاتارلىق بىر قىسىم كىتابلىرى ھېلىمۇ قاغىلىقلىق مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، جامائەت ئەربابى، مەرھۇم ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدا بىردىنبىر قول يازمىلار ھالىتىدە، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ پاتراق نەشر قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا...

ئىلىم - پەن تەتقىقاتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالىمنىڭ 1986 - يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 18 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ئازغىنە شېئىرلىرىدىن باشقا ئەسەرلىرىنىڭ، گېزىت - ژۇرناللاردىن ئورۇن ئالالماسلىقى، تەتقىقاتچىمىز مۇختار ماموت مۇھەممەدىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن مىڭ تەستە نەشر قىلىنغان «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» ناملىق تولۇقسىز توپلامدىن باشقا كىتابلىرىنىڭ تېخىچە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەسلىكى، ھەتتا بىرەر پارچە تېببىي كىتابىنىڭمۇ نەشر قىلىنماسلىقى ئادەمنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەن ھەر دائىم بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ توپا ئۇچۇپ تۇرغان ئاددىي قەبرىسى ئالدىغا كەلگىنىمدە، 1931 - يىلى 10 - ئاپرېل لىۋان يازغۇچىسى جىبران نيۇيوركتا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئامېرىكىدىكى لىۋانلىق يازغۇچىلار «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» نىڭ مەسلىھەتچىسى مىكايىل نۇئەيماننىڭ: «جىبراننىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىش بىھاجەت. ئۇ ئادەم سۆيىتىدە ھەرقانداق ھەيكەلدىن ئۇلۇغ. ئۇنى خاتىرىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىتىش كېرەك!» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ قالىمەن.



ئەگەر بۇنى بىز ھەر ساھە رەھبەرلىرى ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ قوللىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن تەجەللى ئەسەرلىرىگە يۆتكەپ تەجرىبە ئېلىپ بارساق تەسىرى ۋە نەتىجىسى قانداق بولار؟

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. سامۇئېل سمايلىس: «تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەتكار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1999 - يىلى 4 - سان.

2. ئىبراھىم ھەققۇلۇۋ: «نادانلىق - ياۋۇزلۇق»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1991 - يىلى 1 - سان.

3. «تەجەللى - مۇجەللى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى. 24 -، 42 -، 54 -، 74 -، 25 - بەتلەر.

4. تەلئەت قادىرى: «جاھالەت ئاسمىنىنى يورۇتقان نۇرانە مەشئەل»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»، 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى سانى.

5. ئىبنى سىنا شېئىرلىرى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 1991 - يىلى 4 - سان.

6. جىبران خېلىل جىبران: «ياش ۋە كۈلكە»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى، 10 - بەت.

( ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە يىلقىچى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن )

# ھۆسەينخان تەجەللىنىڭ «قارا» قەسىدىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار توغرىسىدا

مۇختار مامۇت مۇھەممىدى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان «مەتبەئى خۇرشىد» (قۇياش مەتبەسى) دە تەجەللى بىلەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مۇھەررىرلىكىدە «ئاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئالىم تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى ـ سەبەق مۇجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامغا گەرچە ھازىر بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، 1000 نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغان. بۇ شېئىرلار توپلىمى تا ھازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ قولىدا ئەتىۋارلانماقتا. بۇ توپلامدا «قارا» قەسىدىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شائىر بۇ قەسىدىنى قەشقەردىكى دوستى نەزەربەگ سېلىمئاخۇن قازى ئوغلىغا بېغىشلىغان بولۇپ، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن نەزمىلەر ئىچىدە ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرنى، جۈملىدىن ئەدەبىيات ئاشنالىرىنى تېخىمۇ بەك ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قەسىدىنىڭ بېشىدا نەزەرئاخۇننىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلىتى مەدھىيەلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ كۆزى، زامانداشلىرىنىڭ پەخرى، خالىس (ساپ دىل) كىشىلەرنىڭ ساداقەتمىنى، لۇتىپ، مەرھەمەت ساخاۋىتىنىڭ مەنبەئەسى، ئالىملارنى دوست تۇتقۇچى، يوقسۇللارغا ياردەم بەرگۈچى نەزەرئاخۇن جاـ



نابلىرىغا ھەدىيە» دېگەن جۈملىلەر بىلەن قەسىدە ئاخىرىدا نەزەرئاخۇننىڭ دۆلەت، بەخت ـ سائادىتىگە تىلەكداشلىق پوزىتسىيەسى ئىپادىلەنىدۇ. گەرچە بۇ بىر ئادەتتىكى شېئىرىي سالام خەتتەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن «قارا» بىلەن «ئاق» رەڭنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن سىياسىي غايىسى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

لېكىن ئولمىش كۆزلەرىمدە گەرچە مەن خەففاش ئېمەس،
ئۆيلە ئالەم قارا كىيىم يەلداغەدۇر ئائىنەدار.

(مەن شەپەرەڭ بولمىسامۇ، قاراڭغۇ كېچىدىمۇ يورۇق كۆرۈنگەن ئالەم كۆزۈمگە قارا كۆرۈندى)

شەپەرەڭ ئەتراپىنى كۈندۈزگە قارىغاندا كېچىسى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدىغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق. شۇڭا، بۇ جانىۋار كۈندۈزى تام كامىرىدا ئۇخلىسا، گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن تەڭ ئۇۋىسىدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە «ھەممە ئۈچۈن يورۇق كۆرۈنگەن كۈندۈزلا ئەمەس، شەپەرەڭ ئۈچۈنمۇ يورۇق كۆرۈنگەن قاراڭغۇ كېچىمۇ كۆزۈمگە قارا كۆرۈندى» دېيىش ئارقىلىق، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلاپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇ يەنە:

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھ ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.
كەيمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار ـ تار.
چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرنىڭ ـ
يۈپ يۈزىدىن قارەسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

(سۈبھى ئاق نۇردىن ئالتۇن بايرىقنى تىكلىگەن ئىدى، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇرۇھى قاچتى، قارا ئەتلەستىن پۈركەنجە تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى قۇياش نۇر تىرنىغى بىلەن تال - تال قىلىپ يىرتىۋەتتى، قۇياش بۇلىقىنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى (قاراڭغۇنى) يۇيۇپ، سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك قىلدى)

بۇ يەردىكى قاراڭغۇ تۈننىڭ يۈزىدىكى قارىنى نۇر تىرنىقى بىلەن تالا - تالا قىلىپ يىرتىپ ئالەم سەھنىسىدىن (قاراڭغۇنى) قوغلىغۇچى «ئاق نۇر» (قۇياش) — ئىنقىلابنىڭ، قارىلىقتىن تازىلانغاندىن كېيىنكى ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك روشەن كۆرۈنگەن «سۈبھى» — كەلگۈسى يورۇق كۈنلەرنىڭ، خۇددى قارا ئەتلەستىن پۈركەنجە كىيىۋالغاندەك پۈتۈن ئالەمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان «قارا تۈن» - قاراڭغۇلۇق باسقان كونا جەمئىيەتنىڭ، « قارا گۇرۇھ » ۋە «قارا» مۇستەبىت زالىم كۈچلەر ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان زۇلۇمنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئاپتور ئۆز قەسىدىسىدە ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ھېسسىيات، ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن تولغان سىمۋوللۇق ئىبارە، چىرايلىق ئوخشىتىش شەكلىنى قوللىنىپ تەبىئەت مەنزىرىسىدىكى ئەمەلىي تۇرمۇش رېئاللىقىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت رېئاللىقىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەلگۈسى يورۇق جەمئىيەتكە بولغان ئارزۇلىرىنى ۋە ئۇ كۈنلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى زۇلمەتلىك كۈنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ ئۈمىدىنى ئىپادىلەپ، خەلقنى كەلگۈسى گۈزەل ئەتىنىڭ پارلاق مەنزىرىسىگە ئۈندەيدۇ.

شائىر شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆزىنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا تەرەققىيپەرۋەرلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەل - يۇرتنى زۇلمەت بېسىپ، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، پىتنە - پاساتچىلىق قاپلىغان



بىر ھالەتتە ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن سىنىپىي، مىللىي زۇلۇمنىڭ خەلقنى چىرماپ تۇرۇشى، روھانىيەتچىلىك، تەقدىر - ئىلاھىيەتچىلىك، سوپىزملىق، ھالەت - نادانلىق كۆز قارىشىنىڭ زەھەرلىشى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ئازاب ئوقۇبەتتە قالغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇنداق ئېچىنىشلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، ئەركىن - باراۋەر تەرەققىي قىلغان يېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھ قىلىش نىيىتىدە ئىزدىنىپ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ كەڭ ئامما بىلەن ئورتاقلىشىدۇ.

شائىر يەنە ئۆزى ئارزۇ قىلغان كېلەچەكنى قارا قاشلىق، قارا چاچلىق بىر گۈزەل ساھىبجامالغا ئوخشىتىدۇ. ئۆزىنى شۇ گۈزەل مەھبۇبىغا كۆيگۈچى ئاشىققا ئوخشىتىدۇ ۋە ۋىسالىغا يېتىشكە ئۈرۈنىدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر نەپرەتلەنگەن «قارا» رەڭ بىردىنلا ياخشى ھەم ئۇلۇغ خىسلەتلىك رەڭگە ئايلىنىپ مەدھىيىلىنىشكە سازاۋەر بولىدۇ. قارا رەڭ نۇر قايتۇرمايدىغان، ھەممە جىسىملارنىڭ نۇرىنى رەڭگىنى يۇتۇۋالىدىغان رەڭدىن ئىبارەت.

ئۇ «قارا» رەڭنى ئۇلۇغلاپ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ:

ھەق كالامى قارا خەت ئىچرە تەجەللى كۆرسەتۇر،
ئەھلى بىنىشقە قارالىقتىن ئىمەستۇر ئەيبۇ ئار.

(تەڭرىنىڭ سۆزى ‹قۇرئان كەرىم ›، قارا خەت ‹ھەقىقەت ۋە مۆجىزە› ئارقىلىق چاقناپ تۇرىدۇ، بىلىمدان كىشىلەرگە رەڭنىڭ قارا بولۇشى ئەيىب ۋە نومۇس ئەمەس)

كەلدى ئەخبار ئىچرە شەنبە سەئد ئانىڭ كەۋكەبى،
سەئد ئەكبەر ئۇزرە رەڭگى قارادۇر ساھىپ شىكار.

(رىۋايەتلەردە شەنبە كۈنىنىڭ يۇلتۇزى بەخت يۇلتۇزىدۇر، ئاشۇ بەخت يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى قارا، بۇ يۇلتۇز چىققان ۋاقىتتا ھەممە ئىش

ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.) دەپ يازىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلىـ
گە قايتىدىغانلىقىنى، بۇ سۆزنى ھەممە كىشى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىـ
قى، ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلىدە «قارا» بولىدىغانلىقى، بۇنىڭغا ئىـ
شەنمىگەن كىشىنىڭ ھەرقانداق رەڭدىكى نەرسىنى كۆيدۈرسە ئاشكارا
بولىدىغانلىقى قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلمىي پاكىتلارنى ۋە ساددا ماتېرىياـ
لىستىك ئاڭغا ئىگە بولغان بەزىبىر ئىلمىي پاكىتلارنى پەلسەپۋى
نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قارا» رەڭنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئۇ «ماددا ئەكسىگە قايتىدۇ» غانلىقتىن ئىبارەت ئىلمىي دۇنيا قاـ
راشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، «ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلىدە
قارا بولىدىغانلىقى» دىن ئىبارەت خىمىيەلىك ئۆزگىرىشنى دىيالېكتىـ
كىلىق كۆز قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنى شەيئىلەرنى كۆـ
زەتكەندە ۋە ئۇلارغا باھا بەرگەندە، يۈزەكى قارىماستىن بەلكى ھادىسىـ
دىن ئۆتۈپ، ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، ئەتراپلىق كۆزىتىپ باھا بېرىشى
كېرەكلىكىنى ئىلمىي مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق بىۋاستە ئوتتۇرىغا
قويۇپ، لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىپ، بەزىبىر كىلاسسىك پەيلاسوپلار
بىلەن ئىدىيە جەھەتتە بىردەكلىكنى ھاسىل قىلغان.

شائىر تەجەللىنىڭ «قارا» رەڭنى مۇشۇنداق پەلسەپۋى نۇقتىدىن
ئىزاھلاپ كۆتۈرۈپ چىقىشى تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى شۇ زاـ
ماندىكى نادان ـ جاھىل كىشىلەرنىڭ قارا رەڭنى ماھىيەتتىن چۈشەنـ
مەي، پاك ئەمەس دەپ قارىشى، ھەتتا قورقماستىن ئاللانى ئادەملەشتۈـ
رۈپ، ئاللانىڭ رەڭگى ئاق دەيدىغان بىمەنە ئىغۋالارنى تارقىتىشى ۋە تەـ
جەللىنىڭ بۇغداي ئۆڭ بولغانلىقتىن كەمسىتىلىشكە ئۇچرىشى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. نادان قارا قورساق كىشىلەر نەزىرىدە يامان ۋە كۆرۈمـ
سىز دەپ قارالغان «قارا» رەڭگە نىسبەتەن توغرا ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە
تۇتۇش ئارقىلىق «قارا» رەڭدىكى تەبىئىي ۋە ئۇلۇغ خىسلەتلەرنى



ئىلمىي يۈكسەكلىكلەر بىلەن گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۈكسەك سىياسىي غايىسىنىڭ سىمۋولى قىلىشقا
تىرىشىدۇ. جۈملىدىن جانانلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن ۋە جەلپ
قىلالىشىدىكى ئالاھىدە گۈزەللىكى ئۇنىڭ كۆز، قاش ۋە چېچىدىكى تەـ
بىئىي «قارا» لىق دەپ قاراپ، «قارا» رەڭ «ئاق» تىن گۈزەل دېگەن ئوبـ
رازلىق ۋە لوگىكىلىق خۇلاسىسىنى چىقىرىدۇ.

دېمەك، شائىر بۇ قەسىدىدە «ئاڭ ــ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى»
ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قائىدىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ،
«ئاق» بىلەن «قارا» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئالاھىدە كۆزىتىش ۋە قارا
رەڭنىڭ ھەقىقىي ئالاھىدىلىكىنى روشەن سېلىشتۇرۇپ دەلىللەش ۋە
«قارا» رەڭنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي مۇـ
ھىتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش ۋە مەسخىـ
رە قىلىش ئارقىلىق، ئەركىنلىككە، ئازادلىققا، باراۋەرلىككە، ھۆرلۈكـ
كە ۋە گۈزەل ـ پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى داـ
دىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى ئىشەنچىسىنى لىـ
رىكىلىق بايان قىلغان.

تەجەللى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى شېئىرىي تىل ئارقىلىق تەسـ
ۋىرلىگەندە، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقاندىن تاشقىـ
رى، يەنە مۇبالىغە، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول، سۈپەتلەش قاـ
تارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلاردىنمۇ دەل جايىدا پايدىلىنىپ،
ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەشكە ئالاھىدە زور ئەھمىـ
يەت بەرگەن. شۇڭا، ئۇ تەسۋىرلىگەن ھەربىر شەيئى كىشىگە چوڭقۇر
مەنىلىك، چىنلىق تۇيغۇسى بەرگەندىن سىرت، تىل ئالاھىدىلىكى جەـ
ھەتتە گۈزەل ئېستېتىك تۇيغۇ، ئىلھام بېغىشلايدۇ.

مىسال ئۈچۈن:

ئىشق ئەپسۇنساز بىر ئەييار لو ئىبەتباز ئىرۇر،
كىم مالامەت سول قولى، رەسۋالىغ ئانىڭ ساغىدۇر.
(ئىشق مۇھەببەت بىر ئالدامچى ــ كۆز بويىغۇچى نەيرەڭۋاز،
تەنە مالامەت ئۇنىڭ سول قولى، رەسۋالىق ئوڭ قولىدۇر.)

بۇ مىسرالاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھەببەت ھەققىدىكى پەلسەپە-
ۋى مۇلاھىزىلەر مۇھەببەتنىڭ ناھايىتى نازۇك، سىرلىق، ھىيلە ـ
مىكرىسى تولا، سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان پىسخىك تەرەپلىرىنى
ھېس قىلدۇرۇپ، بۇنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنى سەۋرچان، ئېھتى-
ياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ. دېمەك، تەجەللى شېئىرلىرى شا-
ئىرنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقى ۋە پىشىپ يېتىلگەنلىكىدە
گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر
قىلغان ھادىسىلەرنى يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ۋە تىل
ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقىغا يۆلىنىپ، كونكرېت شەيئى، ۋەقە ۋە ھا-
دىسىلەرنى ئىخچام، ئوبرازلىق بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش سەۋىيەسىگە
يەتكۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، بۇ خىل ماھارەت ئەسەرنىڭ ئىدىيە-
ۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى ئۆزئارا چوڭقۇر زىچ باغلاپ، شېئىرنىڭ
سەۋىيەسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ بەدىئىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىما-
ئىي ئۈنۈمدە زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتا مەڭگۈ
سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەردىن بولۇپ قالغان.

قىسقىسى، شائىر تەجەللى تىكلىگەن شېئىرىي «ئابىدە» ئۇنىڭ
يۈكسەك تالانتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شائىرنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈرك تىلى-
دىلا ئەمەس، ئەرەب، پارس، ھىندى تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىمۇ يۇ-
قىرى سەۋىيەلىك ئەسەرلەر بولۇپ، شۇ تىللاردا يېزىلغان شېئىرىيەت-
نىڭ نادىر ئۈلگىسى، شۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ چاقنىغان «نۇرى» ھې-
سابلىنىدۇ. شۇڭا، تەجەللىنىڭ «قارا» قەسىدىسىنى بىزنى، دۇنيا، تە



بىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا ئىلمىي تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەيدى-
غان مەڭگۈ ئۆچمەس پارلاق «نۇر» دېيىشكە ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە.

مەن بۇ ماقالەمنى تەجەللىنىڭ «قارا» قەسىدىسى بىلەن ئاخىرلاش-
تۇرىمەن.

(شائىر بۇ قەسىدىنى قەشقەردىكى دوستى نەزەربەگ سېلىمئاخۇن
قازى ئوغلىغا بېغىشلىغان)

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھ ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۇن فەۋجى فىرار.

[سۇبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەندى، ئالەم سەھ-
نىسىدىن تۈننىڭ قارا گورۇھى قاچتى.]

كىمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھەۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مىھر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار ـ تار.

[قارا ئەتلەستىن پۈركەنجە تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى
قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال ـ تال قىلىپ يىرتىۋەتتى.]

چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرنىڭ،
يۇپ يۈزىدىن قارەسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

[قۇياش بۇلىقىنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى
(قاراڭغۇنى) يۇيۇپ سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى.]

لېكىن ئۆلمىش كۆزلەرىمدە گەرچە مەن خەففاش ئېمەس،
ئۇيلە ئالەم قارا كىم يەلداغەدۇر ئائىنەدار.

[مەن شەپەرەڭ بولمىساممۇ، قاراڭغۇ كېچىدىمۇ يورۇق كۆرۈنگەن ئالەم كۆزۈمگە قارا كۆرۈندى.]

ئالەم ئانىڭ كۆزلەرىدە قارا بولسا يوق ئەجەب،
بىدىلى كىم دۇر قارا كۆزلەر بەلاسىغە دۇچار.

[يۈرىكىدىن ئايرىلغان كىشى قارا كۆزلەرنىڭ بالاسىغا دۇچار بولغانلىقتىن، ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنسە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.]

كۆز تىكىپ مەن بىر قاراقاش دىلرەباغە، كىم ئۈزۈپ،
رىشتەئى ئۈلفەتنى، جىسمىم ئىگنەدەك بولدى نىزار.

[مەن بىر قاراقاش يارغا كۆز تىككەن ئىدىم، ئۇ ئۈلپەتچىلىك رىشتىسىنى ئۈزگەچ، ۋۇجۇدۇم يىڭنىدەك ئورۇقلاپ ئاجىزلاشتى.]

قارا دەرلەر ئاق كۆرۈپ ئانى بۇ مەئنى بىرلە كىم،
سۈرەتى كافۇر يەڭلىغ، سىرەتى دۇرمىش ئىپار.

[ئاقنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى قارا دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، تاشقى كۆرۈنۈشى كاپۇردەك ئاق نەرسىلەرنىڭ ئىچى ئىپاردەك قارا بولىدىغانلىرىمۇ بار.]



بۇ ئىپار ھىرماندىن قارا ماڭا كافۇرى سۈبھ،
بولدى ئول كافۇر ھەجرىدىن ئىپار زەخمگە يار.

[بۇ ئىپاردىن مەھرۇم بولغانلىقىمدىن، سۈبھى ئۆزى ماڭا قارا كۆرۈندى، مەن كاپۇردىن ئايرىلغانلىقىمدىن ئىپارنىڭ زەخمىگە دۇچار بولدۇم.]

كۆزلەرىم ئانىڭ قارا خالىن كۆرەرگە تەلمۈرۈر،
زەررەدەك كوڭلۈم كەبى بولمىش قاراغلار بى قارار.

[ئۇنىڭ قارا خالىنى كۆرۈشكە كۆزلىرىم تەلمۈرىدۇ، كۆز قارچۇقلىرىم پەرىشان كۆڭلۈمگە ئوخشاشلا بىتاقەت بولدى.]

قارا قويۇندەك چىقار خەسدەك تېنىمدىن دۇد ئاھ،
كىم خىيالىن ئەيلەسەم ئوتلۇق نىگاھى ئوت ياقار.

[ئۇنى خىيال قىلسام، ئوتلۇق قاراشلىرى تېنىمگە ئوت ياقىدۇ، خەستەك تېنىمدىن قارا قۇيۇندەك ئاھىمنىڭ تۈتۈنلىرى چىقىدۇ.]

ساۋۇرۇر كۆككە ۋۇجۇدۇم تۇپراغىن رەم ئەيلەبان،
ئول كېيىك يەڭلىغ قارا كۆز بەرقدەك چابوكسۇۋار.

[ئۇ — كېيىككە ئوخشاش قارا كۆزلۈرۈم چاقماقتەك تېز ئات چاپتۇرۇپ ئۆتسە، ۋۇجۇدۇمنى چاڭ - توزانغا ئايلاندۇرۇپ كۆككە

سورۇۋېتىدۇ.]

بىر قاراپ باقماس ۋەلى تاراج ئېتەر ئەقلۇ شەكىپ،
ئىشۋەلەر ئەيلەپ قاراقچىدەك زەھى مەستانە يار.

[مېنىڭ مەستانە يارىم بىر قاراپمۇ قويمايدۇ ۋە لېكىن ناز ـ كە-
رەشمە قىلىپ، ئەقىل ۋە سەبرىمنى قاراقچىدەك تالان ـ تاراج قىلىدۇ.]

بار پەرىدىن ھەم فۇزۇن پىنھانلىغ ئىچرە كىم، كۆزۈم،
تۇشىدە ھەم كۆرمەس قاراسىن تۇرفەدۇر ئول سىھرگار.

[يوشۇرۇنۇشتا ھەممە پەرىلەردىن ئارتۇق، مەن چۈشۈمدىمۇ ئۇنىڭ
قارىسىنى كۆرەلمەيمەن، ئۇ ئاجايىپ سېھىرگەر.]

ھۆسنى ئىستىغناسىدا ئول، ئىشق سەۋداسىدا مەن،
ۋاھ ئەجەبكىم مەن قارا مەست، ئول قارا كۆز بادەخومار.

[ئۇ ھۆسنى بىلەن ناز قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئىشقىدا سەۋدايى
بولدۇم، ئاجايىپ ئىش، ئۇ قارا كۆزلۈك مېنى راسا ئىچىدۇ ـ يۇ، مەن
قاتتىق مەست بولماقتىمەن.]

سەرد مىھر ئول نەۋئى بولمىشتۇر ماڭا ئول باغرى مۇز،
كىم ئاقارغان كۆزلەرىمدەك قارا يەرنى باستى قار.

[ئۇ باغرى مۇز ماڭا شۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلدىكى، قارا



يەرنى نۇرسىزلىنىپ ئاقارغان كۆزلىرىمگە ئوخشاش قار بېسىپ
كەتتى.]

بۇ يۈرەكمۇ سەندە يا مۇز يا قارا تاش كىم ئاڭا،
زەررەچە تەسىر قىلماس ياقسام ئاھىمدىن شەرار.

[سەندىكى يۈرەكمۇ ياكى مۇزمۇ، ياكى قارا تاشمۇ؟ ئاھىم ئۇچقۇن-
لىرىدىن ئوت ياقسام، ئۇنىڭغا زەررىچە تەسىر قىلمايدۇ.]

قايداغ ئولغاي كۆڭلۈمە راھەتكى بۇ ھىجران تۈنى،
بىر قارا قۇشتۇر كىم ئۈيقۇم قۇشلاردىن ئەيلەر شىكار.

[بۇ ھىجران تۈنىدە كۆڭلۈمگە قانداقمۇ ئاراملىق بولسۇن، ئۇ بىر
قارا قۇش بولۇپ، ئۇيقۇم قۇشلىرىنى شىكار قىلىپ يۈرسە.]

ئەيلەپ ئىستىغنا ئۇنۇتساڭ مەن گادانى تاڭ ئەمەس،
كىم تاغافۇل كىشۋەرىدە سەن قاراخان ئى نىگار.

[ئەي نىگارىم، سەن ئېتىبارسىزلىق بىلەن مەن گادايىنى ئۇنتۇ-
ساڭ ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ، چۈنكى سەن بىپەرۋالىق مەملىكىتىنىڭ
«قاراخانى» ئەمەسمۇ.]

لۇتف قىل شىرىن لەبىڭدىن بىر ئەسەل يەڭلىغ خىتاب،
كىم ئايارەج پەيقارادەك بولدى ئاچچىغ ئىنتىزار.

[ئەي سۆيۈملۈكۈم، شېرىن لېۋىڭدىن ھەسەلدەك بىر خىتاب بىلەن ئىلتىپات قىلىپ، نەدە سەن دەپ سوراپ قوي، چۈنكى ئىنتىزار-لىق كۆڭلەرى ئايارەج پەيقارا ① دەك ئاچچىق بولۇپ كەتتى.]

زار كوڭلۈم نالەسىدىن بىخەبەرسەن گويىيا،
بىخۇد ئەتمىشتۇر قاراسۇ خۇد سېنى يا كوكنار.

[زارلانغان كۆڭلۈمنىڭ نالىسىدىن، گوياكى سېنى قارا شاراب ياكى كۆكنار شەربىتى مەست قىلىپ قويغاندەكلا بىخەۋەر يۈرۈۋاتىسەن.]

قارغە ئاۋازىن ئىشتىسەم ئۆيدە، چىققۇم تاشقىرى،
قارا قاسىد قارغەلىقتىن كەلدى دەپ دىۋانەۋار.

[ئۆيدە تۇرۇپ قاغا ئاۋازىنى ئاڭلىسام، قاغىلىقتىن قارا خەۋەرچى كېلىپ قالدىمىكىن دەپ، ساراڭلارچە تاشقىرىغا چىقىمەن.]

نامە يازماق فىكرى كەچسە خاتىرىڭگە ھەر قاچان،
بىر قارا داغ يىغالۇر گويا باشىڭغە بار بار.

[ھەرقاچان خەت يازماق پىكرى خاتىرەڭگە كەلسە، گوياكى دوستىنىڭ يۈكى بېشىڭغا بىر قارا تاغ بولۇپ يىقىلىدۇ.]

---

① ئايارەج پەيقارا ـ سەۋدا كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاچچىق بىر خىل دورا



خەت ئىبەرمەسلىك مۇھەببەت پىشەلەرنى ياد ئېتىپ،
قارا قىلماقدۇر ۋەفا يولىنى ئي غەفلەت شۇئار.

[ئەي بىپەرۋالىقنى شوئار قىلغۇچى، مۇھەببەتلىك دوستلارنى ياد ئېتىپ خەت ئەۋەتمەسلىك ۋاپا يولىنى قارا قىلىشتۇر.]

خەت يازۇرغە بۇ تەساھۇل بائىسى سەندىن نىدۇر،
قىلدى كاغەزنى قارا دەپ خاندىن ئىشتىتمۇ جار.

[سېنىڭ خەت يېزىشقا مۇنچە ھۇرۇنلۇق قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ياكى قەغەزنى قارا بويىۋەتتى دەپ خاقاندىن كايىشلىق ئاڭلىدىڭمۇ؟]

يا سىيا يەتمىش كامار ئىچرە قارا قۇڭغۇز بولۇپ،
يا قەلەم ئۇچمىش قارا قۇشقاچ بولۇپ بىئىختىيار.

[ياكى سىيا قارا قوڭغۇز بولۇپ كامارغا كىرىۋالدىمۇ؟ ياكى قەلەم قارا قۇشقاچ بولۇپ ئىختىيارسىز ئۇچۇپ كەتتىمۇ؟]

دەپئى سەۋدايىمغا يازغىل بىر شىپانىڭ نۇسخەسىن،
كىم خىرەد بۇقراتى كوڭلۈمنى قارا بادىن ئاتار.

[ سەۋدايىلىقىمنى ساقايتىش ئۈچۈن بىر شىپالىق رېتسېپ

يېزىپ بەرگىن، چۈنكى ئەقىل بوقراتى[1] سىنىڭ كۆڭلۈڭنى قارابادىن [2] دەپ ئاتايدۇ.]

ئاچماساڭ بۇ غەم قاراڭغۇسىن جاۋابى خەت يېزىپ،
بىر قارانى يۈز قارا ئەيلەپ مەن ئاچقۇم زەنگىبار.

[بىر جاۋاب خەت يېزىپ غەم قاراڭغۇسىنى يوقاتمىساڭ، بىر قارىنى يۈز قارا قىلىپ، نېگىرلار مەملىكىتىنى (قارىلار يۇرتىنى) مەن ئاچىمەن.]

ئى ساباھەت ئاسمانىنىڭ دۇرەخشان ئەختەرى،
قارە دېسەم قونماسۇن مىرئاتى تەبئىڭغە غۇبار.

[ئەي گۈزەللىك ئاسمىنىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى، قارا دېسەم تەبئىتىڭنىڭ ئەينىكىگە چاڭ ـ توزان قونمىسۇن.]

چۈن بىلۇرسەن قارەدىن ئاقنى قىلۇرمەن ئىمتىياز،
بولماغىل كۆڭلى قاراالاردەك مۇكەددەر زىنھار.

[قارىدىن ئاقنى ئايرىۋالالايدىغانلىقىمنى بىلىسەن، ھەرگىز كۆڭلى قارا ئادەملەردەك غەم ـ قايغۇغا چۈشمە.]

① بوقرات ــ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ھەم ئۇستا تېۋىپ.
②قارابادىن ــ دورىگەرلىك كىتابى



ئوز ۋۇجۇدۇمنى كۇرۇپ ئايدەك يۇزۇڭ كۆزگۇسىدە،
قارا ئەيتۇرمەن سېنى يەنى تەجەللى سەندە بار.

[سىنىڭ ئايدەك يۈزۈڭنىڭ ئەينىكىدە ئۆز ۋۇجۇدۇمنى كۆرۈپ، «قارا» دېسەممۇ، ئەمما يەنە سىنىڭ نۇرۇڭ بار.]

ھەق كەلامى قارا خەت ئىچرە تەجەللى كۆرسەتۇر،
ئەھلى بىنىشقە قارالىقتىن ئىمەسدۇر ئەيبۇ ئار.

[تەڭرىنىڭ سۆزى قارا خەت ئارقىلىق چاقناپ تۇرىدۇ، بىلىمدان كىشىلەرگە رەڭنىڭ قارا بولۇشى ئەيىب ۋە نومۇس ئەمەس.]

كەلدى ئەخبار ئىچرە شەنبە سەئد ئانىڭ كەۋكەبى،
سەئد ئەكبەر ئوزرە رەڭگى قارادۇر ساھىپ شىكار.

[رىۋايەتلەردە شەنبە كۈنىنىڭ يۇلتۇزى بەخت يۇلتۇزىدۇر، ئاشۇ بەخت يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى قارا، بۇ يۇلتۇز چىققان ۋاقىتتا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.]

چۈن «ئەلەيكۇم بىسسەۋادىل ـ ئەزەم» ئەيدى مۇستافا،
سەندەك ئاق يۇزلۇك قارانى ئەلدىن ئەتتىم ئىختىيار،

[مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە «چوڭ قارىنى[1] ئىختىيار قىلىڭلار» دېدى، شۇڭا مەن خالايىق ئىچىدە ساڭا ئوخشاش ئاق يۈزلۈك قارىنى خالىدىم.]

مادەرى ئەييامنىڭ ئاق پاختادەك پەرزەندىسەن ،
تەگمەسۇن كۆز دەپ ساڭا قىلمىش قارانى ئېئتىبار.

[زامان ئانىسىنىڭ ئاق پاختىدەك پەرزەنتى سەن، ساڭا كۆز تەگمىسۇن دەپ قارا تۇسنى ئېتىۋارغا ئاپتۇ.]

سىدقۇ ـ سەفۋەت كۆزلەرىنىڭ سەن قاراقى دەھر ئارا،
كۆزقارقىغە قارا بولماق سۇپەتتۇر بىغۇربار.

[دۇنيادىكى راستلىق، پاكلىقنىڭ كۆز قارىچۇقى سەن، كۆزنىڭ قارىچۇقىغا قارا بولۇش ئېسىل بىر سۈپەت.]

ئول ھەجەركىم ئۆپسە ئانى ئاقارۇر مومىن يۈزى،
كەئبە ئىچرە قار قىلىمىش رەڭگىنى پەرۋەردىگار.

[بىر تاش باركى ئۇنى ئۆپسە مۆمىنىنىڭ يۈزى ئاقىرىدۇ، شۇ تاش كەئبىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تەڭرى ئۇنىڭ رەڭگىنى قارا قىلغان .]

[1] «چوڭ قارا» ــ ئەرەب تىلىدا زور كۆپچىلىك مەنىسىدە.



كۇن ئېرۇر ئاق، تۈن قارا، كۆر پەزلىنى قۇرئاندا كىم،
تۇشتى «ۋەللەيل» ئەۋۋەلۇ كەلدى مۇئەخخەر «ۋەننەھار»

[كۈندۈز ئاق، كېچە قارا، كېچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قۇرئاندىن كۆرگىنكى، كېچە ئالدىدا، كۈندۈز ئاخىرىدا بايان قىلىنغان.]

ئىبتىدادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىش قارالىقدىن زۇھۇر،
ئابى ھايۋان چەشمەسى تاپمىش قارالىقدا قارار.

[ئەڭ دەسلەپ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى قارىلىقتىن پەيدا بولغان، ئابى ھاياتنىڭ بۇلىقىمۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە ئىدى.]

دىل سۇۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەر گاھى ئوشۇل،
شاھىدى سىررى ئىلاھى ئول قاراغا يارغار.

[ئىنساننىڭ كۆڭلىنىڭ نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە ئورۇنلاشقان، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ، تەڭرىنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتلىرىنىڭ شاھىدى پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ساقلانغان.]

ئەسلىگە راجىئ بولۇر ھەر شەيئ مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز،
ئەسلي ھەر شەيئىنىڭ قارادۇر كۆيدۇرۇپ كۆر ئاشكار.

[ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ سۆزگە ھەممە تەسلىم بولىدۇ. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلي قارادۇر، كۆيدۇرۇپ

كۆرسەڭ ئاشكارا بولىدۇ.]

ئول زۇھەلكىم تاپتى ئانىڭ دەۋرىدە ئادەم ۋۇجۇد،
چەرخ ئوزرە قارا رەڭ ئىلە قىلۇر ئەيدانى خار.

[ئادەم ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋاقىت زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ دەۋرى ئىدى، ئۇ بۇ ئالەمدە دۈشمەنلىرىنى قارا رەڭ بىلەن يەڭدى.]

ئالى ئاباس ئەيلەبان كىسۋەتلەرىنى قاپقارا،
قارا باسقاندا مۇخالىفتىن چىقارمىشلار دىمار.

[ئەرەب ئاباسلار سۇلالىسى قارا كىيىملەرنى كىيىپ، دۈشمەنلىرىنى قارا باسقاندا تارمار قىلمىدىمۇ؟]

ئاھەنى كىم شەئىنىدە نازىل ئېرور بەئىسۇن شەدىد،
رەڭگى باقكىم قارادۇر ئانىڭسىز ئولماس ھىچ كار.

[تۆمۈر قۇرئاندا ئەڭ قاتتىق، ئەڭ كۈچلۈك دەپ ئېتىراپ قىلىنغان نەرسە، ئۇنىڭ رەڭگى قارا، ئۇ بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ.]

ھەق دېدى باغى بېھىشت ئەۋسافىدا مۇدھەممەتان،
كىم قارا دېگەن بولۇر تەشەيىد ئىلەئى ھوشيار.

[تەڭرى بېھىشنى تەرىپلىگەندە مۇدھەممەتان دېدى. ھەي ھوشيار



كىشى مۇدھەممەتان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قارا دېگەن بولىدۇ.]

ئەتلەسۇ كىمخاپ ئوزە پەسلى زىمىستان ئىچرەدۇر،
قارا قۇندۇز، قارا شىرازىغە قەدرۇ ـ ئىفتىخار.

[زىمىستان قىش پەسلىدە ئەتلەس، كىمخاب كىيىم ئۈستىگە، قارا قۇندۇزدىن ياقا قىلىنغان، قارا شىراز تۇتۇلغان تون كىيىسە قەدىرلىك، ئىپتىخارلىق بولىدۇ.]

قارە تونلەردىن شەبى قەدرو شەبى مىئراج ئېرور،
قەئرى دەريا زۇلمەتىدو جايى دوررى شاھۋا.

[شەبى قەدرى ① ۋە مىراج ② قارا كېچىدە بولغاندەك، دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئەمما بۇ قاراڭغۇلۇقتا شاھلارغا لايىق گۆھەر بولىدۇ.]

باق زەبەرجەد سەقىپىنىڭ قەندىل بەيزاسىغا كىم،
قارا تۇن سىمۇرغىنىڭ ئول بەيزەسىدۇر زەرنىگار.

[كۆك ئاسماننىڭ چاراقلاپ تۇرغان چىراغلىرىغا قارا، ئاسماننى

---

① شەبى قەدرى ــ قەدىر كېچىسى رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كېچىسى بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەردە «قۇرئان» نازىل قىلىنغان كېچە بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىر كېچىسى دەپ ئاتالغان.

② مىراج ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەبرائىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاسمانغا چىقىپ ئاللا بىلەن دىدارلىشىپ قايتقان ۋەقە بولۇپ، بۇ ۋەقە كېچىدە بولغان. (قۇرئاندىكى ئىزاھقا قارالسۇن).

بېزەپ تۇرغان ئاشۇ چىراغ، قارا تۈن سۈمۈرغىنىڭ تۇخۇمى ئەمەسمۇ؟]

ئاقلارنى كۆيدۈرۈپ ئەيلەر كومۇر بۇ رەشك كىم،
تەڭرى ھېكمەت گەنجىن ئەتمىش قارا لۇقمانغا نىسار.

[ئاق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۆمۈر قىلىدۇ، بۇ ھەسەت قىلىنىشقا لايىقكى، تەڭرى ئىلىم - ھېكمەتنىڭ غەزىنىسىنى قارا لوقمانغا ① بەرگەن.]

خىزىرنىڭ ھەم بار قارەلىغ نىسبىتى بىر نەۋ ئىكىم،
قارادەرلەر، يېشىل بو سۆز گاھ شاھىد خەتتى يار.

[خىزىرنىڭ ھەم قارىلىققا مەلۇم نىسبىتى باركى، خىزىر (يېشىل) نى ھەم قارا دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سۆزگە مەشۇقلارنىڭ نىل رەڭ بويالغان قاش كىرپىكلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنى مەشۇقلارنىڭ يېشىل ئوسما سۈرمە بىلەن زىننەتلەنگەن قاش - كىرپىكلىرى قارا دەپ مەدھىيەلىنىدۇ.]

لەيلىنىڭ ھۆسنى قارالىغدىن فۇسۇنخان بولماسا،
قەيسىدەك ئاقىل ئاڭا مەجنۇن بولۇپ يىغلارمۇ زار.

[لەيلىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ قارىلىقى بىلەن مەپتۇن قىلمىغان

① لوقمان ــ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئىلىم - ھېكمەت ئالىمى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ئۇنىڭ چىرايى قارا ئىكەن.



بولسا، قەيس ① دەك دانا كىشى ئۇنىڭغا مەجنۇن بولۇپ زار يىغلامتى؟]

خال كىم مەھبۇبلارنىڭ ھۆسنىگە زىننەت ئېرۇر،
بولماسا رەڭگى قارا ئول ھۆسن ئاچىلماس باھار.

[مەڭ يارنىڭ ھۆسنىگە زىننەت بېرىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ رەڭگى قارا بولمىسا، مەھبۇب ھۆسنىنىڭ باھار گۈللىرى ئېچىلمايدۇ.]

قارالىقدىندۇر سەنەملەر ساچۇ قاشى دىلفەرىپ ،
قارالىقتىن تاپتى قىممەت ئەنبەرۇ مۇشكى تەتار.

[گۈزەل مەھبۇبلارنىڭ چېچى بىلەن قېشى قارا بولغانلىقتىن، كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدۇ، شۇنىڭدەك ئەنبەر بىلەن ئىپارنىڭ رەڭگى قارا بولغانلىقتىن قىممەتلىك.]

دىلرەبالىق ئىشۋەسىن كۆرگۈزسە شاھىد كۆزلەرى،
ۋەسىف ئىتەرلەر «قاراكافىر» دەپ ئۇنى ئۇششاق زار.

[قاراپ تۇرغان ئىككى كۆزى ئويناقشىپ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلسا، بىچارە ئاشىقلار ئۇنى «قارا كاپىر» دەپ تەرىپلەيدىغۇ.]

ھەق تەئالا رەھمەتىن ئالەمگە ياغدۇرماق ئۈچۈن،
ئاق بۇلۇتدىن قارە بۇلۇتتۇر زىيادە پەيزى بار.

① قەيس ــ لەيلىنىڭ ئاشىقى «مەجنۇن» نىڭ ئەسلىي ئىسمى.

[تەڭرى ئالەمگە ئۆز رەھمىتى — يامغۇرىنى ياغدۇرماق بولغاندا، ئاق بۇلۇتتىن كۆرە قار بۇلۇتنىڭ يامغۇرى كۆپ بولىدۇ.]

قاپ قارالىقدا قوزۇنراق بارچە گۈللەردىن ئىرۇر،
قارا رەيھان، ئەنبەر ئەفشان قارا سۇنبۇل مۇشكبار.

[گۈللەرنىڭ ئىچىدە رەڭگى ئەڭ قارىسى، ئەنبەر پۇرىقى چاچىدىغان قارا رەيھان بىلەن ئىپار پۇرىقى چاچىدىغان قارا سۇنبۇلدۇر.]

قارا ئەنگۇر ئابىدىن ئەتكەن مۇئەنبەر بادەنىڭ،
ئۇزگە تەسىرۇ خواسى باشقا بىر تەفرىھى بار.

[قارا ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن خۇش پۇراقلىق شارابنىڭ ئالاھىدە تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، كىشىنى ئىنتايىن خۇش كەيپ قىلىدۇ.]

رەڭگىلەردە قارادىن يوقتۇر يۇقارى ھېچ رەڭ،
كىم يۇقارى تۇرمىش ئانىڭ يۇلتۇزى ئەنجۇم سۇۋار.

[رەڭلەرنىڭ ئىچىدە قارىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان رەڭ يوق، چۈنكى قارا رەڭنىڭ يۇلتۇزى يۇلتۇزلار ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.]

ھەر زامان مەۋلانەزەر ئەيلەپ ئىنايەتتىن ساڭا،
قارا قۇل بولسۇن سىنىڭ ئالىڭدا بۇ تىلى ھىسار.



[تەڭرى ھەر زامان ساڭا نەزەر سېلىپ، ئىلتىپات كۆرسەتسۇن، بۇ قەشقەر قورغىنى ئەھلى ئالدىڭدا «قارا خىزمەتكار» بولسۇن.]

تاجى ـ دەۋلەت، تىغى نۇسرەت بىرلە بولغايسەن مۇدام،
كۆز قاراقىدەك سەرىرى ئىززەت ئۇزرە پايدار.

[دۆلەت تاجى بېشىڭدىن، نۇسرەت قىلىچى قولۇڭدىن چۈشمىسۇن، ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ تەختى ئۈستىدە كۆز قارىچۇقىدەك مۇستەھكەم تۇرغايسەن.]

ئوتقا تۇتقان قىل مەسەللىك يۈز قارا ھاسىدلىرىڭ،
قارا كۆنلەر ئىچرە غەمدىن تولغۇنۇپ بولسۇن نىزار.

[قارا يۈز ھەسەتخورلىرىڭ ئوتقا سالغان قىلغا ئوخشاش، قارا كۈنلەر ئىچىدە غەمدىن تولغىنىپ يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.]

ۋەقتىڭ ئولسۇن خۇشكى مەيدەك، تۆھپە قىلغان بۇ ۋەرەق
بىر قارا چايى مۇئەنبەر تەختەسىدۇر خۇشگۇۋار.

[ۋاقتىڭ مەي ئىچكەندەك خۇش ئۆتسۇن، ساڭا ئەۋەتىلگەن بۇ مەكتۇپ بىر تاختا خۇش پۇراق قارا چايدەك يېقىملىق تۇيۇلسۇن.]

# تەجەللى غەزەللىرىدىكى قارا رەڭ گۈزەللىكى

ئەھەت كەلپىن ئىنسانى

كىشىلىك تۇرمۇشتا «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزى تىلغا ئېلىنسا، كۆپىنچە ھاللاردا يورۇق تۇرغان قەلبىمىزنى غەشلىك تۇمانلىرى ئورىۋالىدۇ. «قارا» دىن ئىبارەت بۇ رەڭ بىزگە ئىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەلبىي مەنىنى ئىپادىلىگەندەك تۇيۇلىدۇ. قارا چاپلاش، قارا نىيەت، قارا بۇلۇت، قارا بوران، قارا قۇيۇن، قارىلىنىش، قارىلىق... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلنى غەش قىلغۇچى سۆزلەردىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۆز بىزنىڭ مېڭىمىزگە سەلبىي تەسىرلەرنى يەتكۈزىدۇ. ھەتتا پاسكىنىچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ «قارا» دىن ئىبارەت بۇ رەڭنى ئۆزىگە سىغدۇرغانلىقى ئۈچۈن دىتىمىزغا مۇتلەق سىغمايدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا «قارا» سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا، ئىشنىڭ يامان تەرەپلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. گۈلنىڭمۇ تىكىنى بولغىنىغا ئوخشاش، «تىكەن» كەبى بۇ رەڭنىڭ («قارا» سى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) گۈلى بارلىقى ھەققىدە كىلاسسىك شائىرىمىز ھۇسەيىنخان تەجەللى ئۆزىنىڭ «بەرق تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ناملىق قەسىدىسىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

«قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق بۇ قەسىدىنى شائىر، قەشقەردىكى دوستى نەزەربەگ سېلىمئاخۇن قازى ئوغلىغا بېغىشلاپ يازغان بولۇپ، بۇ قەسىدە «بەرق تەجەللى» («چاقماق نۇرى») ناملىق توپلام ئىـ



چىدىكى ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە ئەسەردۇر. قەسىدىدە، شائىر «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزىنىڭ گۈزەللىككە مايىل خۇسۇسىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق «قارا» بىلەن «ئاق» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئانالىزلىرىنى، شەيئىلەرگە بولغان باھاسىنى «ئاق» ۋە «قارا» دىن ئىبارەت مەجازىي ۋاسىتە ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق «قارا» سۆزىنىڭ گۈزەللىككە مايىل خۇسۇسىيىتىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئەتراپلىق چۈشەندۈرىدۇ.

قارا كۆز، قارا قاش، كۆز قارىچۇقى، قارا خال، قاراخان، قارا قۇندۇز (قۇندۇزدەك چاچ)، قارا رەيھان، قارا چاي... قاتارلىق سۆزلەردىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەتنىڭ ئىسىم بىلەن بىرىكىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان گۈزەل تەرەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزگە شەيئىلەرگە بىر تەرەپلىمە قارىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نەزىرىمىزدىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزىنىڭ ئۇنچىلا يىرگىنىچلىك سۆز ئەمەسلىكىنى، بەلكى گۈزەل سۆز ئىكەنلىكى قەيت قىلىدۇ. ئالايلۇق:

ئالەم ئانىڭ كۆزلىرىدە قارا بولسا يوق ئەجەب،
بىدىلى كىمدۇر قارا كۆزلەر بالاسىغا دۇچار.

(يۈرىكىدىن ئايرىلغان كىشى قارا كۆزلەرنىڭ بالاسىغا دۇچار بولغانلىقتىن، ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنسە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)

كۆز تىكىپ مەن بىر قارا قاش دىلرەباغا كىم ئۈزۈپ،
رىشتەئى ئۈلپەتنى، جىسمىم ئىگنەدەك بولدى نىزار.

(مەن بىر قارا قاش يارغا كۆز تىككەنىدىم، ئۇ ئۈلپەتچىلىك رىشتىسىنى ئۈزگەچكە، ۋۇجۇدۇم يىڭنىدەك ئورۇقلاپ ئاجىزلاشتى.)

كۆزلىرىم ئانىڭ قارا خالىن كۆرەرگە تەلمۈرۈر،
زەررەدەك كۆڭلۈم كەبى بولمىش قاراغلار بى قارار.

(ئۇنىڭ قارا خالىنى كۆرۈشكە كۆزلىرىم تەلمۈرىدۇ، كۆز قارىچۇقلىرىم پەرىشان كۆڭلۈمگە ئوخشاشلا بىتاقەت بولدى.)

قاتارلىق مىسرالىرىدا شائىر يۇقىرىقى قارىشىنى ئېنىق قىلىپ شەرھلىگەن.

شائىر يەنە:

ئىب - دادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىشى قارالىقتىن زۇھۇر،
ئابى ھايۋان چەشمەسى تاپمىش قارالىقدا قارار.

(ئەڭ دەسلەپ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى قارىلىقتىن پەيدا بولغان، ئابى ھاياتنىڭ بۇلىقىمۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە ئىدى.)

دىل سۇۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەر گاھى ئۇشۇل،
شاھىدى سىررى ئىلاھى ئول قاراغا يارغار.

(ئىنسان كۆڭلىنىڭ نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە ئورۇنلاشقان، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ، تەڭرىنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتلىرىنىڭ شاھىتى پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ساقلانغان.)

ئەسلىگە راجىئى بولۇر ھەر شەيئى مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز،
ئەسلى ھەر شەيئىنىڭ قارادۇر كۆيدۈرۈپ كۆر ئاشكار.

(ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ سۆزگە ھەممە تەسلىم بولىدۇ. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلى قارادۇر، كۆيدۈرۈپ كۆرسەڭ ئاشكارا بولىدۇ.)

قارا ئەنگۇر ئابىدىن ئەتكەن مۇئەنبەر بادەنىڭ،
ئۆزگە نەسرۇ خۇاسى باشقا بىر تەفرىھى بار.

(قارا ئۈزۈم سۈيىدىن ئىشلەنگەن ئىچىملىكنىڭ ئۆزگىچە تەسىرى، باشقىچە پەيزى بار.)



دېيىش ئارقىلىق قارا رەڭ گۈزەللىكىگە بولغان پەلسەپىۋى ۋە ماتېرىيالىستىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزىنىڭ ئەجايىپ تەرەپلىرىنى ناھايىتى جانلىق ۋە دادىل ئىزاھلايدۇ. بىزدە «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دەيدىغان ماقال بار. مۇشۇ ماقال بىزگە «قارا» نىڭ يامان خاراكتېرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يامان نىيەتلىك، ئەسكى ئادەملەرگە قارىتا ئېيتىلغان ماقال بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇنى ھەرگىزمۇ ئومۇملۇق دائىرىسىگە كۆتۈرۈۋالماسلىقىمىز لازىم.

شۇڭا، تەجەللىنىڭ بۇ قەسىدىسىنىڭ روھى بويىچە شەيئىلەرنى زىددىيەتلىك ئىككى تەرىپىنى كۆزىتىشكە ۋە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيە يۇرچى ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# تەجەللى غەزەللىرىدىكى قارا رەڭ گۈزەللىكى

ئەھەت كەلپىن ئىنسانى

كىشىلىك تۇرمۇشتا «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزى تىلغا ئېلىنسا، كۆپىنچە ھاللاردا يورۇق تۇرغان قەلبىمىزنى غەشلىك تۇمانلىرى ئورىۋالىدۇ. «قارا» دىن ئىبارەت بۇ رەڭ بىزگە ئىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەلبىي مەنىنى ئىپادىلىگەندەك تۇيۇلىدۇ. قارا چاپلاش، قارا نىيەت، قارا بۇلۇت، قارا بوران، قارا قويۇن، قارىلىنىش، قارىلىق... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلنى غەش قىلغۇچى سۆزلەردىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۆز بىزنىڭ مېڭىمىزگە سەلبىي تەسىرلەرنى يەتكۈزىدۇ. ھەتتا پاسكىنىچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ «قارا» دىن ئىبارەت بۇ رەڭنى ئۆزىگە سىغدۇرغانلىقى ئۈچۈن دىتىمىزغا مۇتلەق سىغمايدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا «قارا» سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا، ئىشنىڭ يامان تەرەپلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. گۈلنىڭمۇ تىكىنى بولغىنىغا ئوخشاش، «تىكەن» كەبى بۇ رەڭنىڭ («قارا» سى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) گۈلى بارلىقى ھەققىدە كىلاسسىك شائىرىمىز ھۈسەيىنخان تەجەللى ئۆزىنىڭ «بەرق تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ناملىق قەسىدىسىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

«قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق بۇ قەسىدىنى شائىر، قەشقەردىكى دوستى نەزەربەگ سېلىمئاخۇن قازى ئوغلىغا بېغىشلاپ يازغان بولۇپ، بۇ قەسىدە «بەرق تەجەللى» («چاقماق نۇرى») ناملىق توپلام ئى-



چىدىكى ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە ئەسەردۇر. قەسىدىدە، شائىر «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزىنىڭ گۈزەللىككە مايىل خۇسۇسىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق «قارا» بىلەن «ئاق» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئانالىزلىرىنى، شەيئىلەرگە بولغان باھاسىنى «ئاق» ۋە «قارا» دىن ئىبارەت مەجازىي ۋاستە ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق «قارا» سۆزىنىڭ گۈزەللىككە مايىل خۇسۇسىيىتىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئەتراپلىق چۈشەندۈرىدۇ.

قارا كۆز، قارا قاش، كۆز قارىچۇقى، قارا خال، قاراخان، قارا قۇندۇز (قۇندۇزدەك چاچ)، قارا رەيھان، قارا چاي... قاتارلىق سۆزلەردىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەتنىڭ ئىسىم بىلەن بىرىكىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان گۈزەل تەرەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزگە شەيئىلەرگە بىر تەرەپلىمە قارىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نەزىرىمىزدىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزىنىڭ ئۇنچىلا يىرگىنچلىك سۆز ئەمەسلىكىنى، بەلكى گۈزەل سۆز ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئالايلۇق:

ئالەم ئانىڭ كۆزلىرىدە قارا بولسا يوق ئەجەب،
بىدىلى كىمدۇر قارا كۆزلەر بالاسىغا دۇچار.

(يۈرىكىدىن ئايرىلغان كىشى قارا كۆزلەرنىڭ بالاسىغا دۇچار بولغانلىقتىن، ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنسە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)

كۆز تىكىپ مەن بىر قارا قاش دىلرەباغا كىم ئۈزۈپ،
رىشتەئى ئۈلپەتنى، جىسمىم ئىگنەدەك بولدى نىزار.

(مەن بىر قارا قاش يارغا كۆز تىككەنىدىم، ئۇ ئۈلپەتچىلىك رىشتىسىنى ئۈزگەچكە، ۋۇجۇدۇم يىڭنىدەك ئورۇقلاپ ئاجىزلاشتى.)

# مەۋلانە ھۆسەيىنجان تەجەللى

ئابدۇللا ئوسمان

ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر مەۋلانە ھۇسەيىنخان تەجەللى ھىجرىيە 1246 ـ يىلى (مىلادىيە 1848 ـ يىلى) قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زۇڭلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

تەجەللى ھەزرىتىم گۆدەك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ھەرەمگە چىققان ۋە باشلانغۇچ دەرسلىكلەرنى ئەرەبىستاندا تاماملىغان. شۇنىڭدىن كېيىن دېھلى دارىلئۇلۇم مەدرىسەسىدە، ئىراننىڭ ئىسفاھان دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان. ئاخىرىدا كابۇل دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇشنى تاماملىغان. ئۇ ئەلا ئوقۇغانلىقتىن ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىدا زامانداشلىرى ئۇنىڭغا «تەجەللى ـ مۇجەللى» دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغان. تەجەللى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەكەندىكى ئەڭ چوڭ «يېشىل مەدرىسە» گە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن.

تەجەللى تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، لوگىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەت، خىمىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى بىلىمى، گۈزەل ـ ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە شائىرلىقتىكى يۈكسەك ماھارىتى ئارقىلىق بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ، ئالىم ئۆلىمالارنىڭ ھەم ئاۋام خەلقنىڭ زور ئالقىش ـ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان. لېكىن، بەزى خۇراپىي مولللار ۋە مۇتەئەسسىپلەر تەجەللىگە ھەسەت قىلىپ ھەر خىل تۆھمەتلەرنى چاپلىغان. ئۇلار جامائەت ئارىسىغا «تەجەللىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ساپ ئەمەس»، «تەجەللى شىئە مەزھىپىدىكى ئادەم»، «ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلماڭلار» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىپ، تەجەللىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغان. گەرچە بۇنداق پىتنە ـ پاساتلار تەجەللىنىڭ ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئازابلاپ دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان. تەجەللى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈر قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇن ساتىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخور مۇتەئەسسىپلەرنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان.

لېكىن، تۆھمەتچى ھەسەتخورلار ھۇجۇمنى توختاتمىغان. ئۇلار تېخىمۇ رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، تەجەللىنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە چېقىشتۇرغان ھەم كۇتۇپخانىسىغا ئوت قويۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان. دەل مۇشۇنداق كەسكىن پەيتتە مەرىپەتپەرۋەر زات مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم يەكەنگە بېرىپ تەجەللىنى قاغىلىققا كۆچۈرۈپ كەلگەن. قاغىلىق خەلقى تەجەللىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ، قىزغىن قارشى ئالغان. مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىگە قازىلىق، مۇپتىلىق، مۇدەررىسلىككە ئوخشاش خىزمەتلەرنىڭ بىرەرىنى ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بىراق تەجەللى خالىي ئاق جايغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەكلىپلەرنى رەت قىلغان. غوجىئېرىق يېزىسىدىكى نىزامىدىن ھاجى دېگەن كىشى تەجەللىنىڭ ئارزۇسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن شورئېرىقتىكى باغ ھويلىلىق ئازادە بىر يۇرۇش ئۆيىنى تەجەللىگە خالىسانە تەقدىم قىلغان. تەجەللى شورئېرىققا ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ 20 نەچچە يىلغىچە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن تە-

جەللى گۇمىلىق ئالىم ـ ئۆلىما ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم، شائىر ئىسمائىل ھاجىملارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن گۇمىنىڭ كىلىياڭ يېزىسىنىڭ كۇتام (كۆھتام) كەنتىگە بېرىپ ئىلمىي مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. ئارىدىن 7 يىل ئۆتكەندە قاغىلىقتىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى قاغىلىقنىڭ يېتىملىقۇم يېزا كاسكا كەنتىگە تەجەللى ئۈچۈن ئالاھىدە باغ ھويلىلىق ئازادە تۇرالغۇ تەييارلاپ ئۇنى قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغان. تەجەللى كاسكىغا قايتىپ كېلىپ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئۆلمەس مېۋىلىرىدىن بولغان «تۆھپەتۇل بەررەيىن»، «دىۋان ئەرەبى»، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»، «سەبدەرنامە»، «تىلسىمى ئىشق»، «قۇرئان كەرىم نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرى» قاتارلىق كىتابلىرىنى تۈپلەپ تەييارلىغان. ئۇنىڭ «بەرق تەجەللى ـ سەبەق مۇجەللى»ناملىق تەۋررۇك كىتابى 1899 ـ يىلى ھۇسەيىنباي ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلارنىڭ خىراجىتى بىلەن قەشقەردە تاش مەتبەدە بېسىلىپ نەشر قىلىنغان.

ئالەمشۇمۇل ئىجتىھاتلىق شائىر، مەشھۇر ئالىم، كاتتا تېۋىپ مەۋلانە ھۇسەيىنجان تەجەللى ھەزرىتىم ھىجرىيە 1345 ـ يىلى، رامىزاننىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادىيە 1927 ـ يىلى) ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە كاسكا مازارغا دەپنە قىلىنغان.

تۆۋەندە تەجەللى ھەزرىتىم ئەسەرلىرىدىن ئازغىنە ئۆرنەك تەييارلىدۇق.

## غەزەللەر

### مۇبارەك

تىغى ھىلالە ئوخشار ئەي دىل ساڭا مۇبارەك،
ئەيدى شاھادىتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇباردەك.



سەن شەيخ زوھدشىۋد، مەن رىزى ئىشق پىشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم سەھبا ماڭا مۇبارەك.

مەيخانە ئەھلى بولكىم مۇتلەق سائادەت ئاندا،
كىم زۇھد مۇھتەملىدور، ياشۇم يا ـ مۇبارەك.

گۇلگۇنە قويمىش ئول ماھسەن پاناباتتىڭ ئەي كۆز ـ
مىژگانىڭ ئىلىكى ئۇررە رەڭگى ھىنا مۇبارەك.

ئالىمغا چىقتى ئۇل ماھ بولدى رەقىب ھايىل،
گويا خۇسۇبدۇر بۇ يۇز قارەنا مۇبارەك.

بول رەنىڭ بىرلە چىقساق ئالەمگە ئوت ياقارسەن،
ئى شوخ سەرۋ قامەت گۇلگۇن قابا مۇبارەك.

سەن شوخ مەس قاتىل مەن ئاشىقى رىزاجۇي،
سەندىن جاپا موناسىپ مەندىن ۋاپا مۇبارەك.

ئۇششاق زولغۇ چەشمىڭ بولسا بالا ۋە پىتنە،
بول پىتنە ھەم ھومايۇن ھەم ئوغۇل بالا مۇبارەك.

بۇسە سوئالىن ئەتسەم خاموش ئولورگى گويا،
زەئىمىدەدور «نەئەم» شۇم ئانداغى «لا» مۇبارەك.

ھەردەردۇ غەم كى ئانى، ئىشقى كىدىن ئالسا ساتىپ،
كۆڭلۈم سەدا چىكەر بۇ، ياسائىد يا مۇبارەك.

بۇ رەسىم نا مۇبارەك تەلىم كىمدىن ئالدىڭ،
مەندىن يۈزۈڭ يوشۇردۇڭ ئى گۈل ھايا مۇبارەك.

سەرما يەئى خىرەد غەزولغۇڭ جۇنونىن ئالدىم،
يارەبكى بولماسۇن بۇ سەۋدايى نا مۇبارەك.

ساچىڭغا خوش ئاسلىمىش كۆڭلۈم بالانى ئىستەب،
دامانىدا سەخىنىڭ دەستى گەدە مۇبارەك.

يۈز قويدى خانە قاھدىن مەيخانەغە تەجەللى،
جامى شاراب بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.

(ئابدۇللا ئوسمان: قاغىلىق ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيەگە چىققان. 1941 - يىلى تۇغۇلۇپ، 2010 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.)



# تەجەللىنىڭ قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرى

ئابدۇراخمان باقى

ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار 1890 - يىلى چەت ئەلدىن تېخنىكىلىق ئۆلچىمى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان «مەتبەئى خۇرشىد» (قۇياش مەنبەسى، نۇر مەنبەسى) ناملىق تاش مەتبەئەنى كىرگۈزۈپ، ھۈسەيىنخان تەجەللى (1848 ~ 1927) نىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىغا ئاساس سالدى. بۇ مەتبەئەدە بېسىلغان تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى - سەبەق مۇجەللى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدرىسە مەكتەپلىرىدە تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىلغان بولسىمۇ، 2004 -، 2005 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئومومىي كاتالوگىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى كۇتۇپخانا، ئارخىپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، ج خ ئىدارىسى قاتارلىق قەدىمكى كىتاب ساقلىنىۋاتقان ئورۇنلاردىن كىتابخۇمار خەلقلەردىن 200 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى كىتابنى ئېنىقلاپ، يىغىپ

توپلاپ، بۇ كىتابلار ئىچىدىكى باشقا ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق قە-
دىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا يىغىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى كىتابلار-
غا نۇسخىسى، مەزمۇنى، ھەجمى ئوخشىمايدىغان 786 پارچە قەدىمكى
كىتابلارنىڭ ئومومىي كاتالوگىنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى
ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا يوللىدۇق بۇ ئومۇمىي كاتولوگ پات ئارىدا
نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئەپسۇس، ھىجرىيە 1371 ـ
(مىلادىيە 1899 ـ 1900 ـ يىلى) يىلى «مەتبەئى خۇرشىد» (قۇياش مەن-
بەسى، نۇر مەنبەسى)، دە 1000 نوسخا بېسىپ تارقىتىلغان «بەرق تە-
جەللى ـ سەبەق مۇجەللى» ناملىق كىتابنى شۇنچە قېتىرقىنىپ ئاخ-
تۇرغان، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئىزدىگەن بولساقمۇ ئاران ئىككى
پارچە تېپىلدى. بۇ ئىككى پارچە كىتابنىڭ 144 بەتلىك بىر پارچىسى-
نىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى 2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى
ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا تاپشۇرغان
ئىدىم. يەنە بىر پارچە كىتاب 52 بەت بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي
كاتالوگىنى 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىشلەپ، ئاپتوم رايون-
لۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا يوللىغان ئىدىم. بۇ يەردە ئالىملار،
يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىگە قىزىقىدى-
غان كىتابخۇمار خەلقىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ئىككى كىتاب-
نىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1 . بەرق تەجەللى ـ سەبەق مۇجەللى

تومغا بۆلۈنمىگە، بىر قىسىم، 144 بەت، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ
يىللىرى ھۈسەيىنخان تەجەللى ئەرەب يېزىقى بىلەن تەئلىق خەت نۇس-
خىسىدا يازغان.

بۇ شائىرنىڭ ئەرەبچە، پارسچە، قىسمەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلدا يې-
زىلغان غەزەللىرى، مەكتۇپلىرى قەسىدىلىرى، مۇخەممەسلىرىنى ئۆز



ئىچىگە ئالغان شېئىرلار توپلىمى.

شائىرى ئۆزىنىڭ شېئىرى ماھارىتىنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا
نامايان قىلىش مەقسىتىدە يازغان. ئۇنىڭدا ئاللاھنى ماختاش، پەيغەم-
بەر ۋە چارياالرغا بولغان مەدھىيە قاتارلىقلاردىن كېيىن، ساپ مۇھەب-
بەت، دوستلارنى سېغىنىش ۋە ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت، ساداقەت، ۋاپا
قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇش، ئەركىن مۇھەببەت ۋە
رېئال ھايات گۈزەللىكىنى سۆيۈش، ھەقىقەت، ئادالەت ھەم ئىلىم ـ مە-
رىپەتنى ئۇلۇغلاش، ئىنسانىي مۇھەببەت، ھىجران ئازابىنى كۈيلەش-
تىن باشقا دىنىي مەزمۇنلاردا يېزىلغان بىر قىسىم قەسىدىلەردە ئاللاھ-
نىڭ ھېكمىتى، پەيغەمبەرنىڭ پەزىلەتلىرى مەدھىيەلەنگەن.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى
بولغان تەجەللى ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا
قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.

بۇ ھىجرىيە 1317 ـ (مىلادىيە 1899 ~ 1900) يىلى قەشقەر «مەتبە-
ئى خۇرشىد» مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى
زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يىپلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ
رەڭگى قارا، كىتاب يۈزى (فورماتى) 5.5×17.24 سانتىمېتىر، خەت
چۈشكەن بەت يۈزى 5.12×17 سانتىمېتىر يان سىزىقى قوش سىزىق-
لىق رامكا شەكلىدە، ھەربىر بەتتە 17 قۇر خەت بار. خەتسىز بەت يۈزى
ئاق، خەتسىز يۈزىنىڭ باشقا خۇسۇسىيىتى يوق، كۆك رەڭ بىلەن
ئىشلەنگەن يۇمشاق مۇقاۋىلىق، شېئىرلار تىك سىزىق ئارقىلىق
ئىككى رەت قىلىپ يېزىلغان، يان تەرەپكە يەنە تىك شەكىلدە تۆت
بېيىت بېرىلگەن. تولۇق ياخشى ساقلانغان. قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىم-
كى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 108GA×13 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن
ساقلانماقتا.

2. بەرق تەجەللى ــ سەبەق مۇجەللى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 52 بەت، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ھۈسەيىنخان تەجەللى پارس، يېزىقى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان. ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە يېزىلغان شېئىر.

كىتاب ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى بۆلەك بەرق تەجەللى، ئىككىنچى بۆلەك سەبەق مۇجەللى. ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە كىشىلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشكە، نادانلىق، بىخۇدلۇق، بىلىمسىزلىككە قارشى تۇرۇشقا، شېرىن سۆزلۈك، ئەخلاقلىق، شەرم ـ ھايالىق، نومۇسچان بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ؛ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى «سەبەق مۇجەللى» دە، قەشقەرنىڭ ساپ ھاۋالىق، گۈزەل جاي ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئىشچان، مۇلايىم، شېرىن سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ھەمدە شەمسىدىن داموللا قاتارلىق بىرنەچچە ئالىملار بىلەن يېزىشقان «مۇۋەششەھ» لىرى بېرىلگەن، بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇرچە مەدرىسە ـ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكىنى بولۇپمۇ تەجەللىنىڭ شېئىريي ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

بۇ ھىجرىيە 1317 ـ (1899 ـ 1900) يىلى قەشقەر «مەتبەئى خۇرشىد» مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۇپلىنىشى يېپىلىق، سىياھ رەڭگى قارا، كىتاب يۈزى 9 × 5.17 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزى 15×21 سانتىمېتىر، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەربىر بەتتە 17 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار. خەتسىز بەت يۈزىگە شەرھى يېزىلغان. لاتىدىن پاتلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، شېئىرلار ئىككى رەت يېزىلغان، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى



Gp.1 × 75 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

3. دىۋان ھۈسەيىنخان تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم 69 بەت، ھىجرىيە 1325 ـ يىلى (مىلادىيە 1905~ 1906 ـ يىللىرى ) يېزىلغان. ھۈسەيىنخان تەجەللى ئەرەبچە تەئلىق خەت نۇسخىدا يازغان.

بۇ مىلادىيە 1915 ~ 1916 ـ يىللىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخا بولۇپ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ ـ 1257 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. غەيرەتجان ئوسمان، جاپپار روزى تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى 1190 ـ، 1192 ـ بەت.

2. قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئومۇمىي كاتالوگنىڭ كومپيۇتېر نۇسخىسى 16 ـ بەت.

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدا)

# ئالىم تەجەللىنىڭ بەزى ئىش - پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

مۇختار مامۇت مۇھەممەدى

ئالىم مەۋلانە ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى خەلقىمىزنىڭ مائارىپ، تىبابەت، خىمىيە، ئاسترونومىيە ساھەسىگە زور تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، نەشرىياتچىلىق - گېزىتچىلىك ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، ۋەتىنىمىزگە، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىگە شۇم نىيەتلىك



جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا دىن تارقىتىۋاتقان غەرب مىسسىيونېرلىرى (فىنلاندىيە) ماداخان فوتوسى



قىلىۋاتقان چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرىغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئالىم تەجەللى 1870 - يىلى 22 ياش ئەتراپىدا چەت ئەلدىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ يېتىلگەن شائىر ۋە ماھىر تېۋىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھاكىمىيەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ. شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز زېمىنىدا ئېلىپ بارغان دىن تارقىتىش ھەرىكىتىگە قاتتىق خۇرسىنىدۇ. تەجەللىنىڭ يېقىن بۇرادىرى شائىر پۇرقەت بىر شېئىرىدا:



جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېت مىسسىيونېرلىرى



قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى لەڭگەر



شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتى



شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ يەكەندىكى دىن تارقىتىش پونكىتى



قەشقەردىكى بوياش ئىشچىلىرى ئاپتاپقا سالغان بوياق رەختلەر.

«ئىنگلىز زۇلمىدىن
بەزگەن تەجەللى،
مەن بىلەن ئۇچرا-
شىپ تاپتى تەسەللى.»
دەپ يازىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللار-
دا خاتىرىلىنىشىچە،
(غەربىي قاراخانىيلار سۇلا-
لىسى دەۋرىدىلا) خىرىستى-
يان دىنىنىڭ ناھايىتى
كىچىك بىر مەزھىپى نىس-
تورىيان نامى بىلەن
غەربىي يۇرت (قوربغار) قا
تارقالغان.① يۈەن سۇلالى-
سى دەۋرىدىن كېيىن
ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسى-
يادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلى-
گەنلىكتىن ئۇنىڭ تەسىرى
ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈز-
لەنگەن. لېكىن، پەننىي ما-
ئارىپ ئارقىلىق تەرەققىي
قىلدۇرۇلغان دۇنيا مەدەنىيى-
تىگە سىڭىشتۇرغاندا

① غەربىي يۇرت — قوربغار دەپ ئاتالغان.



نوقۇل دىنىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ۋە باشقا ئەللەر-
نىڭ كەينىدە قېلىۋاتقان قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا قال-
غانلىقى قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەرلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى. مانا
مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، 1885 ـ يىلى ئۈستۈن ئاتۇشتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر
تۇنجى پەننىي مائارىپ مەكتىپىدە ئىستانبۇل، قازان، تاشكەنت قاتار-
لىق شەھەرلەردە نەشر قىلىنغان كىتابلار تاللاپ ئوقۇتۇلدى. لېكىن، بۇ
ماتېرىياللار دەۋرنىڭ تە-
لىپى، جەمئىيەتنىڭ
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ
كېتەلمىدى. شۇنىڭ
بىلەن مىللەتنىڭ يېتى-
لىشىگە ئويغۇن بولغان،
يەرلىك ئالاھىدىلىك
ئەكس ئەتكەن دەرسلىك
ماتېرىياللارغا ئېھتىياج
تۇغۇلدى.



ئات ھارۋىسىدىكى قەشقەر قىزلىرى

مەرىپەت بىلەن جا-
ھالەتنىڭ زىددىيىتى
كەسكىنلەشكەن يېڭىچە
مەدەنىيەت ۋە مائارىپ
قارشىنى خەلق دەرمە-
ھەل قوبۇل قىلىپ كې-
تەلمەيۋاتقان تارىخىي شا-
رائىتتا مىللەتنى قۇتۇل-
دۇرۇش ـ ئويغىتىش



شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ يېڭىسارىدىكى دىن تارقىتىش پونكىتى



قەشقەردىكى شىۋېت دوختۇرخانىسى

ئۇچۇن تەشۋىقات ۋە تەرغىبات
ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجىمۇ
شۇ دەۋرىدىكى ئالىملار ۋە ۋە-
تەنپەرۋەر ئەقىل ئىگىلىرى-
نىڭ زىممىسىگە چۈشكەن
ئىدى.

مانا مۇشۇنداق زۆرۈر-
يەتلەر تۈپەيلىدىن ئاكا ـ ئۇكا
مۇساباي‌وفلار 1890 ـ يىللى-
رى چەت ئەلدىن تېخنىكى-
لىق ئۈلچىمى بىرقەدەر يۇقى-
رى بولغان «مەتبەئى
خۇرشىد، مەتەللى نۇر»
(قۇياش مەتبەئەسى ـ نۇر مەت-
بەئەسى) ناملىق تاش مەتبەئەنى كىرگۈزدى ۋە ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاق-
لىق مۇتەپەككۇر ئالىمى ۋە شائىرلىرىدىن ھۇسەيىنخان تەجەللى بىلەن
قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ[1] ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ، ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكىگە ئاساس سالدى. باھاۋۇدۇن باي ئۆزىنىڭ

---

① قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان ۋە دىنىي ئىلىم
ئالغان، قاھىرە، ئىستانبۇل ۋە بۇخارادا ئوقۇغان. تارىخىي بىلىملەرنى ئەتراپلىق
ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا
كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە شۇ مەزگىللەردە قەشقەردە ئېچىلغان پەننىي مەكتەپلەردە
تارىخ دەرسى ئۆتۈپ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلىگەنىدى. ئۇنىڭ «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئى
كاشغەر» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.
شەۋقى مىلادى 1937 ـ يىلى ئاپرېلدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ،
شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆلتۈرۈلگەن.



ئىلغار ئىدىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە، مائارىپ تەشكىلاتچىلىقى بىلەن شۇ
غۇللىنىپلا قالماي، ئۆز ئەتراپىدىكى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى مەرىپەتپەر-
ۋەر كىشىلەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. جۈملىدىن ھۇسەيىن-
خان تەجەللى، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىق بىلىم
ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن دائىم سىردىشىپ تۇردى ھەمدە
تەجەللى ۋە قۇتلۇق شەۋقىنىڭ مەتبەئەنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشى ئۈچۈن
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى.

ئالىم تەجەللىنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولغان «بەرق تەجەل-
لى ـ سەبەق مۇجەللى» 1899 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق ھاجى
شەۋقىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي يارد-
مى بىلەن قۇرۇلغان بۇ تاش مەتبەئەدە 1000 نۇسخا بېسىلدۇ. بۇ توپ-



يەكەندىكى قىمارۋازلار

لامغا تەجەللىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يازغان 17 پارچە قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلىرى، دوستلىرىغا يازغان شېئىرىي سالام خەتلىرى كىرگۈزۈلگەن. تەجەللى بۇ كىتابىدا:

«ھە قايىقدا گاھ ئەجدەرھادەك ئۆرۈپ دەم،
مەرىفدە گاھ ئارسلاندەك يۈرەلىم.
باھاردا ۋاپا يوق غەنىمىيەتتۇر ئول كىم،
چىمەن ئىچرە بىر بەزمە ئىشرەت قۇرەلىم.

(ئىلىمدە ئەجدىھاغا ئوخشاش دەم تارتىپ، مائارىپتا يولۋاس سۈپەت يۈرەيلى، باھارنىڭ ۋاپاسى يوق. ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ، گۈلشەن ئارا ئىشرەت بەزمىسى قۇرايلى)» دەپ يازىدۇ.

بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىدۇ، ئالىمنىڭ ھۆرمىتى ۋە شان شۆھرىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ.



شۇبت دوختۇرخانىسىدا كېسەل كۆرسىتىۋاتقان يەرلىك بىمارلار





شۇبت مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىك ساھەسىدىكى تۆھپىسى بىلەن خەلق ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان مەدەنىيەت تەرغىباتچىسىنىڭ بىرى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876 ~ 1937) بالىلىق دەۋرىدە قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇپ، كېيىن مىسىر، تۈركىيە، بۇخارا قاتارلىق رايونلاردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. جامالىدىن ئاففانى باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن باھاۋۇدۇن باينىڭ تەكلىپى بىلەن «مەتبەئى خۇرشىد» مەتبەئەسىدە ئالىم تەجەللى بىلەن مۇھەررىرلىك قىلغان.

دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى ئالىم بۇ مەتبەئەدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى، جاھالەتكە قارشى كۈچلۈك ئوتنى ياقتى. ئادالەت ـ ھەققانىيەتكە ئىنتىلىدىغان



قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىنىڭ نابۇر بۆلۈمى

مەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز، ئۇيقۇ ئۆلۈمدىن
دېرەك بېرىدۇ! ھېلىھەم ئويغىنىشقا ۋاقىت - پۇرسەت بار» دېگەن جا-
راڭلىق خىتابلىرى خەلقنى نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە بېرىشكە چا-
قىرغان.

يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەشەببۇس-
چىسى ۋە تەشكىلاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىل-
غان، خەلقنىڭ ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان،
قالاق، دوگما دىنىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇش
مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيال جەھەتتە بىر قاتار يېڭىلاش
ئېلىپ بارغان، بولۇپمۇ ئۇ رېئاللىق ۋە دەۋر تەلىپىنى ئاساس قىلىپ،
دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا بىر قىسىم دۇنيا-



ۋى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش يولىدا زور كۈچ سەرپ قىلغان. «مەتبەئى
خۇرشىد» دا بېسىلغان ئۇنىڭ «ئەقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)،
«مۇتالىئە ھىدايەت» (توغرا يول ئۈستىدە ئىزدىنىش)، «مىفتاھۇل
ئەدەب» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) گە ئوخشاش ئون نەچچە پارچە ئەسىرى
ئەينى مەزگىل يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىدا مۇھىم دەرسلىكلەر قىلىن-
غان. ئۇ «ئەقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« ــ ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقىغا بائىس نېمەدۇر؟

ــ ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى
تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتۇر.

ــ ئىززەت - ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ــ ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ».

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «ئەقائىد زۆرۈرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»



قەشقەردىكى شۋېتلار




قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانى-
سىدا بېسىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ
تۇنجى ئىملا قائىدىسى




قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانى-
سىدا بېسىلغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ رە-
سىملىك ئېلىپبەسى»

ناملىق ئەسەرلىرى ئۇفادا، «مىفتاھۇل ئەدەب» ① ناملىق ئەسىرى مىلا-دىيە 1910 ـ يىلى ۋە 1911 ـ يىللىرى تاشكەنت ۋە قوقەنتتە، «سەرب نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكىس)، «ئەقائىد جەۋھەرىيە» (ئېتىقاد-لىك ئەقىدىلەر)، «مۇتالىئە ھىدايەت»، «بىدايەتۇس سەرب» («لېكسىكى-دىن دەسلەپكى ئاساس»)، «تەلىمى سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە) گە ئوخشاش ئون پارچىغا يېقىن ئەسىرى قەشقەردە باھاۋۇدۇن مۇسابايوپ-نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان «مەتبەئى خۇرشىد، مەنبەئى

① «مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق كىتابقا تەجەللى ھەزرەتنىڭ نۇرغۇن شېئىر-لىرى كىرگۈزۈلگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان دىنىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىنىپ ئۆتۈلگەن.



نۇر» (قۇياش مەنبەسى، نۇر مەنبەسى) مەتبەئەسىدە مىلادىيە 1910 ـ يىلى بېسىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئابدۇقادىر داموللا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلاھات ـ يېڭىلاش روھىدىكى يېڭى ئىجتىمائىي ئاڭ، ئويغىنىشنىڭ ۋە شۇ ئاساستىكى يېڭى مەرىپەتچىلىك ئېقىمىنىڭ بارلىققا كېلىشى، يېڭى مەكتەپ مائا-رىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە تەرەققىيات يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆر-سەتكەن. چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرغان، ياش ـ ئۆسمۈرلەر-نىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ بىر قانچە يېرىدە يېتىم ـ يېسىرلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرغان، ئابدۇ-قادىر داموللا مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلىش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان




رەسىملىك ئېلىپبە كىتابىنىڭ
بىر بېتى




ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» كىتابىنىڭ
داۋامى




1935 ـ يىلى قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانىسى بېسىلغان «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»




قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان تۇنجى ئۇيغۇرچە «جۇغراپىيە» دەرسلىكى

شاگىرت تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن، شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيە قاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

«ئىلمىي تەجۋىد» (قىرائەت)، «ئەقائىد جەۋھەرىيە» (ئەقىدىلەر جەۋھەرلىرى)، «نەسايىھۇل ئەتپال» (ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «نەسىھەتى ئامما» (ئاممىغا نەسىھەت) قاتارلىق ئەسەرلىرى تەجەللى ۋە شەۋقىلەرنىڭ مۇھەررىرلىكى ۋە زور ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن «مەتبەئى خۇرشىد، مەنبەئى نۇر» مەتبەئەسىدە بېسىلغان، بۇ كىتابلار ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشقان، تەرەققىياتنىڭ قەدەمىگە ئۇيغۇنلاشقان بولۇپ، مەكتەپلەرنى دەرسلىك قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرغان.



شىۋېتلارنىڭ شۇ دەۋرىدىكى خىرىستىيان دىن تارقىتىش تەشۋىقات ۋاراقلىرى بەك ئاۋۇپ كەتكەچكە، گېزىت چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەم زۆرۈرلىكىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلغان باھاۋۇدۇن باي 1905 ـ يىلى سىرت دۆلەتلەردىن گېزىت بېسىشقا ماس كېلىدىغان تاش مەتبەئەنى كىرگۈزۈپ، گېزىتنىڭ نامىنى مىللەتنىڭ ئېڭىنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن «ئاڭ گېزىتى» دەپ نام قويىدۇ.

1910 ـ يىلى تەجەللى ۋە قۇتلۇق شەۋقى مۇھەررىرلىكىدىكى «ئاڭ گېزىتى» دە، شەۋقىنىڭ:

«بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس! دەپ ئۇنىڭغا بۇيرىسام،
ئۆزسە خەلقىم بويىنىدىن خارلىق ـ كىشەن زەنجىرىنى.




ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» كىتابىنىڭ داۋامى




قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان سىلمالاگېرلوفنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى




1932 ـ يىلى قەشقەردىكى شىۋېت باسمىسىدىكى كىتابلارنىڭ كاتالوگى



قەشقەردە 1912 ـ يىلى شىۋېت باسمىسىدا بېسىلغان «ھەسەننىڭ ئۆيى» ناملىق ئەدەبىي ئەسەر

گەر خارەپكەن ئەل ـ ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.»

دېگەن ئىسيانكار شېئىرى ئېلان قىلىنغان.
ئۇ كېيىنتىن يەنە ئۇنىڭ «ئويغاندى» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىنـ
غان:

«كۈرەش قىلساق ئەرك ئۈچۈن ئەركىنلىكتە ياشايمىز،
ئەزىز خەلقىم كۆزۈڭ ئاچ، يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى.
ئويغانغانلار ياشىندى، ئۇخلىغانلار قاخشىدى.
قايغۇرمىساڭ ھالىڭغا؟ شۇم زىمىستان ئويغاندى،
ئويغىنايلى ئۇيقىدىن ئەمدى ئۇخلاش بىزگە يات،



ئىلىم ـ ئىرپانلار ئۈچۈن بارچە جاھان ئويغاندى.»

ۋەتەن سانتقۇچى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان فېئوداللىق جاھالەت، دىنىي ئاسارەت ھامىيلىرىنىڭ چەت ئەل قاراقچىلىرىنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى تالان ـ تاراج قىلىشىغا يول قويۇپ بېرىشىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىق تەجەللى، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئويغانغان زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ ئورغۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇلار شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان «ئويغىنىش» نى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى يۈكسىلىشككە ئىگە قىلدى. شائىر قۇتلۇق شەۋقى ئۆزىنىڭ كاشغەر ھەققىدىكى غەزىلىدە مۇنۇلارنى يازدى:

«كۆرمىگىل كاشغەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئول شەھىدۇ، قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇ بىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،




قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە كالېندار (1932 ـ يىلى)

خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر،
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى «دىۋانى لۇغەت»،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپ ـ شانلار ياتۇر.
ئەيلگەن «شەۋقى» نى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر».

قەشقەردە نەشر قىلىنغان «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا تەجەللىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن شائىر قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئويغىنىش، زۇلۇم ـ زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى بىر بۆلۈك شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خەلقنى ئويغىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.



قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئالتە شەھەرنىڭ خەت ـ چەك ئۈرنەكلىرى

ۋاھالەنكى، چەت ئەللىكلەر مۇشۇ ۋاقىتلاردا ھەرىكىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تەسىرىنى سىرتقا كېڭەيتكەن. ئۇلار تېخىمۇ زور پىلانلارنى تۈزۈپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە، خىرىستىيان دىنى تارقى-



تىش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلدى. ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى سانى تېخىمۇ ئاشتى، خورىكى ئۆستى. ئەشەنچىلىك ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، 1919 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەر، قاغىلىق ۋە يېڭىساردا بىرنەچچە كىچىك دوختۇرخانىلارنى قۇرۇپ، كېسەل داۋالىغان. شۇ يىلى كېسەللەرنىڭ ئۆيىگە 860 قېتىم بېرىپ، دىياگنوز قويغان. داۋالاش خىزمىتىدىن باشقا قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن قاغىلىقتا «ئىنجىل» دىن ساۋات بېرىش كۇرسلىرىنى ئاچقان. ئۇلار يەنە قاغىلىقتا بىر دارىلئاجىزىن ئېچىپ 20 نەپەر مۇسۇلمان يېتىم بالىنى بېقىپ تەربىيەلىگەن.



EN NY PORT
ÖPPNAS

STOCKHOLM
SVENSKA MISSIONSFÖRBUNDETS FÖRLAG

1942 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىنغان شىنجاڭغا دائىر كىتاب

شىۋېتسىيەلىك بەزى مىسسىيونېرلار قەشقەردە بىرنەچچە يىل تۇردى. خونتېر شىۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، قاغىلىقتا دوختۇرلۇق قىلغان. 1921 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە چەت ئەللىك مىسسىيونېرلارنىڭ قەشقەر، قاغىلىق، قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە يېڭىسارلاردا تۆت دىن تارقىتىش مەركىزى قۇردى، قەشقەر ۋە قاغىلىقتا بىر قىسىم مىسسىيونېرلار كەسپىي دوختۇر بولدى. 1921 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كاتولىك دىنىنىڭ ئىككى تەشكىلاتى شىن-




1917 ـ يىلى ستوكھولمدا شىۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغان شىنجاڭ ھەققىدىكى چوڭ تىپتىكى كىتاب




1926 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىنغان «قەشقەر» ناملىق شىۋېتچە كىتاب

جاڭدا دىن تارقاتقان بولۇپ، نېيدېخۇينىڭ ئۇرۇمچىدە بىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى بولغان، ئۇنىڭدا ئارانلا ئىككى چەت ئەللىك مىسسىيونېر بولغان. ئۇلار ئاساسلىقى ئېيسانىڭ تەلىماتلىرىنى تەرغىب قىلغان بولۇپ، تارقىتىش دائىرىسى شىمالىي قىسىم، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى كەڭ رايونلارغا كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇخلىسلىرى ئۇن كىشىگە يەتمىگەن ئىدى.

دېمەك، ياۋروپالىق تاجاۋۇزچىلار شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى پارچىلاش ئۈچۈن خىرىستىيان دىنىنى تارقاتقان. مىسسىيونېرلار خەلقنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلسىمۇ ماھىيەتتە داۋالانغىلى كەلگەنلەرگە مەجبۇرىي ھالدا خىرىستىيان دىنىنى ئۆگىتىپ ئۆزىنىڭ



شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ئۇلارنىڭ دوختۇرخانا ئېچىش ۋاستىسى بىلەن دىن تارقىتىپ ئەقىدە ئوغرىلاش ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ يولى خەلقىمىزنى زەھەرلەش جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق غەرىزىنى يوشۇرالمىغان. بۇنى چۈشەنگەن خەلق تاقەتسىزلىنىپ ئاخىرى ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغان.

1920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ شىۋېت مىسسىيونېرلىرىغا بولغان غەزىپى تېخىمۇ كۈچەيگەن، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئالىم تەجەللى، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى ۋە باشقىلارنىڭ قەشقەردىكى تەسىرى يېڭىچە دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلى-



ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى (19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەردىن يىغىۋېلىنغان)



«ئىلمىي تەبىئەت» ناملىق كىتابنىڭ بىر بېتى




«ئىلمىي جۇغراپىيە» ناملىق كىتابنىڭ بىر بېتى

ـرىنى خىرىستىيان دىنىغا قارشى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ نەپەر ئالىمنىڭ ئىجتىھات بىلەن پىلانلىشى ئارقىسىدا قەشقەردىكى ئوت يۈرەك ياشلار ۋە تالىپلار تەشكىللىنىپ «روھىي قۇللۇقنى پاچاقلاپ تاشلايلى»، «شىۋىتلار يۇرتىمىزدىن كەتسۇن»، «ئەجنەبىيلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى» دەپ يېزىلغان لوزۇنكا ـ پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغان ۋە سانچاستىكى ① «بەيتى خۇدا» دەپ ئاتالغان شىۋىت مىسسيونېرلىرىنىڭ ئۆۋىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، غەيرىي دىن تەرغىب قىلىنغان كىتاب ۋە باسما زاۋۇتلىرىنى كۆيدۈرگەن ۋە پا-

① سانچاس ــ ھازىر قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە 41 ـ تۇەن (سازلىق كۆل) ساۋخو مېھمانخانىسى ئورنى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئىسمى.





20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر شەھىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

چاقلاپ تاشلىغان.

قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى كۆتۈرۈلگەن بۇ نامايىش پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، غەيرىي دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان، بۇنىڭدىن شۇ دەۋردىكى چىرىك ھاكىمىيەت تولىمۇ ھەيران قالغان ۋە ۋەھىمە ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە بۇ ئۈچ مەسلەكداش ئالىملارنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى بىلەن «شىۋىت مىسسيونېرلىرى مەتبەئەسى» ① دەپ ئاتىلىدىغان مەت-

① شىۋىت مەتبەئەسى (تاش مەتبەسى): شىۋىتلار«ھەسەن شىۋىت» نى سىتوكھولمغا ئاپىرىپ، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ كەلگەن. بۇ يەردە ھوشۇر ئاخۇن، نىياز قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن. 1905 ـ يىلىدىن باشلاپ شىۋىت مىسسيونېرلىرى بۇ مەتبەئەدە «ئىنجىل يۇھەننا» نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچە تەرجىمە ۋە پارچىلارنى باستۇرغان. يەنە خەتتى «مۇتەغەررەقە» نۇسخىسىنىمۇ باسقان. 1916 ـ يىللىرى تەقۋىم (كالىندار) كىتابىنى بېسىپ تارقاتقان. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى»، «ھېساب دەپتەرلىرى»، «تالۇن»، «يېڭى ھايات گېزىتى» پۇلى قاتارلىقلارنى باسقان. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن شىۋىتلارغا 72 سائەت ئىچىدە چېگرادىن چىقىپ كېتىش بۇيرۇقى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەتبەئەسىنى گېزىتخانىغا، دورىخانىسىنى سەھىيە ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقا تىزىملىتىش ئۈچۈن بارغانلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، چوڭ بىر ئۆيدە قاتتىق مۇقاۋىلىق ئۇيغۇرچە بېسىلغان نۇرغۇن كىتابلار بار ئىكەن. (مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم: «ئىزدىنىشتىن تامچىغان تەرلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 87 ـ بەت)



20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر كوچىلىـ
رىدىن بىر كۆرۈنۈش

بەئە يوقالدى. بۇنىڭغا
نارازى بولغان چەت
ئەل ھاكىمىيەتلىرى
شۇ دەۋرىدىكى ھاكىمـ
يەتكە قاتتىق بېسىم
ئىشلىتىدۇ ۋە بۇ ۋەقە-
گە قاتناشقان پەردە ئار-
قىسىدىكى كىشىلەرنى
ئېنقلاپ جازالاپ بې-
رىشنى كۈچلۈك تەلەپ
قىلىدۇ. تەجەللى
ھەزرەت ئۆزىگە بولغان پايدىسىز ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاغىلىق-
نىڭ زۇڭلاڭ، بورا، گۇمىنىڭ قوشتاغ، ئىسمىسلا دېگەن جايلىرىدا پا-
ناھلىنىپ تۇرغان.

شۇ مەزگىللەردە يېقىن بۇرادىرى ئابدۇقادىر داموللامنى چوڭقۇر
سېغىنغان تەجەللى ھەزرەت مۇنداق قەسىدە بىلەن سالام يوللايدۇ:

ئۇھدى ئەلا ئەيدىنىنەسىمىل ئاتىرى،
ئەزكەسسالامى مەئەددۇئائىل ۋافىرى.

[خۇشپۇراق، يېقىملىق شامال ئارقىلىق نۇرلۇق سالىمىمنى
كامىل دۇئا بىلەن قوشۇپ سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىمەن.]

فى كوللى ئىسبادىي ۋە ئىمائىي ئىلەل،
خىللىل ۋە فىييىل ھوررى ئەبدىل قادىرى.

[ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ۋاپادار ئازاد، سىراداش دوستۇم
ئابدۇقادىرغا!]

مەن زىكرۇھۇ فىي مىقۋەلىي ۋە ۋىدادۇھۇ،



فىي خاتىرىي ۋەخەيالۇھۇ فىي نازىرىي.

[ئۇ بولسا ـ تىلىمدىن گەپ سۆزى، خاتىرەمدىن دوستلۇقى، كۆ-
زۈمدىن خىيالى يىراق بولمايدىغان ئەڭ يېقىن بۇرادىرىمدۇر.]

بەشەرۇن ئەرا ھۇرروھە ئىللائىننەھۇ،
جەبەلۇن ۋەلاكىن بەھرو فەزلىن زاخىرى.

[ئۇنىڭ سۈرىتى ئىنسان بولغىنى بىلەن، ئۇ نازۇكلۇقتا روھقا،
ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ مولluقىدا دېڭىزغا
ئوخشايدۇ.]

ئەلىئىلمۇ ۋەتتەقۋا ھەلىفانە فىسسىھى،
لىللاھى زۇھەلىيىن ۋە سەۋبىن فاخىرى.

[ئىلىم بىلەن تەقۋالىق ـ ئۇنىڭ ئايرىلماس دوستى. ئۇنىڭ بۇ
ئىككى زىننەتلىك كىيىمنى كىيىشى ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا] ...

مىن ئەجلى زاكەل بەھرى شەۋقىيە مائىجۇن،
ۋەلئەينۇ ئەبرا كەسسە ھابىل ھامىرى.

[ئىلمىنىڭ دەرياسى بولغان مۇشۇ ئاغىنەمگە ئىشتىياقىم داۋام-
لىق ئۆركەشلەپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ جۇدالىقىدىن كۆزۈم يامغۇرلۇق بۇ-
لۇتقا ئوخشاش ياش تۆكمەكتە.]

دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن.

ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن
يېڭىساردا نۇر ھاجى «مەتبەئى نۇر» ناملىق مەتبەئەنى تەسىس قىلىدۇ.
زەردىسى قايىنىغان شىۋېت مىسسىيونېرلىرى خوتەن ۋىلايىتىدىن 30
بالىنى تۇتۇۋېلىپ گۆرۈگە ئېلىۋېلىش بىلەن شەرتلىشىپ قارشىلىشى-
دۇ. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باھاۋۇدۇن باي ئۇلارنى
قۇتقۇزۇپ، ئۇدۇل ئىھساق كەنتىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ھۈسەينىيە مەك-
تىپىدە تەربىيەلەيدۇ. كېيىن ئۇلاردىن بوغالتىر، دۇككانچى، ئامبارچى،



قەشقەر يېڭىشەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان ئۇيغۇر قىزى

ئىش باشقۇرغۇچىلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

شۇ دەۋردىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت چەت ئەل جاھانگىرلىرىگە خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، 1924 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەمەت مەزىننىڭ قولى ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللىنى بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋاتقاندا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرىدۇ. شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇپ يازغان:

«ۋاھ! ھەسرەتا، بۇ دەھرىنىڭ كارى ئىرۇ مىكىرۇ زەرەر،
ئادىتىدۇر غەدرۇ - ستەم، يوقتۇر مۇرۇۋۋەتتىن ئەسەر.»

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان مەرسىيەسى ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ گوماشتىلىرىغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، بۇيۈك ئالىم تەجەللى بۇ تۈنجى گېزىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى، بېسىم ۋە جاھالەتكە قارشى كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھىنى، ئادالەت ھەققانى-





رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى — پېتروۋسكى



چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ قالدۇقى.

يەتكە بولغان ياڭراق خىتابىنى جاراڭلاتتى. خەلق ئاممىسىغا خار - زەبۇنلۇقنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ئويغىنىشقا، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەتبەئەنى ئىشلىتەلەيدىغانلار تەربىيەلىنىپ كۆپەيگەنلىكتىن مەتبەئەدە 1928 - يىلى «ئىلمىي جۇغراپىيە» (دۇنيا جۇغراپىيەسى) دەرسلىك كىتابى بېسىلدى. بۇ كىتاب «ھۆسەينىيە» مەكتىپىدە ۋە ھەرقايسى مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى. بۇ كىتاب



تۈمەن دەريا سۈيىنى كېچىپ تۇرغان قەشقەر قىزلىرى

قاتتىق مۇقاۋىلىق 205 بەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمىغا جۇغراپى-
يەلىك ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا،
ئاۋستىرالىيە، جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق قىتئەلەر-
دىكى 89 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، جۇغراپىيەلىك ئورنى كۆرسى-
تىلگەن. ئاخىرقى قىسمىغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ (مۇستەملىكە دۆ-
لەتلەرنىمۇ ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ) يەر
مەيدانى، نوپۇسى،
ئېگىز تاغ چوققىلى-
رى، دۇنيادىكى
چوڭراق دەريالار،
كۆللەر، ئاراللار
جەدۋەللەشتۈرۈل-
گەن.



1929 ـ يىلى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى

بۇ كىتابنىڭ
ئالاھىدە نەزەرگە ئې-
لىشقا ئەرزىيدىغان
يېرى شۇكى، ۋەتە-
نىمىز جۇڭگونىڭ،
جۇملىدىن غەربىي
يۇرت ئالتە شەھەر-
نىڭ جۇغراپىيەلىك
ئەھۋالى بىرقەدەر
تەپسىلىي تونۇشتۇ-
رۇلغان. ئىچكى ئۆل-



ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قەشقەردىكى قالدۇقى





قەشقەردىكى كۆن تاشلىق كىتاب

كىلەردىكى چوڭراق بولغان 36 شەھەر-
نىڭ، شىنجاڭدىكى 41 ناھىيە (شەھەر)
نىڭ 1928 ـ يىل بېشىدىكى شەھەر
ئىچىدىكى نوپۇسى جەدۋەللەشتۈرۈل-
گەن. ئەپسۇسكى، بۇ مەتبەئەنىڭ قال-
دۇقلىرى ۋە بېسىلغان كىتابلار،
گېزىت نۇسخىلىرىنىڭ نەدىلىكى ھا-
زىرچە نامەلۇم.

دېمەك، تەجەللى قاتارلىق ئالىم-
لارنىڭ يۇقىرىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرى-
كىتى مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ.



قەشقەر كونسۇلخانىسىدى-
كى تام مەش

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. مۇختار مامۇت مۇھەممىدى: «خىرىستىيان دىنىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1993 ـ يىلى 3 ـ سان، 93 ـ، 94 ـ، 95 ـ، 96 ـ بەتلەر.

2. مۇختار مامۇت مۇھەممىدى: «ئالىم تەجەللىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە قەبرىسى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىلى 4 ـ سان.

3. مۇختار مامۇت مۇھەممىدى، «تەجەللى شېئىرلىرىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.

4. ئىمىنجان ئەھمىدى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» 3 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 261 ـ، 212 ـ، 263 ـ، 264 ـ، 278 ـ، 279 ـ، 280 ـ، 281 ـ، 282 ـ بەتلەر.

5. «چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى گۆھەر زېمىن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 480 ـ، 481 ـ، 482 ـ بەتلەر.

6. ئىبراھىم ئالپتېكىن، تۇرسۇنجان ئابدۇلجان: «ھۇسەينىيە مەكتىپى دەۋرىدىكى نەشرىياتچىلىق، گېزىتچىلىك ۋە ھۆسنخەتچىلىك»، «ھۇسەينىيە روھىي تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ نەشرى، 171 ـ بەتتىن 183 ـ بەتكىچە.

7. مۇستاپا مۇھەممەت باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى گۆھەر زېمىن»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى» 711 ـ، 712 ـ، 713 ـ، 714 ـ بەتلەر.





8. مەرھۇم نىمىتۇللا ئەبەيدۇللا ھاجى، پەيزۇلخان ئىسھاق نەشرگە تەييارلىغان «فۇرقەت شېئىرلىرىدىن تاللانما»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

9. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم: «ئىزدىنىشتىن تامچىغان تەرلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

10. ئەسئەت سولايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

11. چېن ۋېي: «قەشقەر» جېڭداۋ نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

# تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيەگە قوشقان تۆھپىسىدىن ئۇچۇر

مۇختار مامۇت مۇھەممىدى

هاياتلىق ئالىمىدە ئاسترونومىيە ئىلمى مۇھىم پەنلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار تەبىئەت ئالىمىنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈش فىزىيولوگىيەسى ۋە كېسەللىك ئۆزگىرىشىمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئاسترونومىيە ئىلمى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى، تارىلىشى، ھەرىكىتى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، خىمىيەلىك تەركىبى، فىزىكىلىق ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بۇ نۇقتا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن بايقالغان ھەم بۇ توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئەجدادلىرىمىز ئىلمىي پەلەكياد (ئاسمان جىسىملىرى) ئىلمى دەپ ئاتىغان ھەم بۇ ئىلىمدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ناھايىتى بۇرۇن نۇرغۇن قېتىملاپ ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق داۋالاش ئىشلىرىدا چوقۇم ئاسترونومىيەلىك قانۇنىيەتكە رىئايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى تونۇپ يېتىلىپ، بۇ ھەقتە قىممەتلىك مىراسنى قالدۇرغان. ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبنى سىنا، يۈسۈف خاس ھاجىب قاتارلىق ئالىملارنى بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مۇھەممەت ھاشىم دېگەن كىشى تەرىپـ



دىن يېزىلغان «كەشپۇل ئەسرار» (كۆچۈرۈلگەن قول يازما) دېگەن كىتابتا تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇشتا يۇلتۇزلارنىڭ دەۋرىگە ئاساسلىنىش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان. ئوردۇ تىلى بىلەن تاش كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ يۇلتۇزلار دەۋرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ تەدبىرى بايان قىلىنغان. بۇنىڭغا يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرىمىزدىن قەشقەرلىك ھەيدەر ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى سوپى ئاخۇنۇمنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ زات ھەققىدە ئىبراھىم نىياز «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» دېگەن كىتابنىڭ 29 ـ بېتىدە مەلۇمات بېرىپ «بۇ كىشىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ‹تىپى لوقمان› سىستېمىسىدا بولۇپ، كېسەل داۋالاشتا قۇشلار ۋە ئۈسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان دورىلار بىلەن سانسىزلىغان ئېغىر كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقان. ئۇ ئىلمىنۇجۇمدىن خېلى مەلۇماتلىق بولغاچقا كېسەللىكلەرنى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ، تەكشۈرۈش، كېسەل كىشىنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭ داۋالاشتىكى ئالاھىدىلىكى ئىدى» دەپ يازغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلىرىمىزدىن تەجەللى ھەزرەتمۇ «تېببىي ئاسترونومىيە» گە ناھايىتى كامىل زات ئىدى. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا كىشىنى ھەيران قىلىدىغان نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار.

تەجەللى كېسەل كۆرۈش، دورا بېرىشتە «تېببىي ئاسترونومىيە»لىك ھادىسىلەرگە، روھى ھالەتكە، شارائىتقا، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان. شۇنداق بولغاچقا دىياگنوزى توغرا، بۇيرىغان دورىلىرى ھەم ئەرزان، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى تۆت چوڭ ماددا، يەنى ئوت، شامال، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تۆت ماددا تەبىئەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان، بىر ـ بىرىگە زىت بولغان، ئەمما بىر ـ بىرـ

نىڭ ۋاستىسى بىلەن يەنە بىرىكىپ، ئۆسۈملۈكلەردە ئۈندۈرمىنى، ھاي-
ۋانلاردا تۆرەلمىنى، مەدەنلەردە مۇئەييەن بىر جىسىم شەكلىنى ھاسىل قى-
لىدۇ دەپ قارىلىدۇ. تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قارىساق پەسىل تۆت بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما يەنە كېلىپ بىر -
بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. شۇنداقلا ئادەم ئورگانىزمىنىڭ
مەيلى باتىنى ياكى زاھىرى قىسمىدا پەيدا بولغان ھەر خىل ھالەت، يەنى
سەپرا، قان، بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ نورمال ۋە غەيرىي نورمال بولۇشىغا
باغلىق بولىدۇ. شۇنداقلا يۇلتۇزلارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى ئوخشىمىغان
بولغاچقا بىز ياشاۋاتقان بۇ ماكانغا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.
«قۇتادغۇبىلىك» ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارمۇ قۇياشنىڭ ئېك-
لىپتىكا ھەرىكەت يولىدىكى نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى 12 بۇرچقا بۆلۈپ، ھەر
3 بۇرچنى بىر پەسىلگە، بىر يىلنى تۆت پەسىلگە ئايرىغان. ئۇنىڭ
ئايرىش ئۇسۇلىدا ئەتىياز پەسلىدە قۇياش ھەمەل، سەۋر، جەۋزا بۇرچلىرى-
دا تۇرىدۇ؛ ياز پەسلىدە سەرتان، سۇنبۇلە، ئەسەد بۇرچلىرىدا تۇرىدۇ؛ كۈز
پەسلىدە مىزان، ئەقرەب، قەۋس بۇرجلىرىدا تۇرىدۇ. قىش پەسلىدە
جەددى، دەلۋە، ھود بۇرچلىرىدا تۇرىدۇ. ئەمما ھەمەل، ئەسە، قەۋس بۇرچ-
لىرىنىڭ تەبىئىيتى ئاتەش؛ سەۋرى، سۇنبۇلە، جەددى بۇرچلىرىنىڭ تە-
بىئىيتى تۇپراق؛ جەۋزا، مىزان، دەلۋە بۇرچلىرىنىڭ تەبىئىيتى
شامال؛ سەرتان، ئەقرەب، ھود بۇرچلىرىنىڭ تەبىئىيتى سۇ بولىدۇ دەپ
قارايدۇ. زېمىندىن باشقا قۇياش ۋە ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان مارس
(مىرغا)، مېركۇرىي (ئاتارد)، يۇپىتېر (مۇشتىرى)، ۋېنېرا (زۆھرە)،
ساتورن (زۇھەل) قاتارلىقلارنىمۇ ئاناسىر ئەربەئە بويىچە مۆتىدىل، مۇش-
تىرىنى قۇرۇق سوغۇق، زۆھرەنى ھۆل ئىسسىق، زۇھەلنى قۇرۇق
سوغۇق دەپ قاراپ، 12 بۇرچ بىلەن، 7 سەييارىنى شۇ سابىت يۇلتۇزلار
دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ئەگەر مەلۇم بىر سەييارە ئايلى-



نىپ ئۆز خۇسۇسىيىتىگە ماس كەلسە، ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغانلىقى-
نى؛ ئەگەر ماس كەلمىسە ئۇنىڭ شۇ خىل ئۆز خۇسۇسىيىتىنىڭ ھېچ-
قانداق رولى بولماستىن، بەلكى زىت ئەھۋاللارمۇ ئوتتۇرغا چىقىدىغانلى-
قىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: شامالغا تەئەللۇق سەييارە، تۇپراققا تەئەللۇق
بۇرچقا كىرسە بوران چىقىدۇ ھەم قان بىلەن سەۋدا ئارىلىشىپ كېتىپ
ياكى غەيرىي قاننى ياكى غەيرىي سەۋدانى پەيدا قىلىپ، شۇ خىل كېسەل-
نىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە باشقىلار. ئاست-
رونوملىرىمىز يەنە بىر ھەپتىنى 7 كۈنگە، 7 كۈننى 7 خىل يۇلتۇزغا
تەققاسلىغان بولۇپ، بىرىنچى دۈشەنبە كۈنى قەمەر، سەيشەنبە كۈنى
مىررىخ، چارشەنبە كۈنى ئاتوروت، پەيشەنبە كۈنى مۇشتەرى، جۈمە
كۈنى زۆھرە، شەنبە كۈنى زۇھەل، يەكشەنبە كۈنى شەمس، دەپ يەكۈن
چىقارغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى مۇشۇ يۇلتۇزلار
بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان.
دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى
ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ، تەبىئەت ھادىسىلى-
رىگە بولغان تونۇشى، كۆزىتىشى، يەكۈنلىشى ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن
ئىلمىي قاراشلىرىنى تېبابەت ئىلمىگە سىڭدۈرۈپ، ئالاھىدە ھەم ئۆز-
گىچە بولغان تېببىي ئاسترونومىيە ئىلمىنى ياراتقان ۋە ئۇنى تېببىي
ساھەدە قوللىنىپ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى
ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئىلىم -
پەن تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بىز يەنىلا تارىخىي مىراسلاردىن
ئايرىلالمايمىز. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ھەم
ئىلمىي ئاساسي كۈچلۈك بولۇپ، نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەت-
تىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئەنئەنىلىرىمىزدىن
يىراقلاپ كېتەلمەيمىز. بۇ جەھەتتە تېببىي ئاسترونومىيە ئىلمىنى

قېزىش، رەتلەش، شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۇنى يېڭى تېببىي ئۇتۇق سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. شۇ بىر زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلاردىكى «تېببىي ئاسترونومىيە» قاراشلىرىنىڭ يازما ۋە غەيرىي يازما مەنبەلىرىنى قانداق قېزىش، ئۇنى قانداق رەتلەش، قانداق قوبۇل قىلىش ھەم ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ قارىغاندىكى ئىلمىي قىممىتى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش مۇھىم، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئالىم تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيەگە قوشقان تۆھپىسىدىن خەلقىمىزگە ئۇچۇرلۇق مەلۇمات بەرگىمىز كەلدى.

تەجەللى «مېھنەت تاغى» ناملىق شېئىرىدا:

گەر جاھاننى ئىشق ئىچرە بولسا سۇبھۇ ئاپتاپ،
ئول مېنىڭ چاكى گىرىبانىم بۇ كۆڭلۈم داغىدۇر.

(ئەگەر ئىشق دۇنياسى ئىچىدە تاڭ يورۇپ قۇياش چىقسا، بۇ سۈبھىنىڭ ئۇيۇق يېرىپ چىقىشى، مېنىڭ ياقامنىڭ يىرتىلىشى، قۇياش كۆڭلۈمدىكى ھەسرەت دېغى.)

«قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ناملىق قەسىدىسىدە:

بولدى چۈن زەررىن لەۋاھى سۇبھە ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.

(سۇبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەندى، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇرۇھى قاچتى.)

كىيمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھەۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مېھىر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار ـ تار.

(قارا ئەتلەستىن پۈركەنجە تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى، قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال ـ تال قىلىپ يىرتىۋەتتى.)



چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ،
يۈپ يۈزىدىن قارەسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

(قۇياش بۇلىقىنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى ‹قاراڭغۇنى› يۇيۇپ سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى.)

كەلدى ئەخبار ئىچرە شەنبە سەئد ئانىڭ كەۋكەبى،
سەئد ئەكبەر ئۆزرە رەڭگى قارادۇر ساھىب شىكار.

(رىۋايەتلەردە شەنبە كۈنىنىڭ يۇلتۇزى بەخت يۇلتۇزىدۇر، ئاشۇ بەخت يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى قارا، بۇ يۇلتۇز چىققان ۋاقىتتا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.)

كۈن ئىرۇر ئاق، تۈن قارا، كۆر پەزلىنى قۇرئاندا كىم،
تۈشتى «ۋەللەيل» ئەۋۋەلۇ كەلدى مۇئەخخەر «ۋەننەھار».

(كۈندۈز ئاق، كېچە قارا. كېچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى قۇرئاندىن كۆرگىنىكى، كېچە ئالدىدا، كۈندۈز ئاخىرىدا بايان قىلىنغان.)

ئۇل زۇھەلكىم تاپتى ئانىڭ دەۋرىدە ئادەم ۋۇجۇد،
چەرخ ئۆزرە قارا رەڭ ئىلە قىلۇر ئەئدانى خار.

(ئادەم ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋاقىت زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ دەۋرى ئىدى. ئۇ بۇ ئالەمدە دۈشمەنلىرىنى قارا رەڭ بىلەن يەڭدى.)

قارا تۈنلەردىن شىبى قەدرى شەبى مىئراج ئىرۇر،
قەئرى دەريا زۇلمەتىدۇر جايى دۇررى شاھۋار.

(شەبى قەدرى ۋە مىراج قارا كېچىدە بولغاندەك، دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئەمما بۇ قاراڭغۇلۇقتا شاھلارغا لايىق گۆھەر بولىدۇ.)

باق زەبەرجەد سەقفىنىڭ قەندىل بەيزاسىغا كىم،
قارا تۈن سىمرۇغىنىڭ ئول بەيزەسىدۇر، زەر نىگار.

(كۆك ئاسماننىڭ چاراقلاپ تۇرغان چىراغلىرىغا قارا، ئاسماننى

بېزەپ تۇرغان ئاشۇ چىراغ قارا تۈن سۇمرۇغىنىڭ تۇخۇمى ئەمەسمۇ؟)

ھەقتائالا رەھمەتىن ئالەمگە ياغدۇرماق ئۈچۈن،
ئاق بۇلۇتدىن قارە بۇلۇتتۇر زىيادە پەيزى بار.

(تەڭرى ئالەمگە ئۆز رەھمىتىنى ياغدۇرماق بولغاندا ئاق بۇلۇتتىن كۆرە قارا بۇلۇتنىڭ يامغۇرى كۆپ بولىدۇ.)

رەڭگىلەردە قارادىن يوقتۇر يۇقارى ھېچ رەڭ،
كىم يۇقارى تۇرمىش ئانىڭ يۇلتۇزى ئەنجۇم سۇۋار.

(رەڭلەرنىڭ ئىچىدە قارىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان رەڭ يوق، چۈنكى قارا رەڭنىڭ يۇلتۇزى يۇلتۇزلار ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.)

مۇرەففى ئىس سەمائى بارىز ئىنىرزىن،
مەھا بىتۇھا فۇۋەيقەل فەرقەدەينى.

(ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئاسمانلىرى ئىززەتنىڭ زېمىنىدا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ زېمىننىڭ تۇرار ئورنى فەرقىدان ناملىق ئىككى يۇلتۇزنىڭ سەل ئۈستىدىدۇر.)

زەررە قىلماس جەھانغا نەززارە،
تاپماسا ئافتابىدىن ئىنزار.

(ئەگەر قۇياش چىقمىسا زەررىچىلەر جاھانغا كۆز ئاچالمايدۇ.)

مېھرى رەخشەنگە زەررە تەئسىرىن،
باۋەر ئەتكەي قاچان ئۇلۇلئەبسار.

(ئۆتكۈر كۆزلۈك كىشىلەر چاراقلاپ تۇرغان قۇياشقا زەررىچىلەرنىڭ تەسىر يەتكۈزەلىشىگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن.)

تائىرۇر قۇتبى جەنۇ بىيۇ شىمالى سابىت،
تافەلەك سەھنىدە نۇر يەتتە كاۋا كىپ سەييار.

(پەلەك سەھنىسىدە يەتتە يۇلتۇز بولۇپ تاكى قۇتۇبنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغىچە بەرقارار دۇر.)



يۇقىرىقى مىسرالاردىن ئالىم تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەھەتتىكى تالانتىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

مەن تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئىلمىنۇجۇم ھەققىدە كىتاب يازغانلىقىغا دائىر ئۇچۇرلارغا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى» نىڭ 1985 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا مەرھۇم شائىر، تېبىبىي ئالىم نېمىتۇللا ئەبەيدۇللا ھاجىنىڭ «فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىن ئۇچراتقان ئىدىم.

مەن 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بۇ مەلۇماتنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن يەكەنگە بېرىپ، نىمىتۇللا ئەبەيدۇللا ھاجىم بىلەن كۆرۈشتۈم. نىمىتۇللاخان ھاجىم مېنى ئۆيىدە قىزغىن كۈتۈپ مېھمان قىلغاندىن كېيىن، يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن پېنسىيەگە چىققان مەرھۇم ھېبىبۇللا مۇھىددىن ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇ ئاكىمىز بىلەن تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئىلمىنۇجۇم كىتابى ھەققىدە قىزغىن سۆھبەتلەشتۇق ۋە سۆھبەت خاتىرىسى قالدۇردۇق. مەن بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى جامائەتچىلىككە شۇ بويىچە يۈز كۆرۈشتۈرۈپ قويۇشنى توغرا تاپتىم. سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە: (تەجەللى ـ مۇجەللى) «ئىلمىنۇجۇم ھەققىدە»

كىتاب 600 ~ 700 بەت ئارلىقىدا خوتەن قەغىزىدە پاتلانغان، قوقەنت سىياسى بىلەن يېزىلغان، يۇلتۇزلارنىڭ ئىسىملىرى، شەكلى، ئارىلىقى، تۇرۇش ئورۇنلىرى ئىسخېمىلىق كۆرسىتىلگەن. كىتاب 1957 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا قاغىلىق كاسكا كەنتىدىكى خېلىلخان غوجىنىڭ ئۆيىدىن تېپىلغان. يەكەن ناھىيەلىك كۈتۈپخانا ھېبىبۇللا مۇھىددىن ئارقىلىق سېتىۋالغان. ئىككى ئايدىن كېيىن (7 ـ ئايدا) قايتا كىتاب ئىزدەش باھانىسى بىلەن قاغىلىققا چىقتىم. مۇسا ئاخۇن باشلىق تۆت ئائىلىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھەر چارشەنبە كېچىسى سائەت بىر ئەتراپىدا يۇلتۇزلارنىڭ تۈڭلۈكتىن كىرىپ مورىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق، ھەزرىتىم (تەجەللىنى دېمەكچى) چارشەنبە كېچىسى ئۇخلىمايتتى. «خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ۋىردە ئوقۇش بىلەن بولاتتى. بۇ ۋاقىتتا كىشى قوبۇل قىلمايتتى. باشقا ۋاقىتلاردا تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى.»

كىتابنىڭ تېشى قېرىن تاشلىق (ئۆچكە تېرىسىدە)، ئىچى پاتلانغان خوتەن قەغىزى، قېرىن تاشلىقنىڭ ئۈستىدە ئالتە شوئار شەكىللىك يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن، چوڭلىقى 16 كەسلەم ئەتراپىدا.

1958 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەن يىغىۋېلىنىپ كۆرەشكە تارتىلدىم (يەرلىك مىللەتچى بولۇپ). ئەنۋەر بايتۇر 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇھەممەتتۇردى ھاجى ( شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) نىڭ جاۋەنىنى چېقىپ ئېلىپ بېرىشى بىلەن كىتابنى ئېلىپ كەتكەن.

قىزىققۇچىلار تەجەللىنىڭ «ئىلمىنۇجۇم ھەققىدە» ناملىق كىتابىنى تېپىپ تەتقىق قىلغاندا، تەجەللىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاسترونومىيە تارىخىمىزغا قوشۇلغان شانلىق نامايەندىلىرىدىن ھەممەيلەن پەخىرلىنىمىز، ئەلۋەتتە.

ئىسپات بەرگۈچى: ھېبىبۇللا مۇھەممەدىن، يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتى

2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچ سائەت 12:45 دە

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ھاجى ئابدۇلھەمىد ئەلى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ‹تېببىي ئاسترونومىيە› قاراشلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش تىزىسلىرى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى، 1998 - يىللىق 3 - سان. 1 - 2 - 3 - بەتلەر.

2. مۇختار مامۇت مۇھەممەدى تۈزگەن: «تەجەللى شېئىرلىرىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى.

3. 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ھېبىبۇللا مۇھەممەدىن، نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا ۋە ساۋۇت داۋۇتلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى.

# تەجەللىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە

تەجەللى ئۇيغۇر تېبابىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەت ئەزەمخاننىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان «ئىكسىرى ئەزەم» ناملىق كىتابىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقۇلۇپ كەتكەن.

ئالىم تەجەللى مىللەتنىڭ روھىنى تونۇش ئۈچۈن شېئىرىيەتكە، تېنىنى تونۇش ئۈچۈن تېبابەتكە زور ئىشتىياق بەرگەن.

1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەرھۇم ئابدۇقادىر ھاجى ساقلىغان «مىزان تىب» ناملىق كىتابنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسىملىرىغا تەجەللىنىڭ قول يازمىسىدىكى يەككە دورىلار رېتسېپىدىن 75 پارچىسى كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ چاپلاپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇرۇق يۆتەل، ئىچى ئۆتكۈ (ئىچى سۈرۈش)، قورساق ئاغرىقى، قىزىل، باش ئاغرىقى، بوۋاسىر، قولاق ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ ئاددىي رېتسېپلىرى بار.

تەجەللى ناشتىلىق ھەققىدە شۇنداق تەلىمات بېرىدۇ.

ھەسەل بىرلە سېرىق ياغۇ ئىسسىق نان،①
بىرى پەھمۇ ② بىرى ئەقلۇ ③ ، بىرى جان.

① بۇ مىسرانى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم سۆزلەپ بەرگەن.
② پەھمۇ ـ پەم.
③ ئەقلۇ ـ ئەقىل.



تەجەللى كۆپ ئۇچرايدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ شىپاسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك رېتسېپلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

تەجەللى باللارنىڭ ئورنىغا سىيىپ قويۇش كېسەللىكى ھەققىدە:

تۆگىنىڭ يۇڭىنى يوتىسىغا باغلىۋالسا سۈيدۈكى توختىمايدىغان كىشىلەرگە ۋە ئورنىغا سىيىپ قويۇش باللارغا پايدا قىلىدۇ.

چىش ئاغرىقى توغرىسىدا:

ئۆلەكىنىڭ چىشىنى چىشى ئاغرىغان ئادەم ئېسىۋالسا، پايدا قىلىدۇ.

چىش ئاغرىقىغا كىسلاتادىن بىر تامچە تەگكۈزسە پايدا قىلىدۇ.

ئەگەر چىشنى ئېلىۋەتمەكچى بولسا، دانىكانى چىشنىڭ تۈۋىگە بىرقانچە كۈن قويسا چىشنى چىقىرىدۇ.

قورساق ئاغرىقى (ئىچ ئۆتكۈ) نىڭ شىپاسى توغرىسىدا:

توشقاننىڭ سۈتىنى ئىچۈرسە، قولۇنجى (بىر خىل قورساق ئاغرىقى) كېسىلىگە شىپا قىلىدۇ.

قارا ھېلىلىدىن ئىككى مىسقالنى يۇمشاق سوقۇپ يېرىم مىسقال يەنچەلگەن رۇمبەدىيان بىلەن قايناق سۇ بىلەن ئىچۈرسە ئۇبدان پايدا قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى توغرىسىدا:

كىچىك باللىنىڭ سۈيدىكىنى قىزىتىپ يۇڭ بىلەن كۆزگە چاپسا، كۆزنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ.

پاختەكىنىڭ قېنى بىلەن قارا كەپتەرنىڭ قېنى (بۇ ئىككىسىنى) بەرەس (ئاقكېسەل) گە چېپىلسا، رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر كۆزگە چېپىلسا، كۆزنىڭ جاراھەتلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

مۈشۈكنىڭ ئۆتى كۆزگە تارتىلسا، كېچىدىمۇ كۈندۈزدىكىگە ئوخشاش كۆرىدىغان بولىدۇ.

كالىنىڭ ئۆتى ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن كۆزگە تارتىلسا، كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ ۋە روشەنلىشىدۇ.

ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆتىنى كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاشىدۇ.

شەقىقە (نېرۋا كېسەللىكى) گە ئىختىرا قىلغان رېتسېپلىرى:

ئادەمنىڭ چېچىنى بوينىغا ئاسسا، شەقىقىگە پايدا قىلىدۇ.

تۈلكىنىڭ مەرگەن چىشىنى تۇتقاقلىق كېسىلى بار بىمارغا ئېسىپ قويسا، ياخشى بولىدۇ.

ئاق ياكى قىزىل خورازنىڭ تاجىسىنى ساراڭلىق تۇتقاندا يېسە پايدا قىلىدۇ.

چاشقاننىڭ بېشىنى چىگە رەختكە ئوراپ بېشى ئاغرىيدىغان ئادەمنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويسا، پايدا قىلىدۇ. تۇتقاقلىق كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاق ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىنى ئېزىپ، لاتىغا يۆگەپ ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قويسا، بېشىدىن ئېلىۋەتمىگۈچە ئۇ كىشى ئويغانمايدۇ.

مەست كىشىگە ئاچچىق، قېنىق نەرسىلەرنى ئىچكۈزسە ئەسلىگە كېلىدۇ.

كونا باش ئاغرىقىغا يولبەدىيان ئۆسۈملۈكىنىڭ كۆك بەرگىنى سوقۇپ يۆلزىمات قىلسا (بېشىغا تېڭىلسا) پايدا قىلىدۇ.

قۇرۇقتىن بولغان قاتتىق باش ئاغرىقىغا ۋە قۇلاق ئاغرىقى ھەمدە چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا (ئەگەر يازدا بولسا)، بەدىيان ئۆسۈملۈكىنىڭ كۆك بەرگىنى سوقۇپ سىرتتىن چاپسا، ئوبدان پايدا قىلىدۇ.

خورازنىڭ تاشلىقىنى قورۇپ تۇغماس خوتۇن كىشىگە يېگۈزسە، (ھەيزدىن پاك بولغاندا) ئېرى بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويسا، ھامىلدار



بولىدۇ.

زىياداشلاردىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىگە دائىر رېتسېپلار:

قېچىرنىڭ (قارا) تۈيىقىنى ياكى قېنىنى بوسۇغىنىڭ ئاستىغا كۆمسە، چاشقان يېقىن كەلمەيدۇ. ئۆيدە شۇنىڭدىن ئىسرىق سالسىمۇ بولىدۇ.

كالىنىڭ يېغىنى زەرنىخ بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈپ ئۆينى ئىسلىسا چايان، يىلان ۋە باشقا ھاشارەتلەر ئۆينى تاشلاپ قاچىدۇ.

ئۆيدە كاۋىنىڭ يوپۇرمىقىنى ياكى سەلىخەنى كۆيدۈرۈپ ئۆينى ئىسلىسا، چىۋىن قېچىپ كېتىدۇ.

كاۋىنىڭ يوپۇرمىقىنى قايناتىپ ئۆيگە چاچسا، چىۋىن كىرمەيدۇ.

تەجەللى رېتسېپلىرى ــ ئالىم ھۈسەيىنخان ئەكبەر (تەجەللى) ھەزرەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئېلىپ بارغان تەجرىبە تەتقىقاتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تىبابەتچىلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى دەۋردە ۋە ھازىرقى دەۋر تىبابەتچىلىكى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئاساس بولۇش رولىنى ئوينايدىغان قىممەتلىك رېتسېپلارنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇسى. لېكىن بۇ رېتسېپلارنى كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەجرىبە قىلىش ئىمكانىيىتىم يوق دېيەرلىك، شۇڭا تىبابەت ئورۇنلىرىنىڭ تەجرىبە ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ھەقىقىي يەكۈن چىقىرىپ، بىمارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەجەللى دورىگەرلىك جەھەتتە قەدىمكى تىببىي كىتابلاردىكى نۇسخىلار ۋە ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياق، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى، ئازاراقى، پولات كۈشتىسى، سىماب كۈشتىسى ۋە بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بىزە قاتارلىق ئېسىل

دورىلارنى ياساپ چىقىپ، خەلقنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان. ئۇ «تەجەللى نۇسخىلىرى» ناملىق رېتسېپلار توپلىمىنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا، نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭ يەنە تېبابەتكە دائىر بىر پارچە كىتابى باھاۋۇدۇن باينىڭ مەتبەئەسىدە بېسىلغانلىقى مەلۇم، لېكىن ھازىرغىچە كۆرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ئۇ 7000 خىل دورىنىڭ ئىسمىنى بىلگەن، 5000 خىلدىن ئارتۇق دورا ياسىغان.

ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى داڭلىق تېۋىپ، مۇدىر ۋىراچ مەرھۇم تۇردى ھاجىم (1862 ~ 1987) ۋە قاغىلىقلىق يۇسۇپ ئەپەندى، ياسىن ئاخۇن داموللا، سەيدىنا ئەپەندى (ئافغانىستانلىق)، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مەھمۇت ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، قەشقەردىن يۇسۇپ ھاجى قەشقەرى، مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئۇنىڭ تەربىيەسىدە بولغان داڭلىق تېۋىپلاردىندۇر.

تەجەللىنىڭ تېبابەتكە دائىر ئەسەرلىرىدىن «شىپايى سىيادادى»، «مۇجەررەباتى تەجەللى»، «شىپايى شەيىخ»، «مۇرەببى تەجەللى» ① قاتارلىق تېببى كىتابلارنىڭ بارلىقىدىن ئۇچۇر ئالدۇق. «شىپايى سىيادادى» ناملىق تېببى ئەسىرى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

① «مۇرەببى تەجەللى» ناملىق كىتابتا تۇپىدىن مىس، مىستىن ئالتۇن ئايرىش تېخنىكىسى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوپېراتسىيەسى، مېڭىدىكى سالمىنى ئېلىش راك كېسەللىكىنى داۋالاش، يۈرەك ۋە بۆرەك كېسەللىكىنى ئوپېراتسىيە قىلىش، ئىلمىي ھېكمەت ۋە سۇنئىي قۇدرەت سۆزلىنىدۇ.



**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «تەجەللى ـ مۇجەللى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ئىككىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى باستۇرغان.

③ مۇختار مامۇت مۇھەممىدى: «ئالىم ھۇسەيىنخان تەجەللىي ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە قەۋرىسى توغرىسىدا» قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1991 ـ يىلى 4 ـ سان.

④ سىدىق رەھمەت، مۇختار مامۇت مۇھەممىدى: «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

⑤ مەرھۇم ئابدۇ قادىر ھاجى تەمىنلىگەن تەجەللىنىڭ قول يازما رېتسېپلىرى.

# شىپايى سىيادادى

رەتلىگۈچىلەر: سەئىد قۇتبىددىنخان، مۇكەررەمخان مەخسۇم ھاجىم، ھۇسەيىن مەخسۇم، مۇختار مامۇت مۇھەممەدى

## 1. تومۇر تۇتۇشنىڭ بايانى:

تومۇر تۇتۇشتا پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ بىمارنىڭ تومۇرىنى ئەستايىدىل تۇتۇش، تومۇر تۇتۇۋېتىپ باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىق ھەم گەپ قىلماسلىق، گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە پەقەت بىمارغىلا گەپ قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا دىياگنوز قويۇشقا تەسىر يېتىدۇ. تومۇر تۇتقاندا ئىككى قولدىن تۇتۇش كېرەك. ھازىر بەزىلەر تومۇرنى بىر مىنۇت، يېرىم مىنۇت كۆرۈپلا كېسەلگە باھا بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش تېبىبىي خادىملىرىمىز ئۈچۈن نومۇس. تېۋىپلار پۈتۈن زېھنىنى تومۇرغا قارىتىشى، كەم بولغاندا 10 مىنۇت، ئوشۇق بولغاندا 40 مىنۇت ئەتراپىدا تومۇر تۇتۇش، ئاندىن دىياگنوز قويۇش كېرەك.

ئىككى تومۇر ئوخشاش ھالەتتە ئېگىز ـ پەس، ئاجىز سوقسا، يۈرەكنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر تومۇرنىڭ سېلىشى ئاستا ھەم توختاپ يەنە سوقۇشقا باشلىسا، يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە ئاستىلاشقا باشلىغان تومۇر يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنى بىلدۈرىدۇ. باشلىنىشتا ناھايىتى قاتتىق سوقۇپ، كېيىن پەسلەپ كەتكەن تومۇز يۈرەك سانجىقىنى بىلدۈرىدۇ. يۈرەك كېسىلى 7 خىلغا بۆلۈنىدۇ. يۈرەك كېسەللىكلىرى «شىپايى قۇلۇب»، «تېبىبىي ئەكبەر»، «شىپايى تەجەللى»، «قانۇنچە» قاتارلىق كىتابلاردا



ئوخشاش سۆزلىنىدۇ.

ئەگەر تومۇرنىڭ سوقۇشى ئىككى بىلەكتىن تەڭ ئۈچ تەرەپكە سوقسا، ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر قولنىڭ يان تەرىپىگە سوقسا، ئاشقازاندا سوغۇق يەل بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئالدى تەرەپكە سوقسا، ئاشقازاندا قۇرۇق ئىسسىق يەل بارلىقىنى بەلگىلەيدۇ. قولنىڭ دۈمبىسى تەرەپكە سوقسا، قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان ئاشقازاننى بەلگىلەيدۇ. كۆپ بىمارلار مۇشۇ كېسەلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاشقازان قاناپ كېتىش، سېسىق كېكىرىش، مەيدىسى ئېچىشىش، ئاچچىق سۇ يېنىش، ھۆ بولۇش، قۇسۇش، قاداغلىشىپ ئاغرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە بۇنى ئاشقازانغا ئارتىش كېرەك. ئەگەر تومۇر تېگىگە چۈشۈپ كېتىپ، ناھايىتى سۇس ھالەتتە 10 مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە ئوخشاش سوقسا، قەۋزىيەت بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر تومۇرنىڭ سوقۇشى ناھايىتى سۇس، ئاخىرلىشىش ناھايىتى قاتتىق، قولنىڭ مەڭزىگە سوقسا، ئىچى سۈرۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

تومۇر ئىككى قولدىن تەڭ سوقۇپ بىر سېكۇنتتىن ئۈچ سېكۇنتقىچە ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، باش ئاغرىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر تومۇر يەنە يۈرەك تەرەپكە سوقسا، زۇكام تەگكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

ئەگەر بىر بىلەكنىڭ تومۇرى يۈرەك بىلەن ئوخشاش سوقۇپ، يەنە بىر بىلەكنىڭ تومۇرى قارشىلاشسا بۇ رېماتىزمنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر تومۇر ناھايىتى راۋان سوقۇپ، ئارقىدىن تىترەپ كېتىپ توختاپ قالسا، پالەچنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئىككى بىلەكنىڭ تومۇرى ئوخشاش سوقۇپ، تومۇر ئىچ يان تەرەپكە چۈشۈپ كەتسە، پۇت ـ قول، بەل بوغۇملىرىنىڭ تېلىش ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپنىڭ تومۇرى تەۋرەپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ تومۇرى زەئىپلىشىشكە باشلىسا، بۇ بۆرەك كېسىلىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر تومۇر يۈرەك بىلەن ئوخشاش ھەم

15 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە سۇس، زەئىپ سوقسا، بۆرەك كېسەللىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر تومۇر ئىككى تەرەپكە تەۋرەپ سوقسا، بۆرەككە تاش چۈشكەن ئالامەتلەرنى بەلگىلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئايالنىڭ ئېغىر - ئاياغ بولۇپ قالغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

تومۇرنىڭ سوقۇشى يۈرەك تومۇردىن ئۆزگىرىپ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ سالسا، ئۆپكە كانايچە ياللۇغىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنداق ئۆپكە كېسەللىرى يۈرەك ئاجىزلىقى، تاماقنى قالايمىقان يېيىش، يېمەكلىكنى كەلسە - كەلمەس يېيىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، كېچىسى تەرەتكە چىققاندا شامالداپ قېلىش، ئۆپكىگە ھاۋا چۈشۈپ كېتىش، تەن ئاجىزلىقى، قۇۋۋەت يېتىشمەسلىك ۋە يەيدىغان تەمىناتنىڭ ناچارلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر تومۇر چۆچۈپ، ھەجمى ناھايىتى ئېغىر سوقسا، ئۆپكە تۇبېركۇلىيۇزنى بەلگىلەيدۇ.

**2. تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە بېرىلىدىغان دورىلار:**

(1) يۈرەك كېسەللىكىگە بېرىلىدىغان دورىلار:

سەپرا ۋە سەۋدادىن بولغان يۈرەك كېسەللىكىگە مەجۇنە مۇپەررىھە ياقۇت بېرىلىدۇ.

تەركىبى: تېشىلمىگەن مەرۋايىت، گاۋزىۋەن، بىخ مارجان، بەھمەن سەفىد، گۇلسۇرۇخ، كەھرىۋا، تۇرۇنج پوستى، ئاق پىلە غوزىسى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ھەر بىرى 6 گىرامدىن، كافۇر بىر گىرام، قىزىل ھەسەن - ھۈسەن ياقۇت، تۇخۇمى كەشنەس.

تەييارلاش ئۇسۇلى:

ياقۇت كۈمۈش قاچىدا گىلى ھېكمەت قىلىنىدۇ. مەرۋايىت، بىخ مارجان، تۇخۇمى كەشنەس ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىس قاچىدا قويۇلىدۇ. ئاندىن يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى - ئۈچ ھەسسە سېرىق ھېلىلە مۇرابباسىدا مەجۇنە قىلىنىدۇ.



يېيىش ئۇسۇلى: كۈنىگە بىر گىرامدىن ئۈچ گىرامغىچە، ۋاقتى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە بولىدۇ.

يۈرەك سانجىقى كېسەللىكىگە: گاۋزىۋەن 12 گىرام، ئاچچىق ئالما ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، ئانار چېچىكىنىڭ ھەربىرىدىن 9 گىرام، ئالتۇن ۋاراق 10 دانە، كۈمۈش ۋاراق 15 دانە، ئەمبەر 2 گىرام، يۈرەك ئوت 15 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى:

يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگىچە ھەسەلدە مەجۇنە قىلىنىدۇ. يېيىش ئۇسۇلى كۈنىگە 9 گىرامدىن 15 گىرامغىچە، ۋاقتى ئۈچ ئايدىن توققۇز ئايغىچە بولىدۇ.

(2) ئاشقازان كېسەللىكىگە بېرىلىدىغان دورىلار:

1 - ئۇسۇلى: تاۋۇز ئۇرۇقى، ئالما قېقىنىڭ، ئەنجۈر قېقى ھەربىرىدىن 9 گىرام، مەستىكى 6 گىرام، قورۇق پىنىنە 3 گىرام، زەنجىۋىل 5 گىرام، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، ھېلىلە، ساناننىڭ ھەر بىرىدىن 3 گىرام، بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئالما مۇرابباسى بىلەن مەجۇنە قىلىنىدۇ. يېيىش مىقدارى كۈنىگە 10 گىرامدىن 15 گىرامغىچە. ئاشقازان ئاغرىقى، ئاشقازان كۆپۈش، قاداقلىشىش، ھېق تۇتۇش، ھۆ بولۇش قاتارلىق كېسەللەرگە بېرىلىدۇ.

2 - ئۇسۇلى: سەبرە، مەستىكى، جۇۋۇنە ھەربىرى 3 گىرامدىن، زەنجىۋىل، قېلىن دارچىن، سوزاپ 5 گىرامدىن، سودا (توغرىغا) 10 گىرامدىن، قارامۇچ، ئاقمۇچ 3 گىرامدىن، تاۋۇز ئۇرۇقى 15 گىرام، يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، سېرىق ياغ بىلەن مەجۇن قىلىنىدۇ.

بېرىش ئۇسۇلى: بىر گىرامدىن 3 گىرامغىچە. سېسىق كېكىرىش، مەيدىسى ئېچىشىش، قۇسۇش، ھۆ بولۇش قاتارلىق كېسەللەرگە

بېرىلىدۇ.

قورساق ئاغرىقىغا بېرىلىدىغان دورىلار:

كەشمىر ھۆپۈرمىقى، ئوسما ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گىرامدىن، سېرىق ھېلىلە پوستى 10 گىرام، بەدىيان 6 گىرام، ئاقمۇچ 5 گىرام، جۇۋۇنە 3 گىرام، سوزاپ 5 گىرام، سەبرە قوقۇرە 3 گىرام، ماۋۇدان بىر گىرام، سودا 5 گىرام، بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شاپتۇل ئۇچكىسى يېغىنى تاتلىق قىلىپ، بىر ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگىچە مەجۇنە قىلىنىدۇ.

يېيىش مىقدارى: بىر گىرامدىن 3 گىرامغىچە. قورساق ئىچىشىپ ئاغرىش، ئۈلۈنجى، ئۇچەي ئالمىشىپ قېلىش، قورساققا يەل قاپلىنىش، قورساق قاداقلىشىپ ئاغرىش، قەۋزىيەت كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ. (يۇقىرىقى دورىلارنىڭ رېتسېپ ئىسىملىكى كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىسىملىرى يېزىلمىدى).

(3) ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدىغان دورىلار:

زۇكام ۋە ئۈزۈك نەزلە كېسىلىگە: نىلۇپەر، ئاق لالە چېچىكى، بىنەپشە ھەربىرى 6 گىرامدىن، قاپلىق شوخلا بىر گىرام، پىرسىياۋشەن 5 گىرام، چامغۇر ئۇرۇقى 9 گىرام، چىغ چېچىكى 10 گىرام، قارا ئۆرۈك 30 گىرام، سانا 5 گىرام، لىمون بىر گىرام، چىلان 50 گىرام، شەمەنزىل 10 گىرام، بەدىيان يىلتىزى 10 گىرام، كۆكئانار چېچىكى 5 گىرام، كەھرىۋا 3 گىرام، ئەيسەنتۇم رۇمى 5 گىرام، يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى 15 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا قازاننىڭ تۈۋىقىنى يېپىپ قاينىتىلىدۇ. يۇقىرى بېسىم بىلەن قايناتماسلىق كېرەك. قومچاق كۆزى قىلىپ ئاستا ـ ئاستا قاينىتىش كېرەك. شېكەر ياكى قەنت قوشۇلمايدۇ. بېرىش مىقدارى 50 ~ 100 گىرامغىچە، ناھايىتى تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ.



يۆتەل ئارىلىشىپ كەلگەن زۇكامغا: كۆكئانار غوزىسى 10 گىرام، ئەينۇلا گۈلى 50 گىرام، زىرىق 6 گىرام، يۇمغاقسۇت 3 گىرام، ئالقات 5 گىرام، بىنەپشە 15 گىرام، زۇلپار 6 گىرام، تەمرى ھىندى 5 گىرام، چىلان 10 گىرام، گاۋزىۋەن 5 گىرام، ئاق لەيلى 10 گىرام، قاپاق چېچىكى 5 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقىلارنى 10 مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە قازاندا قاينىتىش كېرەك. قازاننىڭ تۈۋىقى يېپىلمايدۇ. ئاستا ـ ئاستا قاينىتىش كېرەك. شېكەر ياكى قەنت بىلەن قاينىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ، سوۋۇغان ۋاقىتتا قازاننىڭ تۈۋىقىنى يېپىۋېتىش كېرەك.

بېرىش مىقدارى: 100 گىرامدىن 200 گىرامغىچە بولىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، تەرلىتىش، بەدەننى يېنىكلىتىش، قاننى سۈرتۈش، چوڭ تەرەتنى بوشىتىش، ئاغرىقنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇش، ئۆيقىنى ياخشىلاش، قاتتىق يۆتەلنى توختىتىشقا شىپا بولىدۇ.

تەپ بولغان زۇكامغا: سەرپىتان 30 گىرام، سىركە 500 گىرام، بادىرەنجى بۇۋا 10 گىرام، نىلۇپەر 5 گىرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 9 گىرام، ئەسپەنتۇم رۇمى 5 گىرام، ئەپتىمون 10 گىرام، قارا ئۆرۈك 5 گىرام، ئالقات 10 گىرام، كەرەپشە 6 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقىلارنى قازاندا قاينىتىپ، تۈۋاقنى مەھكەم يېپىش كېرەك. قاينىتىش ۋاقتى 10 مىنۇتتىن 20 مىنۇتقىچە، شېكەر ياكى قەنتنى قاينىتىپ بولغاندىن كېيىن قوشۇش كېرەك.

بېرىش مىقدارى 30 گىرامدىن 50 گىرامغىچە بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇق، پۇت ـ قولى قىزىش، بوغۇم ئاغرىقى، بەل ـ پۇت تېلىش، جىگەر خاراكتېرلىك زۇكام، قىزىتما قايتۇرۇش قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ.

ئۆپكە تۇبېركۇليوزىغا: ھەببەبىل سان، بەلىيون ھەربىرى 9 گرامدىن، ئەپيون 3 گرام، ئىپار بىر گرام، قاپاق ئۇرۇقى 30 گرام، ئاق تۇربۇت، ئاق كۆكنار ئۇرۇقى، شەمەنزىل، مىگدىۋانە ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، پەتەر سالىيون 15 گرام، ئاقموچ 10 گرام، لاچىندانە 50 گرام، ئاچچىق بادام مېغىزى 30 گرام، گاۋزىۋەن، جىگدە چېچەكى ھەربىرى 20 گرامدىن، زەپەر 3 گرام، ئانار چېچەكى، قىزىلگۈل چېچەكى ھەربىرى 10 گرامدىن، سۇقامونىيا 6 گرام، كۈندۇر 9 گرام، چۆپچىدە 9 گرام، بوزدان 10 گرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بىھى مۇراببىاسى بىلەن مەجۇن قىلىنىدۇ.

يېيىش مىقدارى: كۈنىگە 5 گرامدىن 10 گرامغىچە، ۋاقتى 3 ئايدىن 9 ئايغىچە.

تەسىرى: ئېغىزمان ئاغرىش، نەپەس سىقىلىش، يۆتەلنى ياندۇرالماسلىق، كۆكسى چىڭقىلىپ ئاغرىش، كۆپ ھاسىراش، يۈرەك ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق، بېشى ئېغىر بولۇش كېسەللىرىگە شىپاھ بولىدۇ.

ئۆپكە كاناي ياللۇغىغا: ئۈچ كىلوگىرام ئاق چامغۇر ئۇرۇقى يېغىنى ئوتتۇراھال ھالەتتە قازاندا تاتلىق ئېتىش كېرەك. ئاندىن كېيىن ئىككى كىلوگىرام جىگدە چېچىكىنى قىرقىپ تاشلاش كېرەك. بىر كىلوگىرام قىزىلگۈل چېچىكى، 250 گرام ئاق كۆكنار ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، چامغۇر ئۇرۇقىنىڭ يېغىغا ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى نېپىز داكا بىلەن ئوراپ، ئاپتاپتا 30 كۈندىن 40 كۈنگىچە قويۇش كېرەك.

يېيىش مىقدارى: ئەتىگىنى 10 گرام، كەچتە 10 گرام، كۈنىگە 20 گرام ئىستېمال قىلىش كېرەك.

تەسىرى: ئۆپكىنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرۇش، يۈرەك جامچى ئەترا-



پىدىكى خىلىتلارنى ھەيدەش، يۈرەك ئىششىقى، يۆتەل، كانايدىكى غىژ-غىژنى ھەيدەش، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، زاتىل، ئانگىنا. بۇ دورىنىڭ ئەڭ ئىلغار يېرى شۆكى ئەجىلى تولمىغان، ئېغىر كاناي ياللۇغى كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

يۆتەلگە: بادام تالقىنى، ئالما قېقى، تاتلىق بادام مېغىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى ھەربىرى 30 گرامدىن، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 60 گرام، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى 15 گرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۈنىگە بىر گرامدىن 3 گرامغىچە يېيىلىدۇ.

تەسىرى: ئادەتتىكى يۆتەل، كۆكسىنى بوشىتىش، كانايدىكى ھاۋالارنى ھەيدەپ چىقىرىش، بەلغەم بوشىتىش، مېڭىنى ياخشىلاش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، يۈرەكنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

(4) جىگەر كېسىلىگە بېرىلىدىغان شەربەت دورىلار:

ئىمخيايى شەمبەر 50 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 100 گرام، سىركە 100 گرام، تۇخۇمى كاسنى 60 گرام، جۇۋۇنا 30 گرام، ئەپتىمون 15 گرام، سەرپىتان 10 گرام، بەديان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، ئۇدخام ھەربىرى 9 گرامدىن، تۇخۇمى كەشنەس، ئاق لالە ئۇرۇقى ھەربىرى 60 گرامدىن، بۇغداي كىراخمالى 30 گرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى قازانغا سېلىپ تۆۋەن بېسىمدىكى ئوتتا قاينىتىش كېرەك. 20 مىنۇتتىن 40 مىنۇتقىچە دەملەپ قاينىتىلىدۇ. ئاندىن قازان بىلەن سوۋۇتۇپ، 6 سائەتتىن 10 سائەتقىچە تورىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: 30 گرامدىن 50 گرامغىچە بېرىلىدۇ.

تەسىرى: ئۆتكە تاش چۆشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. جىگەر سېرىق كېسىلى، يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى، جىگەر ئىششىپ قېلىش، جى-

گەردىن سۇيۇقلۇق قايتىش، ھۆ بولۇش كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

(5) ئانگىنا، يۇتقۇنچاق ۋە كاناي ياللۇغىغا بېرىلىدىغان دورىلار:

كەرەپشە، موزا، كىتىر ھىندى، كۆپىكى دەريا، شۇتۇت مونىكى ھەربىرى 5 گىرامدىن، سېرىق ھېلىلە، قارا ھېلىلە ھەربىرى 3 گىرامدىن، قۇرۇتۇلغان كاكىنەج 3 گىرام، لىمون بىر گىرام، سەبرە بىر گىرام، كافۇر 3 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئانگىنا، كاناي ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل كېسەللىرىگە ئىنتايىن شىپا بولىدۇ.

كۈنىگە يېرىم گىرامدىن بىر گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

(6) ئۇيقان (دىيابىت) كېسىلىگە بېرىلىدىغان دورىلار:

1 ـ نۇسخا: سەلقە، ئەپيۇن، كەترا، كۈندۇر، قەھرىبا، پۇرچاق، نوقۇت، شالغۇت ھەربىرى 10 گىرامدىن، چىلاپا، چەلغوزا، پىستە مېغىزى ھەربىرى 15 گىرامدىن، ياڭاق مېغىزى 50 گىرام، كەندىر، زىغىر، كۈنجۈت ھەربىرى 15 گىرامدىن، كالا مۈڭگۈزى 100 گىرام، بۇغا مۈڭگۈزى 50 گىرام، دانىكا 30 گىرام، سىرپىستان 15 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان قىلىپ، ئەتىگەنلىك تاماقنىڭ ئالدىدا ۋە كەچلىك تاماقنىڭ ئالدىدا بىر قېتىمدىن، ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن 15 گىرامغىچە يېيىش كېرەك.

2 ـ نۇسخا: ئەرەب يېلىمى، ئۆرۈك يېلىمى، كەترا، مەستىكى ھەربىرى 6 گىرامدىن، مۇرمەككە 7 گىرام، ئاقمۇچ، قارامۇچ، پىلپىل ھەربىرى 5 گىرامدىن، كەھرىۋا، تۇرۇنجى پوستى، خولىنجان، بەھمەن سەبىت، ئەقىل قەھرا ھەربىرى 9 گىرامدىن، دانىكا 15 گىرام.



تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، 100 گىرام نەشە، 50 گىرام ئۆچكە يېغى، 2 كىلوگىرام سۇ بىلەن قايىنىتىپ، ئۆچكە يېغى، نەشەنىڭ مىكروپلىرىنى ئايرىۋېتىپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىنىدۇ.

يېيىش مىقدارى: 3 گىرامدىن 10 گىرامغىچە، 6 ئايدىن 20 ئايغىچە ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

3 ـ نۇسخا: دىيابىتنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى مەجۇنە پەرۋادى بولۇپ، تەركىبى مۇنداق:

مىڭدىۋانە، شەھەنزەل ھەربىرى 5 گىرامدىن، ۋاڭ ئۇرۇقى 2 گىرام، نەشە 5 گىرام، لاچىندانە 10 گىرام، قەلەمپۇر، گۈلدارچىن ھەربىرى 2 گىرامدىن، لىمون 3 گىرام، دانىكا 15 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى خام ماتېرىياللارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈژمە شىرنىسى بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئىسپېرما تۇتالماسلىق، ئۇيقىسى قېچىش، سەۋدا، سەرسان، سۇنۇق، ئاز ساندىكى دىيابىتقا بېرىلىدۇ. دورا مەست قىلىش، ئۇخلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھوشسىزلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئىسپېرمىنى ناھايىتى بەك تۇتىدۇ، ھەرقانداق خۇمارنى باسىدۇ.

يېيىش مىقدارى: 2 دانىدىن 5 دانىغىچە، 50 گىرام قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. ھەربىر قېتىم چاي ئىچسە بىر قېتىم مەست قىلىدۇ.

قېنىدا ماي بار ئۇيقان (دىيابىت) كېسىلىگە بېرىلىدىغان شەربەت:

زىرىق، ئالقات، گاۋزىۋەن، لىنىنپەر ھەربىرى 250 گىرامدىن، سانا 50 گىرام، ئاق جىگدە 500 گىرام، چىلان 500 گىرام، لىمون 30 گىرام، بۇنۇس 50 گىرام، كىكىنىش 15 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى خام ماتېرىياللارنى قازانغا سېلىپ، سۇس ئوتتا يېرىم سائەتتىن بىر سائەتقىچە بولغان ئارىلىقتا قاينىتىلىدۇ. ئاندىن خۇلىنجان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، يۇمشاق سوقۇپ يۇقىرىقى شەربەتكە ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىش كېرەك. قايناتقاندا دورىنىڭ 5 ھەسسىسىچىلىك سۇ قوشۇش كېرەك. قاينىتىپ بولغاندىن كېيىن پاكىزە سىقىپ خامىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەر قېتىمدا 30 گىرامدىن 100 گىرامغىچە ئۈچ ۋاخ ئىستېمال قىلىش كېرەك.

تەسىرى: قانغا ماي چۈشۈش، يۇقىرى قان بېسىم، بېشى ئاغرىش، پۇت ـ قولى تېلىش، نەپەس سىقىلىش، ئۇستىخانلىرى قولۇشۇش كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

(7) باش ئاغرىقىغا بېرىلىدىغان دورىلار:

سوقمۇنيا 3 گىرام، كۆك كافۇر بىر گىرام، ۋاڭ بىر گىرام، ئاپىلسىن 2 گىرام، سېرىق گۈل 5 گىرام، بەلىك 3 گىرام، قاپاق ئۇرۇقى 10 گىرام، مىڭدىۋانە ئۇرۇقى 3 گىرام. گاۋزىۋەن 9 گىرام، ئىپار بىر گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى خام ماتېرىياللارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، سىركە ياكى ئاچچىقسۇ بىلەن نوقۇت چوڭلىقىدا ھەببە قىلىش كېرەك.

يېيىش مىقدارى: 2 دانىدىن 5 دانىغىچە.

تەسىرى: باش قاتتىق ئاغرىش، ھۆ بولۇش، چېكىسى ئاغرىش، مېڭە ئاغرىش، ئارقا مېڭە ئاغرىش كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

(8) ئۇنتۇغاقلىققا بېرىلىدىغان دورا:

جاۋارىش، نەسىيان، ھېلىلە، كابىلە 30 گىرام، ئامىلە 15 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 30 گىرام، زەنجىۋىل 10 گىرام، سىيادان، جۇ-



ۋۇنە، ئاپىلسىن ھەربىرى 10 گىرامدىن، چىلغوزا مېغىزى، بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى ھەربىرى 15 گىرامدىن، گاۋزىۋەن 50 گىرام، زەپەر 10 گىرام، سۈت ئېمىۋاتقان ئوغلاقنىڭ مېڭىسىدە مەجۇن قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇش كېرەك.

يېيىش مىقدارى: كۈنىگە 3 گىرامدىن 9 گىرامغىچە.

كېسەلگە ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئۇنتۇغاقلىق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، سەرسانە، بېشى قېيىش، كۆزى تورلىشىش، كۆڭلى ئېلىشىش، كۆپ ئاچچىقلىنىش كېسەللىرىگە شىپاھ بولىدۇ.

(9) ئىستىرخا، پالەچكە بېرىلىدىغان دورىلار:

تازىلانغان كۈچۈلا 30 گىرام، ئەقىل قەھرا 10 گىرام، كالىنىڭ پېيى 250 گىرام، ئاق بەھمەن 40 گىرام، قارامۇچ 10 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر ھەسسىسىدىن 2 ھەسسىسىگىچە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇنە قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە 3 گىرامدىن 6 گىرامغىچە. ئۈنۈمى 15 كۈندىن بىر ئايغىچە كۆرۈلىدۇ. پالەچ، پەي بوشاپ كەتكەن، ماڭالماي ئولتۇرۇپ قالغان، جىنسىي ئاجىزلىشىپ كەتكەن كېسەللەرگە بېرىلىدۇ. سىرتتىن ياغلايدىغىنى نەرگىس يېغى دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدى بىلەن بىر كىلوگىرام كۈچۈلىنى 2 كىلوگىرام سۇغا چىلايمىز. ئاندىن كېيىن 40 كۈن ئاپتاپتا قويىمىز. كېيىن ئۇنى سىقىمىز. كۈچۈلىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭ سۈيىگە 10 مىڭ دانە چۈمۈلە تاشلاپ، يەنە قىرىق كۈن ئاپتاپتا قويىمىز. كېيىن چۈمۈلىنى سىقىپ ئېلىۋېتىپ، قىزىلگۈل چېچىكىدىن بىر كىلوگىرام تاشلايمىز. 40 كۈن ئاپتاپتا قويىمىز. ئاندىن كېيىن قىزىلگۈل چېچىكىنى سىقىپ ئېلىپ، شىشىگە قاچىلاپ، كېسەل بولغان جايىنى بوش ھالەتتە ياغلايمىز. بۇ يەنە

پەي بوشاپ كېتىش ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىرىگە
شىپاھ بولىدۇ. جىنسىي ئەزا ئەتراپىغا چاپسا (بوش چېپىش كېرەك)،
تۆت سائەتتىن 6 سائەتقىچە دىلىڭ تۇرغۇزىدۇ. جىنسىي ئەزانى ئۇزارتىش
ۋە يوغىنىتىش كۈچىگە ئىگە. بىر نەچچە قېتىم تەجرىبە ـ سىناقتىن
ئۆتكەن ئەڭ ئالىي دورا.

لەقۋا، پالەچكە شىپاھ بولىدىغان دورىلار:

ئەقىل قەھرا 0.6 گىرام، قۇندۇز قەھرا 0.3 گىرام، ئاق سەندەل،
قىزىل سەندەل ھەربىرى 0.9 گىرامدىن، گاۋزىۋەن 0.15 گىرام،
ئۇدخام 0.5 گىرام، ئاق تۇربۇت 0.3 گىرام، ئەنبەر 0.3 گىرام، بەسباسە
0.6 گىرام، بۇلار ياڭاق يېغى بىلەن مەجۇن قىلىنىدۇ.

يېيىش مىقدارى: كۈنىگە 0.3 گىرامدىن 0.6 گىرامغىچە. مۇددـ
تى ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە.

سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا: ئەقىل قەھرا 0.15 گىرام،
پىلپىل 0.15 گىرام، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، دارچىن، جورۇز، سىيادان،
ئادراسمان ئۇرۇقى ھەربىرى 0.15 گىرام، بۇلار بىر جىڭ تۆگە لوكىكـ
سىنىڭ يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 15 كۈن ئاتنىڭ قىغىغا كۆمۈلىـ
دۇ. پاختىدىن توقۇلغان رەختكە ئېلىپ، ئاندىن كېسەل بولغان ئەزانى
ياغلايدۇ. ئىچىدىن بېرىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئەرلىك ئاجىزلىق،
جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلاپ كەتكەن، پەي بوشاپ كەتكەن، جىنسىي
ئەزا كىچىك بولۇپ قالغان، ئىسپېرما تېزلەپ كەتكەن كېسەللىكلەرگە
ۋە مەنىي تۇتالماسلىق، مەزى بېزى ياللۇغى كېسەللىرىگە شىپا بولىـ
دۇ. بولۇپمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى جىنسىي مۇناسىۋەتكە ناھاـ
يىتى تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سەقەنقۇر 0.15 گىرام، ئەقىل قەھرا 0.9 گىرام، بۇقا چېۋىسى
0.9 گىرام، دارچىن 0.9 گىرام، سۆلەپ، ئەپيۇن ھەربىرى 0.9 گىراـ



دىن، قارامۇچ 0.6 گىرام، پىلپىل، كۇندۇر، بىلىيۇت ھەربىرى 0.9 گىـ
رامدىن، گۈلنار 0.6 گىرام، مەرۋايىت 0.9 گىرام، ئىپار 0.6 گىرام،
ناۋات 0.15 گىرام، كۈچۈلا 0.9 گىرام، شاقاقۇل، بۇغا مۈڭگۈزى ھەربىـ
رى 0.9 گىرامدىن، داناكا 0.15 گىرام، تۆگىنىڭ مەيدىسىدىن ئالغان
پىشلاق.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 100 دانە
ئاق قۇچقاچ مېڭىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىـ
نىدۇ. يېيىش مىقدارى كۈنىگە بىر دانىدىن 3 دانىگىچە. 10 كۈندىن
15 كۈنگىچە. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

(10) رېماتىزمغا شىپاھ بولىدىغان دورىلار:

ئاق تۇربۇت، قىزىل بەھمەن ھەربىرى 6 گىرامدىن، كەرەش، رەـ
ۋەندە چىنى، مۇرمەككە ھەربىرى 9 گىرامدىن، سورۇنجان 15 گىرام،
ئوسما ئۇرۇقى، كەرەپشە، يۇمغاقسۈتنىڭ قۇرۇق شېخى ھەربىرى 6
گىرام، ئېگىر، سانا، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەربىرى 15 گىرام، بادىـ
رەنجى بورا 10 گىرام، موقەل، ئاسارۇن ھەربىرى 6 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكـ
تىن ئۆتكۈزۈپ، بادام يېغى بىلەن پۇرچاق چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىنىدۇ.
يېيىش مىقدارى كۈنىگە 6 دىن 9 غىچە.

(11) كۆز كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدىغان دورىلار:

كۆزنىڭ قىچىشىش، چاپاقلىشىش، قادىلىپ ئاغرىش، كۆزگە
خال پەيدا بولۇش، كۆزنىڭ تېگى قاداقلىشىپ ئاغرىش، بىر نەرسىنى
ئىككى كۆرسىتىش، قۇلاق غوڭۇلداش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە شامچە
بورا پۇچىقى، سۇمبۇل ئاسارۇن، ھېلىلە، سىيا ھەربىرى 3 گىرامدىن،
زەپەر 6 گىرام، ئىپار 3 گىرام، ئەنبەر 3 گىرام، لاجىۋەرد، تۇرۇپ ئۇـ
رۇقى ھەربىرى 3 گىرامدىن، غارىقۇن، ئۇستا قۇددۇس ھەربىرى 6 گىـ

رامدىن، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 30 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ناۋات قىيامى بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىنىدۇ.

يېيىش مىقدارى: كۈنىگە 6 دانىدىن 9 دانىغىچە بولىدۇ. مۇددىتى 15 كۈندىن بىر ئايغىچە.

(12) بۆرەككە تاش چۈشۈشكە شىپاھ بولىدىغان دورا:

تەرخەمەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چىلگە قوغۇن ئۇرۇقى، ئىمىزخەرمەككە ئۇرۇقى ھەربىرى 5 گىرامدىن، ئۇدىغام، ھىجىر ياھودى 10 گىرامدىن، ئەرمىدون ئۇرۇقى 10 گىرام، لىمون، كافۇر ماۋۇدانە، ئەپيۇن ھەربىرى بىر گىرامدىن، سەبرە 6 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تېرەك يېلىمى بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىنىدۇ. بېرىش مىقدارى 10 دانىدىن 15 دانىغىچە. 5 سائەتتىن 10 سائەتكىچە ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: بۆرىكىدىكى تاشنىڭ چوڭلۇقى بىر سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتكەن بىمارلارغا بەرمەسلىك كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۆلۈم بىلەن ئاياقلىشىدۇ.

( 13) بەرەس (ئاقكېسەل) گە بېرىلىدىغان دورىلار:

قاقىلە، سىيادان، سىركە قايمىقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، سېرىق ھېلىلە، ئەينۇلا، غارىقۇن ھەربىرى 15 گىرامدىن، فۇنياۋشەن 10 گىرام، زەپەر 5 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تۆۋەن بېسىم بىلەن 2 سائەتتىن 5 سائەتكىچە قاينىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 30 گىرامدىن 50 گىرامغىچە. ناھايىتى



تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ، سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

( 14) بوۋاسىر كېسىلىگە بېرىلىدىغان دورىلار:

ئەرمىدىن ئۇرۇقى، نۆشۈدۈر ھەربىرى 15 گىرامدىن، بەسباسە 9 گىرام، يانتاق چېچىكى 250 گىرام، ئاقمۇچ، چاكاندا مېۋىسى ھەربىرى 6 گىرامدىن، تەرەنجىۋىل 15 گىرام، تۇغۇرغا 10 گىرام، تاغ پىننىسى 10 گىرام، كۆپىكى دەريا 10 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 گىرامدىن 6 گىرامغىچە.

تەسىرى: كەينى مەقئەت قىچىشىش، ئاغرىش، قاناش، قەۋزىيەت، تەرەتكە پوتلا (ماڭقا) غا ئوخشاش ماددا ئارىلاش كېلىش، كۆزى قىزىرىپ قېلىش، كۆزى قىچىشىش، قۇلاق غوڭۇلداش، كۆزى چاپاقلىشىپ قادىلىپ ئاغرىش كېسەللىرىگە شىپاھ بولىدۇ.

### 3. ئاياللار كېسەللىكىگە بېرىلىدىغان دورىلار:

ئاياللارنىڭ خۇن كېسىلى، ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمە، جىنسىي ئەزا قىچىشىش، چىڭقىلىپ ئاغرىش، بالىياتقۇدىن يەل مېڭىپ كېتىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىشكە بېرىلىدىغان دورىلار:

تاغ پىننىسى (ياۋا پىننە) 0.10 گىرام، ئاقمۇچ، پىلپىل، قوستە ھەربىرى 0.3 گىرامدىن، جۇز، كۆپىكى دەريا، كىتىر ھىندى، گۈلنار، قىزىلگۈل چېچىكى، يانتاق چېچىكى ھەربىرى 6 گىرامدىن، ئاق قاقىلە 0.9 گىرام، ئەنبەر 0.6 گىرام، ئوسما ئۇرۇقى، قارسونا ئۇرۇقى ھەربىرى 0.6 گىرامدىن.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئانار سۈيى بىلەن مەجۇن قىلىنىدۇ. 3 كۈندىن 10

كۆنگچە ئىشلەتسە تەسىرى كۆرۈلىدۇ.

ھامىلە چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار:

ئىپار 3 گىرام، سوزاپ، تاغ پىننىسى، ئۇدىيان ھەربىرى 15 گىرامدىن، قىزىلگۈل، ماۋۇدانە، سەبرە، بەدىيان ھەربىرى 6 گىرامدىن. ھەببە سالاتون 15 دانە.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۇنجۇت يېغى بىلەن پۇرچاق چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 دانىدىن 6 دانىغىچە، 4 ئايلىقتىن تۆۋەن ھامىلىنى چۈشۈرەلەيدۇ. ئەكس تەسىرى يوق. بالىياتقۇنى زەخىملەندۈرمەيدۇ. بالىياتقۇ، بۆرەك، ئىچكى ئەزا ئورگانىزمنىڭ ئىشقىنى ياندۇرىدۇ.

تۇغۇت چەكلەيدىغان دورىلار:

ئىسمى ھەببە ئەقىر، تاغ پىننىسى، كىكنىش، موزا ھەربىرى 3 گىرامدىن، ئانار پوستى، پىستە مېغىزى ھەربىرى 6 گىرامدىن، ئامىلە، بەلىلە ھەربىرى 5 گىرامدىن، ئالتۇن ۋاراق 15 دانە، دانىكا 6 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆرۈك يېلىمى بىلەن جىنەستە چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: جىما قىلىشنىڭ ئالدىدا ئايال كىشى بىر دانىدىن 2 دانىغىچە يەيدۇ. 15 كۈندىن بىر ئايغىچە يېسە بىر يىل قورساق كۆتۈرمەيدۇ. ئەكس تەسىرى يوق.

ئاياللىنىڭ تۇغۇتى توختاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭ شىپاسى:

بىرىنچىدىن، بالىياتقۇ ئاغزىغا ماي تولۇپ قالغان بولسا تۇغمايدۇ؛



ئىككىنچىدىن، بالىياتقۇ سىگارىيان بولسا تۇغمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، بالىياتقۇ پاك بولسا تۇغمايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، بالىياتقۇ تۈرۈبىسىدا تۇسالغۇ بولسا تۇغمايدۇ. بالىياتقۇ تۈرۈبىسى ئېتىلىپ قېلىش ۋە ياغ تولۇپ قېلىشقا بېرىلىدىغان دورىلار: ئالدى بىلەن ھەببە موغۇج بېرىش كېرەك. سەبرە 4 گىرام، ئاق تۇربۇت 8 گىرام، سېرىق ھېلىلە 16 گىرام، ھەببە سالاتۇن 60 دانە (ھەببە سالاتۇننىڭ ئىچىدىكى تىلىنى ئېلىۋېتىش كېرەك)، تاتلىق بادام 5 گىرام، قىزىلگۈل 2 گىرام، بەدىيان 2 گىرام، مەھمۇدە 5 گىرام، لىمون 2 گىرام، زەپەر 3 گىرام، ئەپيۇن 3 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بەدىيان سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەببە قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 8 دانىدىن 10 دانىغىچە، ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم بېرىلىدۇ. 45 كۈندە 3 قېتىم بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن

2 ـ رېتسېپ: بۇغداي كىراخمالى، كەندىر مېغىزى، بىدە ئۇرۇقى، قىزىل چامغۇر ئۇرۇقى، لوبۇ ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى، كۇنجۇت، زىغىر، ئاپەسگۈل ئۇرۇقى، ئەرمىدون ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گىرامدىن، بادام مېغىزى، چەلغوزا مېغىزى، پىستە مېغىزى، ھەربىرى 6 گىرامدىن، ياڭاق مېغىزى 30 گىرام، ئەنبەر، ئىپار 3 گىرامدىن، ئەپتىمون 10 گىرام، سەلخە 5 گىرام، ئالتۇن ۋاراق 15 دانە، كۈمۈش ۋاراق 20 دانە، كەترا، سىرىغى ئەرابى، مۇرمەككە، مەستىكە ھەربىرى 6 گىرامدىن، زەپەر 3 گىرام، ھەشقىپېچەك ئۇرۇقى، شەھمى ھەنزەل، سوقا مۇنيا، سەۋزە ئۇرۇقى 10 گىرام، ئەنزەرت 6 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەك

تمن ئۆتكۈزۈپ، چىلان قىيامى بىلەن مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىشى: ئەر ـ ئايال ئىككىسى كۈنىگە 3 گىرامدىن 6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىدۇ. 3 ئايدىن 6 ئايغىچە ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. باليانتقۇ پاك ۋە سىڭالايان بولغان ئايالالارغا كار قىلمايدۇ.

### 4. ئىچىدىن بېرىلىدىغان سۈرگە نۇسخىسى

ھەببە مۇخرىج، ئىختىيايى شەمبەر 15 گىرام، سەبرە 8 گىرام، ئاق تۇربۇت 16 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 32 گىرام، ھەببە سالاتون 60 دانە، تاتلىق بادام 10 دانە، لىمون 4 گىرام، لىلىنچەر 6 گىرام، ماۋۇدانە 3 گىرام، ئەپيۇن 3 گىرام، پىرشياۋشەن 10 گىرام، سانا 10 گىرام، شاپتۇل ئۈچكىسى 15 گىرام، زەنجىۋىل 6 گىرام، گاۋزىۋەن 15 گىرام، فۇنياۋشەن 6 گىرام، كەتىرا ھىندى 6 گىرلم، ئاپپىلسىن 3 گىرام.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، چىلان قىيامى بىلەن ھەببە قىلىنىدۇ.

يېيىش مىقدارى: 8 دانىدىن 10 دانىگىچە بېرىلىدۇ. ئەر ـ ئاياللىق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ كەتكەن، زۇكام، باش ئاغرىقى، رېماتىزم، قول ـ پۇل تېلىش، ئاشقازان يېنىك سۈپەتلىك پالەچ، دانىخورەك، قىچىشقاق، قۇتلۇق تەمرەتكە، تەڭگە تەمرەتكە، سۇلۇق تەمرەتكە، جاراھەت ۋە ھەرقانداق ئۇششاق ـ چۇششەك كېسەللەرگە بېرىلىدۇ. پايدا قىلىشىنىڭ بەلگىسى ئىچى سۈرىدۇ، ھەتتا قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، خىلتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ، مىجەزنى نورماللاشتۇرىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: ھەرقانداق يۈرەك كېسەللىرىگە بېرىشكە بولمايدۇ، بالىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئۇندىن باشقا كېسەللەرگە بېرىشكە بولىدۇ، ئەكس تەسىرى يوق. بۇ دورىنى ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاش-



نىڭ ئالدىدا بېرىۋېتىپ، ئاندىن كېيىن دورا بەرسە ناھايىتى تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

### 5. سىرتتىن ئىشلىتىدىغان مەلھەم دورىلار:

1 ـ نۇسخا: كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش كۈلى، موزا كۆيىكى دەريا، كىتىر ھىندى، كۆيدۈرۈلگەن پىلپىل كۈلىنىڭ ھەربىرىدىن 2 گىرام، يۇمشاق سوقۇپ، كالا يىلىكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تەڭگە تەمرەتكىسى، قىزىل تەمرەتكە قاتارلىق جاراھەتلەرگە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

2 ـ نۇسخا: چامغۇر كۆچۈرمىسىنىڭ يىلتىزىنىڭ كۈلى، گۈگۈت يېغى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇلۇق جاراھەت، قۇتلۇق تەمرەتكە، قىچىشقاق كېسەللىرىگە سىرتتىن چېپىلىدۇ. ناھايىتى تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3 ـ نۇسخا: ئاچچىقسۇ، قىرىق كۈنلۈككە توشمىغان ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكى، سۇتئوت يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى، ماۋىدانىنىڭ قۇلىقى، ئاچچىق تاماكىنىڭ قۇلىقى، سىركە ھەربىرى 500 گىرامدىن، ھەببە سالاتوننىڭ زەھەرلىك تىلى بىر گىرام، بىر كىلوگىرام مور، 100 گىرام لىمون، بىر كىلوگىرام قەنت. بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇ قوشماي تۆۋەن بېسىم بىلەن 5 سائەتكىچە قاينىتىلىدۇ. قايناتقاندىن كېيىن قېتىشىدۇ. رەڭگى ئاچچىقسۇ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. 6 ئاي تومۇز كۈنلىرىدە ئېرىپ كەتمەيدۇ. ئادەمنىڭ بەدىنىگە تەگكەن ھامان ئېرىيدۇ. تەگكەن يەرنىڭ تېرىسىنى ئۈكلەپ ماڭىدۇ. ساقايمىغان جاراھەت، سۆگەل، يۈزىگە چۈشكەن داغ، قوتۇر، تارتۇق قاتارلىق كېسەللەرگە ئىنتايىن شىپا بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: ئىچىدىن يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىچىدىن يېسە ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ زەھىرىنى

ھېچقانداق دورا بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ.

**6. قاپلىق جاراھەتلەرگە بېرىلىدىغان دورىلار:**

قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى، ۋالىڭ ئۇرۇقى، ماۋۇدانە، ھەببە سالاتون، زىغىر.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ كالا مەسكىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ، قاپلىق جاراھەت ئېغىزىغا تېڭىپ قويسا جاراھەت ناھايىتى تېز ئېغىز ئېلىپ، ئىچىدىكى جاراھەت يىلتىزىنى ناھايىتى تېز سۈمۈرۈۋالىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: قۇشقۇيرۇق، سوغان، غەلۋىرەك، ياللۇغلىنىپ كەتكەن جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ. ئىچىدىن يېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

تېرە ئاستىدىكى توپۇق، بەز، ئۆسمە گۆش قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدىغان سايمان:

كۈمۈشتىن پىچاق سوقۇپ، ئوچاقتىكى ئوتتا قىزىتىپ، سۈت ئەممە موزاينىڭ سۈيدۈكىدە سۇغۇرۇپ، 24 سائەت سىركىگە چىلاپ قويساق، كۈمۈش پىچاقنىڭ زەھىرى ئۈزۈل - كېسىل يوقايدۇ. ئاندىن كېيىن سىرتنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان يەرگە ئىشلىتىش كېرەك. تىغ سېلىپ ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ۋاقىتتا بىمارنىڭ ئەزايى ئاغرىمايدۇ. يارا ئېغىزىنى كەسكەندە پەي كېسىلىپ كېتىشكە ناھايىتى دىققەت قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا پەي كېسىلىپ كەتسە بىمار ئۆمۈرۋايەت ساقايمايدۇ. تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

**7. قان ئېلىش ھەققىدە**

بەدەننىڭ قانلىرى بۇزۇلۇپ، قوللىرى قولىشىش، سىرقىراپ ئاغ



رىش ۋە قوللىرى لەڭ بولۇپ قېلىش كۆرۈلسە، بىلەكنىڭ يان تومۇرىدىن قان ئېلىۋېتىش كېرەك. قان ئالغان ۋاقىتتا كۆپ قان ئېلىشتىن ساقلىنىش، 3 قېتىم قان ئېلىش، ھەر قېتىمدا 3 گىرامدىن 6 گىرامغىچە ئېلىش كېرەك. ئۈچ قېتىمدا ساقايمىغان كېسەلدىن قان ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

كۆزگە قان چۈشۈۋېلىش، قان ئېلىش ئالامەتلىرى: كۆزلىرى قىزىرىپ قېلىش، كۆزىگە بۇلۇت چۈشۈۋېلىش، كۆزى قاراڭغۇلىشىش، يىراقنى كۆرەلمەسلىك، كۆزىدىن ياشا، كۈمۈتا ئۇچقاندەك ئالامەتلەر كۆرۈلسە، قىزپال تومۇرنى تېپىپ، شۇ يەردىن دەرھال قان ئېلىش كېرەك، قان ئالغاندا بىر قېتىمدىن 5 قېتىمغىچە ئېلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا كۆز تومۇرلىرىغا قان كەپلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. ۋاقتىدا قان ئېلىۋېتىش كېرەك. بولمىسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. قان ئالغان ۋاقىتتا يۈرەك ۋە تومۇردىن قان ئالماسلىق كېرەك. بولمىسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

**8. يېمەكلىك، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ باياني:**

ياڭاق: قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، يېلى ئىنتايىن زىيادە. ئەمما ئۇنىڭ ئىلغار يېرى شۇكى، قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، تاش پوستىنى سويىۋېتىپ، قەدىمىي يەرلىك قىزىل ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقىنى ئايرىۋېتىپ، 17 دانە ئۈزۈم بىلەن كۈنىگە بىر - ئىككى ياڭاقنى 6 ئايدىن بىر يىلغىچە ئىستېمال قىلىپ بېرىلسە، پالەچنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مېڭىنى ياخشىلايدۇ، پەينى چىڭىتىدۇ، بېشى قېيىش، پۇت - قولى قولىشىش، ئۇنتۇغاقلىق قاتارلىقلارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. 50 گىرام قارا گۈلە بىلەن قوشۇپ يېسە، ئەرلىكنى ياخشىلايدۇ. چىرايىدىكى قورۇقنى يوقىتىدۇ. گۈلىنىڭ زىيانلىق تەرىپى قاننىڭ ئايلىنىشىنى بۇ-

زىدۇ. بەدەننىڭ يېلىنى قوزغاپ چىقىرىدۇ ۋە يەل پەيدا قىلىدۇ. ئۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلسە ئاقمۇچ، كەتتىر ھىندى، سېرىق گۈلنىڭ سۈيى بىلەن بىللە ئىچىش كېرەك.

قوغۇن: ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بەدەننى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ، شاخچە تومۇرلارنى ئاچىدۇ، جىگەر، بۆرەك، سۈيدۈك خالتىسى ۋە ئۆپكە ئەتراپىدىكى ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

تاۋۇز: قۇرغاق سوغۇق بولۇپ، قاننى سوۋۇتىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ، قورقاقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى ياندۇرىدۇ. كېزىك، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، زىيانلىق تەرىپى ئاشقازان، ئۈچەيگە زىيانلىق، پەيلەرنى بوشىتىدۇ، ئەرلىككە زىيان قىلىدۇ.

پەمىدۇر: ئىنتايىن قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قاننى كېسىدۇ، چاچنى چۈشۈرىدۇ ۋە ئاقارتىدۇ.

قىزىلمۇچ: ئىنتايىن قۇرۇق سورۇق بولۇپ، يېلى قاتتىق، بوۋاسىر، ئۆپكە كاناي ياللۇغى، تۇبېركۇليوز، كۆز ئاغرىقى، قىچىشقاق، تەمرەتكە، يەلدىن بولغان جاراھەت، ئەر ـ ئاياللىق جىنسىي ئاجىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. ياخشىلىق يېرى شۇكى، دىمىقى پۈتۈپ قالغانلار سامساق بىلەن پىيازغا ئارىلاشتۇرۇپ، دەملەپ پۇراپ بەرسە، ئىچىپ بەرسە دىماقنى بوشىتىدۇ.

شاپتۇل: ئىنتايىن قۇرۇق سوغۇق، يەل بولۇپ، تەركىبىي قىزىلمۇچ بىلەن ئوخشاش. ياخشىلىق يېرى بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئۈيقىنى ياخشىلايدۇ، سۈيدۈكنى ئۇلغايتىدۇ، ئۆپكىگە شى ماڭدۇرىدۇ. پالەچ كىشىلەر ۋە ئەرلىكى ئاجىز كىشىلەر يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

نەشپۈت: قۇرۇق سوغۇق، يەل بولۇپ، زىيانلىق تەرىپى قىزىلمۇچ بىلەن ئوخشاش. ياخشىلىق تەرىپى قورقاق، كېزىك، تەب قاتارلىق كې



سەللەرگە شىپا بولىدۇ.

ئالما: يۈرەك، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ، تەبىئىي ھۆل ئىسسىق. زىيانلىق تەرىپى كۆپ ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ. ئىششىپ قالغان، سۈيدۈكى ئازلاپ كەتكەن كېسەللەرگە بېرىشكە بولمايدۇ.

پىياز: ئىنتايىن قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، كۆپ ئىستېمال قىلسا بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، پەيىنى بوشىتىدۇ، قاننى كېسىدۇ، بەدەنگە قىچىشقاق، جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. ئەرلىككە زىيان قىلىدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن قىزىلمۇچ بىلەن ئوخشاش. پايدا قىلىش تەرىپى سەۋدا، قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

چامغۇر ۋە تۇرۇپ: تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ، كۆز، يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر ۋە ئىششىق كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسى تەسىرى يوق. داۋاملىق ئىستېمال قىلىش لازىم. ھەر قانداق ئادەمدىن چەكلەنمەيدۇ.

تەجەللى يەنە كۆپ ئۇچرايدىغان بەزى كېسەللەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك رېتسېپلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

بالىلار كېسەللىكى ھەققىدە:

تۆگىنىڭ يۇڭىنى يوتىسىغا باغلىۋالسا سۈيدۈكى توختىمايدىغان كىشىلەرگە ۋە سىيىپ ياتىدىغان بالىلارغا پايدا قىلىدۇ.

چىش ئاغرىقى توغرىسىدا:

ئۆلەكنىڭ چىشىنى چىشى ئاغرىغان ئادەم ئېسىۋالسا، پايدا قىلىدۇ.

چىش ئاغرىقىغا كىسلاتادىن بىر تامچە تەگكۈزسە پايدا قىلىدۇ.

ئەگەر چىشنى ئېلىۋەتمەكچى بولسا، دانىكادىن بىر قانچە كۈن چىشنىڭ تۈۋىگە قويسا چىشنى چىقىرىدۇ.

قورساق ئاغرىقى (ئىچ ئۆتكۈ) نىڭ شىپاسى توغرىسىدا:

توشقاننىڭ سۈتىنى ئىچۈرسە، قولۇنجى (بىر خىل قورساق ئاغرىقى) كېسىلىگە شىپا قىلىدۇ.

قارا ھېلىلىدىن ئىككى مىسقالنى يۇمشاق سوقۇپ يېرىم مىسقال يەنچەلگەن رۇمبەدىيان بىلەن قوشۇپ قايناق سۇ بىلەن ئىچۈرسە ئوبدان پايدا قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى توغرىسىدا:

كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكىنى قىزىتىپ يۇڭ بىلەن كۆزگە چاپسا كۆزنىڭ قىززىللىقىنى يوقىتىدۇ.

پاختەكنىڭ قېنى بىلەن قارا كەپتەرنىڭ قېنى بەرەس (ئاقكېسەل) كە چېپىلسا، رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر كۆزگە چېپىلسا، كۆزنىڭ جاراھەتلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

مۈشۈكنىڭ ئۆتىنى كۆزگە تارتىلسا، كېچىدىمۇ كۈندۈزدىكىگە ئوخشاش كۆرىدىغان بولىدۇ.

كالىنىڭ ئۆتىنى ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن كۆزگە تارتىلسا، كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ ۋە روشەنلىشىدۇ.

ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆتىنى كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاشىدۇ.

شەقىقە كېسەللىكى (نېرۋا كېسەللىكى) گە ئىختىرا قىلىغان رېتسېپلىرى:

ئادەمنىڭ چىچىنى بويىنىغا ئاسسا، شەقىقىگە پايدا قىلىدۇ.

تۈلكىنىڭ مەرگەن چىشىنى تۇتقاقلىق كېسىلى بار بىمارغا ئېسىپ قويسا، ياخشى بولىدۇ. ئاق ياكى قىزىل خورازنىڭ تاجىسىنى سارائىلىق تۇتقاندا يېسە، پايدا قىلىدۇ.

چاشقاننىڭ بېشىنى چىگە رەختكە ئوراپ بېشى ئاغرىيدىغان ئادەمنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويسا، پايدا قىلىدۇ. تۇتقاقلىق كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.



ئاق ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىنى ئېزىپ، لاتىغا يۆگەپ ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قويسا، بېشىدىن ئېلىۋەتمىگۈچە ئۇ كىشى ئويغانمايدۇ.

مەست كىشىگە ئاچچىق، قېنىق نەرسىلەرنى ئىچكۈزسە ئەسلىگە كېلىدۇ.

كونا باش ئاغرىقىغا ھۆلبەدىيان ئۆسۈملۈكىنىڭ كۆك بەرگىنى سوقۇپ ھۆلزىمات قىلسا (بېشىغا تېڭىلسا) پايدا قىلىدۇ.

قۇرۇقتىن بولغان قاتتىق باش ئاغرىقىغا ۋە قۇلاق ئاغرىقى ھەمدە چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا (ئەگەر يازدا بولسا)، بەدىيان ئۆسۈملۈكىنىڭ كۆك بەرگىنى سوقۇپ سىرتتىن چاپسا، ئوبدان پايدا قىلىدۇ.

خورازنىڭ تاشلىقىنى قۇرۇق تۇغماس خوتۇن كىشىگە يېگۈزسە (ھەيزدىن پاكىز بولغاندا) ئېرى بىلەن بىر بىر ياستۇقتا باش قويسا، ھامىلدار بولىدۇ.

زىيانداشلاردىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىگە دائىر رېتسېپلار:

قېچىرنىڭ (قارا) تۇۋىقىنى ياكى قېنىنى بوسۇغىنىڭ ئاستىغا كۆمسە، چاشقان يېقىن كەلمەيدۇ. ئۆيدە شۇنىڭدىن ئىسرىق سالسا بولىدۇ.

كالىنىڭ يېغىنى زەرنىخ بىلەن كۆيدۈرۈپ ئۆينى ئىسلىسا، چايان، يىلان ۋە باشقا ھاشارەتلەر ئۆينى تاشلاپ قاچىدۇ.

ئۆيدە كاۋىنىڭ يوپۇرمىقىنى ياكى سەلخەنى كۆيدۈرۈپ ئىسلىسا، چىۋىن قېچىپ كېتىدۇ.

كاۋىنىڭ يوپۇرمىقىنى قايىنىتىپ ئۆيگە چاچسا، چىۋىن كىرمەيدۇ.

## سۇفۇپى تەجەللى①

تەركىبى: مۇدەپپەر قىلىنغان كونا خىش 15 گىرام، ئانارگۈلى 15 گىرام، موزا 15 گىرام، سۇماق 15 گىرام، جۇپتى بەللۇت 15 گىرام، ئاق سەندەل 10 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ 10 گىرام، تاباشىر 10 گىرام، ئاق مەۋسەل 10 گىرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 10 گىرام، خەشخاش ئۇرۇقى 10 گىرام، رۇبىسۇس 10 گىرام.

سۇفۇپلار

ئۇسۇڭ ئۇرۇقى 10 گىرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 10 گىرام، سەمغى ئەرەبى 10 گىرام، گۆشتە قىلىنغان تۇخۇم شاكىلى 10 گىرام، قەلەي كۆشتىسى 10 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن مارجان 10 گىرام، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى 10 گىرام، ئاقاقىيا 10 گىرام، بەزرۇلبەنجى 10 گىرام، نىشاستە 10 گىرام.

ياساش ئۇسۇلى: دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تالقانلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قان توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئىسسىپرما تۇتۇش قاتارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان ئىچى سۈرۈش، قاناش، ئۇسسۇزلۇق، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

① بۇ رېتسېپ ئېلى ھاجى قۇربانىنىياز ئەمچى تۈزگەن «ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلار غەزىنىسى» دىن ئېلىندى.



ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## تەجەللى شەربىتى②

تەركىبى: بەدىيان يىلتىزى 15 گىرام، كەبىر يىلتىزى 15 گىرام، كەرەپشە يىلتىزى 15 گىرام، كاسىنە يىلتىزى 15 گىرام، چىلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 15 گىرام، سەۋسەن يىلتىزى 15 گىرام، رەۋەن چىنى 15 گىرام، قىزىلگۈل 10 گىرام، جىنتىيانا 15 گىرام، پىلپىل 15 گىرام، زەنجىۋىل 15 گىرام، بوزۇغا 15 گىرام، قارىمۇچ 10 گىرام، دارچىن 10 گىرام، سەلىخە 10 گىرام، گۈلدارچىن 10 گىرام، قىزىلگۈل 10 گىرام، بوزىدان 10 گىرام، قەنتەرىيون 10 گىرام، سۇمبۇل ھىندى 10 گىرام، قىچا 10 گىرام، غارىقۇن 10 گىرام، گاۋزىبان ھىندى 10 گىرام، كاۋاۋىچىن 15 گىرام، قارا ھېلىلە 15 گىرام، قەلەمپۇر 10 گىرام، تاشاڭ 10 گىرام، بەدىيان 10 گىرام، رۇم بەدىيان 10 گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى 10 گىرام، كەرەپشە ئۇرۇقى 10 گىرام، زىرە 10 گىرام، جۇۋەنە 10 گىرام، سۆرۈنجان مىسرى 10 گىرام، ماھى زەھرەج 10 گىرام، ئىزخىر 10 گىرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 10 گىرام، تۇربۇت مۇقەششەر 10 گىرام، شەھمەنزەل 10 گىرام، سانا 30 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 30 گىرام، تەرەنجىبىن 250 گىرام، شېكەر 300 گىرام

ياساش ئۇسۇلى: غارىقۇننى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ. سانا، تەرەنجىبىن قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق

② بۇ رېتسېپ ئېلى ھاجى قۇربانىنىياز ئەمچى تۈزگەن «ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلار غەزىنىسى» دىن ئېلىندى.

سۈزگۈچ قەغەز ئارقىلىق سۈزۈپ ئېلىنىدۇ...

سۇغا ئىلىم ـ ئايرىم چىلاپ قويۇۋېتىلگەن ...

سۇغا ئايرىم ـ ئايرىم چىلاپ قوۋۇتىنى ئېلىپ، باشقا دورىلارنى قائىدە بويىچە چالا سوقۇپ، ئۈچ لىتىر قايناق سۇغا سەككىز سائەت چىلاپ، سۈس ئوتتا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا قوۋۇتى ئېلىنغان دورا سۇلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، تىرىپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، شېكەرنى سېلىپ، ئاخىرىدا غارىقۇن تالقىنىنى قوشۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

تەبىيىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ھامىلدارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر: بەل ۋە پۇت ئاغرىقى، تۇغماسلىق، باش ئاغرىقى، پۇت ـ قول مۇزلاش، ئاغرىش، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 50 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلىنىدۇ.



# تەجەللىنىڭ جەرراھلىق (ئوپېراتسىيە) ماھارىتى

ئابدۇلئەھەد ئالىم

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ھۈسەيىنخان (تەجەللى) 1848 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىدە دىنىي ئالىم، ئاتاقلىق تېۋىپ ۋە شائىر قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئاتىسىدىن تەلىم ئالغان. كېيىن ئاتىسى ئۇنى ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ، دېھلى مەدرىسىدە ئوقۇتقان. تەجەللى بۇ يەردە ئەرەب، پارس، ھىندى تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ، تېببىي ئىلىم ۋە خىمىيە پەنلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، بۇ ساھەدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن.

تەجەللى دېھلى، كابۇل قاتارلىق جايلاردا خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، تېۋىپلىق قىلغان ھەمدە مۇدەررىس بولغان. خىمىيە ئىلمى بويىچە تەجرىبە ئېلىپ بارغان. بۇ ۋاقىتتا قويۇنچا (سوقۇر ئۈچەي كېسىلى)، ئېلىشىپ قالغان (ساراڭ بولۇپ قالغان) كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتقان. خالاستان دەرياسىدىن قۇم ـ شېغىللارنى ئېلىپ كېلىپ، خىمىيەلىك تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئايرىۋالغان.

بۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن قارىشى تۆۋەن بولغانلىقتىن، بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى بىلىپ يېتەلمىگەن. بىر قىسىم خوجا، ئىشانلار بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان. ئۇلار تەجەللىنىڭ ئائىلىسى، كۇتۇپخا-

نسى، تەجرىبىخانىسىغا ئوت قويۇۋەتكەن. پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، تە-
جەللىنى قەست قىلىپ ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولغان. كېيىن تەجەللى گۇ-
مىنىڭ تازغۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان كۆھتام (ھازىر كىلىياڭ يېزى-
سىنىڭ بىر كەنتى) دېگەن يېرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

تەجەللى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەر-
نى ئىجاد قىلغان. ئىسمايىل ھاجىم، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم قاتار-
لىق نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان.
كىشىلەرگە دائىم ئىلىم ئۆگەتكەن. كۆپ قىسىم ۋاقتىنى كېسەل
داۋالاش، ئوپېراتسىيە قىلىش ئىشلىرى ھەمدە خىمىيەلىك تەجرىبە
ئېلىپ بېرىشقا سەرپ قىلغان. تەجەللى كۆھتامغا كېلىپ بىرىنچى
بولۇپ داۋالىغان كېسەل كىلىياڭنىڭ تۆۋەنچاقا دېگەن يېرىدىكى شەيدا
باي بولۇپ، بۇ كىشى دەسلىپىدە سەۋدايى بولۇپ، كېيىن ساراڭ بولۇپ
قالغان. بۇ كېسەل ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، تەجەللى ئۇنى ئۆيى ئال-
دىدىكى يوغان ئۈژمە دەرىخىگە ئۆرە پېتى تۇرغۇزۇپ ئارغامچا بىلەن
باغلاپ، چاچلىرىنى پاكىز چۈشۈرۈپ، ئاندىن مەستخۇش دورىسى ئىچ-
كۈزۈپ، بېشىنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى دورا سۈركەپ، قاسساپ پىچاق (-
ئوپېراتسىيە پىچىقى) نى ئوتتا قىزدۇرۇپ، پىچاقنىڭ بىسىگە دورا
سۈركەپ، شەيدا باينىڭ چېشىدەك بىر قات تېرىسىنى ئېلىۋەتكەن.
ئاندىن ھەرىگە ئوخشايدىغان كىچىك پىچاققا دورا سۈركەپ، مېڭە سۆڭە-
كىنى ھەرىدەپ خۇددى قاپاقنىڭ ئېغىزىنى ئاچقاندەك، ياغاچ پانقۇدەك
چوڭلۇقتا تۆشۈك ئاچقان. بۇ يەردىن كېسىپ ئالغان تېرە ۋە سۆڭەكلەر-
نى مەخسۇس دورا سېلىنغان كۈمۈش قۇتىغا سېلىپ قويغان. ئەتراپتا
تۇرغانلار ئوپېراتسىيە ئەھۋالىنى كۆرۈپ چىرقىرىشىپ كەتكەن. تەجەل-
لى ئۇلارنى قورقماسلىققا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماسلىققا دەۋەت قىلغان.
ئوپېراتسىيە قىلىنىۋاتقان شەيدا باي توختىماي كۈلۈپ كەتكەن. تەجەللى



شەيدا باينىڭ مېڭىسىدىكى ئوپېراتسىيە قىلىنغان تۆشۈك ئەتراپىغا بىر
دورا سۈركەش بىلەن تەڭ تەپچىپ چىقىۋاتقان قان توختىغان. شەيدا بايمۇ
كۈلۈشتىن توختىغان. تەجەللى قولىغا ئالتۇندىن ياسالغان كىچىك بىر
لاخشىگىر (قىسقۇچ) نى ئېلىپ خۇددى كاماردىن قۇچقاچنىڭ بالىسىنى
ئالغاندەك شەيدا باينىڭ چوڭ مېڭە يېرىم شارىنىڭ بىر قىسمىنى
تارتىپ چىقىرىپ، ئوتتا قاقلاپ قويۇلغان كۈمۈش داغمال بىلەن ئاستى
قىسمىنى داغماللىغان ھەمدە داغماللانغان ئورۇنغا دورا سۈركەپ بولۇپ،
دەرھال مېڭە يېرىم شارىنى ئۆز ئورنىغا كىرگۈزۈۋەتكەن. ئارقىدىنلا
قاشتېشى لوڭقا ئىچىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان قوي قوزىسىنىڭ
ئۈچەيى ۋە ئاتنىڭ قىلىدىن دورا بىلەن قاتۇرۇپ ئېشىپ ئىشلەنگەن زەي
يىپ بىلەن مېڭە سۆڭەك پارچىسىنى جىپسىلاپ تىككەن، ئۈستىگە دورا
سۈركەپ تېرە قىسمىنى يەملەپ تىكىپ قويغان. شۇنداق قىلىپ شەيدا
باي يېرىم ئاي ئىچىدە سەللىمازا ساقىيىپ، ھوشىغا كەلگەن ھەمدە
ئوڭشىلىپ 78 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ۋاپات بولغان.

ئىككىنچى قېتىم، ياغاچ دەرىخىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئىككى
تال قوۋۇرغىسى سۇنۇپ سېسىپ كەتكەن كىلىياڭ كەنتىدىكى پاسار
ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى تەجەللىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن.
قىزىق يېرى شۇكى، تەجەللى پاسار ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قارا
ئۈژمىنىڭ تومۇقى ئادەمنىڭ بىلىكىدەك كېلىدىغان شېخىدىن
ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىغان. ئۇلار ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر غولاچ كې-
لىدىغان ئۇزۇنلۇقتىكى قارا ئۈژمىنىڭ ھۆل شېخىنى تېپىپ كەلگەن.
تەجەللى پاسارا ئاخۇننىڭ قوۋۇرغىسىنى گەزلەپ (مېتىر قويۇپ) كۆر-
گەندىن كېيىن بۇ شاخنى كېسىپ ئىككى پارچە قىلىپ يونۇپ قوۋۇر-
غا شەكلىگە كەلتۈرۈپ، داش قازاندىكى دورىغا سېلىپ ئۈچ كېچە ـ
كۈندۈز قايناتقان. ئاندىن دورىغا سېلىپ قويۇلغان قوينىڭ ئۈچەيىنى

قوۋۇرغا شەكلىدىكى ياغاچقا كىيگۈزگەن. تەجەللى پاسارئاخۇننى ئۆزمە سايىسىگە قويۇلغان ياغاچتىن ئالاھىدە ياسالغان كارىۋاتقا ئېلىپ كېلىپ يالىڭاچلاپ يانتۇزۇپ باغلاپ، ئۈستىگە ئاق شايىدىن تىكىلگەن رەختنى يېپىپ قويغان. ئارقىدىنلا شەيدا باينى ئوپېراتسىيە قىلغان ئۇسۇل بويىچە پاسار ئاخۇننى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ سېسىغان قوۋزۇغىسىنىڭ ئورنىغا ياغاچ قوۋۇرغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سېلىپ قويغان. بۇ كىشى 90 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ۋاپات بولغان.

تەجەللى مۇشۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن گۇما، قاغىلىق، يەكەن، قاراقاشتىن كەلگەن 300 دىن كۆپرەك ئېغىر كېسەلنى داۋالىغان.

تەجەللى كۆھتامدا بىرنەچچە يىل تۇرۇپ، 1924 ـ يىلى ئۆيلىرىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە سېتىۋېتىپ، قاغىلىقنىڭ كاسكى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەتكەن.

ھازىر كۆھتام كەنتىدە تەجەللى ئەينى زاماندا ئولتۇرغان ئىككى ئېگىزلىق ئۆي بولۇپ، ھەربىرى 42 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۆينىڭ بىرىنىڭ ئىشىكى شىمالغا، بىرىنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. ئۆينىڭ شەرقىدە كىچىك بىر ئېغىز كېسەلخانا بولۇپ، دېرىزە ۋە ئۈچ ئىشىك ئورنىتىلغان. ئىشىكلەر شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپكە ئېچىلىدۇ. ئۆينىڭ ئۈستى ۋاسا بىلەن گۈل كەلتۈرۈلۈپ نەپىس ئىشلەنگەن. تاملىرىغا سېغىزلاي ئىشلىتىلگەن. ئۆي ئىچى گەج بىلەن سۇۋالغان. نەقىش، تەكچە، تاۋدان چىقىرىلغان. ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىدە قوچاق يەتمەيدىغان يەتتە تۈپ ئۈزمە دەرىخى بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. ھازىر بۇ يەر ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. تەجەللىنىڭ مېدىتسىنا ساھەسىدىكى بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى ھازىرغىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: گۇما ناھىيەلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىدە)



# تەجەللىنىڭ ياغلىققا كەشتىلەنگەن قەسىدىسى

ئىسراپىل يۈسۈپ

ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ھۈسەيىنخان تەجەللى مىلادىيە 1848 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زۇڭلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1927 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ كاسكا يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

شائىر كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ھەرەمگە بارغان ۋە ئەرەبىستاندا باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغان. كېيىن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ھىندىستانغا كەلگەندە «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسەسىدە، ئىرانغا بارغاندا «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى» دا، ئافغانىستانغا كەلگەندە «كابۇل دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇغان. ئۇ ئەدەبىيات، تارىخ، ئاسترونومىيە، خىمىيە، ھېساب، تېبابەتچىلىك قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. شائىر يىگىرمە نەچچە يېشىدا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋە ئۆز ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن ھەم ھۆرمەت تاپقان، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا يازغان.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ «بەرق تەجەللى» (تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان يالقۇن)، «سەبەق مۇجەللى» (تەجەللىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى)، «دىۋانى ئەرەبى» (ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى)، «تۇھپەتۇل بەرەيىن» (ئىككى قورۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە)، «سەبدەرنامە» (قەھرىمانغا بېغىشلانغان)، «تىلسىمى ئىشق» (ئىشق ـ مۇھەببەت تىلسىملىرى) قاتار-

لىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇندىن باشقا، تەجەللى «قۇرئان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنىمۇ ئىشلىگەن (مەزكۇر تەپسىر يوقىلىپ كەتكەن).

بىزدە 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ، شائىر تەجەللىنىڭ شېئىرلىرى نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىندى. 1 ـ مەرھۇم ئابدۇرېشىت ئىسلامى ئەپەندى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل) دە، شائىرنىڭ بىر قىسىم غەزەل، قەسىدىلىرىنى ئېلان قىلدى؛

2 ـ ئابلىھېكىم مەخسۇم ھاجى «تەجەللى ـ مۇجەللى (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل ناملىق كىتابىتا، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر تەجەللىنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە بىر قىسىم شېئىرىي ئەسەرلىرى تونۇشتۇردى.

3 ـ نىمىتۇللا ئەبەيدۇللا «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا، «شېئىرىي مەكتۇپ» نامى بىلەن شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى؛

4 ـ مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا، «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى.

شائىر تەجەللىنىڭ مەن تونۇشتۇرغان بۇ قەسىدىسى، ئۇنىڭ 1980 ـ يىلىدىن بۇيان نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇچرىمايدۇ.

شائىرنىڭ بۇ قەسىدىسى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرىگە، يەنى ئىنچىكە كەندىر يىپتىن نەپىس توقۇلغان ھەم كەشتە ئىشلەنگەن ئاچ ناۋات رەڭلىك ياغلىققا رۇقئى خەت نۇسخىسىدا چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان (ياكى كۆچۈرۈلگەن). بۇ ياغلىقنى پوتا قىلىپ بەلگە باغلىسىمۇ ياكى كىتاب ئورايدىغان ياغلىق



ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ياغلىقنىڭ چوڭلۇقى 95cm × 103cm بولۇپ، ئازراقلا ئۇزۇنچاق كەلگەن چاسا شەكىللىك بۇ ياغلىقنىڭ تۆت چېتىكىدىن 4.5cm دىن تەكشى ئارىلىق قويۇپ، سېرىق مەشۇت يىپتا تەرەپلىرى ھەرە چىشى شەكلىدە چىقىرىلغان سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك نۇسخا كەشتىلەنگەن. ئاندىن بۇ گېئومېتىرىيەلىك نۇسخىنىڭ ئىچىگە تۆت تەرىپى ئۇنىڭ تەرەپلىرىگە جىپسىلىشىپ كەلگەن يەنە بىر ماس شەكىللىك نەقىش كەشتىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن، ھەربىر تەرىپىنىڭ سىرتى ھەرە چىشى، ئىچى تۈز سىزىق شەكلىدە كەلگەن، سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى گېئومېتىرىيەلىك نەقىش ھاسىل بولغان. بۇ گېئومېترىيەلىك نەقىشنىڭ ئىچ تەرەپلىرىدىن يەنە 11cm دىن تەكشى ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، تەرەپلىرىنىڭ سىرتى تۈز سىزىق، ئىچى ھەرە چىشى شەكلىدىكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك كىچىكرەك گېئومېتىرىيەلىك نەقىشتىن يەنە بىرى كەشتىلەنگەن. سەل كىچىكرەك كەلگەن بۇ گېيومېتىرىك نەقىشنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەربىر بۇرجىكىگە 16cm كېلىدىغان جايلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سېرىق مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن ۋە بۇلۇڭ تەرەپكە سەل ئەگىمەرەك كەلگەن سىزىقچە نەقىش ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. يەنە 18cm كېلىدىغان جايلىرىمۇ ئوخشاشلا، سىرتى تۈزرەك، ئىچى ھەرە چىشى شەكلىدە كەشتىلەنگەن ۋە بۇلۇڭ تەرەپكە سەل ئەگىمەرەك كەلگەن نەقىش ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. يۇقىرىدىكى a نەقىش ئارىلىقىدىكى 2cm كېلىدىغان ئورۇنغا تەتۈر «S» شەكىللىك گۈل كەشتىلەنگەن. بۇ گېئومېتىرىيەلىك نەقىشنىڭ بىر بۇلۇڭى تەرەپتىكى a ئەگىمەرەك نەقىش ئارىلىقىدا، تەتۈر «S» شەكىللىك گۈلدىن 16 سى، قالغان 3 بۇلۇڭى تەرىپىدىكى ھەربىر a ئەگىمەرەك نەقىش ئارىلىقىدا، بۇ خىل گۈلدىن 14 دانىدىن بار. مەزكۇر ياغلىققا كەشتىلەنگەن يۇقىرىدىكى نەقىشلەرنىڭ

تېز سىزىق شەكىللىك بۆلەكلىرىنىڭ تومـلۇقى 0.2cm، تەتۈر «S» شەكىللىك گۈلىنىڭ تومـلۇق 0.3cm، ھەرە چىشى شەكىللىك بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى 0.4cm كېلىدۇ.

شائىر تەجەللىنىڭ 44 مىسرالىق بۇ قەسىدىسى، مەزكۇر ياغلىققا كەشتىلەنگەن سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى چوڭ ـ كىچىك گېئومېتىرىيەلىك نەقىشلەر ئارىلىقىدا قالدۇرۇلغان 11cm كەڭلىكتىكى بوش ئورۇنغا، ئوڭ، تۆۋەن، سول، يۇقىرى تەرەپلەر تەرتىپى بىلەن يېزىلغان. قەسىدىنىڭ ئالدىنقى 10 مىسراسى تۇتۇق سېرىق رەڭدە يېزىلغان بولۇپ (زەپەر رېڭى سۇسراق تەڭشىلىپ قالغان بولسا كېرەك) باشلىنىشنى بىلدۈرىدىغان «ئىپتىدا» دېگەن سۆز بىلەن قالغان 34 مىسرا بولسا قېنىق زەپەر رەڭدە يېزىلغان. شائىر بۇ قەسىدىسىدە، ئۆز يۇرتى قاغىلىقنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلەيدۇ. شۇنداقلا، نورۇز كۈنى يۇرتىغا كەلگەن بىر خىزىر سۈپەت زاتقىمۇ مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بۇ قەسىدىنىڭ تىلى پاساھەتلىك بولۇپ، شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىنى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ.

تۆۋەندە، ئوقۇرمەنلەرگە بۇ قەسىدىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى بىلەن يەشمىسىنى ھۆرمەت بىلەن سۇنىمەن.

## I ترانسكرىپسىيە ئىپتىدا

قارغەلىق تالىئىدۇر تۇرفە سەئادەت ئاسار،
كىم ئاڭا گۈلشەنى فىردەۋسدەك ئاچىلدى بەھار.
كۆكدىن ئەنجۇم نې ئەجەب تۇشسە خەرىدار بولۇپ،
كىم مەتائى تەرەبى ئەيىش ئىلە تولدى بازار.
بىرمۇبارەكى شىيەم خىزرى قەدەم مەقدەمىدىن،
تاپتى بۇ بۇقئە ئەجەب زىينەتۇ ئىئزازفەخار.



بەسكى تەشرىفى كۈنى غەيرەتى نەۋرۇز ئېردى،
بولدى سەرمەست مۇسەررەت مەيىدىن ھەر ھوشيار.
ئول ئەسالەت فەلەكى [1] ئەختەرى سابىت بەگلىك،
كىم ئېرۇر [2] قۇلزۇم ئانىڭ گەۋھەرى زاتىغە كۇچار.
بولدى چۇن يۇمىن قۇدۇمى ئاڭا سەرمايەئى ناز،
قار[ غە] لىق [3] ئۇزرە كېرەك ئەمدى كۇچار ئۇلسە نىسار.
ھەببەزا، مىركى شاياندۇر ئەگەر پاي ئەنداز،
ئاڭا زەربەفتىنى كەلتۇرسە سىپىھرى دەۋۋار.
مەقدەمى خەيرىغە مەنسەبدىن ئىدى ئىستىقبال،
كۆر، بۇ ئىقبال كى بولماس ئاڭا ھەركىمسە دۇچار.
بۇيلە غۇربەتدە ۋەتەن ئىززەتىنى تابغۇسى مەرد،
چىقسە رەسمىدەك ئۆلۈپ رەخشى تەۋەككۇلغە سەۋار.
ئاڭا پەيۋەستە ھەم ئاغۇش ئەرۇسى ئىقبال،
ھەمقىران ھاسىدى بەدبەخت ئىلە دىۋى ئىدار.
مەرھابا، ھاسىبى ئىقبالى ھۇمايۇنكىم ئانىڭ،
سايەسىن زىلىل ھۇما تاپتى بۇفەرخۇندە دىيار.
لۇتفۇ رەھمەتدە ئېرۇر كەۋسەرى فىردەۋس ئاسا،
شانۇ شەۋكەتدە فەلەك پايە ۋۇخۇرشىد ئاسار.
مەكرۇمەت ئالەمىدۇر فەرد ۋۇجۇدى كىم ئاڭا،
ھىممەتۇجۇدى ئېرۇر قافۇ مۇھىتى زەخخار.
ئەقلۇ فەئئال فۇيۇزى ئۇرۇبان كۆڭلىدە مەۋج،
ئەھلى ئەشراقەئى جەنبىدە ئەياندۇر ئەنۋار.

① فەلەكى ــ ئەسلىي تېكىستتە «فللى» دەپ يېزىلىپ قالغان.
② ئېرۇر ــ ئەسلىي تېكىستتە «ئۇرۇر» دەپ يېزىلىپ قالغان.
③ قار [غە] لىق ــ ئەسلىي تېكىستتە «قارلىق» دەپ يېزىلىپ قالغان.

ئانىڭ ئەنفاسىيۇ ئەخلاقى كەرىمىدىن سور،
ئىستەسەڭ ئەنبەرى سارا تىلەسەڭ مۇشكى تاتار.
ھۆكچەرانلىقدا تەمۇرخان كەبى نافىز فەرمان،
تەرجۇمانلىقدا دەقايىق رەسۇ شىرىن گۇفتار.
فۇقەرا دەردىغە دەرمان، ئۇمەرا باشىغە تاج،
سۇلەھا قۇربىغە تالىب، ئۇلەما جەمئىغە يار.
خاتىرى يوقكىم ئانىڭ مېھرىدىن ئولغاي خالى،
يا زەبانىكىم ئانىڭ مەدھىنى قىلماس تەكرار.
نې فۇسۇن ھۇردى ئانىڭ لۇتفۇ كەرەم ئەنفاسى،
كىم بۇ نەۋئ ئەيلەدى تەسخىرە شىغار ئىلە كىبار.
گەر فۇزۇن قىلسە تەجەللى ئاڭا مىدھەت تاڭ يوق،
كىم تەجەللىغە فۇزۇنراق كەرەمۇ رەئفەتى يار.
تا ئېرۇر قۇتبى جەنۇبىيۇ شىمالى سابىت،
تا فەلەك سەھنىدەدۇر يەتتە كەۋاكىب سەييار.
مەنسەبۇ زىكرى ئانىڭ سابىتۇ بىسيار بولۇپ،
تاپسۇن ئەقتاب ئىلە يەتتى بەدەلادىن ئەنزار.

## II يەشمە ئېپتىدا

قاغىلىقتا سائادەتنىڭ ئاجايىب بەلگىلىرى كۆرۈندى،
(قاغىلىق) باھاردا جەننەتى فىردەۋس گۈلشەنىدەك تۈسكە كىردى.
بازار كىشىنى سۆيۈندۈردىغان ماللار بىلەن تولدى،
شۇڭا كۆكتىن يۇلتۇزلار چۈشۈپ خېرىدار بولسا ئەجەب ئەمەس.
بىر خىزىر سۈپەتنىڭ مۇبارەك قەدىمى قويۇلۇشى بىلەن،
بۇ جاي ئاجايىب زىننەت، ئابرۇي ۋە پەخىرگە ئىگە بولدى.
ئۇ كەلگەن كۈنى دەل نورۇز كۈنى ئىدى،



شادلىق مەيدىنى ھەربىر ئەقىل ئىگىسى مەست بولدى.
ئۇ ئېسىللىك پەلەكىنىڭ يۇلتۇزى، بەگلىكتە تەۋرەنمەس بولۇپ،
كۆچار ئۇنىڭ گۆھەر زاتىنىڭ دېڭىزىدۇر.
چۈنكى ئامەتنىڭ كېلىشى ئۇنىڭغا مول سەرمايە بولدى،
ئەمدى قاغىلىق ئۇچۇن كۆچار (ئۆزىنى) پىدا قىلسا بولىدۇ.
ئەگەر (ئۇنىڭغا) پاياندازلىقتا بولسا، ئۇ ئاسمانىنىڭ زەربابىنى كەلتۈرۈپ بېرىشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ.
(ئۇنىڭ) خەيرلىك قەدىمى مەنسەب ئىستىقبالىغا ئۇلاشقان،
بىلگىنكى، بۇنداق بەخت ھەركىمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.
(ئۇ) مەرد ئادىتى بويىچە تەۋەككۇل ئېتىغا مىنىپ (سەپەرگە) چىققاندا،
غۇربەتچىلىكتە قالسىمۇ، ۋەتىنىنىڭ ئىززىتىنى يوقايتمايدۇ.
ھەسەتخور بەدبەخلەر بىلەن ئىبلىسلار (ئۇنىڭغا) بەختسىزلىك كەلتۈرگەن چاغدا، ئىقبالنىڭ يېڭى كېلىنى ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ ئۇنى قوينىغا ئالىدۇ.
ئالىي ھىممەتلىك بەخت ئىگىسى كەلگەندە،
قۇتلۇق دىيار بەخت قۇشىنىڭ سايىسىغا ئېرىشتى.
لۇتف ۋەرەھمەتتە فىردەۋس جەننىتىنىڭ كەۋسىرىدەكتۇر،
شەۋكەتتە ئاسماننى ئۇل قىلغان قۇياشتەكتۇر.
يەككە ۋۇجۇدى سېخىيلىك ئالەمىدەكتۇر،
ئۇنىڭ ھىممەت ۋە ئېھسانى قاف[1] مۇھىتىدەك دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ.
ئۇنىڭ پاراسەت ۋە پائالىيىتىنىڭ لۇتپ ـ ئېھسانى كۆڭلىدە مەۋج

① قاف ـــ پۈتۈن يەر يۈزىنى ئوراپ تۇرىدۇ دەپ قىياس قىلىنىدىغان ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى. ئەپسانىۋى قۇش ئەنقا مۇشۇ تاغدا بولارمىش.

ئوروپ.

شەرق ئەھلى تەرەپتە نۇرلا r چاچىدۇ.

ئەگەر سەن ساپ ئەنبەر ئىزدىمەكچى (ياكى) ئەڭ خۇشبۇي مۇشىك تاپماقچى بولساڭ،

ئۇنىڭ نەپەسلىرى بىلەن ئەخلاقىنىڭ ئېھسانىدىن سورىغىن.

ئۇ ھۆكۈمرانلىقتا تۆمۈرخاندەك ئۆتكۈر پەرمانلىقتۇر،

تەرجىمە ـ شەرھىدە ئىنچىكە، نازۇك مەنىلەرنى ئېيتقۇچى ھەم شېرىن سۆزلۈكتۇر.

ئۇ پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان، ئەمىرلەرنىڭ بېشىغا تاج بولغۇچى،

ھەققانىيەتچىلەرگە يېقىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى ۋە ئۆلىمالارغا يار بولغۇچىدۇر.

ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ مېھرىدىن خالىي بولۇش ئويى يوق،

ياكى ئۇ ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇغاندا سۆزلەرنى تەكرار قىلمايدۇ.

ئۇنىڭ لۇتپ ـ ئېھسانلىق نەپەسلىرى قانداق سېھىر چىقاردىكىن،

ئۇلۇغلار بىلەن كىچىكلەرنى (ئۆزىگە) رام قىلىۋالدى.

ئەگەر تەجەللى ئۇنىڭغا كۆپ مەدھىيە ئوقۇسا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق،

چۈنكى تەجەللىگە (ئۇنىڭ) كۆپلىگەن ئېھسان ـ غەمخورلۇقى يار بولغان.

پەلەك سەھنىسىدە يەتتە يۇلتۇز بولۇپ،

تاكى قۇتۇبنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە بەرقاراردۇر.

ئۇنىڭ مەنسىپى مۇقىم، زىكرى زىيادە بولۇپ،

قۇتۇبلار بىلەن يەتتە ئۆزگىرىش (ئالمىشىش) تىن نەزەرلەرگە ئېرىشسۇن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ باشلىقى)



# تەجەللى بىلەن مۇزىكانت نازارىخان ھاجىمنىڭ دوستلۇقى

مۇھەممەت ئەزىز

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجائېرىق يېزىسى ئەلمىساقتىن تارتىپ يەرلىرى مۇنبەت، گۈزەل يۇرتلارنىڭ بىرى، بولۇپمۇ بۇ يۇرتتا ئەزەلدىن خەلق ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى جەھەتتە تالانتلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقىپ، تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. نارازىخان ھاجىم بۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇيغۇر مۇزىكاچىلىقىغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقانلارنىڭ بىرسىدۇر.

غوجائېرىق يېزىسىغا قاراشلىق شورۇق ① كەنتى (شورۇق ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، باش شورۇق، ئوتتۇرا شورۇق ئاياغ شورۇق دەپ 3 كەنتكە ئايرىلغان، بىز دېمەكچى بولغان شورۇق كەنتى ھازىرقى ئاياغ شورۇق كەنتىگە قارىتىلغان) سۈيى ئەلۋەك جاي بولۇپ، نازارىخان ئىلىم ـ مەرىپەتكە ھېرىسمەن، دىنىي جەھەتتە ئوقۇمۇشلۇق، مىللەت مەدەنىيىتىنى سۆيىدىغان، يۇرت كاتتىلىرىدىن داۋۇت ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، نازارىخان كىچىكىدە شوخ بالا بولغاچقا ئېرىق ـ ئۆستەڭ كۆپ بولغان بۇ يۇرتتا، باللار بىلەن يۇرت ئاتلاپ سۇغا چۆمۈلۈشكە كېتەتتى. ئاداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئېتىزلىقمۇ ئېتىزلىق ئويناپ يۈرەت-

① مۇشۇ كىتابتىكى باشقا ماقالىلەردە «شور ئېرىق» دەپ ئېلىنغان.

ۋاتسىز بولسىمۇ، مۇزىكا قۇرۇلمىلىرىنىڭ توغرا ـ ناتوغرا جايلىرىنى دەرھال پەرەز قىلالايتتى. نازارىخان ئوقۇغان ـ ساۋاتلىق بولۇپ، زېھنى ئۇچۇق، ئىنكاسى تېز بولغاچ، ئاھاڭلارنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتى، مۇزىكىلارنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارتۇقچىلىقى دوستىدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يۇرت ئىچىدە بىرقەدەر كەڭ ئومۇملىشقا ئىگە بولغان «قاغىلىق سەنىمى»، (ئۇ چاغدا «سەنەمگە باشلايلى» دەپ ئاتىلاتتى)، «يەرلىك دولان»، «قارا دولان»، «ئۇششاق مۇقامى»، «ناۋا مۇقامى»، «ئاللا بالىخان»، «يارىم ياغلىقى»، «ئوسمانىيا»، «لەيلىگۈل»، «مۇناجات»، «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل»، «يۇرىكىم پىژ ـ پىژ قىلىدۇ» دېگەن ناخشا ـ مۇزىكىلارغا كۆپ چالاتتى. 1895 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئېيسا ئاخۇن دادىسى توختى ئاكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆيلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشى بىلەن غوجائېرىقتا بولۇپ قېلىپ، نەغمە قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا نازارىخان يەنىلا مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇزىكا ئىجادىيىتىگە كىرىشىدۇ، مۇزىكا چالغاندا ساتار بىلەن مۇقام، ناخشا ئېيتىپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن يېقىملىق بولۇپ، ئۇنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ماختىشىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ تالانتىغا قايىل بولغان قىزلارمۇ يىراقتىن سىنچىلاپ قاراپ، تەبەسسۇم قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. نازارىخاننىڭ خۇش پېئىللىقى، ئوچۇق ـ يورۇق، چاقچاقچى ئالاھىدىلىكى جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. ئۇنى يىراقلارغا تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېتەتتى. كۆپىنچە شورۇقدىن ئۆتۈپ گۈلباغ، ئالسايغان، بارىن، ئاۋات، توڭتاش، جايتېرەك، سۇلتانئېرىق، غوجائېرىق، قاچى، چارباغ، قاراباغ دېگەن جايلارغا چاقىرتىلىپ، ساتار، تەمبۇر چېلىپ، ئۆز ماھارىتىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. سۇلتانئېرىقتىكى ھۆسەن ئاخۇن خەلپىتىم بىلەن كۆڭلى ئىنتا-



يىن يېقىن بولۇپ، ئۇ كىشى مۇقامغا ھېرىسمەن بولغاچقا، داۋاملىق نازارىخاننى چاقىرتىپ كېلىپ مۇقام ئاڭلايتتى. يەنە بارىندىكى قادىر ھاجىم، ئالسايغاندىكى مەشھۇر شائىر داۋۇت ساۋۇت، شورۇقتىكى ساۋۇت ھاجىم ۋە ھۆسەيىنئاخۇنلار بىلەن كۆپ بېرىش ـ كېلىش قىلاتتى. ئۇلارمۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولغاچ شېئىرىيەت، مۇزىكا جەھەتتە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇراتتى. قېنىپ ـ قېنىپ سۆزلىشەتتى. نازارىخان يەنە غوجائېرىقتىكى ئابلاخان باي (ئابلا گۆنداز) دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە كۆپ چاقىرىلاتتى. بۇ يەردە ئۇسسۇلغا ۋە قىزىقچىلىق ـ كومېدىيەگە ماھىر قاۋۇلخان گۆنداز بىلەن دوستلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە نازارىخانغا ئىلھام بېرىشەتتى. نازارىخان ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىدىكى ئىشلىگەن ناخشىلىرىنى ئۇلارغا چېلىپ، ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ دەسلەپتە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان خەلق قوشاقلىرىدىن تاللىۋالغان 3 كۇپلېتلىق «ئاشىق بولدۇم مەن ساڭا» دېگەن ناخشىنى تەمبۇر بىلەن قىسقا ئاھاڭلىق بىر ئۆزگىرىشلىك ناخشا قىلىپ ئىشلەپ چىقىپ، كۆپ سورۇنلاردا ئېيتىپ، ئومۇملاشتۇرغان. بىر ئاز يولىنى بىلگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا لىرىكىلىق قىلىپ «كەتتى، بالىخان كەتتى» دېگەن ناخشىنى ئىشلەپ، ھەر خىل سورۇنلاردا ئۆز ئىجادىيىتى قىلىپ ئوقۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە «قىزىل ئالما قەندەكمۇ» دېگەن ناخشىنى ئىشلىگەن ئىدى. كېيىن تەجەللىنىڭ «باشقىچە» دېگەن شېئىرىغا ۋە ئالسايغاندىكى تالانتلىق شائىر داۋۇت ساۋۇتنىڭ «يارىمنى كۆردۈم» دېگەن تېكىستىگە مۇزىكا ئىشلىگەن. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىسا دەرھال ئۆگىنىۋېلىشقا كىرىشەتتى، ئۆزىدە بار ئارتۇقچىلىقىنى كىشىلەرگە ئېرىنمەي ئۆگىتەتتى.

قاغىلقتا «تالانتلىق مۇزىكانت» دەپ شۆھرەت قازانغان نازارىخاننىڭ ئۆلپەتلىرى كۆپىيىپ، شەھەر ـ يېزىلاردا داڭقى چىقىدۇ. بولۇپمۇ شەھەر ئىچىدىكى مەشھۇر مۇزىكانتلاردىن ئىسلام ئاخۇن، سوپۇرگە ئاخۇن، ساقىت دېگەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، كۆپ ئىلھام ئالىدۇ. ھەممىسى دېگۈدەك نازارىخاننىڭ تالانتىغا قايىل بولىدۇ. مۇزىكانت سوپۇرگە ئاخۇن نازارىخاننىڭ مۇقامچىلىق قابىلىيىتى بىلەن مۇزىكا ئىشلەيدىغان قابىلىيىتىنىڭ ئۆزىدىن ھەقىقەتەن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا قايىل بولىدۇ. ئۇلار دوست بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە تەن بېرىشىدۇ، بۇ مۇزىكانتلار شەھەر ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەردىن نىزامىدىن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە نازارىخاننى باشلاپ كېلىپ، نىزامىدىن ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشلۇق تەجەللى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ، نازارىخان بىلەن تەجەللى دەسلەپكى ئۇچرىشىشىدىلا بىر ـ بىرىگە يېقىپ قالىدۇ. تەجەللىنىڭ ۋەزمىن سۆزلىرى، تارىخ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىستېداتى، شېئىرىيەتكە باي خىسلىتى نازارىخاننىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. نازارىخاننىڭ خۇشخۇي، چاقچاقچىلىقى، شېئىرىيەتكە مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىكى، مۇقام ئېيتىش جەھەتتىكى تالانتى تەجەللىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ. تەجەللى تالانتلىقلارنى كۆپ كۆرگەن بولسىمۇ، نازارىخاننىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان پەرقلىق ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىككىسىنىڭ ياش پەرقى چوڭ ئۇلار قويۇق ئارىلىشىش داۋامىدا، تەجەللى نازارىخاننىڭ بىلمەيدىغان ناخشا ـ مۇزىكىسىنىڭ يوقلۇقىنى، بىرنەچچە خىل سازنى چېلىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى، مۇزىكا ئىشلەشتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى بىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولۇپ، «زامانىمىزدا كەم تېپىلىدىغان قابىلىيەتلىك كىشى» دەپ باشقىلارغا كۆپ قېتىم ماختاپ بەرگەن. تەجەللىنىڭ



مول بىلىمى، شېئىرىيەتتىكى تالانتى، ياخشى مۇئامىلىسى ۋە «مۇزىكا ئۇ بىر بىلىم، ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، بۇنداق ماھارەت كەم ئۇچرايدۇ» دېگەن ئىلھاملىرى نازارىخاننىڭ تەجەللىگە بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. چوڭقۇر چۈشىنىش جەريانىدا تەجەللىنىڭ تۇرمۇشىدا بىرئاز قىيىنلىشىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەمدە ھەسەتخورلارنىڭ تەجەللىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى سېزىۋالىدۇ. نازارىخان مۇۋاپىق پەيىت تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىنى تەجەللىگە ئېيتىپ، تەجەللىنى ئۆز يۇرتىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نازارىخان تەجەللى بىلەن بىللە تۇرسا خاتىرجەم، خۇشال بولىدىغان ئارزۇسىنى قايتا ـ قايتا ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، تەجەللى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 1891 ـ يىلى نازارىخان بىرنەچچە ھارۋا ئېلىپ كېلىپ، تەجەللىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بېسىپ، تەجەللىنىڭ ئايالى زىننەت خېنىم، ئىنىلىرى ئىسسىرخان، مىنىخان ۋە ئوغلى ئوبۇل ھۇداخانلار بىلەن بىللە شورئېرىققا چىقىپ كېتىدۇ. شورئېرىققا كۆپ قېتىم چىققان تەجەللى شورۇقنىڭ تەبىئىي شارائىتى ياخشى، يېقىشلىق كىلىماتى، سۇ مەنبەسى مول، ئاۋات جاي ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇ يۇرتقا چىقىپ، كەڭرى ـ ئاۋات زېمىندا تۇرمۇشىنى خۇشال ئۆتكۈزۈپ، نازارىخاننىڭ ئىنىسى ئولتۇرغان ھويلىنىڭ يېرىمىدا زېمىن تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. تەجەللىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپلا، ئۆزى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە ئادەم چىقىرىپ، ياغاچ، ھاك، خىش، قۇم ئەكېلىپ، ئۆز ھويلىسىنىڭ يېنىدىن 5 مو يەر ئاجرىتىپ (كونا 3 مو باغنى قوشۇپ)، 3 ئاي ئىچىدىلا 2 مو يەرگە سەككىز ئېغىز، ئۆي سالدۇرۇپ تەجەللىنى يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. ماھارەتتە يۇقىرى تۇرىدىغان مۇزىكانت دوستىنىڭ سەمىمىيىتىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان تەجەللى يۇرت چوڭلىرىنى، شەھەر

كاتتىلىرىنى ۋە بارلىق دوست ـ ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ، كاتتا زىياپەت بېرىدۇ. نازارىخان بۇ ئۆينىڭ مەڭگۈ تەجەللىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. تەجەللى شورئېرىققا قايتىپ چىقىپ، نازارىخان بىلەن بىرگە ئولتۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىككىلىسىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قانات يېيىشقا باشلايدۇ. تەجەللى قەپەستىكى قۇشقاچ، تورغايلارنى، تەشتەكتىكى ھەر خىل گۈللەرنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدى. تەجەللى گۈللەرگە قارايتتى، جانىۋارلارنى تاماشا قىلاتتى، يېڭى ـ يېڭى ئىلھاملار بىلەن شېئىر يازاتتى. نازارىخان ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۆز ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش بىلەن بىرگە شارائىت يارىتىپ بېرەتتى، نازارىخان ناھايىتى كۆپ ئاھاڭ بىلەتتى، قولىغا ساتار، تەمبۇرنى ئالسا، نۇرغۇن لىرىكلىق ئاھاڭلارغا چېلىپ، تەجەللىنى خۇشال قىلاتتى، يېڭى ئاھاڭلارنى ئىشلەشكە كىرىشسە تەجەللى ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى دەخلى قىلمىغانلىقىنىڭ سىرتىدا، باشقىلارنىڭمۇ دەخلى قىلىشىغا يول قويمايتتى. نازارىخان بەزى ئاھاڭلارنى تەييارلاپ، «بۇ مىسراغا مۇنداق ئىككى خىل ئاھاڭ چىقىپ قالدى، قايسىنى ئالساق بولار» دەپ تەجەللىگە مەسلىھەت سالاتتى، تەجەللىمۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى يوشۇرماي بايان قىلاتتى. بەزى تېكىستلەر توغرىسىدا ياكى ئاھاڭلار پات ـ پات مۇنازىرە بولۇپمۇ تۇراتتى. بۇ خىل ئىشلارنى شورۇقتىكى خەلقلەر كۆپ قېتىم كۆرگەن بولۇپ، بۇ تۆھپىكار دوستلارنىڭ پائالىيىتىگە قايىل ئىدى. تەجەللىنى بىرەرسى يوقلاپ كەلسە ياكى بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ كەلسە نازارىخان بىللە بولاتتى. تەجەللى بۇ يۇرتتا شېئىر يېزىش ۋە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغاچقا، ھەرقايسى يۇرتلاردىن تەجەللىگە كېسەل كۆرسەتمەكچى بولغانلار ناھايىتى كۆپىيىپ ئۇنىڭ ئىشلىرى راۋاجلىنى-



شىپ كەتكەن ئىدى.[1] نازارىخان تەجەللىنىڭ كېسەل كۆرۈش، دورا ياساش، داۋالاش تېخنىكىسىنى ئېگىلەش جەھەتتىكى ئىلمىي پائالىيىتىگە يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ. نازارىخان ئۇنىڭ تېبىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشتەك پائالىيىتىگە بولۇپمۇ دورا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تەجەللىنى خاتىرجەم قىلىدۇ. نازارىخان بۇ خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش جەريانىدا تەجەللىنى ئۇستاز تۇتۇپ، كېسەل كۆرۈش، دورا ياساش، داۋالاش جەھەتتە بەلگىلىك سەۋىيەگە ئىگە بولىدۇ، نازارىخان كېيىنچە مۇستەقىل كېسەل كۆرۈپ، داۋالاشتەك ئالىيجاناب خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇپ تەجەللىنى خۇشال قىلىدۇ، بۇ ئىككى «كەشپىياتچى» ئۆزئارا ياردەم ۋە ئىلھام بېرىپ، داۋالاشنىڭ ھەر خىل چارىلىرىنى ئىجاد قىلىپ چىققان ئىدى، شېئىرىيەت، مۇزىكا، تېبابەت جەھەتتە خەلق ئىچىدە زور ئابرۇي قازىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پائالىيىتىدىن ئىنتايىن رازى بولغان خەلق ئۇلارنى ئىلىم ئەھلى سورۇنلىرىغا، شەھەردىكى كاتتا يىغىلىشلارغا، كېسەل داۋالاش ئورۇنلىرىغا، ھەتتا قوشنا بولغان گۇما، پوسكام، يەكەن قاتارلىق ناھىيەلەرگە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئاۋام ئىچىدە كەڭرى تارقىلىدۇ. 1892 ـ يىلى شائىر فۇرقەت يۇرت كېزىپ قاغىلىققا كېلىپ، ناھىيەنىڭ باش ھاكىمى ئېزىز بەگنىڭ ياردىمى بىلەن ئېزىز بەگنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. 1893 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بازار ئىچىدىكى بەشئېرىق كوچىسىدى-

① بارات ئىسلام قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجائېرىق يېزىسىدىن بولۇپ، 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 118 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تەجەللى ھەزرەت بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئايالى شەھەرخاننىڭ كېسىلىنى تەجەللىگە داۋالاتقانىكەن. — سۆزلەپ بەرگۈچى قاغىلىق ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن مۇھەممەت رەھمەت.

كى تېۋىپ سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ قىزى رەناخان بىلەن فۇرقەتنىڭ توي
تەييارلىقى بولىدۇ. ئېزىز بەگ بىلەن تەجەللى تونۇشىدىغان بولغاچ،
فۇرقەتنىڭ تويىغا تەجەللى بىلەن نازارىخاننى چىللايدۇ. تەجەللى نازا-
رىخان بىلەن بىرگە بارىدۇ. بۇ چوڭ سورۇندا نازارىخان ساتار ۋە تەمبۇر
بىلەن مۇقام ئېيتىپ، سورۇن ئەھلىنى ۋە فۇرقەتنى رازى قىلىدۇ. تە-
جەللى سورۇندا فۇرقەتكە نازارىخاننىڭ ماھىر مۇزىكانتلاردىن بولۇپلا
قالماستىن تالانتلىق ئاھاڭ ئىجاد قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇر-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن نازارىخان ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلەردىن بىرنەچچىنى
تەمبۇر بىلەن ئوقۇپ بېرىپ فۇرقەتنى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، نازارىخان ئېزىز بەگ ۋە فۇرقەتنى شور-
ئېرىققا تەكلىپ قىلىپ، شەھەر ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى قالتىس
مېھمان قىلىدۇ، غوجائېرىدىقتىكى توختى ئاكا ۋە ئېيسا ئاخۇن قاتار-
لىق ماھىر نەغمىچىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ چوڭ زىياپەت ئىچىدە
بىرلەشمە نەغمە ئويۇشتۇرىدۇ، نەغمىنىڭ باشلامچىسى نازارىخان بولى-
دۇ. بىرنەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ نەغمىچىلەرنىڭ بىرلى-
شىپ نەغمە قىلىشىدىكى ئالاھىدىلىك فۇرقەتنى ھەيران قالدۇرىدۇ.
تەجەللى تونۇشتۇرۇپ، نازارىخاننىڭ تۆھپىسىنى ماختايدۇ. نەغمىچى-
لەر گۇرۇپپىسىمۇ نازارىخاننىڭ تالانتىغا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيى-
تىگە بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىش
ئارقىلىق فۇرقەتنىڭ «سەيدىڭ قۇيابەر سەيياد» دېگەن شېئىرىنى تەجەل-
لى كۆرۈپ چىقىپ يۇقىرى باھا بېرىدۇ، ھەمدە نازارىخانغا كۆرسىتى-
دۇ، نازارىخان بۇ شېئىرغا مۇھەببەت باغلاپ كۆچۈرۈۋالىدۇ. فۇرقەت
ئۇنىڭغا ئاھاڭ ئىشلەپ بېقىشنى ئۆتۈنىدۇ. شۇندىن كېيىن تەجەللى
كۆپ قېتىم نازارىخانغا ئىلھام بېرىدۇ (بۇ شېئىر ئەسلىدە فۇرقەت
كەشمىردىن چىقىپ لاداققا كەلگەندە كېيىككە ۋە ئوۋچىغا قاراپ ئېل-



ھامىلىنىپ يازغان ئالتە مىسرالىق بىر كۇپلېت مۇسەددەس بولۇپ،
ئېزىز بەگ ھويلىسىدىكى ۋاقتىدا يەتتە كۇپلېتقا كەلتۈرگەن) نازارىخان
بازار ئىچىدىكى ئۇستا تەمبۇرچى تۇماقچى ئىسلام ئاخۇن ياردەملىشىپ
«سەيدىڭ قۇيابەر سەيياد» دېگەن ئاھاڭنى ئىشلەپ، فۇرقەتكە ئوقۇپ بې-
رىدۇ. فۇرقەت بۇ ئاھاڭدىن ئىنتايىن رازى بولىدۇ. بۇ ئاھاڭ سوزۇق
شەكىللىك ئاھاڭ بولۇپ، كېيىن فۇرقەت يەكەنگە كۆچۈپ كەتكەندە،
مەھمۇد قارىھاجى دېگەن ماھىر تەمبۇرچى تەرىپىدىن بىرئاز ئىسلاھ قى-
لىنىپ، يەكەندە خېلىلا كېڭەيگەن. كېيىن بارا ـ بارا قاغىلىق، يەكەن،
قەشقەر ئارىسىدا بۇ ناخشا خېلىلا ئومۇملىشىپ، سورۇنلاردا، يېزىلاردا،
شەھەرلەردە كەڭرى ئېيتىلىدىغان بولغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەت
ئىگىلىرى خەلق بىلەن تونۇشلۇق بولماي كەلگەن.①

شورئېرىققا كېلىپ تەجەللىنىڭ رۇھۇل ھۇداخان، نۇرۇل ھۇداخان
دېگەن ئىككى ئوغلى ۋە ھاسىسانى خېنىم، كارامەتنىسا خېنىم دېگەن
ئىككى قىزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ باللىرىمۇ داۋالاش ئىلمىگە
ھېرىسمەن، تومۇر كۆرۈشتە ماھىرلاردىن بولۇپ يېتىشىدۇ، لېكىن ھا-
سىلە خېنىم 25 ياشتا، كارامەتنىسا خېنىم 28 يېشىدا ئارقا ـ ئارقىدىن
شورۇقتا قازا قىلىپ كېتىدۇ، ئۇلار شورۇقتا ياتلىق بولۇپ، كېسەل ئازا-
بىدىن داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي قازا قىلىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ تۇپرىقى
ھازىر شورۇقتا بار. نازارىخان تەجەللىنىڭ چوڭ ئوغلى ئوبۇل ھۇداخاننى
ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى سۇلايمان ئاخۇننىڭ بۇئاسىمخان ئىسمى-

① بۇ ناخشا 1935 ـ يىللىرى بىر قىسىم سودىگەرلەر تەرىپىدىن سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئۆزبېكىستان تەرەپلەردە خېلى ئومۇملاشقان، ئۆز-
بېكىستان كومپوزىتورلىرى ئەسلىي مېلودىيەسىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئىل-
مىيلىككە كۆتۈرۈپ بىر ئاز شوخلاشتۇرغان. ئۆزبېكىستانلىق ئارتىس ھەلىمە نا-
سىرىۋا سەھنىلەردە ئورۇندىغان، رادىيو، ناخشا، پىلاستىنكىلىرى ئارقىلىق كەڭ
تارقىلىپ، خەلق ناخشىسى ھېسابىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملاشقان.

لىك قىزى بىلەن تويلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇئاسىمخاننىڭ ئىنىسى نىزەرمەدىن سۇلايمان (هازىر شورۇقتا بار) تويدىن كېيىن ئوبۇل هۇداخان بىلەن بىر مەھەللىدە ئولتۇرغان (قوشۇمچە: ئوبۇل هۇداخان شەھەر يېنىدىكى كاسكى دېگەن جايدا 65 يېشىدا 1972 ـ يىلى تۇگەپ كەتكەن، شۇ يىلى بۇئاسىمخان ئۆزىنىڭ پاتەمخان، ئىمام مۇھەممەتخان، ئامىنىخان، بۇزوراخان دېگەن 4 بالىسىنى ئېلىپ شورئېرىققا قايتىپ چىققان. 1986 ـ يىلى 60 يېشىدا شورۇقتا ۋاپات بولغان. باللىرىدىن پاتەمخان قازا قىلغان، قالغان 3 بالىسى هايات). نازارىخان تەجەللىنىڭ تۇرمۇشىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى، تەجەللىنىڭ باللىرىمۇ نازارىخاندىن رازى ئىدى. تەجەللىنىڭ ئايالى زىننەت خېنىم بىلەن نازارىخاننىڭ ئايالى دۆلەتخاننىڭ بىر ـ بىرىگە هۆرمىتىمۇ چوڭقۇر ئىدى. بۇلار كۆپ هاللاردا بالىخانىدا ئۇششاق ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى، ئەرلىرىنىڭ پائالىيىتىگە بولۇپمۇ ئىجادىي پائالىيىتىگە هەرگىز كاشىلا قىلمايتتى. ئۇلار تەجەللىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئاجرىتىپ بەرگەن ئەبەيدۇللا ئاخۇن، بارات ئاخۇنلارغا ئىش تاپىلاپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. بىركۈنى (يەنە شورئېرىققا كۆچۈپ چىققاننىڭ 7 ـ يىلى) تەجەللى سۆز باشلاپ «نازەرىخان ئاداش، سىلەر هەرەمگە بارمامسىلەر، مال ـ دۇنيالىرىڭلار كۆپ تۇرۇپ بارمىدىڭلار، بىر بېرىپ كېلىڭلار» دەپ دەۋەت قىلىدۇ (تەجەللى هەرقانداق چاغدا نازارىخاننى «ئاداش، ئۇنى قىلىڭلار، بۇنىڭغا قاراپ بېقىڭلار» دەيدىكەن. نازارىخان «سىلە، ئۆزلىرى» دەيدىكەن).

تەجەللىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن نازارىخان قايىل بولۇپ، هەرەمگە بېرىشقا تەييارلىنىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندە، تەجەللى: «سىلەر بۇ باغاقچىنى ئېلىپ بېرىپ پۈزۈلدىكى كىشىگە بەرسەڭلار، 2 كىتاب بېرىدۇ،



ئالغاچ كېلىڭلار» دەپ تاپىلايدۇ («پۈزۈل» دېگىنى «دۇكان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئادرېس بىلەن قوشۇپ بېرىلگەن). مەككىگە بېرىپ خەتنى بەرسە، پۈزۈلدىكى كىشى هەيران قېلىپ، «سىز قەشقەرنىڭ شورۇق دېگەن يېرىدىن هەج قىلغىلى كەپسىز، تەجەللى بىلەن بىرگە تۇرىدىكەنسىز. ئۇ قالتىس بىلىملىك كىشىغۇ، بۇ يەرگە كېلىپ يۇرمەي شۇ كىشىگە تاۋاپ قىلىسىڭىزمۇ ئوخشاش ئىدى» دەپ شەرھلەپ، تەجەللى دېگەن 2 كىتابچىنى بەرگەن. بۇ سۆزىدىن كېيىن نازارىخاننىڭ تەجەللىگە بولغان ئەقىدىسى تېخىمۇ ئاشقان ئىدى. هەرەمدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى هۆرمەت يۈزىسىدىن «نازارىخان هاجىم» دەپ ئاتايدىغان بولغان. نازارىخان هەرەمگە بېرىشتىن بۇرۇن داۋاملىق گۈللۈك ئاق دوپپا، بەزىدە بادام دوپپا كىيەتتى. كانۋاي كۆينەك بىلەن گۈللۈك 3 قىرلىق بەلباغ باغلايتتى. هەرەمدىن كەلگەندىن كېيىن، سەللە ئوراشقا ئوڭاي بولغان دۇخاۋا تاشلىق، قارا جىيەكلىك تۇماق، ئۇزۇن سىدام تون، كالاچ مەسە كىيىدىغان بولغان ئىدى. يارىشىملىق قويۇلغان كەكە ساقىلى، چوڭ كۆزى، ئېگىز بۇرنى بىلەن تېخىمۇ سالاپەتلىشىپ كەتكەن ئىدى. شەھەر كۆرۈپ، كۆپ ئىشلارنى كۆزىتىپ، ئىدىيەسىدە يېڭى غايە تۇغۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا كەمتەر ئىدى. مۇزىكا ۋە تېبابەتچىلىككە بولغان هېرىسمەنلىكى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى.

نازارىخان هاجىم هەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەجەللى بىلەن شېئىرىيەت، مۇزىكا، ئاسترونومىيە جەھەتتە داۋاملىق هەمكارلىشىپ، نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قازىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ۋە تېبابەت ئىشلىرىغا كۆپ تۆھپە قوشقان ئىدى.

1913 ـ يىلنىڭ كۈز ۋاقتىدا، تەجەللىنىڭ ئوغلى نورۇل هۇداخان بۇغداي ئېتىزىغا سۇ ئېلىش بىلەن تۇغ بېشىدا سۇ تالىشىپ، يۇرت چوڭلىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالىدۇ، تۇغ بېشىغا تەجەللى، نازارىخان

ھاجىم قاتارلىق كىشىلەرنى چاقىرتىلىپ كېلىندۇ. ئەھۋالغا دىققەت قىلغان تەجەللى ئازراق سۆز قىستۇرۇشقا توغرا كېلىندۇ. لېكىن، بۇ سۆزگە مىرابلار قۇلاق سالماي رەت قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 100 گە يېقىن جامائەت ئالدىدا ئىزار تارتقان تەجەللى «ئۆزەڭلارغىمۇ قىلىدىڭلار، ماڭىمۇ قىلدىڭلار» دەپ كېتىپ قالغانچە، بىرنەچچە كۈن كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشمەيدۇ. نازارىخان ھاجىمنىڭ بەرگەن تەسەللىسىگىمۇ كۆرۈنمەستىن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شورۇقتىكى 22 يىللىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شەھەر يېنىدىكى كاسكى (كاسكا ئېرىق) دېگەن يەرگە كۆچۈپ كېتىدۇ. (شەھەر ئىچىدىكى سىدىق بەگنىڭ دادىسى مەتنىياز بەگ ئىسىملىك كىشىنىڭ كاسكى دېگەن يەردە زېمىنى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى شۇ جايغا كۆچكەن). بۇ ئىش يۇرت ئىچىدە قاتتىق غوۋغا قوزغايدۇ. نازارىخان ۋە باشقا ئاۋام خەلق مىرابلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. كۆچۈشتە نازارىخان ئات ـ ئۇلاغلارنى ئاجرىتىپ بېرىپ كۆپ ياردەم قىلىدۇ. تەجەللى ئوغۇللىرىدىن زورۇل ھۇداخان بىلەن رۇھۇل ھۇداخاننى شورۇقتا زېمىنغا، مال ـ مۈلۈككە ئىگە قىلىپ، يۇرت بىلەن رەنجىشىپ قالغان نۇرۇل ھۇداخاننى ئېلىپ، زىننەت خېنىم بىلەن بىرگە كۆچۈپ كېتىدۇ، كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ نازارىخان بىلەن داۋاملىق بېرىش ـ كېلىشنى ساقلاپ، ئىجادىيەتتە يەنىلا بىللە يۈكسىلىپ بارىدۇ. (تەجەللى 1913 ـ يىلى كاسكىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن 14 يىل كاسكىدا ياشاپ، 1927 ـ يىلى 79 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ جايدا بولۇپ، 1983 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قايتا ياسالغان).

نازارىخان ھاجىمنىڭ ھۆرمىتى ناھايىتى كېڭىيىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن چۆچىگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى كۈچىيىدۇ، پىتنىخورلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. 1946 ـ يىلى كۈزدە كېچىدە ئۈچ كىشى قوراللىق نازارىخان ھاجىمنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ناھىيەدە جىددى ئىش بار ئىكەن، سىزنى ھۆكۈمەتتىن كەلسۇن دېدى » دەپ بىر ئۇقتۇرۇشنى كۆرسۇتۇپ نازارىخان ھاجىمنى ئېلىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يېرىم يىلغىچە ھاجىمنىڭ ھېچقانداق خەۋرىنى ئالالماي، ئاخىرى نەزىرىسىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نازارىخان ھاجىمنىڭ چىرىغى ئۆچىدۇ.

(ئاپتور: داڭلىق كومپوزىتور، ئۇيغۇر سەنئەت تەتقىقاتچىسى قاغىلىق ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمەكنىڭ سابىق باشلىقى، ھازىر پېنسىيەدە)

# ئالىم تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ ياسىلىشىدىن قوغدىلىشىغىچە

دىلشاد ئابلىز

ئاتاقلىق ئالىم، پەيلاسوپ، مەشھۇر تېۋىپ مەۋلانە ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى 1927 ـ يىلى رامىزاننىڭ 12 ـ كۈنى 79 يېشىدا كاسكىدىكى ھويلىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئالىم تەجەللى ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە ئەسەبىي كوچىلەرنىڭ دەككىسىگە، زوراۋان كوچىلەرنىڭ ۋەھىمىسىگە كۆپ ئۇچرىغانلىقتىن شەھەر ۋە بازارنى ماكان تۇتماي، قاغىلىقنىڭ غوجائېرىق يېزىسىنىڭ شورۇق (شورئېرىق) كەنتىدە 20 يىل، گۇمىنىڭ قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئىسمىسىلا كەنتىدە 7 يىل، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللىرىنى قاغىلىق يېتىملىقۇم يېزا كاسكى (كاسكا ئېرىق) مەھەللىسىدە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئالىم ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر، يەكەن، گۇما، خوتەنلەردىن نۇرغۇنلىغان دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى كەلگەن. ئۇلار ئالىمنىڭ يەرلىكىنى ئېلىش توغرىسىدا:

يەكەندىن چىققانلار: تەجەللى ھەزرىتىم بىزگە بىرنەچچە يىل مۇددەرىس بولغان، يەكەندە تالىپلىرى كۆپ، بىزلەر تەجەللىنى ئالتۇن مازارغا دەپنە قىلىمىز، كاتتا مازار قاتۇرۇپ، دۇئا تەكبىر قىلىپ تۇرىمىز، دېيىشكەن.



گۇما قوشتاغدىن كەلگەنلەر: بىزلەر ئالىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ ئېغىر كۈنگە قالغاندا ئەزىزلەپ يۇرتىمىزدىن پاناھ جاي بېرىلىپ ئەزىزلەنگەن. شۇڭا ئالىمنىڭ جەسىتىنى قوشتاغقا ئېلىپ كېتىپ، قەبرە قاتۇرۇپ، چىرىغىنى ياندۇرۇپ، دۇئا تەكبىر قىلىپ تۇرىمىز، دېيىشكەن؛

غوجائېرىقتىن كەلگەنلەر: ئالىمنىڭ جەسىتىنى بىز ئېلىپ كېتىپ، 20 يىل ئولتۇرغان ھويلىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ دۇئا تەكبىر قىلىپ تۇرىمىز، دەپ؛

قاغىلىقتىكى ئۆلىمالار: بازار ئىچىدىكى مەشھۇر ھورمۇز غوجامنىڭ مەقبەرىسى يېنىغا دەپنە قىلىمىز دەپ دەتالاش قىلىشقان. ئالىمنىڭ ئوغلى ئوبۇل ھوداخان تەجەللىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى ئېيتقان. ئاخىرىدا قاغىلىق، يەكەن، گۇمىلاردا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ھەببۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم ئالىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى كاسكا مازاردىن ئېلىش، سېغىنغانلار كېلىپ دۇئا تەكبىر قىلىپ تۇرۇشىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئالىمنىڭ ۋەسىيىتى، ئەلەمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەجەللىنىڭ جەستى قاغىلىق بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يېتىملىقۇم يېزىسىنىڭ كاسكا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان ھەم ئوغلى ئوبۇل ھوداخان ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خىراجىتى بىلەن قەبرە ياغاچ پەنجىرىلىك ئايۋان ئىچىگە ئېلىنىپ، قەبرىنىڭ يېنىغا ئىككى ئېغىز ھوجرا، بىر ئېغىز كۈتۈپخانا سېلىنغان، كۈتۈپخانىغا تەجەللىنىڭ ۋە يۇرت كاتتىلىرى، ئۆلىمالارنىڭ ھەدىيە قىلغان كىتابلىرى قويۇلغان. ئەينى چاغدىكى تەجەللىنىڭ تالىپلىرى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار كۈتۈپخانىغا دائىم كېلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئالىمغا بولغان ھۆرمەت ئېتىقادىنى بىلدۈرۈپ، دۇئا تەكبىر قىلىپ تۇرغان. ئارىدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇرلۇك ئوڭچىل ـ سولچىل يەرلىك مىللەتچىلىككە

قارشى ھەرىكەتلەر باشلىنىپ، ئالىمنىڭ مەقبەرلىرىنى تاۋاپ قىلىش
چەكلەنگەن. 1960 ـ يىلىدىكى جامائەت ئاشخانىسى مەزگىلىدە ئالىم-
نىڭ قەبرىلىرىنىڭ پەنجىرلىرى بۇزۇلۇپ، ياغاچلىرى ئوپچە ئاشخانى-
نىڭ ئوچاقلىرىغا قالانغان. ھوجرا، كۇتۇپخانىلار يىقىتىلىپ، ياغاچلى-
رى كەنتنىڭ ئورگانلىرىغا ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقى-
لابلاردا ئالىمنىڭ مازارلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىش تۆت كوننىڭ خۇراپاتلى-
رى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، يوقلاش چەكلەنگەن. ئالىمنىڭ نامىنى
ئاتاش، مەقبەرلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىش چەكلەنگەنلىكتىن ئۆسۈپ يېتى-
لىۋاتقان ياش بۇغۇنلار ئالىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى بى-
لىشتىن مەھرۇم قالغان. ئارىدىن يىرىم ئەسىر ئۆتۈپ، مىللىي مەدەنى-
يەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى كەلگەندە، پارتى-
يەنىڭ مىللىي ۋە دىن ئىشلىرى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا
كىشىلەر بىردىنلا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم، شائىرنى ئەسكە ئېلىش-
تى. ئەسەرلىرى ۋە ھاياتى پائالىيەتلىرى مەتبۇئاتلاردا كۆرۈلۈشكە
باشلىدى. 1984 ـ يىلى دىراماتۇرگ شۇكۇر يالقۇن قاغىلىققا كەلدى،
ئۇ يۇرەكلىك بىلەن ئالىم تەجەللىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىغا تو-
نۇتتى ۋە ھۆكۈمەتكە بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ياساش، ئەسەر-
لىرىنى تېپىپ رەتلەش، ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىش-
تۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپنى ئەينى ۋاقىتتىكى
قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەرھۇم ئېيسا شاكىر
ۋە ناھىيەنىڭ شۇجىسى يۈن ئەنچاڭ قىزغىن قوللىدى. تەجەللى ئەسەر-
لىرىنى يىغىپ رەتلەش ۋە مازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش گۇرۇپپىسى
قۇرۇلدى. تەجەللىنىڭ ئەۋلادلىرى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىنىپ، جەمئى-
يەتتە تېگىشلىك ئىمتىياز ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلىندى ۋە ئېيسا شاكىر-
نىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەجەللى مەقبەرىسىنى ياساش رەھبەرلىك گۇ-



رۇپپىسى قۇرۇلدى.[①]
گۇرۇپپا ئەزالىرى:
قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن:
يۈن ئەنچاڭ  ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى؛
مۇسايۇپ مەتنىياز  ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى؛
ئىسرائىل ئىسكەندەر  ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى؛
مۇھەممەت مەمەت  ناھىيەلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇ-
رۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى؛
قاسىم تۇردى  قاغىلىق ناھىيەلىك بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ
باشلىقى؛
ئىدرىس نۇر  يېتىملىقۇم يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى؛
...... قاغىلىق جامەسىنىڭ خاتىپى.
رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ياساش ئۈچۈن ھۆ-
كۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ياردەم ۋە ئىئانىسىنى قولغا كەلتۈردى،
تەجەللىنىڭ مازىرىنى يېتىملىقۇم يېزىسىدا بولغاچقا، يېتىملىقۇم
يېزىسى 25 مىڭ يۈەن چىقاردى. كاسكا كەنتى ئەينى ۋاقىتتا مازارنى
ئېچىپ ياغاچلىرىنى ئىشلىتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قۇرۇلۇشقا كې-
تىدىغان ياغاچنى ئۈستىگە ئالدى. يەنە بىر گۇرۇپپا قارمىقىدا قەبرى-
نىڭ شەكىل لايىھەسىنى پىلانلاش، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇش خادىملىرى

① بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپا قۇرۇلغانلىق ھەققىدىكى يازما ئىسپاتلارنى ناھى-
يەلىك ئارخىپ ئىدارىسى ۋە باشقا ئىدارىلەردىن ئىزدەپ تاپالمىدۇق. ئەگەر بۇ گۇ-
رۇپپا قۇرۇلغانلىق توغرىسىدىكى ھۆججەتنى ساقلىغۇچىلار بولسا، مەزكۇر كىتاب-
نىڭ تۈزگۈچىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

بەلگىلىنىپ، ناھىيەلىك مىللىي ـ دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدىن ئابدۇراخمان قۇددۇس، بازارلىق ھۆكۈمەت كادىرى ھەبىبۇللا نۇر قاتارلىق ئىككى كىشى قۇرۇلۇشنىڭ نۇسخا لايىھەسىنى تېپىش، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار ۋىلايەتكىچە بېرىپ، مۇئاۋىن ۋالىي ئېيسا شاكىر بىلەن كۆرۈشتى. ۋالىي قۇرۇلۇش نۇسخىسى ۋە مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇلارنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلار قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەسىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئەمما مەبلەغ مەسىلىسىگە كەلگەندە، بۇ يىل يۇقىرىدىن چۈشكەن مەبلەغنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى ياساشقا ئاجرىتىپ بېرىپتىمىز، تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساشنى بۇ يىل پىلانغا يوللاپ، كېلەر يىلى مەبلەغ ئەمەلىيلەشسە، ئاجرىتىپ بېرەيلى دېگەن تەكلىپنى بېرىشتى. ۋالىي ئېيسا شاكىر ئابدۇراخمان قۇددۇس ۋە ھەبىبۇللا نۇرغا: «ھەر نېمە بولسا قۇرۇلۇشنىڭ نۇسخا لايىھەسى بار بولدى. ھازىر ھۆكۈمەت ۋە ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرماي» بۇ يىل دەرھال ئىشنى باشلاڭلار، يىغىلغان مەبلەغدە پۈتمەي قالسا، يۇقىرىنىڭ ياردىمىنى شۇ ۋاقىتتا تەلەپ قىلساق بولىدۇ» دېدى.

ناھىيەدىكى يېزا ـ بازار، ئىدارە ـ ئورگانلارنى ۋە كەڭ سودا ـ سانائەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق بىر ئاي ئىچىدە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاندى. ئورۇن تۈزلىنىشكە باشلاندى، قۇرۇلۇش قىلىدىغان ئۇستىلار يەكەندىن تەكلىپ قىلىندى. ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى ساھە ئاممىسى مەقبەرىنىڭ تېزراق پۈتۈشىگە كۈچ چىقاردى.

تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ قەبرىسى لايىھەگە ئاساسەن ئىشلىنىپ،



قەبرە ئەتراپىغا ئاق گەجدىن ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر، كەڭلىكى 1 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، ياغاچ بەنجىرەلىك ئايۋان ياسالدى، ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر، توغرىسى 4 مېتىر قىلىپ ياسالدى. ئەتراپىغا پىششىق خىش بىلەن قورۇق تام سېلىندى. دەرۋازا بېشىغا 8 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنار گۈمبەزلىك قىلىپ ياسالدى. ھازىرقى كۆلىمى 450 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى نامايەندىسى بىلەن لايىھەلەنگەن بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇش 1984 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى.

بۇ مەقبەرە ئالدىغا ئورمان بەلبېغى ياسىلىپ، ھەر خىل كۆچەتلەر تىكىلدى ۋە مەقبەرە ئالدىدىن چوڭ يولغىچىلىك يول ياسالدى. 1992 ـ يىلى بۇ مەقبەرە ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىم تەجەللىنىڭ نەۋرىلىرىدىن شەمئۇل ھۇلداخان غوجا مەقبەرىگە قاراشقا قويۇلدى. 2006 ـ يىلى تەجەللى مەقبەرىسىدە خۇپىيانە يەرلىك ئېلىنىپ ئالىم تەجەللىنىڭ تۇغقانلىرىدىن مۇنىرىدىن نەسرىدىن، فەرۇخ قاتارلىقلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئارىسىدىن ۋاپات بولغان 5 نەپەر كىشىنى بۇ مەقبەرە قورۇسى ئىچىگە ئەكىرىپ دەپنە قىلىپ قەبرە قاتۇرۇۋالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىل تەجەللىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇختار مامۇت مۇھەممىدى بۇ ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن، ئېنىقلاش ئارقىلىق تەجەللىنىڭ نەۋرىسى شەمئۇل ھۇلداخاننىڭ قىلغانلىقىنى ئۇقتى ھەم شەمئۇل ھۇلداخان بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق بۇ خىل قىلمىشنىڭ دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپ

قىلمىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى ھەم تەجەللى مازىرىنىڭ ئاپتونوم رايون قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ تەستىقلىنىشقا ئاز قالغانلىقىنى، ئەگەر بۇ جەسەتلەر ئېلىپ چىقىپ كېتىلمىسە ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ــ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئايمەت تالىپقا بۇ مەسىلىنى ئىنكاس قىلدى، ئايمەت تالىپ مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى جىددى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، جىددى تۈزەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، تەجەللىنىڭ نەۋرىسى شەمئۇل ھولداخان بىلەن سۆھبەتلەشتى، سۆھبەتتە تەجەللىنىڭ نەۋرىسى: ـ تەجەللى بىزنىڭ ئەجدادىمىز، ئەۋلادلار ئەجدادىنىڭ ئايىغىدا ياتسا نېمىشقا بولمىغۇدەك، بىزگە ئۆلسەك ياتىدىغان زاراتگارلىق بولمىسا قانداق قىلىمىز؟» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئەھۋالنى تەجەللىشۇناس مۇختار مامۇت مۇھەممىدى ناھىيەنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئەركىن داۋۇتقا ئىنكاس قىلدى. ھاكىم ئەركىن داۋۇت ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىغا ۋە يېتىملىقۇم يېزىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى، قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورنى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ قورۇسىغا قويۇلغان مېيىتلەرنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتىشكە بۇيرىدى. بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەقبەرىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ 2007 ـ يىلى 95 ـ نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى. ھەرقايسى گېزىت، ژۇرنال، رادىيو ـ تېلېۋىزىيەلەردە ئېلان قىلىندى



ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخباراتىنىڭ 2007 ـ يىللىق 15 ـ نومۇرلۇق سانىدا قاغىلىق جامەسى بىلەن بىرگە ئېلان قىلىندى. يۇرتىمىزدىكى خەلق ئاممىسى شادلىققا چۆمدى.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# تەجەللى ئەسەرلىرىنى توپلاش، مازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى بىلىدىغانلىرىم

ئوبۇل جامال

قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكوم 1982 - يىلىدىن باشلاپ قاغىلىقتا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم سەئىد ئەكبەر ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1982 - يىلى 5 - ئايلاردا ناھىيەلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرىشىدا تەجەللى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسى مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈرۈپ، بۇ گۇرۇپپىنى ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى يۈك ئەنچاڭ ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ قۇرۇپ چىقتى، كونكرېت تەشكىللەش ئىشلىرىغا ناھىيەلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خىزمەتلىرىگە ئاساسلىق مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى لىۋ شاۋكۇي مەسئۇل بولدى. شۇ ۋاقىتتا ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن باشقا ئىدارىدىكى خادىملاردىن قاۋۇل ساۋۇر، تۇرسۇن ساھىت، ئىبراھىم ئىمىن، ئابدۇللا ئوسمان، كامىلجان ساھىت، ئابدۇشۈكۈر ئابدۇللا، دىلشات ئابلىز قاتارلىقلار تەشكىللىنىپ، خوتەن، گۇما قاتارلىق جايلاردىكى تەجەللىنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا تۇرغان جايلىرىغا بېرىپ، تەجەللىنىڭ ھا-



ياتىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلىدى ھەمدە بەزى دىنىي زاتلار ساقلاۋاتقان تەجەللىنىڭ «دىۋانە ئەرەبى»، «تۆھپەتۇل بەررەيىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يىغدى. يەنە بىر جەھەتتىن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈن ئەنچاڭنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى يىغىۋېلىپ ساقلاۋاتقان 1000 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمىي كىتابنى مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەپ ئەكېلىپ، ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئابلىمىت مامۇت، ھەبىبۇللا راشىت قاتارلىقلارنى ياردەملەشتۈرۈپ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەجەللى ئەسەرلىرىنى ئىزدىدى. بۇنىڭدا دەسلەپكى قەدەمدە تەجەللىنىڭ بەزى شېئىر، نەزمىلىرىنىڭ قول يازمىلىرى تېپىلىپ، قەشقەر ئەدەبىياتىدا ئېلان قىلىندى، ئەمما بۇ جەھەتتە تۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمى تازا كۆرۈنەرلىك بولمىدى. ناھىيەلىك پارتكوم يەنە تەجەللىنىڭ قەبرىسى ئورۇنلاشقان جايدىكى يېتىملىقۇم يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى قايتىدىن يېڭىلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ چاغدا يېتىملىقۇم يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرىدىن ئىدرىس نۇر، نۇرمەمەت ۋەلى قاتارلىقلارنىڭ بىۋاسىتە مەسئۇللۇقىدا تەجەللى مەقبەرىسىنى قايتا ياساش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە 25 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلىنىپ، 1984 - يىلى 8 - ئايلاردا پۈتكۈزۈلدى ھەم شۇ چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى قەشقەردە ئاچقان فولكلور تەتقىقات يىغىنىغا قاتنىشىشقا كەلگەن مەشھۇر يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق، دراماتورگ شۈكۈر يالقۇن قاتارلىقلار كېلىپ مەقبەرىنى كۆردى ھەم تەجەللى ئەسەرلىرىنى توپلاش توغرىسىدا كونكرېت مەسلىھەت بېرىپ، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا زور

ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. شۇ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىدە ئېچىلغان يېزا ئاممۋى مەدەنىيەت نەق مەيدان يىغىنى قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەجلىسخانىسىدا ئېچىلغان بولۇپ، يىغىندا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب مەرھۇم ئىيسا شاكىر، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەرلىك) مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقلىرى ۋە قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن يۈن ئەنچاڭ، مۇسايۇپ مەتنىياز، مەمەت ئەخلەت، مەمەت ئىمىن ئوسمان، يۇ فۇشېڭ ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار رەھبەرلەر قاتناشتى. يىغىندا مەرھۇم ئىيسا شاكىر مۇھىم يول يورۇق بېرىپ، ئاپئاق غوجا توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، تەجەللى ئەسەرلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ھەمدە بۇ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، تەجەللىنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىدىن 18 كىشىنىڭ نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە مۇھىم يول يورۇق بەردى.

2007 - يىلى 18 - ماي

(ئوبۇل جامال: قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن پېنسىيەگە چىققان)



# تەجەللى مەقبەرىسى

ئابدۇلئەزىز مامۇت

تەجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ مەقبەرىسى قاغىلىق ناھىيە مەركىزىنىڭ بىر كىلومېتىر شىمالىغا، بارىن ئۆستەڭنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كاسكى مازىرىغا جايلاشقان. ئەسلىدە، ئالىمنىڭ مېيىتىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن كاسكى (ئەسلىسى: كاسگەر - ئاياغچى) مەھەللىسىدىكى بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، مەرھۇمنىڭ چوڭ ئوغلى ئوبۇل ھۇداخان ئۆز خىراجىتى بىلەن مەقبەرە ياساتقان. ئەسلىدىكى مەقبەرە — دەرۋازا، ياغاچ پەنجىرە ئىچىگە ئېلىنغان گۈمبەزلىك قەبرە، ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان پېشايۋان، مەقبەرىگە كىرىشتە ئوڭ قول تەرەپتە ئىككى ئېغىزلىق ئىچكى - تاشقى ھۇجرا، سول قول تەرەپتە ئەتراپىغا ئاق ئۈژمە تىكىلگەن بوستانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شۇ زامانىنىڭ خېلى كۆركەم قۇرۇلۇشلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەينى زاماندا، بۇ مەقبەرىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن كىشىلەر بۇ جاينىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن زوقلىنىپ:

«خۇش ئاجايىپ جاي ئىكەن، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇدەك؛
كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي تائەت ئىبادەت قىلغۇدەك.»
دەپ نەزمە پۈتۈپ قويغان ئىكەن .

ئەپسۇسكى، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى» ۋە 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى «مەدەنىيەت

زور ئىنقىلابى» دا بۇزۇلۇپ كېتىپ خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغان.

ئاتاقلىق پېشقەدەم شائىر شوكۇر يالقۇن قاغىلىققا كەلگەندە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋە بىر قىسىم ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىرگە تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغان. شوكۇر يالقۇن: «تەجەللى مەشھۇر ئالىم، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى جاھانغا تارقالغان. مەن 1937 ـ يىلى مۇسكۇۋادا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرىنى «باياز» دىن ئوقۇغان ئىدىم. بۈگۈن مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم، بۇ مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئىش بولدى. ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەقبەرىسى چۈۋۈلۈپ، خارابىلىققا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئەپسۇسلاندىم. ئۆز يۇرتىمىزدىن چىققان ئالىمنى قەدىرلىسەك بولاتتى» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ناھىيەدە تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ھەمدە مەقبەرىسىنى يېڭىلاش ئىشىغا مەسئۇل ھەيئەت تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئىشلارنى تاماملىغان. ناھىيە بويىچە مەقبەرە ياساشقا 35 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىنىپ، داڭلىق مىمارچىلار تەكلىپ



1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «قاغىلىق ناۋاسى» ناملىق بەدىئىي سەنئەت فىلىمىدا ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى رولىدا تارتىلغان سۈرەت.
رول ئالغۇچى: ئىمىن نىياز تۇردى



قىلىنىپ، تەجەللىنىڭ ھازىرقى مەقبەرىسى تەمىر قىلىنىپ قەد كۆتۈرگەن. يېڭى ياسالغان مەقبەرە قورۇق تېمىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 15 مېتىر، كۆلىمى بىر مودىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ مەقبەرە قۇببىلىق دەرۋازا، سەينا، پەنجىرىگە ئېلىنغان قەبرىدىن تەركىب تاپقان. قەبرە پەنجىرىسى ئەسلىي ئىسكەتى بويىچە قايتا ياسالغان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا تۇتاشتۇرغۇچى بۈيۈك شائىرنى خەلق ئۇنتۇمىدى، ناھىيە ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن كېلىپ زىيارەت قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. تەجەللى مەقبەرىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. بەدىئىي فىلىم «قاغىلىق ناۋاسى» دىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالدى.

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پېنسىيونېرى)

# تەجەللى مەقبەرىسىنى قايتا ياساشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

مۇھەممەد ئەزىز

تونۇلغان يېتۇك شائىر، كىشلەرنىڭ جاراھىتىنى داۋالاپ، ئىل-
لىقلىق يەتكۈزۈپ ئۇنتۇلماس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەشھۇر ئاسترو-
نومىيە، تېبابەت ئالىمى سەئىد ھۆسەيىنخان تەجەللى توغرىسىدا ئالدىن-
قى ماقالەمدە تەپسىلي توختىلىپ، ئاخىرىدا قاغىلىقنىڭ غوجائېرىق
يېزىسىنىڭ ئاياغ شورۇق كەنتىدىكى 22 يىللىق پائالىيىتى ۋە ھاياتى-
نى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جاي-
لاشقان كاسكى (كاسكا ئېرىق) دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى
ھەققىدە سۆزلىگەن ئىدىم. كاسكىدىكى كېيىنكى پائالىيىتى ھەققىدە
باشقىلار سۆزلىشى مۇمكىن، مەندە بۇ جەھەتتە ئېنىق مەلۇمات يوق. تا-
رىخى ماتېرىياللاردىن بىلىشىمچە، 1927 ـ يىلى مۇشۇ يۇرتتا ۋاپات
بولۇپ، جەسىتى مۇشۇ يۇرتنىڭ مازارلىقىغا قويۇلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.
مەن 1964 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلى-
رىنى باشلاپ مۇشۇ كەنتكە ئويۇن قويغىلى چىققاندا، كەنت باشلىقى
ئابدۇقادىر ئاخۇن ئاكىغا تەلەپ قويۇپ، تەجەللى مازىرىنى كۆرۈپ كې-
لىشنى ئۇتتۇرىغا قويدۇم. بۇ كىشى قىزغىنلىق بىلەن قوللىدى. مەن
بىلەن چىققان تالانتلىق مەرھۇم ئارتىسلاردىن كومېدىيە ئارتىسى



مامۇت ئۆمەر، قوشاقچى روزىكام ھوشۇر، نەيچى مىرزا ھەمدەم، ناخشى-
چى بارات ئەخەت، غېجەكچى ئاتاۋۇللا سەئىدى، چاڭچى تۇرسۇن توختى،
ئىسكىرىپكىچى ئابدۇرازاق ماڭسۇر، ئۇسسۇلچى خەلچەم ئاسىم، ناخ-
شىچى قەمبەرنىسا قۇرباننىياز، ناخشىچى خەيرىنىسا سىدىق، ھازىر پېن-
سىيەگە چىقىپ ھايات ياشاۋاتقان پېشقەدەم سەنئەتكارلاردىن ھوشۇر
تۇرسۇن، مۇھەممەت ھەسەن، قۇربان بارات، مىجىت روزى، ئۆمەرئېلى
قۇربان، تۇرنىسا ھېيىت، تۇرسۇنگۈل مۇھەممەت، تۇرنىسا بارات، گۈل-
نىسا قۇندۇز، مەينىسا ھاشىم، تىللانىسا، سائادەت جۇمە، بۇئايشەم قا-
تارلىق ئارتىسلار ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان مازارلىققا كېلىپ، تەجەل-
لىنىڭ ئاددىي ياسالغان مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىشتى. ئۆرپ ـ ئادەت
بويىچە قىرائەت قىلىنىپ، ھەممەيلەن دۇئا قىلىشتى. تەجەللىنىڭ
كىملىكى، ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا پىكىرلەر ۋە مۇنازىرىلەر بولۇپ
ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئاڭلىغانلىرىم ھەققىدە سۆزلەپ، بۇ ئالىم
توغرىسىدىكى خەۋەرسىزلەرنىمۇ خەۋەردار قىلىپ، تەجەللىگە بولغان
ھۆرمەت ۋە ئېتىقادىمنى چوڭقۇرلاشتۇردۇم. ئارتىسلارنىڭ مەشھۇر شا-
ئىرنىڭ ھايات پائالىيىتى، تېبابەت، ئاسترونومىيە تەتقىقاتى، ئىجاد-
يىتى، كىشلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش جەر-
يانىدىكى ئىش ئىزلىرىغە بولغان ھۆرمىتى چوڭقۇرلاشتى. ئەپسۇس،
مەندە خىيال تۇغۇلدى: «شۇنچىلىك تۆھپىكار ئالىم، شائىرنىڭ مەقبە-
رىسى نېمىشقا ئاددىي ۋە پاكار ھالەتتە لاي بىلەن ياسالغان بولغىيتتى،
لاي بىلەن ياسالغان پاكار گۈمبىزىنىڭ لايلىرى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ،
شۇنچە ئۇزۇن يىل مابەينىدە مۇشۇنداق تۇرۇپ كېتىپتۇ، ھەي
ئېسىت...! » دېگەنلەرنى ئويلىدىم ـ يۇ، بۇ توغرىسىدا گەپ قىلىشنىڭ
ھاجىتى يوقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئارتىسلار بىلەن تەجەللى مەقبەرى-
سىدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مەھەللىلەرگە بۆ-

لۇنۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تاپشۇرۇقىنىڭ روھى بو-
يىچە، يۇقىرىنىڭ سەنئەتكارلارغا قويغان ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن،
5 تە كاپالەت ئائىلىلەردىن هال سوراش ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن
مەھەللىلەرگە تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ يۈرۈپ كەتتۇق. مەنمۇ 6
ئارتىس بىلەن بىر مەھەللىگە يۈرۈپ كەتتىم، لېكىن يۇقىرىقى خىيال-
لار قەلبىمنى چىرمىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيە-
سىدە ئىدارە جەمئىيەتلەردە ئىشلەيدىغان مۇشۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك
يولداشلارغا ۋە ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىيلار، سەنئەتكارلار، يازغۇچى، شائىر-
لارغا، يەنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەندىن چوڭ ياكى مەن دېمەت-
لىك ۋە مەندىن كىچىكرەك بولسىمۇ خىزمەتلەردە، ھەرقايسى تارماقلار-
دا ئىشلەۋاتقان ئۇقۇمۇشلۇق دوستلىرىم بىلەن ئۆزۈن يىل جەريانىدا تە-
جەللى مەقبەرىسى توغرىسىدا سىردىشىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇلار ئىچى-
دىن تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى مەرھۇم داۋۇت مۇسا، مامۇت مۇھەممەت[1]،
يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى مەرھۇم ھەمدۇللا داۋۇت، مەدەنىيەت ئىدا-
رىسىدىكى مەرھۇم سادىر سايىم، سەنئەت ئۆمىكىدىكى مەرھۇم
مەخسۇت ساۋۇت، تۆگىچى يېزىسىدىكى مەرھۇم كامىل سايىت، سودا -
سانائەت مەمۇري باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى مەرھۇم ئابدۇرىشىت
قۇربان، چوپان (چىچان) يېزىسىدىكى مەرھۇم كېرەم نىياز، ئۇششار
باش يېزىسىدىكى مەرھۇم مۇھەممەت ساۋۇت، قاغىلىق ناھىيەلىك

---

① مامۇت مۇھەممەت 1934 - يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئۇششارقباش
يېزىسىدا تۇغۇلغان، يەكەن دارىلمۇئەللىمىدە ئوقۇغان. قاغىلىق ناھىيەلىك مەدە-
نىيەت يۇرتىغا، ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق بولغان. چاپتىرەك يېزىسى-
نىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىغا مەسئۇل بولغان. ناھىيەدە ئەرزىيەت خىزمىتى
ئىشلىگەن، 1995 - يىلى پېنسىيەگە چىققان، 2002 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 -
كۈنى قاتناش ھادىسىگە يولۇقۇپ ۋاپات بولغان.



خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئاخباراتچى مەرھۇم ئىدرىس
قادىر، رادىيو ئۆزېلىدىن مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئاۋۇت، يەنە ھايات يالشاۋاتقانلار-
دىن مەمتىمىن ئەخمەت، سادىق ياقۇپ، ئابدۇرازاق ئەھمىدى[1]، مىجىت نى-
زامىدىن، سىدىق تۇردى، ياسىنجان ئەمەت، ئادىل تۇنىياز[2]، زەيدىنجان
مامۇت، ئابدۇغوپۇر قادىر، ئازاتجان مامۇت، قاۋۇل ساۋۇر، ئابلەت
مامۇت، ئابدۇللا ئوسمان، ئىبراھىم ئىمىن، ھەبىبۇللا مەخسۇم ھاجى،
مۇھەممەت قارىھاجى، ئابلەت ئىبراھىم، ئىمىننىياز تۇردى، ئىمىنى-
ياز ھىدايى، تۇرسۇن ھېبىبۇللا، مۇھەممەت ئەمەت چوپانى، تۇرسۇن
مۇھەممەت، مۇختار مامۇت مۇھەممىدى، ئابلا ھېيت، تۇردى تۇرسۇن،
تۇراپ ئوبۇل[3]، ھامىدىن ھېزىم، قۇندۇز مۇھەممەت، ئىدرىس كىرىم،
زىبىرنىسا ھوشۇر، تۇرسۇنجان سادىق[4]، ئابلا قاۋۇل، سادىق ئىبراھىم،
ئەركىن مىجىت، دىلشاد ئابلىز، ئارزىگۈل تۇرا، مەمتىمىن ياسىن قا-
تارلىق كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان چاغلىرىمدا تەجەللى ۋە
تەجەللى مەقبەرىسى توغرىسىدا ھەمدە تەجەللى بىلەن تۇردى ئاخۇن ئا-
كىسىنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىش توغرىسىدا پىكىرلەشتۇق. شۇنداق
ياخشى ئۈمىدلەرنى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ۋە باشقىلارغا
ئېيتىش، تەكلىپ بېرىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇردۇق.

---

① ئابدۇراززاق ئەھمىدى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئە-
زاسى.

② ئادىل تۇنىياز ئاتاقلىق شائىر، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ
تەھرىرى.

③ تۇراپ ئوبۇل تونۇلغان يازغۇچى، مارالبېشى ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ دائى-
مىي ھەيئەت ئەزاسى.

④ تۇرسۇنجان سادىق يازغۇچى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھاۋا رايى ئىدارىسى-
نىڭ باشلىقى.

1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، قاغىلىق ناھىيەلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سەنئەت مۇسابىقىسىگە ئالدىن ھازىرلىق قىلىش توغرىسىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرىدىن سادىق ئىبراھىم ۋە مەن (مۇھەممەت ئەزىز)، ئۆمەك ئىشلىرى رەھبەرلىك ھەيئەت ئەزالىرىدىن رېژىسسور تۇرسۇنگۈل مۇھەممەت، مۇزىكا ئەترىتىدىن ئاتاۋۇللا سەئىدى، ئەركىن مىجىت، مەتىمىن ياسىن، ئۇسسۇلچىلار ئەترىتىدىن مۇھەممەت ئىمىن، نۇرنىسا سەئىد ئەھمەت، گۈلباھار قاتارلىقلار ئۆمەك باشقۇرۇش ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، بۇ توغرىسىدا پىكىرلىشىش قىزغىن مۇنازىرىگە ئايلاندى. ئاخىرىدىكى قارارىمىز «ئۆمەك ئىجادىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ كۈچىگە، ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىش» نى يادرو قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، ئۆمەك دوكلات يېزىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىغا يوللىغاندىن كېيىن، 24 ـ چىسلا ناھىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ناھىيە بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىش توغرىسىدا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە دوكلات يېزىپ ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنىلا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى چىقارغان دوكلاتنى ئېلىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇن ھوشۇر بىلەن ئىككىمىز تەشۋىقات بۆلۈمىگە بارساق، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۇ فۇشېڭ بار ئىكەن. تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى، تەرجىمان مىجىت نىزامىدىننى چاقىرىپ مەقسەتنى بىلگەندىن كېيىن، مەكتەپكە تەكشۈرۈشكە چىقىپ كەتكەن تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قادىر تۇردىنى چاقىرتىپ كەلدى. يەنە ئۆمەكتىن سادىق ئىبراھىم، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى قاۋۇل ساۋۇر، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇللا



ئوسمان قاتارلىقلار يىغىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت يىغىنىنى ئېچىشنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، قادىر تۇردىنىڭ مەسئۇللىقىدا بۇ يىغىننى ياخشى ئېچىش بېكىتىلىپ، يۇ فۇشېڭ بۇ ئىشنى قادىر تۇردىنىڭ دوكلات تەييارلىشىنى ۋە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەتىمىن ئوسماننىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللاشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىسى 25 ـ چىسلا دوكلات يوللانغاندىن كېيىن، مەتىمىن ئوسمان[①] مېنى، قادىر تۇردىنى، تۇرسۇن ھوشۇرنى، مىجىت نىزامىدىننى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى، يىغىندا ئىككى مەسىلە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىرسى، ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇش مەسىلىسى، يەنە بىرسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىش مەسىلىسى. خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش سۆزىدە: «ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە مەتىمىن ئوسمان رەئىس بولسۇن، ئاز بولۇش، ساز بولۇش پرىنسىپى بويىچە تۇرسۇن ھوشۇر، مۇھەممەت ئەزىز، مىجىت نىزامىدىنلەر مۇئاۋىن رەئىس بولسۇن، يەنە 17 كىشىلىك دائىمىي ھەيئەتلەر تىزىملىكىنى قادىر تۇردى تەييارلىسۇن، مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ماقۇللايمىز. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى يىغىنى ئېچىشقا بولىدۇ. بۇ يىغىننى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى بىرلىكتە ياخشى ئېچىش لازىم» دەپ ئورۇنلاشتۇردى. ئاخىرىدا مېنى چاقىرىپ: «يەكەنگە پېشقەدەم شائىر، تالانتلىق دراماتورگ شۈكۈر يالقىن كەپتىمىش، سىلەر شائىرنىڭ قاغىلىققا چىقىش پىلانىنىڭ بار ـ يوقلىقىنى ئوقۇپ چىقىڭلار. يىغىننى شۇ كىشىنىڭ كېلىشىگە قاراپ

① مەتىمىن ئوسمان: ھازىر سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى.

ئاچايلى» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇدى. مەن دەرھال يەكەنگە بېرىپ، شائىر شۈكۈر يالقىن ئاكا بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتۈم، شائىر ئەسلىدە ئۈدۈل خوتەنگە ماڭماقچىكەن. مەن ناھىيەمىزنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، يەنە 3 كۈندىن كېيىن قاغىلىققا كەچتە كېلىپ، ئەتىسى بىر كۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن دەرھال قايتىپ كېلىپ، مەمتىمىن ئوسمانغا ئەھۋالنى يەتكۈزدۈم، شۇنىڭ بىلەن قادىر تۇردى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تۇرسۇن ھېبىبۇللا، تۇرسۇن ھوشۇر، مىجىت نىزامىدىن ۋە مەن يىغىنغا جىددىي تەييارلىق قىلدۇق. شۇ كۈنى (26 ـ چىسلا) 54 نەپەر كىشىگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىلىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىدا 3 كۈنلۈك ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. يىغىننى ئېچىش ۋاقتى بېكىتىلگەندىن كېيىن مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار ۋە شۈكۈر يالقۇننىڭ ناھىيەمىزگە كېلىشى توغرىسىدا قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەرھۇم ئېيسا شاكىرغا تېلېفون بېرىپ خەۋەرلەندۈردۈم، مەرھۇم ۋالىي يىغىننى ياخشى ئېچىش ھەم شۈكۈر يالقۇننى ئوبدان كۈتۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. يىغىندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت يېڭى ئەسەرلىرى ئوقۇلىدىغانلىقى، ئەسەر ئېلىپ كېلىشى تاپىلاندى. 28 ـ چىسلا ئەتىگەندە يىغىن باشلىنىپ، شېئىرلار، سەھنە ئەسەرلىرى، ناخشا تېكىستلىرى ۋە باشقا ئەسەرلەر ئوقۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، يىغىن ئېچىلغان كۈنى كەچقۇرۇن مەشھۇر شائىر، دىراماتورگ شۈكۈر يالقۇن قاغىلىققا كەلدى. تەشۋىقات بۆلۈمى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. مەمتىمىن ئوسمان، قادىر تۇردى، ئابلەت مامۇت، تۇرسۇن ھېبىبۇللا، تۇرسۇن ھوشۇر، قاۋۇل ساۋۇر، ئابلا ئوسمان، ئابدۇرازاق ئەھمىدى، مىجىت نىزامىدىن قاتارلىقلار كەچتە شۈكۈر يالقۇن بىلەن ناھىيەلىك پارتكوم مېھمانخانىسىدا ياتاقتا



بىرگە پاراڭلىشىپ، ناھىيەلىك پارتكوم ئاشخانىسىدا بىرگە زىياپەتتە بولۇشتۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە يىغىنغا قاتنىشىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، مەمتىمىن ئوسمان زىياپەت مەزگىلىدىلا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈن ئەنچاڭغا ئەھۋالنى تېلېفوندا مەلۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتە چىپاندىكى مۇھىم ئىشقا بارماسا بولمايدىغانلىقى، مۇمكىن بولسا بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ، يىغىنغا قاتنىشىپ بېرىش تەكلىپىنى بەرگەندىن كېيىن، يۈن ئەنچاڭنىڭ قوشۇلىدىغانلىقى يەتكۈزۈلدى. ئاندىن مىجىت نىزامىدىنغا يۈن ئەنچاڭنى يىغىن ئورنىغا ئېلىپ بېرىشنى، قادىر تۇردى بىلەن ماڭا يىغىن تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، يىغىننى غەلىبىلىك ئېچىشنى، تۇرسۇن ھېبىبۇللاغا يىغىن ئورنىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈشنى، قاۋۇل ساۋۇر، ئابدۇرازاق ئەھمىدى، ئابدۇللا ئوسمانغا شۈكۈر يالقۇننىڭ ياتىقىغا بېرىپ، شائىرنى يىغىنغا باشلاپ بېرىشنى، ئاندىن ئەتىدىكى يىغىنغا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئارتىسلىرىنىڭ قاتنىشىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قاتنىشالمايدىغانلىقىغا ئەپۇ سورىدى.

شۇنىڭ بىلەن 29 ـ چىسلا يىغىن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈس ئالدى. ئالدىنقى بىر كۈنلۈك يىغىندا ئېلان قىلىنغان ئىجادىيەت ئەسەرلىرى تىزىملىنىپ، بىر ـ بىرلەپ تاپشۇرۇپ ئېلىندى. شۇنىڭدەك ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىنى 30 ـ چىسلا ئېلىپ بېرىش، خۇلاسە قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سەھنىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى سەنئەت ئۆمىكى سەھنىلەشتۈرۈش، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىدا ئېلان قىلىش، مەدەنىيەت يۇرتى قالغان ئەسەرلەرنى تۈرگە ئايرىپ، توپلام قىلىپ توپلاپ تەييار قىلىپ تارقىتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا، شۈكۈر يالقۇن ئاكا بىلەن يۈن ئەنچاڭ شۇجى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۇ فۇشېڭ يىغىنغا كىرىپ كەلدى. يىغىنغا قاتناشقانلار چاۋاك چېلىپ

ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. يىغىننىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەق-
قىدە ئىزاھات بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۈن ئەنچاڭ سۆز قىلىپ قا-
غىلىق ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن يىغىننى تەبرىك-
لەيدىغانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆز قىلدى.
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنى، ئەدەبىي ئى-
جادىيەت ئارقىلىق قاغىلىقنى كەڭ جامائەتكە تونۇشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈ-
كى ھەققىدە سۆزلەپ يىغىن ئەھلىگە ئىلھام بەردى. شۈكۈر يالقۇننىڭ
يىغىنغا قاتنىشىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ سۆزگە تەكلىپ
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شۈكۈر يالقۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات
سەنئەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم ئۆرنەكلەر، سەنئەت ۋە 12 مۇقامنىڭ
يۈزلىنىش ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ يىغىندىكىلەرنى تەسىرلەندۈردى.
ئاخىرىدا تەجەللىدەك ئالىم ۋە مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن،
شائىر فۇرقەتدەك كىشىلەرنىڭ بۇ يۇرتتا ياشىغانلىقى، مۇشۇ زېمىندا
ئىجادىيەت ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ، ئاخىرىدا تە-
جەللىنىڭ قەبرىسىنىڭ مۇشۇ زېمىندا ئىكەنلىكى، مۇمكىن بولسا
يىغىن ئەھلى بىلەن بىرگە تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش
ئىستىكى بارلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، يىغىندىكىلەر ناھايىتى خۇشال
بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى مەن يەكەنگە بېرىپ شۈكۈر يالقۇن بىلەن
كۆرۈشكەندە، شائىرغا مۇشۇ توغرىسىدا يىغىندا سۆز قىستۇرۇپ بېرىش-
نى ھەمدە ھازىرغىچە تەجەللىنىڭ قەبرىسىنىڭ غېرىبانە ھالەتتە تۇرغان-
لىقىنى، قايتا رېمونت قىلىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم-
نى ئېيتقان ئىدىم. بۇ مەسىلىنى شۈكۈر يالقۇن سىلىقلاشتۇرۇپ، زىيا-
رەت قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى). يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇ
پىكىرنى قوللاپ يىغىننى جانلاندۇردى. يۈن ئەنچاڭ شۇجى سائەتكە
قاراپ سائەتنىڭ 11 بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن «ھازىرلا چىقايلى»



دەپ پوزىتسىيە بىلدۈردى، بۇ «شەرق شامىلى» نىڭ خۇشاللىقىنى ھېس
قىلغانلار دەرھال ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت بىلەن ئاتلاندى. شۇ ئارىدا
يۈن ئەنچاڭ شۇجى سىياسىي كېڭەش، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيەلىك
مىللىي ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، پارتكوم ئىشخانىلىرىغا تېلېفون
بەرگۈزۈپ، 20 مىنۇت ئىچىدە 6 كىچىك ماشىنا، بىر مىنىبۇس تەييار
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 200 گە يېقىن كىشى تەجەللى مەقبەرىسىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلىش قوشۇنى بولۇپ بۇ مازارلىققا توپلاندى.
ھەممە كىشىنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. يۇرەكلىرى
ئويناپ، بۇنداق كۈننى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر توپى بارغانسېرى كۆپە-
يىپ، مازارلىق قايىنام تاشقىنلىققا چۆمدى، دىنىي زات ئابدۇراھمان
قۇددۇس غوجام، ھېبىبۇللاخان مەخسۇم ھاجىملار، شۈكۈر يالقۇننىڭ ۋە
يۈن ئەنچاڭنىڭ، يۇ فۇشېڭنىڭ، چېڭ بىڭ (مىللىي ـ دىن ئىشلىرى ئى-
دارىسىنىڭ باشلىقى) نىڭ قولىنى تۇتۇپ: «تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ مازار-
لىقنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىگەنلىكىگە چىن دىلىمىزدىن
رەھمەت ئېيتىمىز» دەپ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشتى، مەقبەرە يېنى-
دا، تەجەللىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە قىسقا گەپ ـ سۆزلەشلەر بولۇۋېدى،
شۈكۈر يالقۇن بىرئاز سۆز قىلدى، ئاخىرىدا «تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى
بۇنچىلا ھالەتتە ئەمەس» دەپ ھېس قىلىپ كەلگەنلىكى، خەلقئارالىق بۇ
ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنىڭ بۇ خىل ھالەتتە تۇرۇشى ئېچىنىشلىق ئەھۋال
ئىكەنلىكىنى، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشى-
نى ئۈمىد قىلدى. ناھىيەلىك پارتكومنىڭ تەرجىمانى قادىر تۇردى بۇ تە-
لەپنى سىستېمىلىق تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزگەندىن كېيىن، يۈن ئەنچاڭ
شۇجى تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ، شۇ يەردىلا «نا-
ھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تەجەللى مەقبەرىسى-
نى يېڭىدىن ياساپ چىقىشقا ۋەدە بېرىمەن» دېدى. ئامما گۈلدۈراس

ئالقىش ياڭراتتى. چاۋاك 5 مىنۇت داۋاملاشتى. يۈن ئەنچاڭ ئاخىرىدا
چىلىڭ بىلىڭ، يۇ فۇشېڭ، قادىر تۇردى، ئابدۇراھمان قۇددۇس غوجامغا
قاراپ: «سىلەر دەرھال يىغىن چاقىرىپ، تەجەللى مەقبەرىسىنى قايتا
ياساش رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇپ چىقىڭلار، ئىقتىسادىي پىلان
تۈزۈپ چىقىپ، كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەبلەغ جۇغلاش بىلەن،
ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن ياردەم بېرىشنى بىرلەشتۈرۈپ، يىل ئاخىرىغى-
چە تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساپ چىقىڭلار. تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن
مىللىي - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى كەڭ كادىرلار، خەلق ئاممىسىنى زى-
يارەت قىلىشقا ئويۇشتۇرسۇن سىياسىي كېڭەش كەڭ دىنىي زاتلارنى
ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرسۇن، تەشۋىقات بۆلۈمى سىستېمى-
لىق ھالدا بۇ ئىشنى قاغىلىقتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىگە
تەشۋىق قىلىپ خەۋەردار قىلىش بىلەن ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللارغا
ماقالە ئەۋەتىپ، كەڭ ئاممىغا مەلۇم قىلسۇن» دەپ تەجەللى مەقبەرىسى-
نى قايتا ياساش ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. تەجەللى مازارىنى زىيا-
رەت قىلىشقا كەلگەنلەر ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە يۈن
ئەنچاڭ شۇجىغا چوڭقۇر رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى. زىيارەت سائەت 3:00
دە ئاياغلاشتى. يىغىنغا كەلگەنلەر قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمەس-
تىن، ئۆزئارا مۇنازىرىگە چۈشۈپ، خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.
شۇ كۈنىلا بۇ خەۋەر بازار ئىچىدىكى ئىدارە - جەمئىيەت، كان - كارخانا،
مەكتەپلەرگىچە، ئاھالە كومىتېت، خەلق ئارىسىغىچە، بۇلار ئارقىلىق
يېقىن ئەتراپتىكى ۋە يىراقتىكى يېزىلارغا تارقىلىپ، تەجەللىنىڭ مەق-
بەرىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئىشلىرى ئاللىقاچان باشلىنىپ
كەتتى. 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تەجەللى مەقبەرىسىنى قايتا ياساش 24
كىشىلىك رەھبەرلىك ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ھەيئەت مۇدىرى ناھىيەلىك
مىللىي - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چىڭ بىڭ بولدى، مۇئا-



ۋىن مۇدىرلىققا شۇ ئىدارىنىڭ كادىرى مەمتىمىن سادىر ۋە سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇراخمان قۇددۇس غوجام بېكىتىلدى.
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىئانە قىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ چىقىرى-
شى نەتىجىسىدە، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا بېكىتىلگەن قەبرە ياساش لا-
يىھەسى بويىچە، قۇم، شېغىل، سېمونت، ھاك، ياغاچ، سىر قاتارلىق
ماددىي بۇيۇملار تېخنىك، ماھىر ئۇستىلارنىڭ قولى بىلەن ھەيۋەت
بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تەجەللى مەقبەرىسىنى
قايتا ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەدەنىيەت - ما-
ئارىپ ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، مەخسۇس
خادىم قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ جامائەت تۈركۈم - تۈركۈملەپ مەق-
بەرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا گۈل چەمبىرەك قويۇپ خاتىرىلەيدى-
غان، يېشى چوڭلار، دىنىي زاتلار دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان، يىراق - يې-
قىندىن ئىدارە - جەمئىيەت ۋە ناھىيە تارماقلىرىغا مېھمان، ساياھەتچى-
لەر كەلسە ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلار كەلگەندە ئالاھىدە بۇ مەقبەرىگە زىيا-
رەتكە ئويۇشتۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. مەنمۇ بۇ مەقبەرىنى يېڭىدىن
ياساشنى ئۆزۈندىن بېرى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن ۋە قايتا ياساشنىڭ بىر
كىشىلىك غوللۇق تەلەپكارلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقانلىقىمى-
دىن ئىنتايىن پەخىرلىنىپ كەلدىم. دۇنيادا ئۈمىد - ئارزۇلىرى ئەمەلگە
ئاشقاندا ھاياجانلانمايدىغان، خۇشال بولمايدىغان كىشى بولمىغىنىدەك،
مەنمۇ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا، كومپوزىتورلۇق قەلىمىمنى
ئېلىپ، تەجەللىنىڭ «باشقىچە» دېگەن شېئىرىنى، ناخشا تېكىستى ئور-
نىدا ئىشلىتىپ، بىر ئاي مۇزىكا ئىشلەپ، نوتىلىرىنى كۆچۈرۈپ، ئار-
تىسلارغا تەييارلاپ ئۆزلەشتۈرۈپ 14 نەپەر مۇزىكانتنىڭ تەڭكەش
قىلىشى، 6 نەپەر ناخشىچىنىڭ ۋە 26 نەپەر ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇل
ئوينىشى بىلەن 46 كىشىلىك ئۇسسۇللۇق ناخشا «باشقىچە» چوڭ كۆلۈب-

تا ۋە كەڭ يېزا ـ كەنتلەردە، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردا، مەكتەپلەردە 48 مەيدان قويۇلۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. يەنە «فۇرقەت ساق بولسۇن» دېگەن تەجەللىنىڭ شېئىرىگە (تېكىستىگە) ئاھاڭ ئىشلەپ سورۇنلاردا كۆپ ئوقۇدۇم. 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «باشقىچە» ناملىق ناخشا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 13 كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، «مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. بۇ ئىككى ناخشىنى نوتىلىرى بىلەن تەييارلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

2006 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر



# كېكەچ شېئىر[1]

كوككوكڭلۇمە ئو ئوت سالب جەجانىمە قىقىقىل ۋەفا.
كىككىم ماڭا نىننۇش ئىرۇر نىنىنىيشىڭ ئى تىب بى ۋەفا.

كوككوزلەررىڭ سىھھىرىدىن كۆككۆرسە جان خەخخەستەلىك،
لەللەئلىگە ئۆ ئۆئۆپۈپ يانا تىتابغۇسىدۇر شىپا.

جىججىلۋەلەر ئەئەيلىسەڭ ھەھەمچۇ ئولۇر ھەم خوبلەر،
لىللازىم ئولدى نىنۇجۇمغە قىقوياش تۇلۇئدە ئىختىپا،

دىددەير ئىشقە ئۇئۇر قەدەم شىشىباب ئىلە فىغغان چېكىپ.
ھىھىھوجابدەك ئىئىستەسەڭ سەئى مەرۋى بىرلە سەپا.

① كېكەچ شېئىر 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەدىبلەر ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل شېئىر شەكلى. بۇنداق شېئىرلار كېكەچلەرنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىنىپ يېزىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى شېئىرلارنى ئوقۇغاندەك راۋان ئوقۇغىلى بولمايدۇ. يىغىلىشلاردا ئەدىبلەر ئۆزلىرى يازغان شېئىرلارنى ئۆزلىرى ئوقۇشۇپ، ھەزىل، قىزىقچىلىق قىلىشقان.

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىنى نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا 1910 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «باياز مەھبۇبىل مەھبۇب» ناملىق كىتابتىن بايقىغان بولۇپ، تۈز ئوقۇلۇشى ۋە يەشمىسىنى ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىغان.

مىممۇغبەچە ئائاياغىنە تەتجەللىيا بىباش قوي،
قىققىلسا گەر نەزەر ئەدا جىججىنىغا قىلىپ ئۇ ئۇر فەفا.

تېكست بويىچە تۈز ئوقۇلۇشى:

كۆڭلۈمە ئوت سالىب جانىمە قىل ۋەفا،
كىم ماڭا خۇش ئىرۇر نىيىشىڭ ئى تىب بى ۋەفا.

[كۆڭلۈمگە ئىشق ئوتىنى سېلىپ، جېنىمغا ۋاپا قىلغىن، چۈنكى ئەي بىۋاپا تېۋىپىم، سېنىڭ ماڭا نەشتەر ئۇرۇشۇڭمۇ ماڭا شېرىن شەربەت ئىچۈرگەندەك بىلىنىدۇ.]

كۆزلىرىڭ سېھرىدىن كۆرسە جان خەستەلىك،
لەئلىڭە ئۆپۈپ يانا تابغۇسىدۇر شىپا.

[كۆزلىرىڭنىڭ سېھىرلىشىدىن جېنىمغا كېسەللىك ۋە ئاجىزلىق يۈزلەنسە، ياقۇتتەك لەۋلىرىڭگە سۆيۈش بىلەن جېنىم قايتىدىن شىپالىق تاپىدۇر.]

جىلۋەلەر ئەيلىسەڭ ھەمچۇ ئولۇر ھەم خوبلەر،
لازىم ئولدى نۇجۇمغە قوياش تۇتۇلىدە ئىختىپا.



[سەن جىلۋە قىلىپ چىقىپ كەلسەڭ، بارلىق گۈزەللەر چېنىپ قالىدۇ. خۇددى قۇياش چىققاندا بارلىق يۇلتۇزلار يوشۇرۇنۇشى لازىم بولغانىدەكلا.]

دەير ئىشقە ئۇر قەدەم شىباب ئىلە، فىغان چېكىپ،
ھوججاجدەك ئىستىسەڭ سەئى مەرۋى بىرلە سەپا.

[دۇنيالىق ئىشلاردا پىغان چېكىپ ئولتۇرماي، خۇددى ھاجىلار ساپا بىلەن مەرۋى ئارىسىدا يۈگۈرگەندەك چاققانلىق بىلەن قەدەم قويغىن.]

مۇغبەچە ئاياغىنە تەجەللىيا، باش قوي،
قىلسا گەر نەزەر ئەدا، جىنغا قىلىپ ئۇر قەفا.

[ھەي تەجەللى، سەن ساقىينىڭ ئايىغىغا باش قوي، ئەمما دۈشمەنلىرىڭ ساڭا نەزەر سالسا، ئۇنىڭدىن دەرھال يۈزۈڭنى ئارقىغا بۇرا.]

# باشقىچە

1=F تېكىستى: تەجەللىنىڭ

5/8 مۇزىكىسى: مۇھەممەت ئەزىزىنىڭ

← 𝄋

| 24 5 4 | 54 32 0 | 34 5 4 | 56 i 6 ) :||

| 45 6 6 | 0 65 43 | . 3 | . 3

| (02 123 | 402 123 | 422 2 2 | 3561 2 3

| 2.4 5 4 | 544 32 0 | 33 2 4 | 33 21 0 :||

① غەيرىي ھۆسنىڭ ئى رۇر، سېنىڭدە ئەخلاق باش قى چە
قامى تىڭ تارت قان ئىلىپتەك، يەنە يۈرمەك باش قى چە
تەربى يەت قىل سۇن داۋاملىق، بىرلا دەۋرىڭ يار لى قى
يەت كامالىڭ غا يە نە تېز، سەن ئۆ سۈپ ئاق باش قى چە

| 45 6 6 | (0 65 43) | . 3 | . 3

(يەي) ...................... سېنىڭدە ئەخلاق
(يەي) ...................... يەنە كۆرمەك
(يەي) ...................... بىرلا دەۋرىڭ
(يەي) ...................... سەن ئۆسۈپ ئاق



| ( . 2 | . 2 | 3561 2 3 | 45 6 6)

| 66 5 7 | 2 i 76 0 | 66 5 7 | 66 54 0

جەننە تىمنىڭ غول ماننە رى، قىلغاي تاماشى دىن راۋاق،
لەۋلى رىڭنىڭ سۆز لىرى يار، يىدى لىۋىمنى دەرت ئېتىپ،

| i72i 5 7 | 7i 2 3i | i2 3 i | 2i 76 0

ھەس رەت ۋە ئەپ سۇس يەپ تاش لاپكى بەر مەك باش قى چە
ئۆش بۇ دۇنيا قەنلىرىدىن، پەرقى ياخشىراق باش قى چە

| 0 6 | . 6 | . 6 | . 6

(يەي) ............................................................
(يەي) ............................................................

| ( 0 6 | 57 2 32 | 36 0 6 | 36 0 6

| 6 5 4 | 22 22 0 | 66 5 7 | 66 54 0

ياغسا شۇنداق مۇنكى ھەركىم، ساڭا ئوخشاپ ھەر ۋا قىت،
مۇنتى زىمدۇر جى مى خۇپلار، قەدىمىڭ تە رى چى گە،

||: (0 0 | 02 123 | 422)2 2 | 3561 2 3

باشقى چە (يەي).
باشقى چە (يەي).
باشقى چە (يەي).
باشقى چە (يەي).

| 24 5.4 | 565 6 4 | 66 5 7 | 66 54 0 :||

ئاچىـ لۇركۆر سەم سى نى، ھەردەمـ دە كۆڭلۈم ئە قىدە

ئىپتىـ دائىي كۆرگە نىمدە، سەنـ دە كۆردۈم بىرتە ۋەج

| 45 6 6 | (0 65 43)| . 3 | . 3

يەي ...................... ياخـ شى مىجە

يەي ...................... بولسا ھەم تۇر

| (0 65 43)| . 3 | . 3 | 2561 2 3

بار ئىـ رۇر (يەي) ......................

دۇم نە تەي (يەي) ......................

||: . 2 | . 2 | 3561 2 3 | 45 6 6

تازا ۋەئاق باش قىـ چە يەي ......................

بۇ ئۆل كەقىشلاق باشقىچە يەي ......................

| 24 5 4 | 54 32 0 | 24 5 4 | 56 i 6

ئوخشىماس بول سا ئەگەر يوق، پايدا كەلمەك باش قىـ چە

خىزمىتىڭئار زۇ قىلـ (ۋەي)، بەرقىغە مۇشتاق باش قىـ چە

| 0 66 | 45 6 6 | (0 65 43) | . 3| . 3

(يەي) ...................... پايدا كەلمەك ھەي! ھەي!

(يەي) ...................... بەرقىغە مۇشتاقھەي! ھەي!

|| 0 2 | . 2 | . 2 | . 2 | 3561 2 3 | 45 6 6

𝄋→

پاي دا كەلمەك باش قىـ چە (يەي) ......................

بەرقىغەمۇشتاق باش قىـ چە (يەي) ......................



# باشقىچە[1]

F=1 تولۇق تېكستى: سەئىد ھۇسەيىنخان ئوغلى تەجەللىنىڭ

5/8 مۇزىكىسى: مۇھەممەت ئەزىزنىڭ

ناخشىنىڭ تولۇق تېكستى

غەيرىي ھۆسنىڭ ئىرۇر، سىنىڭدە ئەخلاق باشقىچە،
قامىتىڭ تاتقان ئىلىپتەك، يەنە يۇرمەك باشقىچە.

ئاچىلۇر كۆرسەم سىنى، ھەردەمدە كۆڭلۈم ئەقىدىسى،
ياخشى مىجەزىڭ بار ئىرۇر، تازا ۋە ئاق باشقىچە.

جەننىتىڭ غولمانلىرى، قىلغاي تاماشادىن راۋاق،
ھەسرەت ۋە ئەپسۇس يەپ، تاشلاپكى بەرمەك باشقىچە.

ياغسا شۇنداق مۇنكى ھەركىم، ساڭا ئوخشاپ ھەر ۋاقىت،
ئوخشىماس بولسا ئەگەر يوق، پايدا كەلمەك باشقىچە.

تەربىيەت قىلسۇن داۋاملىق، بىرلا دەۋرىڭ يارلىغى،
يەت كامالىڭغا يەنە تېزدىن، سەن ئۆسۈپ ئاق باشقىچە.

ئىپتىدائىي كۆرگىنىمدە، سەندە كۆردۈم بىر تەۋەج،

بولسا ھەم تۇردۇم نە تەيەي، بۇ ئۆلكە قىشلاق باشقىچە.

لەۋلىرىڭنىڭ سۆزلىرى يار، يەدى لىۋىمنى دەرت ئېتىپ،
ئۇشبۇ دۇنيا قەنلىرىدىن، پەرقى ياخشىراق باشقىچە.

مۇنتىزىمدۇر جىمى خۇپلار، قەدىمىڭ تەرىپىگە،
خىزمىتىڭ ئارزۇ قىلىپ، بەرقىغە مۇشتاق باشقىچە.

ئىزاھ: ① بۇ تېكىست «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىلى سانىدىن ئېلىنغان.

1981 ـ يىلى ئاھاڭ ئىشلىنىپ، 2 يىل ئىسلاھ قىلىندى.

1983 ـ يىلى قەشقەردىكى كەسپىي سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى. شۇندىن ئېتىبارەن قوشنا ناھىيە، شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردا قاغىلىق سەنئەت ئۆمىكى 130 مەيدان ئوينىغان.



## فۇرقەت ساق بولسۇن ①

(ئوتتۇرا تېزلىكتىكى يالغۇز كىشىلىك ناخشا)

D=1 تېكستى: سەئىد مەزمەر موسەيىنخان ئوغلى تەجەللىنىڭ

2/4 مۇزىكىسى: مۇھەممەت ئەزىزنىڭ









# فۇرقەت ساق بولسۇن[1]

(ئوتتۇرا تېمپىدىكى يالغۇز كىشىلىك ناخشا)

D=1 تولۇق تېكىستى: سەئىد ھۇسەيىنخان ئوغلى تەجەللىنىڭ
4/2 مۇزىكىسى: مۇھەممەت ئەزىزنىڭ

ناخشىنىڭ تولۇق تېكىستى

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولىدىن،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزاتقاندەك،
سېنىڭ لەتىپ مەكتۇبىڭنى بەردى سۆيۈندۇم.

فۇرقەت قەلبىلەر تېۋىپىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بېرەلىدى، دىللارغا شىپا،
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلسەن سايراۋەر مۇدام،
بۇ ئالەمدە ناۋايىدەك بولۇپ قال يەكتا.

بۇ ناخشا 1995 ـ يىلى ئىشلەنگەن، قاغىلىق.

---

ئىزاھ: ① تەجەللىنىڭ قوقەندىكى مۇھىيى (مۇھى) دېگەن شائىر بىلەن ئالاقىسى بولغاچقا، فۇرقەت مۇھىيىغا تەجەللىنىڭ سالىمىنى



يەتكۈزگەن. مۇھىيى تەجەللىگە يازغان خېتىنى شېئىر ئارقىلىق ئەۋەتىپ تۇرغان. فۇرقەت ئۇ خەتنى ئۆز قولى بىلەن تەجەللىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. تەجەللى بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ (تەجەللى پارس تىلىدىمۇ كامالەتكە يەتكەن بولغانلىقىدىن)، پارس تىلىدا يېزىلغان يۇقىرىقى شېئىرنى فۇرقەتتىن مۇھىيىغا ئەۋەتكەن.

تەجەللى خەتنىڭ ئاخىرىغا ئىمزا قويۇپ، «ئۇ خەت ‹زۇبدەتۇل ھۆكۇما› دەپ شۆھرەت چىقارغان قوقانلىق مۇھەممەت زاكىرجان ۋاستىسى بىلەن بىزگە تەگدى تەجەللى» دەپ يازغان.

(كومپوزىتوردىن ئىزاھ: مەزكۇر شېئىر 1983 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي ـ پەن قىسمى) نىڭ 96 ـ بېتىگە بېسىلغان. 1995 ـ يىلى تېكىست ئورنىدا ناخشا قىلىپ ئىشلەنگەن، ناخشا ھېچقانداق مەتبەئەلەردە ئېلان قىلىنمىغان.)

## تەجەللى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلار


ئابدۇرېشىت ئىسلامى: «ئۇيغۇر شائىرى تەجەللى ھەققىدە»، «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 3 ـ سانى

ئابدۇرېھىم سابىت: «تەجەللى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 ـ كىتاب 2 ـ قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1984 ـ يىلى باستۇرغان.

ئابدۇرېشىت ئىسلام: «تەجەللى شېئىرلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىلى ئومۇمىي 18 ـ سانى.

«شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

«ئاتاقلىق شائىر، ئالىم تەجەللى»، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1986 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى سانى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىلى 2 ـ سانى.

«مەۋلانە ھۈسەيىنخان تەجەللى»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئومۇمىي 18 ـ سانى.

ھاجى ئەخمەت: «دېڭىز ئۈنچىلىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى.

ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.





مۇختار ماموت مۇھەممەدى: «تەجەللىنىڭ قەبرىسى ۋە تېپىلغان يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

ئابدۇلئەھەد ئالىم: «تەجەللىدىن قالغان چىراغ»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانى.

مۇختار ماموت مۇھەممەدى: «ئالىم تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

ئابدۇلئەھەت ئالىم: «تەجەللىنىڭ كۆھتامىدىكى ئۆيى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى سانى.

«ھۈسەيىنخان تەجەللى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.

مۇختار ماموت مۇھەممەدى: «تەجەللى چاقچاقلىرى»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

قاۋۇل ساۋۇر: «ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى تەجەللىگە ئائىت ئىككى ـ ئۈچ ئىش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

مۇختار ماموت مۇھەممەدى، ئابدۇلئەھەت ئالىم: «ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىسمائىل ھاجىمغا يازغان «شېئىرىي سالام خېتى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

ئىمىنجان ئەھمىدى: «تەجەللى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ناماياندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.

غەيرەتجان ئوسمان: «تەجەللى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1996 ـ يىلى باسمىسى.

تەجەللى (ئابدۇراخمان مۇھەممەت تەييارلىغان): «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا» (3)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.

ئىسراپىل يۈسۈپ: «تەجەللىنىڭ ياغلىقتا كەشتىلەنگەن قەسىدىسى»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

گۈلجامال مۇھەممەتئىمىن: «تەجەللى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1998 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

غەيرەتجان ئوسمان: « ھۇسەيىنخان تەجەللى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.

«مەۋلانە ھۇسەيىنخان تەجەللى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

ئەمەت دەرۋىش: «ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

ئەمەت دەرۋىش: «ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ (قارا) قەسىدىسى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

ئابدۇلئەزىز ماموت: «تەجەللى مەقبەرىسى»، «قاغىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 2 ـ قىسمى، 2003 ـ يىل باسمىسى.



# تەجەللىشۇناسلىقتىكى تۆھپىكارلار

ئېيسا شاكىر: ئۇيغۇر، 1929 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئۇششارباش يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1951 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» دە مۇخبىر، مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا پارتىيەنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، گېزىتنى ياخشى باشقۇرۇپ، گېزىتنىڭ ياخشى چىقىرىلىشىغا ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ ئۆزى ئۆلگە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خەۋەر ـ ماقالە، ئوچېرك، ھېكايە، نەزەرىيەۋى ـ ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، گېزىت تەشۋىقاتىنىڭ جانلىق بولۇشىغا كۈچ قوشقان. ئۇنىڭ «ئۆڭكۈردىكى چىراغ» ناملىق ھېكايە ـ ئوچېركلار توپلىمى 1987 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامغا 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر يازغان ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن «كۈمۈش رەڭلىك شال ئېتىزلىرىدا»، «گۈللىنىۋاتقان قۇملۇقلار»، «يايلاقتىكى دوستلۇق»، «مۇزلۇق سۇدا يار ئېتىش» قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىش، ئىتتىپاقلىق، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇ يەنە 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى، «سۆزۈك بۇلاق» ناملىق مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدىكى شېئىرلار توپلىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەرـ

رىرلىكنى قىلدى ۋە ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق
تۆت توملۇق كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئەستايىدىل ئىشلە-
دى، «نۆۋەتتىكى يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى سوئال - جاۋابلار»،
«سۆزلەش ماھارىتى ھەققىدە»، «ئەركىنلىك سىگنالىنى چالغۇچىلار»
دېگەنگە ئوخشاش بىر مۇنچە كىتابلارنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە
قىلىپ، ھەرقايسى نەشرىيات ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى.
ئېيسا شاكىر 1975 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋىلايەتلىك
پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن
قەشقەر يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر ۋىلايەت-
لىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئا-
ۋىن ۋالىيسى بولغان. ئۇ ۋالىي بولغاندىن كېيىن، خەلق بەرگەن ھوقۇق-



شىنجاڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
مەرھۇم ئېيسا شاكىرغا مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى
خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بەرگەن شەرەپنامىسى.





نى جايىدا ئىشلىتىپ، كۆپلىگەن زىيالىيلارنىڭ، بىر قىسىم پېشقەدەم
كادىرلارنىڭ ناھەق دېلولىرىنىڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ھەيدەك-
چىلىك قىلغان. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت -
تەنتەربىيە، مائارىپ، رادىيو - تېلېۋىزىيە، سەھىيە ئاخبارات ئىشلىرى-
نىڭ روناق تېپىشىغا ھەسسە قوشقان. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى
شۇكى، ئۇ، ۋالىي ماموتۇپ قۇربانغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ۋە ياخشى
مەسلىھەتچى بولۇپ، ئۇلۇغ ئالىملىرىمىزدىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۇسۇف
خاس ھاجىپ ۋە ھۇسەيىنخان تەجەللىلارنىڭ شۇنداقلا «رابىيە - سەئى-
دىن»، مۇقام ئۇستازى، تۇردىئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ تۇغۇلغان، ئۆسكەن،
ۋاپات بولغان جايىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا، مەقبەرىسىنىڭ ياسىلىشىغا، بۇ جە-
ھەتتىكى تۇرلۇك مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋە باشقا تۇرلۇك
خىزمەتلىرىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىدى.
مەرھۇم ئېيسا شاكىر 1987 - يىلى 11 - يىلى 18 - كۈنى

خىزمەت ئۈستىدە جىگەر كېسەللىكى قوزغىلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولغان.

مەرھۇم ئېيسا شاكىرنىڭ ھاياتى قەشقەر خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان شانلىق ھايات. ئۇ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئەبەدىل ـ ئەبەد ياشايدۇ.

**يۈن ئەنچاڭ:** ئەر، خەنزۇ، 1935 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1949 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1956 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. 1949 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىسى



مەرھۇم ئېيسا شاكىرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر

سولدىن ئوڭغا: ئېھسان ئېيسا (1958.12 ــ)، ئېيسا شاكىر (1926 ــ 1988)، ئېيسا شاكىرنىڭ ئانىسى بۇھەجەرخان (1939.8 ــ 1977.12)، ئايالى مەرەمنىساخان تۇنىياز (1939.8 ــ 1997.12)، ئىلھام ئېيسا (1956.3 ــ 2003.6.29)، ئېيسا شاكىرنىڭ قۇچىقىدىكىسى ئاينۇر ئېيسا (1972.1.1 ــ )، بۇزۆھرە ئېيسا (1962.8.8 ــ )، ئارزۇگۈل ئېيسا (1965.7 ــ 2011.11.18).



ۋە يەكەن ناھىيەسىدە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قاتناشقان، 1954 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە يەكەن ناھىيەسىدە ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم كادىرى، «يەكەن گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1979 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 1982 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. 1994 ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1994 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان.

ئۇ قاغىلىق ناھىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، قاغىلىق جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساش ـ رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى قوللىغان. تەجەللى مەقبەرىسىنى ياساش، ئەسەرلىرىنى قېزىش خىزمىتىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۇرگەن. تەجەللىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 18 نەپەر كىشىنى شەھەر نوپۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن. قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ تۇرلۇك تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان يولداش يۈن ئەنچاڭنىڭ بۇ تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

**ئەبەيدۇللا مۇھەممەت:** 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1963 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئۇ جۇڭگو ھۈنەر سەنئەت ئىلمىي جەمئىيىتى ھەيكەلتاراچلىق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ماي بوياق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيەسىنىڭ تەكلىپلىك رەسسامى، قەشقەر ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى رەسىم بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە. ئالىي تەتقىقاتچى، دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك رەسسام.



**ئـەبەيدۇللا مـۇھەممەت:** 1992 ـ
يـىلى ئۆزبېكـىستان دۆلـەتلىك رەسسـاملار
جەمئىيـتـىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن تاشـ
كەنتكە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە سـەنئەت
تـەكشـۇرۇش پـائالىيـتىگە قـاتنـاشقان.
«ھېيتگاھ جامەسى»، «بازارنىڭ بىر بۇرـ
جىكىدە»، «تاشچى»، «تېۋىپ»، «ھېيتگاھـ
نىڭ تەسىراتى»، «بوۋام» قاتارلىق ئەسەرـ
لىرى ياپونىيە، كانادا، ئاۋمېن قاتارلىق
دۆلەت ۋە رايونلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، داڭلىق سەنئەتكارلار تەرىپىـ
دىن ساقلاشقا سېتىۋېلىنغان. ئۇ 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەشقەر ۋە
ئۈرۈمچىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي ماي بوياق كۆرگەزمىسىنى ئېچىپ 60
پارچىدىن ئارتۇق ماي بوياق، سۇ بوياق ۋە قىستۇرما رەسىم قاتارلىق
ئەسەرلىرىنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆرۈشىگە تەقدىم قىلدى، ئۇ سىزغان
«تيانشان يايلىقى» ناملىق بىر پارچە ماي بوياق رەسىمى 1997 ـ يىلى
ئاپتونوم رايوندا شياڭگاڭنى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇۋېلىش مۇناسىۋەـ
تى بىلەن ئېچىلغان رەسىم كۆرگەزمىسىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا،
«كۇلالچى» ناملىق ئەسىرى 1999 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى
ئۇيۇشتۇرغان كۆرگەزمىدە «مەدەنىيەت چولپانلىرى» مۇكاپاتىغا،
«سىزدە ئامەت بار» ناملىق ئەسىرى 2001 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتـ
كۈزۈلگەن «مەن جۇڭخۇانى سۆيىمەن» ناملىق كۆرگەزمىدە «مۇنەۋۋەر
ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، تەيۋەن جۇڭخۇا مەدەنىيەت سەنئەت فوندى
جەمئىيىتى تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى. ئۇ يازغان «ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر رەسساملىرى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو
سۈرەت نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. 2001 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىسـ



تىرلىقى ئۇيۇشتۇرغان «11 ـ قېتىملىق مەدەنىيەت چولپانلىرى» مۇساـ
بىقىسىگە قاتنىشىپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن مىس مېدالغا
ئېرىشتى.

رەسسامنىڭ «تاشچى»، «زەرەپشاندا ئالتۇن چايقاش»، «بازارنىڭ
بىر بۇرجىكىدە» ناملىق ئۈچ پارچە ماي بوياق ئەسىرى 2004 ـ يىلى
10 ـ ئايدا مەملىكەتلىك رەسساملىق ۋە خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئىلگىـ
رى سۈرۈش جەمئىيىتى تەشكىللىگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدىكى نادىر
گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى قاتارىدا چوڭ تىپتىكى تارىخ سۈرەتلەر تويـ
لىمىغا كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەبەيدۇللا مۇھەممەت
جۇڭگو رەسساملىق، خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىـ
يىتىنىڭ ئېدىرلىقىغا تەكلىپ قىلدى. 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ
كۈنى جۇڭگو خاتىرە يىلنامە تۈزۈش كومىتېتى 2005 ـ يىللىق خاتىـ
رە يىلنامىلارنى باھالاش پائالىيىتىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىـ
شىپ «ۋەتەن سەر خىلى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. يەنە 1999 ـ
يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە ئۆزى ئىشلىگەن «شىنجاڭدا
ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر» نىڭ ھەيكەللىرى كۆرگەزمىسىنى ئاچتى.
كۆرگەزمىدە ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەري، يۈسۈف خاس ھاجىب،
مۇقامشۇناس ئامانىساخان، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى قاتارلىق 20 دىن
ئارتۇق داڭلىق شەخسلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ، ئاۋـ
مېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەپ زور تەسىر
قوزغىدى. 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «تاشچى»، «زەرەپشاندا ئالتۇن
چايقاش» ناملىق ئىككى پارچە ماي بوياق ئەسىرى جۇڭگو، چەت ئەللەر
بىلەن كۆرگەزمە ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن
ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون قاتارلىق سەككىز چوڭ شەھىرىدە كۆرگەزمە

قىلىندى. ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى تۆھپىلىرىگە ئاساسەن، 1993 ـ يىلى ئاپ-
تونوم رايون بويىچە «3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى»
مۇكاپاتىغا 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «كىلاسسىك ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت مىراسلىرىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش ئىجادىيىتى»
مۇكاپاتىغا، 1996 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك 5 ـ
نۆۋەتلىك مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى تۆھپىكارى» مۇكاپاتىغا،
1994 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «كەسپىي
تېخنىكا جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپىسى بار ئىختىساس ئىگىسى» مۇكاپاتى-
غا ئېرىشىپ بىرقانچە يىل دۆلەتنىڭ قوشۇمچە تەمىناتىدىن بەھرىمەن
بولۇپ كەلگەن. ئۇ يەنە 1995 ـ، 1998 ـ، 1999 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەت-
لىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرى-
پىدىن يېڭى دەۋردىكى «مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىمى» مۇكاپاتل-
ىرىغا ئېرىشىش بىلەن ئۆز خىزمەت ئورنىدا 1990 ـ يىلدىن 2004 ـ
يىلغىچە ئۇدا 14 يىل خىزمەت ئىلغارى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.
مەزكۇرنىڭ نەتىجىلىرى 2000 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، 2001 ـ يىلى 4 ـ ئاي-
لاردا شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىروگراممىسى، مەر-
كىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «غەربىي رايونلارنى ئېچىش» پىروگ-
راممىسىدا ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. «جۇڭگو ھا-
زىرقى زامان سەنئەتكارلىرى»، «جۇڭگونىڭ داڭلىق رەسسام ۋە خەتتات-
لىرى» ۋە «دۇنيادىكى داڭلىق شەخسلەر قامۇسى» قاتارلىق كىتاب ۋە
ژۇرناللاردا تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلدى. بۇ كىتابقا «ئۇيغۇر ئالىمى تە-
جەللى» ناملىق ئىككى ھەيكىلىنىڭ رەسىمى بېرىلدى. ئەبەيدۇللا مۇ-
ھەممەد تەجەللىنىڭ ھەيكىلى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. قا-
غىلىق ناھىيەلىك ھۆكۈمەت قىزغىن قوللاپ تەجەللىنىڭ پۈتۈن قاتۇ-
رۇلغان ھەيكىلىنى سېتىۋالدى. ناھىيە رەھبەرلىرى كۆپتىن كۆپ تە-



شەككۇر بىلدۈردى.

**باتۇر روزى:** 1966 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەكەن ناھى-
يە كاچۇڭ يېزا چىمدۇ كەنتىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى
پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى كۆكتوقاي كان رايونى
مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1987 ـ
يىلىدىن باشلاپ خىزمەتتىن چېكىنگەن. باتۇر روزى تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ئۇ مەملىكەتى-
مىزدە چىقىدىغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا 500 پار-
چىدىن ئارتۇق شېئىر، 20 نەچچە پارچە ماقالە، 100 پارچىدىن ئارتۇق
تەرجىمە شېئىر ئېلان قىلدۇرغان. «يىلسىراتتىن ئۆتكەنلەر» ناملىق
رومانىنى 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىپ
تارقاتقان.

ئۇنىڭدىن كېيىن «شۇڭقار بولغان خانىئكە»، «فارابى»، «شاھ
مەشرەپ»، «تەجەللى»، «زەلىلى»، «نە-
ۋايى»، «ئەكبەر»، « «يەتتە قىزلىرىم»،
«ئابدۇقادىر داموللام»، «قۇددۇس غو-
جامىيارۇ»، «باش زىندانلىرىغا ھۇجۇم»
قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.
ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى،
جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى-
لار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
ئەزاسى.



ئۇ بىمزگە «غەنى باتۇر»، «شاھ

مەشرەپ»، «باتۇر تەڭرىقۇت»، ناملىق تارىخىي رومانلارنى، كاچۇڭ تاغ مەشرىپىنى ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ «شېئىرىيەت نۇرى — تەجەللى» ناملىق كىتابىنى ناھايىتى ياخشى يازغان بولۇپ، تەجەللى ھەققىدە كىتاب بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى.

باتۇر روزى 2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتۈپ، تۇغۇلغان يۇرتى چىمدۇ كەنتىگە دەپنە قىلىندى.

**مۇختار مامۇت مۇھەممەدى:** 1967 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ بازار ئىچىدە مەدەنىيەت خىزمەتچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1973 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان ۋە جايتېرەك يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەنزۇچە سىنىپىدا ئوقۇغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى جايتېرەك يېزىسىنىڭ ئىلمىئاۋات باغۋەنچىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغان. تولۇق ئوتتۇرىنى جايتېرەك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۇيغۇرچە ئوقۇغان. 1985 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ قاغىلىق ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا ۋاقىتلىق تەرجىمانلىق قىلغان. 1987 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتىپىنىڭ كوپىراتىپ بوغالتىرلىق سىنىپىدا ئوقۇپ، 1989 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، قەشقەر شەھەرلىك كۆكەرتىش ئەترىتىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1994 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە



مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن.

ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا 150 پارچىغا يېقىن ھەر خىل ژانىردا ئەسەر ئېلان قىلدۇرغان. 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ئىلمىي ژۇرنىلى، شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئون مۇنەۋۋەر ئاپتورنىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلانغان. نەشرگە تەييارلىغان، تۈزگەن، يازغان 20 نەچچە پارچە كىتابى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، ئۇنىڭ نەشردىن چىققان كىتابلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» (سىدىق رەھمەت بىلەن)، 1997 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان. 5000 پارچە تارقىتىلغان.

2. «شىراق» (مۇھەممەتتۇرسۇن يۈسۈپ بىلەن) 1999 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان. 5000 پارچە تارقىتىلغان.

3. «تەجەللى شېئىرلىرىدىن»، 2000 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان. 3000 پارچە تارقىتىلغان.

4. «دە دە قۇرقۇت چۆچەكلىرى» (قۇرقۇت ئاتا) مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، 5000 پارچە تارقىتىلغان.

5. «مېيىپلەر قوللانمىسى» (1)، 2004 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى 10000 پارچە بېسىپ تارقاتقان.

6. «تىنىقلاردىن تەرمىلەر»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

7. «ئىلچى بۇركۇتى» (تاللانغان پوۋېستلار)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

8. «مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن» (ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

ئۇ تەجەللى ھەققىدە كۆپلەپ ئىزدىنىپ، تەجەللى ياشىغان جايلار-
نى تەكشۈرۈپ، تەجەللىگە دائىر تۆت پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىنى
ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. 2000 ـ يىلى «تەجەل-
لى شېئىرلىرىدىن» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. 2005 ـ يىلى تە-
جەللى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئاپتونوم رايون-
نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا تەستىقلاتقان. 2007 ـ يىلى تەجەللى
مەقبەرىسىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقى ئورنى بولۇپ تەستىقلىنىشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان.
ھازىر «تەجەللى ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابنى ئىشلىمەكتە.
ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى مۇختار مامۇت مۇھەممە-
دى قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبى-
ياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم را-
يونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيە-
تىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى-
نىڭ ئەزاسى.



## ئالىمنىڭ روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، زاماندار ئىختىراۋىي ئۆگلۈكلەردىن بولايلى!

## ـــ «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى»

## ناملىق كىتابقا

بىلىم ئىگىلىكى بىلەن ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش سۈرئىتى
خۇددى بىر جۈپ بەيگە ئېتىدەك ماس قەدەمدە چېپىپ كېتىۋاتقان، ئېي-
لىمىزدە بولسا «يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىراۋىي دۆلەت
قۇرۇش»، «يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش»، «ئىق-
تىساسلىقلار ئارقىلىق ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش» ئىستراتېگىيەسى
پائال يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە، ئىلمىي ئۆلپەتدىشىم
مۇختار مامۇت مۇھەممىدىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش، كۆڭۈل قويۇپ
تەشكىللىشىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى بولغان «ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىي»
ناملىق كىتاب پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىق تويىغا ئاتالغان
قىممەتلىك سوۋغات سۈپىتىدە شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت
نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كى-
تابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىلىم ئەھلىگە خاس بۇرچە-
نى ۋە ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا ئۇنىسىز ئەجىر
قىلغان ئاپتورغا چىن دىلىمدىن قايىللىقىمنى بىلدۈرۈش بىلەن
بىرگە، ئۇنىڭ مېھنەت دەرىخىنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بەرگەنلىكىنى تەب-
رىكلەيمەن. كىتابقا 20 نەچچە پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار
ئاساسلىقى تەجەللىنىڭ ھاياتىي ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەك

لىرىگە ئالاقىدار بولغان ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت، دىن،
ئېتىكا، ئەخلاق، پەلسەپە، ئېتنوگرافىيە، سەيلە ـ ساياھەت، سودا ـ تى-
جارەت، دورىگەرلىك ـ خىمىيە، ئىلمىنۇجۇم ــ ئاسترونومىيە قاتارلىق
كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئۇچۇر سىغىمى بىرقەدەر زور،
پايدىلىنىش ۋە ساقلاش قىممىتى يۇقىرى، ئىشىنىمەنكى، ئوقۇرمەنلەر
بۇ كىتابتىن كۆپ تەرەپلىمە مەنپەئەتلىك روھىي ئوزۇق ۋە بۇندىن كې-
يىنكى ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن مول خۇرۇچ ھەم يېڭى ئىلھاملار-
غا ئېرىشكۈسى.

كەمىنە يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتسام، ئۆزۈمنىڭ ھەزرىتى تەجەللى-
دەك مال ـ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ھاياتىنى ئىلىم تەھلىل قىلىشقا
ئاتاپ، قەلبى ئىلىم ئىشقىدا يېنىپ، ئىستىبداتتا كامالەتكە يەتكەن، تە-
بىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردە تەڭ يېتىلگەن، بىرگە ماھىر،
كۆپكە قادىر ئۈگلۈك نەمۇنىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغا
قەدەر كەڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئىلمىي نەتىجىلىرى تېخى تولۇق
قېزىپ چىقىلىپ، ياد ئېتىلىپ بولالمىغان، ئۆز زامانىسىدا دۇنياۋى
كاتتا مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كەسىپداشلىرى ئارىسىدا
سەركىگە ئايلانغان، ئالىي پەزىلەت ۋە پاراسەتلەر ئىگىسى ھەزرىتى تە-
جەللى بىلەن ئۇرۇقداش ۋە يۇرتداش بولغىنىمدىن چەكسىز ئىپتىخار-
لىنىمەن. ئەكسىچە، ئىلىمنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدرىنى قىلىش-
نىڭ ئورنىغا ھەسەت، قارا كۆڭۈللۈك قىلىدىغان (تەجەللىنىڭ ئۆز ۋاق-
تىدا مۇشۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغىنى ئېنىق) نائەھلىلەرگە نەپ-
رەتلىنىش بىلەن بىرگە، يارانقۇچىدىن ئاشۇ كۆزى ئوچۇق، دىلى ئەما،
جىسمى پۈتۈن، روھىي مەجرۇھ بايقۇشلارغا ھىدايەت قىلىپ، ئۇلارغا
ھەقىقىي ئىنسانغا خاس ساغلام تەن، ساپ ئەقىل، ھۆر قەلب ئاتا قى-
لىشنى تىلەيمەن. شۇنداقلا، ئۆزۈمدىن بىرى تەجەللىشۇناسلىق تەتقىقا-
تىدا سەمەرىلىك ئىزدىنىۋاتقان مۇختار مامۇت مۇھەممىدى ئەپەندى-
نىڭ ۋۇجۇدىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئىلىم ئىشتىياقىغا بۇ كىتابنى تو-
زۇشكە قاتناشقان، مەدەت بەرگەن، ئەسەر بىلەن تەمىنلىگەن بارلىق ئاپ-
تورلارغا، بارلىق ئىلىم شەيدالىرى نامىدىن سەمىمىي مىننەتدارلىقىم-
نى بىلدۈرىمەن. بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تارىنى ئىلمىي
زەرەتلەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل خۇمارلىقتىن ئىلىم خۇمارلىققا كۆچۈپ،
ئىجادچان تەپەككۇرلۇق ئىختىراۋىي ئۈگلۈكلەردىن بولۇپ، ئالىمنىڭ
تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىنى ئۆرنەك قىلىپ، تەجەللى سۈپەت ئالىم-
لىرىمىزنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىغا چىن دىلىمدىن تىلەكداش-
مەن. شۇندىلا، بۇ كىتابنى تۈزگۈچىنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىپلا
قالماستىن، ئۇلۇغ مۇھتەرەم ئالىم تەجەللىنىڭ روھىمۇ خۇش بولغان
بولاتتى.

(غەيرەتجان ئوسمان (بىلىكيار: جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ياز-
غۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئالىي ئاگرانوم).

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن.

**پىلانلىغۇچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**مەسئۇل كوررېكتورى:** مېھرىبان نۇرئەخمەت
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم

## ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى (1)

(ماقالىلەر توپلىمى)

تۈزگۈچى: مۇختار مامۇت مۇھەممىدى

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 1085 ـ نومۇر)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ ئۆگەن كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتىدە بەت ياسالدى
ئۈرۈمچى دالۇ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 14.125
2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1926 - 3

---

باھاسى: 80.00 يۈەن